# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(هازىرقى زامان قىسمى)

(2)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



دۇنيا ئومۇمىي تارىخى
(هازىرقى زامان قىسمى)
(2)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14235-4

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(هازىرقى زامان قىسمى)

(2)

شۇ تيەنشىن
تۈزگۈچىلەر: شۇ پىڭ
ۋاڭ خوڭشىڭ

ئەخمەت مۆمىن تارىمى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇرېھىم قاھار، ئەخمەتجان
ئابدۇۋەلى، خالىق ئاۋۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سەككىزىنچى باب

# ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە غەربىي ئاسىيا سىياسىيسى

## 1 ـ بۆلۈم  ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە غەربىي ئاسىيا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ باشلىنىشى

**ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى** ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى تۈركىيەنى مەركەز قىلىپ، ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا ئۈچ قىتئەگە كېڭەيگەن چوڭ فېئودال ئىمپېرىيە بولۇپ، تۈركىيە سۇلتانى قوشۇمچە خەلىپە، ئىمپېرىيەنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى، دىنىنىڭ ھىمايىچىسى ۋە مۇقەددەس قانۇنىنىڭ ئىجراچىسى، شۇنداقلا دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلىپىسى ئىدى. بۇ ئىمپېرىيە گۈللەنگەن چاغلىرىدا بۇرۇنقى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ۋە ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىغا ئىگە بولغانىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن بۇ ئىمپېرىيە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ ياۋروپادىكى بېقىندى دۆلەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە ئۇ ياۋروپادا پەقەت بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇچىدىكى كىچىككىنە زېمىنىلا ساقلاپ قالدى. ئەمما، ئاسىيادا يەنىلا كەڭ ئەرەب رايونىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەنگلىيە، فىرانسىيە

قاتارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر غەربىي ئاسىياغا بېسىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىمالدىكى چارروسىيە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى چېگرا زېمىنلىرىغا ئىزچىل كۆز تىكىپ، شۇنداقلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن قارا دېڭىز بوغۇزىنى تالىشىپ، جەنۇبتا دېڭىزغا چىقىدىغان بىر ئېغىز تېپىشقا ئۇرۇندى. كېيىن باش كۆتۈرگەن گېرمانىيە بولسا، تۈركىيە سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە بىلەن بولغان كونا ئاداۋىتىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىيەگە ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش، تۆمۈريول ياساپ بېرىش، ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى تۈركىيەدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئورنىنى ئالدى. 1914 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گېرمانىيە بىلەن تۈركىيە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، تۈركىيە گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش ھەمراھىغا ئايلىنىپ قالدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، تۈركىيە سۇلتان ھۆكۈمىتى گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقىغا ئەگىشىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. تۈركىيەنى مەغلۇپ قىلىش ۋە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى ھەم قارام جايلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇرۇش مەزگىلىدە جاھانگىر ئانتانتا دۆلەتلەر بىر قاتار مەخپىي دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1915 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە بىلەن ئىتالىيە لوندوندا مەخپىي كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۈچ دۆلەت ئىتالىيەنىڭ تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىدا پەۋقۇلئاددە «ھوقۇق ـ مەنپەئەت»كە ئىگە بولۇشىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇ يىلى كۈزدە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاسىيادىكى زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىشنى مەخپىي پىلانلىدى. 1916 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەنگلىيە بىلەن

فىرانسىيە چاررۇسسىيە بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، 9 ـ ئايدا ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەرەبىستاندىكى ئۆلكىلىرىنى بۆلۈشۈۋالىدىغان مەخپىي كېلىشىمنى، يەنى «سىكىس ـ پىك كېلىشىمى»نى تۈزدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئۇرۇشتا چارروسسىيەنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ئۇرۇشتىن كېيىن چارروسسىيەنىڭ قارا دېڭىز بوغۇزى رايونىنى قورشىۋېلىشىغا ۋە تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئىستانبۇلنى ئىگىلىۋېلىشىغا ماقۇل بولدى. چارروسسىيەمۇ پېرسىيە (ئىران)دىكى «بىتەرەپ رايون»نى[①] ئەنگلىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ھەم بۇ رايوندا ئەنگلىيەنىڭ پەۋقۇلئاددە مەنپەئەتىنى قوللاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈشكە ۋەدە بەردى. 1917 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە لوندوندا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنى بۆلۈشۈۋالىدىغان مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى ھەم چارروسسىيەنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا كىرىشتى.

ئۇرۇش تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەرەبىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىنتايىن يامانلاشتۇرۇۋەتتى. 1915 ــ 1916 ـ يىلى قىشتا سۈرىيە، لىۋاندا تەخمىنەن %40 ئادەم ئاچارچىلىق ۋە ۋابادىن ئۆلدى. 1916 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەرەبلەر ئوسمان تۈركىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۈرەش پەلەستىن، سۈرىيە، لىۋان ۋە ئىراق قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى. ئەنگلىيە ئەرەبلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەرەب داھىيلىرى بىلەن تۈركىيەگە قارشى ئورتاق جەڭ قىلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەقىل ئەرەب دۆلىتى قۇرۇشقا ۋەدە

① 1907 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ روسىيە كېلىشىمىگە ئاساسەن پېرسىيە ئۈچ رايونغا ئايرىلغان، روسىيە شىمالىي قىسمىدا ئىقتىسادىي ھوقۇق ئىگىلىگەن، ئەنگلىيە جەنۇبىي قىسمىدا ئىقتىسادىي ھوقۇق ئىگىلىگەن، غەربىي جەنۇبىي قىسىم «بىتەرەپ رايون» قىلىنىپ، ئەنگلىيە، روسىيە «باراۋەر مەنپەئەتلەنگەن».

www.uyghurkitap.com

بەردى. 1916 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ قولىشى بىلەن ئەنگلىيەپەرەس شەرىف ھۈسەيىن ئەمىرلىكىنى ھىجاز پادىشاھلىقى قۇرۇلدى. ئەرەب خەلقىنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۈركىيە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ تەسلىم بولۇپ، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى ئۇزۇل ـ كېسىل پارچىلاندى. ئانتانتا دۆلەتلەر گۇرۇھىدىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق يەڭگۈچى دۆلەتلەر ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى زېمىنىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بۆلۈۋالدى. 1916 ـ يىلى 11 ـ ئايدىلا ئەنگلىيە قاتارغا قول قىلىش خاراكتېرىدىكى شەرتنامىنى مەجبۇرىي تېڭىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ «ھامىيلىقىدىكى دۆلەت»كە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. 1920 ـ يىلى خەلقئارا ئىتتىپاقىنىڭ سايىنت لېما يىغىنىدا ئەنگلىيە ئىراق، تاشقى ئىيوردانىيە[1] ۋە پەلەستىنگە مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى، فىرانسىيە بولسا سۈرىيە، لىۋانغا مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. 1925 ـ يىلى ئەنگلىيە يەنە سىپرۇسنىڭ ئۆزىگە بىۋاسىتە قارايدىغان مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا كۇۋەيت ۋە ھەرقايىسى ئەرەب ئەمىرلىكلىرىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەنگلىيەنىڭ «ھامىيلىقىدىكى دۆلەت»كە ئايلىنىپ قالدى.

غەربىي ئاسىيادا، بولۇپمۇ دېڭىز بوغوزى رايونىدا مول نېفىت بايلىقى بار ئىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئەنگلىيە بۇ رايوننىڭ نېفىتىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك مونوپول قىلىۋالغانىدى.

---

[1] تاشقى ئىيوردانىيە ئەسلىي پەلەستىننىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئەنگلىيە پەلەستىندە مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقنى تىكلىگەندىن كېيىن، 1921 ـ يىلى ئىيوردان دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، پەلەستىننى شەرق، غەرب ئىككىگە ئايرىدى. غەربىي قىسىم يەنىلا پەلەستىن دەپ ئاتالدى، شەرقىي قىسىم بولسا تاشقى ئىيوردانىيە دەپ ئاتالدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە شېل نېفىت شىركىتى ۋە ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە ـ ئىران نېفىت شىركىتى غايەت زور مونوپول شىركەتكە ئايلىنىپ، كاپىتالى 1913 ـ يىلىدىكى 2 مىليون فوندستېرلىڭدىن 1929 ـ يىلى 30 نەچچە مىليون فوندستېرلىڭغا كۆپىيىپ، يىللىق نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 250 مىڭ توننىدىن 10 نەچچە مىليون توننىغا يېتىپ، يىللىق پايدىسى 5% تىن 20% كە كۆتۈرۈلدى. بۇ شىركەتنىڭ ئىجارىگە ئالغان يېرىدە ئۆز قوشۇنى، ساقچىسى ۋە سوتى بار بولۇپ، تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا ئۇچرىمايتتى. «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت»كە ئايلىنىپ قالغانىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىمۇ غەربىي ئاسىياغا سىڭىپ كىرىپ، نېفىتلىكلەرنى قايتىدىن بۆلۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. 1927 ـ يىلىدىن كېيىن ئامېرىكا نېفىت مالىيە گۇرۇھى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىراق (مۇسۇل) نېفىت شىركىتىنىڭ 28.75% پېيىغا، شۇنداقلا كۇۋەيت، بەھرەين، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق جايلاردا نېفىت قېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى. 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا (مىسىر)نىڭ ئومۇمىي نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 15 مىليون 655 مىڭ توننىغا يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە 76.5% نى، ئامېرىكا 13.1% نى، فىرانسىيە 6.2% نى، گوللاندىيە 3.8% نى ئىگىلىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، بولۇپمۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى ئاستىدا قېلىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستىلاپ كەتتى. ئۇلار چەت ئەل مونوپول كاپىتالىزمىنىڭ خام ئەشيا بازىسى، تاۋار بازىرى ۋە مەبلەغ سېلىش سورۇنىغا ئايلىنىپ، چەت ئەل مونوپول

شىركەتلىرى ئۇلارنىڭ نېفىتىنى كونترول قىلىۋالدى. بۇ دۆلەتلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەر بولۇپ، 85% — 90% ئاھالىسى يېزىلاردا ياشايتتى. 70% — 80 تېرىلغۇ يەر، ئوتلاق فېئودال پومېشچىكلار، بەگ ـ تۆرىلەر، ئىبادەتخانىلارغا مەنسۇپ ئىدى. نۇرغۇن يەرلەرنى چەت ئەل نېفىت شىركەتلىرى ئىجارىگە ئېلىۋالغانىدى. نامرات دېھقانلار ھوسۇلىنىڭ يېرىمىنى تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا ياكى تېخىمۇ قەبىھ شەرتلەر ئاستىدا يەرلەرنى ئىجارىگە ئالاتتى. ھازىرقى زامانغا قەدەم قويغان نۇرغۇن دۆلەتلەردە كۈچلۈك فېئوداللىق پاترىئاخاللىق تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ قالماي، يەنە قۇللۇق تۈزۈم ئۇرۇق ـ قەبىلە تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغانىدى. بىر قىسىم ئەرەبلەر يەنىلا قوملۇقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

1ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە مىللىي كاپىتالىزم گەرچە مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مىللىي سانائەت يەنىلا ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. مىللىي سانائەت كارخانىلىرى ئاساسلىقى ئوتتۇرا ـ كىچىك قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرىنى، مىللىي بۇرژۇئازىيە ئاساسلىقى سودا بۇرژۇئازىيەسىنى ئاساس قىلاتتى. ئىشچىلار سىنىپى ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كۈچى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا غەربىي ئاسىيادىكى كۆپ قىسىم جايلار ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ قېلىپ، بەزى جايلار جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن جاھانگىر دۆلەتلەر غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بايلىقىنى ھەدەپ تالان ـ تاراج قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ خەلقىنى جەڭگە سالدى. ئۇرۇش خەلققە زور بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، ئۇلار بىلەن جاھانگىرلارنىڭ زىددىيىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. 1917 ـ يىلى غەربىي ئاسىياغا قوشنا رۇسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ پارتلاپ

سوۋېت هاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردە مىللەتچى پارتىيە - گۇرۇھلار بارلىققا كېلىپ، بەزى دۆلەتلەردە كومپارتىيە قۇرۇلۇپ، غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىدە يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلاپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ زامانىۋىلىشىش ئىسلاھاتىنى باشلىدى. زامانىۋى تۈركىيەنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى غەربىي ئاسىيادىكى زور تارىخىي ۋەقە ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئافغانىستان، ئىران ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىمۇ مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

**ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى** 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئافغانىستان ئەنگلىيەنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئافغانىستان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىلغار مىللەتپەرۋەر مۇتەپەككۇر ماخمۇد بەگ تارزى ۋەكىللىكىدىكى ياش ئافغانىستانچىلار شەكىللەندى. تارزى ئەنگلىيە، رۇسىيە جاھانگىرلىكىنى سۆكۈپ، «پەقەت تولۇق مۇستەقىللىق بولغاندىلا، ئافغانىستان ئاندىن گۈللىنىپ قۇدرەت تاپىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ياش ئافغانىستانچىلار پادىشاھ جەمەتىدىكى قىسمەن كىشىلەر، ئەمەلدارلار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغاپ، پادىشاھ ھەبىبۇللا خاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئامانۇللا ئۇلارنىڭ تەسىرىدە بۇ گۇرۇھنىڭ سىياسىي داھىيسىغا ئايلاندى.

1- دۇنيا ئۇرۇشىدا ئافغانىستان بىتەرەپ ئورۇندا تۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئەمما، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىراننىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، ئافغانىستاننى ئېغىر مىللىي كىرىزىسقا دۇچار قىلدى. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئافغانىستانلىقلارنىڭ قايتىدىن ئويغىنىشىنى تېزلەتتى. 1919 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھەبىبۇللاخان جالالئابادتىكى بىر قېتىملىق شىكاردا قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئامانۇللا ئوردىدىكى مۇتەئەسسىپلەرنى مەغلۇپ قىلىپ تەختكە ئولتۇردى. ئۇ ياش ئافغانىستانچىلارنىڭ قوللىشى بىلەن شۇلارنى ئاساس قىلغان ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ئۇ تاج كىيىدىغان چاغدا: «ئافغانىستان چوقۇم ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلىنىشى، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتتە بولىدىغان بارلىق ھوقۇقلارغا ئېرىشىشى كېرەك»، «ئافغانىستان ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ» دەپ ئېنىق جاكارلاپ، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ ئافغانىستاننى ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا كىرىشتى.

1919 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامانۇللا ئەنگلىيەگە قارام ھىندىستان باش ۋالىيسىغا خەت يېزىپ ئافغانىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى، ئىككى تەرەپنىڭ ئەنگلىيە ـ ئافغانىستان مۇناسىۋىتىنى باراۋەر ئاساستا قايتا مۇھاكىمە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 4 ـ ئايدا يەنە سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 5 ـ ئايدا سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، چاررۇسىيەنىڭ ئافغانىستان بىلەن تۈزگەن تەڭسىز شەرتنامىلىرىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى، ئافغانىستان بىلەن ئىناق دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، ئەنگلىيە ئافغانىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىپ ھەم

ھىندىستان، ئافغانىستان چېگراسىغا ئەسكەر توپلاپ، يەنە قورال كۈچى بىلەن ئافغانىستاننى تىز پۈكتۈرمەكچى بولدى.

1919 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەنگلىيە ئىغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرۇپ، كابۇلنىڭ غەربىدىكى كاپۇر تېغىدا ئافغانىستانغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئافغانىستاننىڭ ئەنگلىيەگە قارشى 3 - قېتىملىق ئۇرۇشى باشلاندى. ئامانۇللانىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن ئافغانىستانلىقلار قوزغىلىپ كۈرەشكە ئاتلاندى. ئافغانىستان ئارمىيەسى كاپۇر تېغى، غەزنە ۋە قەندىھاردا ئۈچ سەپ بويىچە ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن تۇتۇشۇپ، چېگرا جايلاردىكى قەبىلە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا بىر ئايغا يېقىن قان كېچىپ جەڭ قىلدى. 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بىر بۆلەك ئافغانىستان ئارمىيەسى شەرقىي سەپتە ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا ئۆلكىلىرىگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ، سېتال قورغىنىدىكى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى قورشىۋالدى ھەم تەسلىم قىلدۇردى. 6 - ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە پۈتكۈل جەڭ ۋەزىيىتىدە تىركىشىش ھالىتى شەكىللەندى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچكە ۋە ئىلغار قورال - جابدۇقلىرىغا تايىنىپ، كابۇل قاتارلىق شەھەرلەرنى ھاۋادىن بومباردىمان قىلدى. ئەمما، جەڭدە ئافغانىستان ئارمىيەسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئافغانىستان زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى.

ئافغانىستان ئارمىيە - خەلقى باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، يەنە كېلىپ ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكىتى ئەۋجىگە چىققانلىقتىن، شۇنداقلا ئەنگلىيەنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچى سوۋېت رۇسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىش بىلەن چۇشلىنىپ قالغانلىقتىن ھەم ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكتىن، ئاخىر ئەنگلىيە ئامالسىز

ئافغانىستان ئوتتۇرىغا قويغان ئۇرۇش توختىتىش تەكلىپىگە قوشۇلدى. 1919 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيە بىلەن ئافغانىستان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى تۈزدى. 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دەسلەپكى سۈلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. سۈلھى شەرتنامىسىدە ئافغانىستان بىلەن ئەنگلىيەگە قارام ھىندىستاننىڭ ئەسلىدىكى چېگراسى (دۇران لىنىيەسى)نى ساقلاش ھەم ئالتە ئايدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش ئۈستىدە قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن ئافغانىستان دىپلوماتىيە جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1919 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. 1921 ـ يىلى ئافغانىستان سوۋېت رۇسىيەسى، تۈركىيە، ئىران بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئافغانىستان تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالدى. 1921 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئامالسىز ئافغانىستان بىلەن رەسمىي سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە ئەنگلىيە ئافغانىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئىككى تەرەپ نورمال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامە ئارقىلىق ئافغانىستان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىلىرىنى قانۇنىي شەكىل بىلەن مۇستەھكەملەپ، 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇنجى بولۇپ سىياسىي مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ئاسىيا دۆلىتى بولۇپ قالدى.

ئافغانىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئامانۇللا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلدى ھەم سوۋېت رۇسىيەسىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ، دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى. سىياسىي جەھەتتە ئىچكى كابىنېت

تەسىس قىلىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى تەشكىللەپ، مەركەز ۋە يەرلىكتە كېڭەش ئورگانلىرىنى قۇردى. 1923 ـ يىلى تۇنجى ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە باج ئۆتكەللىرىنى بىكار قىلىپ، ئىمپورت ماللاردىن يۇقىرى تاموژنا بېجى ئېلىپ، «سانائەتنى رىغبەتلەندۈرۈش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى جاكارلاپ، فېئوداللىق ھاشار ـ سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان يەر بېجىنى پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر بېجىغا ئۆزگەرتتى. مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە يېڭىچە مەكتەپلەرنى، قىزلار مەكتىپىنى قۇرۇپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تىياتىرخانىلارنى قۇرۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، مىللىي تىل — پۇشتۇ تىلىنى قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇردى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئورنىغا يېڭى قانۇن ـ نىزاملارنى دەسسىتىپ، چاكار، دېدەكلەرنى ئېلىپ سېتىش، ئۇرۇپ ـ خارلاشنى چەكلەپ، قىز ـ ئاياللارنى ئېلىپ ـ سېتىشنى مەنئى قىلىپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققاندا چۈمبەل تارتىشىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەم ئىسلام دىندارلىرىنىڭ ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنى چەكلىدى.

ياش ئافغانىستانچىلارنىڭ قوللىشى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدىكى ئامانۇللانىڭ ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىتى ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، فېئوداللىق ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى كۈچىگە زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى ئاجىزلىتىپ، ھوقۇقىنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى. بۇ ئىسلاھات مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئافغانىستان جەمئىيىتىنىڭ

ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا زور رول ئوينىدى.

**ئىراننىڭ مىللىي ئازادلىق كۆرىشى ۋە پەھلىۋى پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى** 1- دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىران بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمما زېمىنى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەنگلىيە، رۇسىيە تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىپ، غەربىي قىسمى بىر مەھەل جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالدى. 1917 - يىلى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى «پېرسىيەنى بۇلىۇشۇۋالىدىغان شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىدىغانلىقى»نى جاكارلاپ، «پېرسىيەلىكلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى» توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى. بۇ، ئىران خەلقى ئارىسىدا زور ئىنكاس قوزغىدى.

دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن رۇسىيە ئارمىيەسى ئىراننىڭ شىمالىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئەمما، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىراننىڭ شىمالىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 1918 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىران زېمىنىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىگىلىۋالدى. 1919 - يىلى 8 - ئايدا ئەنگلىيە ئىران پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنى ئۆزى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، ئىراننىڭ ئارمىيە، مالىيە، تاموژنا بېجى ۋە تۆمۈريول، تاشيول ياساش ھوقۇقىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋېلىپ، ئىراننى ئەمەلىيەتتە ئۆز ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ۋە سوۋېت رۇسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ، ئىران خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى.

1920 - يىلى 4 - ئايدا ئىراننىڭ شىمالىدىكى ئەزەربەيجان ئۆلكىسىدە ئالدى بىلەن قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۆلكە مەركىزى تەبرىزنى ئىشغال قىلىپ، ئەمەلدارلارنى قوغلىۋېتىپ، مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئەزەربەيجاننىڭ «ئازاد»

بولغانلىقىنى جاكارلىدى. قوزغىلاڭغا مۇھەممەد شىئەبەنى باشچىلىقىدىكى ئەزەربەيجان دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەر رەھبەرلىك قىلغانىدى. شىئەبەنى سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان، 1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1917 ـ يىلى تەبرىزدە دېموكراتلار پارتىيەسىنى قۇرغانىدى. بۇ پارتىيە سودا بۇرژۇئازىيەسى ۋە ئوتتۇرا ـ كىچىك پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ۋە مۇستەبىت پادىشاھلىققا قارشى تۇرۇپ، ئەنگلىيە ـ ئىران شەرتنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. قوزغىلاڭ خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مىللىي ھۆكۈمەت ئىراننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى، ئەزەربەيجاننىڭ ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشىنى، سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ۋە دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىشچى ـ دېھقانلارنى قوزغاتماي ۋە قوراللاندۇرماي، باشقا رايونلاردىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتماي، پەقەت پاسسىپ قوغدىنىش بىلەن چەكلەندى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى بىلەن ئىران پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى ئارمىيەسى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 9 ـ ئايدا قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلۇپ، شىئەبەنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

1920 ـ يىلى ئىراننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۈرەش ئەۋجگە چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە گىلان ئۆلكىسىدىكى كۈرەش ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. 1920 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت رۇسىيەسى قىزىل ئارمىيەسى باكۇدىكى ئەنگلىيە مۇداخىلىچى قوشۇنى ۋە ئاقلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىراننىڭ كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى پورتى ئېنزېر (كېيىن پەھلىۋى پورتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن)غا يېتىپ كەلدى. مىرزا كۈچىكخان

رەھبەرلىكىدىكى ئورمان قوشۇنى[1] پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گىلان ئۆلكىسىدىكى راشىدنى ۋە ئېنزىرىنى ئىگىلەپ، ئارقىدىن يەنە پۈتكۈل گىلان ئۆلكىسىنى ۋە مانزىرىنى ھەم مازاندىران ئۆلكىسىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ئىگىلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گىلان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. گىلاندا سودا بۇرژۇئازىيەسى، ھۆكۈمەتسىزلەردىن بولغان ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى، ئۇششاق پومېشچىكلار ۋە ئىران كومپارتىيەسى قاتناشقان جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپى تەشكىللىنىپ، كۈچىكخان باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

ئىران كومپارتىيەسىنىڭ تەكتى ئادالەتچىلەر پارتىيەسى بولۇپ، 1920 ـ يىلى قۇرۇلغانىدى. بۇ پارتىيە 6 ـ ئاينىڭ 22 — 24 ـ كۈنلىرى ئۆتكۈزگەن ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە ۋە ئەكسىيەتچىل پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۈچىكخان بىلەن ھەمكارلىشىپ گىلان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە قاتناشتى. كۈچىكخان باشچىلىقىدىكى گىلان ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پىروگراممىسىدا ئاساسلىقى ئىككى ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ئەنگلىيەلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىش، يەنە بىرى، پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئىدى. گىلان ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى گىلانغا كىرگەن سوۋېت رۇسىيەسى قىزىل ئارمىيەسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1920 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گىلان قوزغىلاڭچى قوشۇنى پايتەخت تېھرانغا قاراپ يۈرۈش

[1] دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە 1917 ـ يىلى كۈچىكخان رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسى ۋە سودىگەرلەردىن تەشكىللەنگەن بىر بۆلەك قوزغىلاڭچى قوشۇن گىلان ئۆلكىسىدىكى قويۇق ئورمانلىقلاردا يوشۇرۇنۇپ، ئىران فېئودال ھۆكۈمرانلىرىغا ۋە چاررۇسىيەگە قارشى تۇرغان، بۇ سەۋەبتىن ئۇلار «ئورمان قوشۇنى» دەپ ئاتالغان.

قىلىپ، غايەت زور ئىنقىلابىي داغدۇغا شەكىللەندۇردى.

ھالبۇكى، ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت تۈپەيلىدىن گىلان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي پارچىلىنىپ كەتتى. كۈچىكخان ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇپ، رادىكال ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇراتتى، ئىسلام شەرىئىتىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلاتتى، يەر ئىسلاھاتى قىلىشقا قوشۇلمايتتى. ئەمما، ئىران كومپارتىيەسىنىڭ قىسمەن رەھبەرلىرى بولسا خاتا ھالدا «سولچىل» سوتسىيالىزم سىياسىتى يۈرگۈزۈشنى، يەنى بارلىق پومېشچىكلارنىڭ يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىشنى، سودىگەرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشنى، ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇشنى، ئاياللارنىڭ چۈمبەللىرىنى ئېلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر پىكىر ئىختىلاپىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1920 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كۈچىكخان ئۇرمان قوشۇنىنى باشلاپ ھۆكۈمەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىك سەپ پارچىلىنىپ، ئىنقىلاب كىرىزىسقا ئۇچرىدى. 1921 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىران كومپارتىيەسى پارتىيە ئىچىدىكى «سولچىل» خاتالىقنى تەنقىد قىلىپ، مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، يېڭى پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارلىق سىنىپلار بىلەن بىرلىشىپ، پادىشاھ، چوڭ فېئوداللار ۋە جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1921 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گىلان ئىنقىلابىي بىرلىك سېپى ئەسلىگە كېلىپ، كۈچىكخان باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەندى ھەم گىلاننىڭ سوۋېت جۇمھۇرىيىتى بولغانلىقى جاكارلاندى.

ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئەۋجگە چىققان ۋەزىيەتتە ئىران ھۆكۈمىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن پومېشچىك ـ سودىگەرلەر گورۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەربىي رىزاخان

1921 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، پادىشاھ جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر قوللايدىغان كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇردى. ئۇ قوراللىق قىسىملارنىڭ باش قوماندانى، كېيىن يەنە دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى بولۇپ ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلىدى. سىياسىي ئۆزگىرىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئۇ خېلى كۈچلۈك مۇستەقىللىقنى ئىپادىلەپ، بەزى مەسىلىلەردە ئۆزى بىلگەن يولنى تۇتۇپ، ئەنگلىيەگە بوي بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەدبىر قوللىنىپ، ھەربىي كۈچنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە كۈچەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىدى.

ئىراندىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەت 1921 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە، سوۋېت رۇسىيەسى چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئىران بىلەن تۈزگەن، ئىراننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق شەرتنامە ۋە كېلىشىمنامىلەرنى بىكار قىلىدۇ ھەم چاررۇسىيەنىڭ ئىراندىكى بارلىق مال ـ مۈلكىنى ئىرانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئىران ئۆز زېمىنىدا سوۋېت رۇسىيەسىگە قارشى دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرىنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ، بولمىسا، سوۋېت رۇسىيەسى ئىرانغا قوشۇن كىرگۈزۈپ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر ھەربىي تەدبىر قوللىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن ئىران ھۆكۈمىتى شۇ يىلى 3 ـ ئايدا 1919 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ ئىران شەرتنامىسىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىراندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيەسى 5 ـ ئايدا ئىراندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا سوۋېت رۇسىيەسى ئارمىيەسىمۇ گىلاندىن چېكىنىپ ئۆز

دۆلىتىگە قايتتى. ئەنگلىيە، رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ چېكىنىپ كېتىشى بىلەن ئىراندا 12 يىل داۋاملاشقان چەت ئەل ئارمىيەلىرىنىڭ ئىشغالىيەت دەۋرى ئاياغلاشتى.

1921 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىران ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە نىزا يۈز بەردى. كۈچىكخان ئىران كومپارتىيەسىدىن ئاشكارا ئايرىلىپ كەتتى ھەم ئىران كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، يەنە باشقا رەھبەرلەر بىلەنمۇ ئۆزئارا توقۇنۇشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي كۈچلەر زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. رىزاخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمنى قانات يايدۇردى. 1921 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىران ھۆكۈمەت ئارمىيەسى پۈتكۈل گىلان ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلدى. كۈچىكخان ئورمانلىققا قېچىپ كېتىپ ئۆزاقىا قالماي ئۆلدى، گىلان ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئاخىر باستۇرۇۋېتىلدى.

مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رىزاخان يەنە خوراساندىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىمۇ باستۇردى. 1922 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئىراننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلابلار پۈتۈنلەي باستۇرۇۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن رىزاخان خەلقنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئارمىيە ئىچىدىكى ئەنگلىيەلىك ئوفىتسېرلارنى قوغلىۋېتىپ، بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئارمىيە قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قاتتىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى فېئودال تەپرىقىچى كۈچلەرنى تىنچىتىپ، پادىشاھ جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەرگە زەربە بەردى. 1923 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ باش ۋەزىر بولدى. 1924 ـ يىلى ئۇ «جۇمھۇرىيەت ھەرىكىتى»نى قوزغاپ، قازار پادىشاھلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پادىشاھ ۋە پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك زەربە بەردى. 1925 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۇ دۆلەت مەجلىسى ئارقىلىق قازار پادىشاھلىقىنىڭ

ئەمەلدىن قالغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىسلام دىنى پېشۋالىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەرىكىتىنى توختىتىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى پادىشاھلىقىنى تىكلەشكە كىرىشتى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىران ئاساسىي قانۇن كېڭىشى رىزاخاننىڭ ئىران پادىشاھى بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ رىزا شاھ پەھلىۋى دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىران پەھلىۋى پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە قەدەم قويدى.

**غەربىي ئاسيادىكى ئەرەب ئەللىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قۇرۇلۇشى** 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىراق، سۈرىيە، لىۋان قاتارلىق ئەرەب رايونلىرىنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئارمىيەسى بېسىۋېلىپ، مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق ئورناتتى. بۇ كەڭ ئەرەب خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1920 - يىلى 3 - ئايدا سۈرىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋەكىللەر يىغىلىپ قۇرۇلتاي ئېچىپ، بۈيۈك سۈرىيە (سۈرىيە، لىۋان ۋە پەلەستىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلاپ، فايسال شاھ باشچىلىقىدىكى پادىشاھلىق ئاساسلىق قانۇنلۇق دۆلەتنى قۇردى. فىرانسىيە ئەسكەر چىقىرىپ دەمەشققە ھۇجۇم قىلىپ، فايسال شاھنى بىكار قىلدى ھەم 9 - ئايدا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ئۈچۈن سۈرىيە، لىۋاننى بۈيۈك لىۋان، ئەلپە، راتازىيە ۋە دەمەشقتىن ئىبارەت تۆت رايونغا بۆلدى. 1920 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ سۈرىيە، لىۋاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا فىرانسىيەگە قارشى قوزغىلاڭلار توختىماي يۈز بېرىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىراق خەلقىنىڭ ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىڭى ئەۋجگە چىقتى. 1920 - يىلى 6 - ئايدا قوزغىلاڭ پۈتكۈل ئىراقنى دېگۈدەك قاپلىدى. قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئىراق مۇستەقىللىقىنى قوغدىغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ

مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغان ئەنگلىيە ئارمىيەسى بەسرە، باغداد ۋە مۇسۇل قاتارلىق شەھەرلەرگە قاپسىلىپ قېلىپ، ھالاكەتكە يۈزلەندى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئالدىراپ ـ تېنەپ قوشۇن يۆتكەپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا كىرىشتى. فېئوداللارنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ئەنگلىيەنىڭ قەبىلىلەر توقۇنۇشىنى پەيدا قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولدى. 1921 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەنگلىيە فايسالنى يۆلەپ ئىراق پادىشاھى قىلدى. كېيىنكى يىلى ئەنگلىيە فايسال ھۆكۈمىتى بىلەن تەڭ ھوقۇقسىز «ئەنگلىيە ـ ئىراق شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئىراقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىن تىزگىنلەش ۋە ئىراقتا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى. بۇ ئىراقتىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى.

1922 — 1928 ـ يىللاردا ئىراق خەلقىنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشى ۋە قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى زادىلا توختاپ قالمىدى. ئىراق خەلقىنىڭ قارشىلىق كەيپىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ئامالسىز 1932 ـ يىلى ئىراققا مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا 1930 ـ يىلى تۈزۈلگەن، مۇددىتى 25 يىل بولغان ئەنگلىيە ـ ئىراق ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنىڭ كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىراقنى داۋاملىق تىزگىنلەپ تۇردى.

1925 — 1927 ـ يىللاردا سۈرىيە ـ لىۋان خەلقى ئەنگلىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن زور قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ سۈرىيەنىڭ جەنۇبىدىكى جەبىل دىرۇز ئۆلكىسىدىن باشلىنىپ، تېزلىكتە شىمالغا قاراپ كېڭەيدى. 1925 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قوزغىلاڭچىلار سۈرىيە خەلق ئارمىيەسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئاتراش سۇلتاننى باش قوماندان قىلدى ھەم ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى. 10 ـ ئايدا

شىمالدىكى خاما شەھەرلىرىدىكىلەرمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۈرەش يالقۇنى تېزلا دەمەشىق ئەتراپىغىچە تۇتاشتى. 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار دەمەشىقنى ئىگىلىدى. 11 ـ ئايدا پۈتكۈل سۈرىيە دېگۈدەك قوزغىلاڭچىلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. قوزغىلاڭچىلار يەنە بىر مەھەل لىۋان تەۋەسىگىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى فىرانسىيەدىن ۋە فىرانسىيەگە قاراشلىق ماراكەشتىن نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن يۆتكەپ سۈرىيەگە ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن 100 مىڭ كىشىلىك فىرانسىيە ئارمىيەسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بازىسى بولغان دىرۇزغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. بىر يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە 1927 ـ يىلى 7 ـ ئايغا بارغاندا قوزغىلاڭچىلار ئەڭ ئاخىرقى بازىسى قۇتا ئورمانلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ھالبۇكى، ئىككى يىل داۋاملاشقان فىرانسىيەگە قارشى قوزغىلاڭ فىرانسىيەنىڭ سۈرىيە، لىۋاندىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر زەربە بەردى. ئاقىۋەتتە فىرانسىيە بۇرۇنقى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يەنە داۋاملاشتۇرالماي، ئامالسىز ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىشقا قوشۇلدى ھەم يەرلىك ئەربابلارغا مۇئەييەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئەرەبلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى غەربىي ئاسىيا ئەرەب رايونلىرىدىكى زور تارىخىي ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەرەب يېرىم ئارىلى ئەنگلىيە ۋە تۈركىيەنىڭ تاجاۋۇزى ۋە بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىدى. ۋاھالەنكى، يېرىم ئارالدىكى فېئودال تەپرىقىچىلەر باشباشتاقلىق قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختاتمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپلا



www.uyghurkitap.com

قالماي، بەلكى تاشقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشمۇ تەسكە چۈشتى. تارىخىي تەرەققىيات يېرىم ئارالدا بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەت قۇرۇش تەقەززاسىنى تۇغدۇردى. ئەمەلىيەتتە، 1902 ـ يىلىلا سەئۇدى جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى ئىبنى سەئۇد① رىيادنى ئىگىلەپ، تۈركىيەگە قارشى سەئۇدى جەمەتى رەھبەرلىكىدىكى كۈرەشنى باشلىغانىدى. 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىبنى سەئۇد ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى جايلارنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈردى. 1915 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىبنى سەئۇدنى مەجبۇرلاپ، «دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق» شەرتنامىسىنى ئىمزالاتقۇزدى ھەم ئۇنىڭ نېيىد، ھاسا قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇمۇ باشقا دۆلەتلەر بىلەن كېلىشىم تۈزمەيدىغان ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزمەيدىغان، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەرگە ئىجارە ھوقۇقى بەرمەيدىغان، ئەنگلىيەنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى «ھامىيلىق قىلىدىغان يېرى»گە چېقىلمايدىغان بولدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىپ، تۈركىيەنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى كۆپ قىسىم زېمىنى ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ، ئىبنى سەئۇدنىڭ يېرى ئەنگلىيەنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە قالدى. ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا ھىجازدىكى ھۇسەيىن كۆپ قېتىم نېيىدقا ھۇجۇم قوزغىدى.

شامارنى ئىگىلەپ ياتقان راشىد جەمەتى ئەمىرلىكى ۋە ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىدىكى ئەمىر ھۇسەيىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي ھىجاز پادىشاھلىقى ئىبنى سەئۇدنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ ئىدى.

① تولۇق ئىسمى ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇراھمان سەئۇد، ئۇ 1880 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى (ھىجرىيە 1297 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) رىيادتا تۇغۇلغان، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، 1953 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

1920 — 1922 - يىللىرى ئىبنى سەئۇد راشىد جەمەتىنىڭ قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىسى ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ياردەمچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. 1924 - يىلى 9 - ئايدىن ئارتىپ ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ ھىجازدىكى ھۇسەيىننىڭ يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تائىف، مەككە، مەدىنە، جىددەنى ئىگىلىدى. 1925 - يىلى 12 - ئايغا كەلگەندە سەئۇدى جەمەتى پۈتكۈل ھىجازنى ئىگىلەپ، يېرىم ئارالنى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈردى.

ئىبنى سەئۇد 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 1926 - يىلى ھىجازلىقلار ئۇنى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈپ، ھىجاز، نېجد ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ سۇلتانى قىلدى. 1927 - يىلى 5 - ئايدا ئىبنى سەئۇد بىلەن ئەنگلىيە جىددەدە كېلىشىم ئىمزالاپ، ئەنگلىيە ئۇنىڭ ھىجاز، نېجد ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىللىقتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 1932 - يىلى ئەسىر ئىبنى سەئۇدقا رەسمىي قېتىلدى. فېئودال تەپرىقىچىلەرنى يەنىمۇ تازىلاش، مەمۇرىي باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىبنى سەئۇد شۇ يىلى 9 - ئايدا ھىجاز، نېجد پادىشاھلىقىنى بىرلىككە كەلگەن پادىشاھلىق قىلىپ، دۆلەت نامىنى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى دەپ رەسمىي بېكىتتى.

بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئىبنى سەئۇد بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكۈزىدىغان «ئىخۋان ھەرىكىتى»نى قوزغاپ، ھەم دېھقانچىلىق، ھەم ئەسكەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قۇدرەتلىك قوشۇن قۇرۇپ، بۇ قوشۇنغا تايىنىپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تاماملىدى. يەنە ۋاھابى ئەقىدىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنى بايراق قىلىپ،

دەرۋىشلەرنى باشلامچى قىلىپ، زور قوشۇن بىلەن دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ زېمىننى كېڭەيتتى. بىرلىككە كەلتۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن ئۇ يەنە غەرب ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ هۆكۈمەت تەشكىللەپ، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى زامانىۋىلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەرب تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى هەم جانلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىدى.

ئىبنى سەئۇدنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ تىغ ئۇچى تۈركىيەگە ۋە ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىدىكى تەپرىقىچىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ جاهانگىرلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. هوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ فېئودال بۆلۈنمىچىلىك هالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈشى غەربىي ئاسىيادىكى ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق هەرىكىتىدىكى بىر زور ۋەقە بولۇش سۈپىتىدە هەرقايسى ئەرەب ئەللىرىنىڭ جاهانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىدا ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

## 2 ـ بۆلۈم تۈركىيەدىكى مۇستافا كامال ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى

تۈركىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئېغىر بەدەل تۆلىدى. ئۇرۇشتا 600 مىڭ ئەسكىرى ئۆلۈپ ياكى ئەسىرگە

چۇشۇپ، 2 مىلىيون ئادەمى يارىلاندى. ھەربىي خىراجىتى 581 مىلىيون لىراغا يەتتى. تۆرلۈك ۋەيرانچىلىقلارنى ھېسابقا ئالغاندا پۈتكۈل ئۇرۇشنىڭ ئېلىپ كەلگەن زىيىنى 1 مىلىيارد لىراغا يەتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادى خارابلىشىپ، تاشقى قەرزى ئېغىرلاشتى. تېرىلغۇ يەر 64 مىلىيون مودىن ئازىيىپ، 30 مىلىيون موغا چۈشۈپ قالدى. ئاشلىق ھوسۇلى 50% تۆۋەنلەپ كەتتى. مال باھاسى 15 — 20 ھەسسە ئۆرلىدى. تۆت يىللىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ئەمگەكچى خەلققە ھېسابسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئېغىر باج-سېلىق، ئالۋان - ھاشار خەلقنى يەلكىسىدىن باستى. ئاچارچىلىق ۋە ۋابا ئۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ، نوپۇسنى تېز ئازايتىۋەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن تۈركىيەنىڭ ھەممە يېرى قەھەتچىلىك، ۋەيرانچىلىق ۋە نامراتلىق ئىچىدە قالدى.

تۈركىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مىسلىسىز ئېغىر مىللىي كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. 1918 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سۇلتان ھۆكۈمىتى ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن «مادراس ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. كېلىشىمدە تۈركىيە ئۆز ئارمىيەسىنى دەرھال تارقىتىۋېتىپ، ھەربىي پاراخوتلىرىنى تاپشۇرۇپ، قارا دېڭىز بوغۇزىنى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ تېزگىنلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ تۈركىيەنىڭ تۆمۈريول، قاتناش ۋە تېلېگراف تارماقلىرىنى ئانتانتا دۆلەتلەر ھەربىي ئىدارە قىلىدۇ؛ زۆرۈر بولغاندا ئانتانتا دۆلەتلەر تۈركىيەنىڭ ھەرقانداق ئىستراتېگىيەلىك يېرىنى ئىگىلەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرى قارا دېڭىز بوغۇزىغا كىرىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئالىي ۋەكىلى تۈركىيە پايتەختى ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە 107 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ تۈركىيەنىڭ كەڭ زېمىنلىرىنى، جۈملىدىن دېڭىز بوغۇزىنى،

قارا دېڭىز بويىدىكى مۇھىم پورتـلارنى، ئاناتـولىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي جـەنۇبىنـى ھەم تۆمۈريـول بويىدىكى مۇھىم شەھەر ـ بـازارلارنـى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە بۆلۈۋېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

1919 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـكۈنى ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا گىرېتسىيە ئارمىيەسى ئاناتولىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم پورت شەھىرى ئىزمىرنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىگىلىدى. گىرېتسىيە بىلەن تۈركىيەنىڭ زىددىيىتىگە ئۇزاق بولغان بولۇپ، ئىككىلا دۆلەتتە قارشى تەرەپنىڭ كۆچمەنلىرى بار ئىدى. ئاناتولىيەنىڭ غەربىدىكى دېڭىز بويى رايونىدا 2 مىليون 500 مىڭ گىرېك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، گىرېتسىيە ھۆكۈمرانلىرى بۇ رايونغا كۆز تىكىپ كەلگەنىدى. پارىژ سۇلھى يىغىنىدا گىرېتسىيە باش ۋەزىرى ئاناتولىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونىنى گىرېتسىيەگە بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەم قارا دېڭىز بويىدا «باندۇس گىرېك دۆلىتى»① قۇرۇش غەرىزىدە بولدى. گىرېتسىيە بىلەن تۈركىيەنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە گىرېتسىيەنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ بۇ رايوننى ئىگىلىشىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىر ئانتانتا دۆلەتلەر يەنە ئاناتولىيەنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمالىدا «مۇستەقىل ئەرمەنىيە دۆلىتى»، شەرقىي جەنۇبىدا «كۇردىستان دۆلىتى» قۇرۇشنى پىلانلاپ، تۈركىيە زېمىنىنى پارچىلىۋەتمەكچى بولدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى لىلويىد جورجى: «بىز تۈركىيەنىڭ (خەلقئارا سىياسىي) سەھنىدىن يوقىلىشىدىن ئېچىنمايمىز» دېدى.

---

① «باندۇس» — قەدىمكى يۇناننىڭ قارا دېڭىز بويىدا قۇرغان بىر دۆلىتى بولۇپ، يېقىنقى زاماندا گىرېتسىيە ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش غەرىزىدە بولۇپ كەلگەن.

ئۇرۇشتىن كېيىن دۆلەت ئىقتىسادى ۋەيران بولۇپ، مىللەت ھالاكەتكە يۈزلەنگەن جىددىي پەيتتە، تۈركىيە خەلقى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن ساقلايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوزغىدى. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىپ چار پادىشاھىنىڭ تەختتىن چۈشۈشى، سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ چاررۇسىيەنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىكى ئىمتىيازىنى بىكار قىلىشى ھەم كۈچلۈك جاھانگىرلارنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىمزالىغان تۈركىيە زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالىدىغان مەخپىي شەرتنامىسىنى ئاشكارىلىشى، تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش كۈرىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

«مادراس ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، 1918 - يىلى 12 - ئايدا ئاناتولىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دەمتىيول خەلقى ئالدى بىلەن قوزغىلىپ فىرانسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسىگە قارشى تۇردى. گىرېتسىيە ئارمىيەسى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئاناتولىيەنىڭ غەربىدىكى دېھقانلار بەس - بەستە پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، تاجاۋۇزچى قوشۇنغا قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ كۈرەشتە دېھقانلار ئاساسىي كۈچ، ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەن، ئارمىيەدىن بوشانغان ھەربىيلەر تايانچ كۈچ بولدى. ئىشچىلارمۇ كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشتى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا ئىشچىلار ئاز سانلىق، يەنە كېلىپ، ئىشغالىيەتچى قوشۇن تىزگىنلىۋالغان ئىستانبۇل، ئىزمىر قاتارلىق شەھەرلەرگىلا مەركەزلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېخى ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرمىغانلىقتىن، بۇ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ رەھبىرىگە ئايلىنالمىدى.

سودا بۇرژۇئازىيەسىنى ئاساس قىلغان تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازىيەسى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ

بېشىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادىي پائالىيىتى غەربتىكى بىرنەچچە پورت، شەھەردىن شەرقتىكى ئاناتولىيەگە يۆتكەلدى. يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن مىللىي بۇرژۇئازىيە ئۇرۇش مەزگىلىدە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن ئاشلىق، تاماكا ۋە پاختا سودىسى قىلىپ، بەزىدە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇ، ئىلگىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكا مونوپول كاپىتالى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشكە تايىنىپلا تەرەققىياتقا ئېرىشىدىغان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. بۇنىڭدىن باشقا، گىرېك، ئەرمەن بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ھەتتا يوقىلىشىمۇ تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تەدرىجىي باش كۆتۈرگەن تۈرك مىللىي ئېڭى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، مىللەت ھالاكەتكە دۇچار بولغان يېڭى ۋەزىيەتتە تېز كۈچەيدى. كۈچلۈك جاھانگىرلار تاجاۋۇز قىلىۋاتقان، دۆلەت زېمىنى بۆلۈۋېلىنىۋاتقان خەتەرلىك ئەھۋالدا تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇرژۇئازلار، ۋەتەنپەرۋەر ئوفىتسېرلار ۋە ئەمەلدارلار، شۇنداقلا ئىسلام دىنى زاتلىرى بەس ـ بەستە مىللەتچى تەشكىلاتلارنى قۇردى. 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاناتولىيەنىڭ شەرقى، ئىزمىر، تىراسىي، كىلىكىيادا ئوخشاشلا «ئىگىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. تۈركىيە مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز قولىغا ئالدى.

مۇستافا كامال (1881 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە ياشىغان) تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ۋە ۋەتەنپەرۋەر داھىي بولۇش سۈپىتىدە تۈركىيەنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ سالونىكادىكى (ھازىر گىرېتسىيەگە تەۋە) بىر ياغاچ

سودىگەرى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا فېئودال ھاكىمىيەتنىڭ ناچار سىياسەتلىرىگە قارشى مەخپىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، 1908 ـ يىلى ياش تۈركچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان، 1ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دېڭىز بوغۇزىنى قوغداش ئۇرۇشىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەڭدە زور تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن «ئىستانبۇلنىڭ نىجاتكارى» ۋە «پايتەختنىڭ قوغدىغۇچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن، 1916 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بىرىگادا گېنېراللىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، «پاشا» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغانىدى. ئەمما، ئۇ تۈركىيە سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ گېرمانىيەگە ئەگىشىپ 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىغا، گېرمانىيە ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ تۈركىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغانلىقىغا، شۇنداقلا ئەنۋەر پاشا باشچىلىقىدىكى گېرمانىيەپەرەسلەرنىڭ يولغا قويغان سىياسىتىگە قارشى ئىدى. ھاقارەتلىك ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۇ «ۋەتەننىڭ بويىنىغا سېلىنغان ھاقارەتلىك ئەركىسىزلىك كىشىنىنى چېقىپ تاشلاش»نىڭ بىردىنبىر چارىسى «مىللىي قارشىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش» دەپ قارىدى. 1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ ئالدىنقى سەپتىن پايتەختكە قايتىپ كېلىپ، پارلامېنتقا ۋە سۇلتانغا ئانتانتا دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان بىر كۈچلۈك ئىچكى كابىنېت تەشكىللەش تەكلىپىنى بەردى ھەم سۇلتانغا ھەربىي ۋەزىرلىك ھوقۇقىنى ئۆزىگە تاپشۇرسىلا «تۈركىيەنى قۇتقۇزالايدىغانلىقى»نى بىلدۈردى. ئەمما، ئۇنىڭ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاھانگىر ئانتانتا دۆلەتلەر تىزگىنلىۋالغان، چۈشكۈنلۈك، مۇرەسسەچىلىك كەيپىياتى قاپلىغان پايتەخت ئىستانبۇلدىن ئايرىلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئەۋج ئالغان ئاناتولىيەگە بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ 1919 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەنى گىرېتسىيە ئارمىيەسى ئىزمىرنى

بېسىۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى 9 ـ ئارمىيەنىڭ نازارەتچىلىكىگە تەيىنلىگەنلىك بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ ئىزمىرغا قاراپ ئاتلاندى. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇ قارا دېڭىز بويىدىكى پورت شەھىرى سامسۇنغا يېتىپ كېلىپ ئاناتولىيە تۇپرىقىغا دەسسىدى. ئۇ ئاناتولىيەدە ئەۋج ئالغان ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى ئاممىۋى كۈرەشتىن خەلقنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ سۇلتانغا يازغان دوكلاتىدا: «پۈتكۈل مىللەت ئويغىنىپ، ئەل ـ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئىرادىسىگە كەلدى» دېدى. يەنە بىر پارچە خېتىدە، پۈتكۈل خەلق بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە ئاناتولىيەدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ تۈرلۈك سورۇنلاردا خەلققە «مۇستەقىل بولغۇچە تىركىشىش» تەشەببۇسىنى قايتا ـ قايتا تەشەببۇس قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا مىللىي قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ باش ۋەزى-پىسى ھەرقايسى جايلاردىكى تارقاق مىللەتچى تەشكىلاتلارنى بىر-لەشتۈرۈپ، مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو شەكىللەندۈرۈش ئىدى. بۇ ۋاقىتتا مۇستافا كامال ئۆز ھو-قۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ۋەكىل چىقىرىپ يىغىن ئې-چىپ، جايلاردىكى ئىگىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۇيۇشمىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا بۇيرۇدى. 1919 ـ يى-لى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ئۇ ئەرزۇرۇمدا شەرقتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى-نى ئېچىپ، ئىگىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۇيۇشمىسى نىزامنامى-سى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چىقىرىلغان مۇراجىئەتنامىنى

ماقۇللىدى. قۇرۇلتاي چەت ئەلنىڭ تۇرلۇك شەكىللىدىكى ئىشغا-
لىيىتى ۋە مۇداخىلىسىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق
شەكىلدىكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى قو-
بۇل قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. قۇرۇلتايدا مۇستافا كامال
رەئىسلىككە سايلىنىپ مىللىي قارشىلىق ھەرىكىتىدىكى رەھ-
بەرلىك ئورنىنى رەسمىي تىكلىدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 4 -
كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە سىۋاستا ئاناتولىيە ۋە رومورى ئىگى-
لىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى
ئېچىلدى. قۇرۇلتاي كەسكىن تالاش - تارتىش ئارقىلىق ماندات-
لىق ھۆكۈمرانلىقنى قوللاش تەشەببۇسىنى ئىنكار قىلىپ، ئەر-
زۇرۇم قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان مىللىي كۈرەش پروگراممىسىنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، تۈركىيە-
لىكلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكى باشقىلارنىڭ چەكلى-
مىسىگە ئۇچرىمايدۇ، شۇڭا مەيلى قانداق جاي بولسۇن، تۈركلەر
ئولتۇراقلاشقانلىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىمپېرىيەدىن ئايرىلىپ مۇس-
تەقىل بولۇشى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ» دەپ ئېنىق جاكارلىدى.
قۇرۇلتايدا مەملىكەت خاراكتېرلىك بىرلىككە كەلگەن ئىگىلىك
ھوقۇقىنى قوغداش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، مۇستافا كامال رەئىس-
لىككە سايلاندى. بۇ ئۇيۇشما كەلگۈسىدىكى مىللىي ھاكىمىيەت-
نىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. قۇرۇلتاي يىپىلغان كۈنى ئۇيۇشما
ئىستانبۇل بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى جا-
كارلاپ، سۇلتاننىڭ كۈيئوغلى فەرىد باش ۋەزىرلىكىدىكى ھۆ-
كۈمەتنىڭ سەۋەنلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىستىپا بېرىشىنى
تەلەپ قىلدى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن مۇستافا كامال دېھقانلارنى ئاساس
قىلغان قوراللىق كۈچ قۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى
جايلاردىكى تارقاق دېھقان پارتىزانلار ئەترىتىنى بىر تۇتاش
قوماندانلىقتا بويسۇنىدىغان «خەلق ئارمىيەسى» قىلىپ
ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقتا ئىگە بۇ

مۇنتىزىم قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى، مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا غايەت زور رول ئوينىدى.

ئاناتولىيەدە مىللىي قارشىلىق ھەرىكىتى ئەۋجگە چىققان ئەھۋالدا، سۇلتان ئامالسىز ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە مەجبۇر بولدى. يېڭىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئەلى رىزا ئىگىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىش ۋە مىللەتچىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئىگىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە ئىمپېرىيە پارلامېنتى يىغىنى ئېچىشقا ماقۇل بولدى. ۋاھالەنكى، مىللەتچىلەر پارلامېنت سايلىمىدا ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئورۇننى ئىگىلىدى. 1921 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق پارلامېنت يىغىنى ئىستانبۇلدا ئېچىلدى. كۆپ سانلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان كامالچىلاردىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى يىغىندا مىللەت تەلىپىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللاتقۇزدى. بۇ تۈركىيەنى مىللىي مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان مۇستەقىللىق خىتابنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا: تۈركىيەنىڭ ئۆز زېمىنىنى بۆلۈۋېتىشكە بولمايدۇ؛ تۈركىيە تولۇق مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك؛ تۈركىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە چەكلىمىنى بىكار قىلىش لازىم؛ دېڭىز بوغۇزىنى ئېچىۋېتىش تۈركىيەنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىنى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتماسلىقى كېرەك؛ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئىگىلىك ھوقۇقنى سېتىش ھېسابىغا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ جاكارلىنىپ، نۆۋەتتىكى مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقنى قوغداش كۈرىشى تۈركىيەنىڭ «مەۋجۇتلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى تۈپ شەرت»دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى.

www.uyghurkitap.com

پارلامېنتنىڭ «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللىشى سۇلتان ھۆكۈمىتى ۋە ئاتانتا دۆلەتلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاتانتا دۆلەتلەر ئارمىيەسى ئىستانبۇلدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئىگىلىدى. سۇلتان ھۆكۈمىتى پارلامېنتنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى جاكارلاپ، مىللەتچى پارلامېنت ئەزالىرىنى قولغا ئېلىپ ۋە سۈرگۈن قىلىپ، كامالچىلار ھەرىكىتىنى «ئىسيان» دەپ جاكارلاپ، ھەربىي سوت ئارقىلىق مۇستافا كامالغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى، شۇنداقلا «جازا قوشۇنى» چىقىرىپ، مىللىي قارشىلىق ھەرىكىتىنى قورallىق باستۇرۇۋەتمەكچى بولدى.

ئاتانتا دۆلەتلەر ۋە سۇلتان ھۆكۈمىتىنىڭ ھۇجۇمىغا قارىتا، مۇستافا كامال باشچىلىقىدىكى كومىتېت 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەنقەرەدە يېڭى پارلامېنت يىغىنى — بۈيۈك مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىپ، مۇستافا كامال باشچىلىقىدىكى مىللىي ھۆكۈمەتنى قۇردى. مۇستافا كامال ۋاقىتلىق رەئىس جۇمھۇر، قوشۇمچە خەلق ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، ئىستانبۇلدىن ئىنقىلابىي لاگېرغا كەلگەن ئىسمەت (ئىنونۇ) خەلق ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتاب باشلىقى بولدى. بۈيۈك مىللىي قۇرۇلتاي مۇستافا كامالنىڭ نامىدا لېنىنغا خەت يېزىپ، سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىيەنىڭ مىللىي كۈرىشىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. 5 - ئايدا ئەنقەرە ھۆكۈمىتى سوۋېت رۇسىيەسىگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. 6 - ئايدا سوۋېت رۇسىيەسى تۈركىيە مىللىي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى تۈركىيە سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشتى.

1920 - يىلى 6 - ئايدا ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا گرېتسىيە ئارمىيەسى ئاناتولىيەگە ھۇجۇم قوزغاپ، بالىقەسىر، بۇرسا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سۇلتان ھۆكۈمىتى بىلەن ئاتانتا دۆلەتلەر «سېۋېر

شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە كۆچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيە زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىشىنى قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۇردى. شەرتنامىگە ئاساسەن قارا دېڭىز بوغۇزى رايونىدا «خەلقئارالاشتۇرۇش» يولغا قويۇلۇپ، كۆچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر تىزگىنلەيدىغان خەلقئارا دېڭىز بوغۇزى كومىتېتى قۇرۇلىدىغان بولدى. بۆلۈشۈۋېلىنغاندىن كېيىن تۈركىيەنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنىنىڭ پەقەت بەشتىن بىرىلا، يەنى ئاناتولىيە تەۋەسىدىكى ئەنقەرەدىن قارا دېڭىزغىچە بولغان بىر پارچە زېمىنىلا قالدى. شەرتنامىدە يەنە چەت ئەللەرنىڭ تۈركىيەدىكى كونسۇللار ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى ۋە زايوم باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ئۈچ دۆلەت ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن ئالاھىدە مالىيە كومىتېتى قۇرۇپ، تۈركىيەنىڭ تاموژنا، باج ۋە باشقا مالىيە ھوقۇقىنى تىزگىنلەش بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامە ئاتنانتا دۆلەتلەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرگە تاڭغان بىر قاتار سۇلھى شەرتنامىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قۇللۇق خاراكتېرگە ئىگە شەرتنامە بولۇپ، ئۇ تۈركىيە خەلقىنىڭ قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى.

مۇستافا كامال رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيەسى خەلقنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، شۇنداقلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، سۇلتان ھۆكۈمىتى قوللىغان «خەلىفە قوشۇنى»نى ناھايىتى تېزلا تارمار قىلدى. ئارقىدىنلا 1921 ـ يىلى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ گىرېتسىيە ئارمىيەسى بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلدى. 1921 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گىرېتسىيە ئارمىيەسى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئەنقەرەگە 50 كىلومېتىرلا كېلىدىغان جايغىچە قىستاپ كەلدى. 8 ـ ئايدا مۇستافا كامال خەلق ئارمىيەسىگە ساكارىيا دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرۇش بۇيرۇقىنى بەردى ھەم

www.uyghurkitap.com

ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. ساكارىيا جېڭىدە 15 مىڭ تۈرك ئەسكىرى باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئۇلار ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ، 22 كېچە ـ كۈندۈز قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق گىرېتسىيە ئارمىيەسىنى تارمار قىلدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى تۈركىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى فىرانسىيە تۈركىيە بىلەن ئەنقەرە كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، بۈيۈك مىللىي قۇرۇلتاي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىككى ئاي ئىچىدە ئاناتولىيەنىڭ شەرقىدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشكە قوشۇلدى. شۇ يىلى كۈزدە ئىتالىيە ئارمىيەسىمۇ ئاناتولىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن چېكىندى. ئەنگلىيە ئامالسىز گىرېتسىيەنى ئاشكارا قوللاش مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، «بىتەرەپ» پوزىتسىيە تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

1922 ـ يىلى ۋەزىيەتتە تۈركىيەگە پايدىلىق ئۆزگىرىش بولدى. تۈركىيە خەلق ئارمىيەسى بىر مەزگىللىك تەييارلىق ئارقىلىق 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گىرېتسىيە ئارمىيەسىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، گىرېتسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسىنى بىراقلا تارمار قىلىپ، گىرېتسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى تىرىكوپىس قاتارلىقلارنى ئەسىرگە ئالدى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىزمىرنى قايتۇرۇۋالدى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گىرېتسىيە ئارمىيەسىنى ئاناتولىيەدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋەكىللىرى مۇدانىيەدە تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ غەربىي سەپ قوماندانى ئىسمەت بىلەن ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. تۈركىيە شەرقىي تىراسىينى قايتۇرۇۋېلىپ، بۈيۈك مىللىي قۇرۇلتاي ۋە مىللىي ھۆكۈمەت

ئىستانبۇل ھەم دېڭىز بوغۇزى رايونىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. تۈركىيە سۇلتانى مۇھەممەد VI ئەنگلىيەنىڭ ھەربىي پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، بۈيۈك مىللىي قۇرۇلتاي سۇلتانلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

تۈركىيە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بىلەن جاھانگىر ئانتانتا دۆلەتلەر تۈركىيەنى قوبۇل قىلدۇرغان «سېۋىر شەرتنامىسى» بىكار بولدى. 1922 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىۋېيتسارىيەنىڭ لائۇسان شەھىرىدە تۈركىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يىغىنى قايتا ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان بىر تەرەپ تۈركىيە، يەنە بىر تەرەپ ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، گىرېتسىيە بولدى. ئامېرىكا يىغىنغا كۈزەتكۈچى ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق قارا دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى تەكلىپكە بىنائەن دېڭىز بوغۇزى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشتى. لائۇسان يىغىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ، سەككىز ئاي داۋاملىشىپ، كەسكىن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن، ئاخىر 1923 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «ئەھدىلەشكەن ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەر بىلەن تۈركىيەنىڭ سۈلھىلىشىش شەرتنامىسى»، يەنى لائۇسان شەرتنامىسى ئىمزالاندى. يېڭى سۈلھى شەرتنامىسىدە سېۋىر شەرتنامىسىدىكى تەڭ ھوقۇقسىز ماددىلار بىكار قىلىنىپ، تۈركىيەنىڭ قارا دېڭىزدىن ئېگېي دېڭىزىغىچە بولغان چېگراسى بېكىتىلىپ، شەرقىي تىراسىي ۋە ئىزمىر تۈركىيەگە قايتۇرۇلۇپ، ئەرمېنىيە ۋە كۇردىستان يەنىلا تۈركىيەگە مەنسۇپ قىلىندى؛ چەت ئەللەرنىڭ تۈركىيەدىكى كونسۇللار ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ۋە مالىيە نازارەتچىلىك ھوقۇقى بىكار قىلىنىپ، تۆلەم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۈركىيەنىڭ تاموژنا ئىگىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. شۇ كۈنى يەنە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، گىرېتسىيە،

www.uyghurkitap.com

رومىنىيە، يۇگوسلاۋىيە، بۇلغارىيە، تۈركىيە قاتارلىق توققۇز دۆلەت «دېڭىز بوغۇزى ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالاپ، ئەھدىنامىدە مەيلى تىنچلىق مەزگىلىدە ياكى ئۇرۇش ۋاقتىدا بولسۇن، قارا دېڭىز بوغۇزىنىڭ سۇ يۈزىدە ۋە هاۋا تەۋەلىكىدە ئەركىن قاتناشنى يولغا قويۇش، دېڭىز بوغۇزى رايونىنى هەربىيسىزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن دېڭىز بوغۇزى كومىتېتى نازارەت قىلىش بەلگىلەندى.

لائۇسان شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى تۈركىيە خەلقىنىڭ هەربىي جەھەتتىكى غەلىبىدىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن دىپلوماتىيە جەھەتتىكى زور غەلىبىسى بولۇپ، ئۇ ۋېرسال سىستېمىسىدىن بىر يوچۇق ئېچىپ، جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنى بۆلۈشۈۋېلىش پىلانىغا قاتتىق زەربە بەردى. 1923 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تۈركىيە بۈيۈك مىللىي قۇرۇلتىيى لائۇسان شەرتنامىسىنى تەستىقلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيەلىرى ئىستانبۇلدىن چېكىندى. 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۈركىيە خەلق ئارمىيەسى ئىستانبۇلغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشتى.

## 3 ـ بۆلۈم تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇستافا كامالنىڭ ئىسلاھاتى

مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن كامال ئىنقىلابى دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈش ۋە يېڭى مىللىي دۆلەت قۇرۇش باسقۇچىغا كىردى. مۇستافا كامال هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە (1923 ـــ 1938 ـ يىللار) تۈركىيە هۆكۈمىتى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق

ھەرقايسى ساھەلەردە سىياسىينى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

سىياسىي جەھەتتە تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئاۋۋال دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. تۈركىيە فېئودال ئىلاھىي ھاكىمىيەت ئاستىدىكى مۇستەبىت دۆلەت بولۇپ، پادىشاھ (سۇلتان) ھوقۇقى بىلەن دىن (خەلىپە) ھوقۇقى مەھكەم بىرىكىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن، بۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەنىدى. ئىنقىلابىي ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن كەلگۈسىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى چۆرىدەپ، تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ ئىچى - سىرتىدا ناھايىتى كەسكىن مۇنازىرىلەر بولدى. مۇستافا كامال سىياسىي ئىسلاھات قىلىشتا ناھايىتى جانلىق تەدرىجىي ئىلگىرىلەش تاكتىكىسىنى قوللاندى. 1922 - يىلى 11 - ئايدا ئۇ بۈيۈك مىللىي قۇرۇلتاينىڭ قارارى ئارقىلىق ئالدى بىلەن سۇلتانلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. سۇلتان مۇھەممەد VI سوراققا تارتىلىشتىن قورقۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن سۇلتانلىق تۈزۈم مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. 1923 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۈركىيە پارلامېنتى جۇمھۇرىيەت قۇرۇش قارارىنى ماقۇللاپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى رەسمىي قۇردى. مۇستافا كامال تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىس جۇمھۇرلۇققا، ئىسمەت ئىنونۇ تۇنجى نۆۋەتلىك باش مىنىستىرلىققا سايلاندى. جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەختى ئەنقەرە بولدى. مانا شۇنىڭ بىلەن 600 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمانلى سۇلتانلىقى يوقالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇستافا كامال ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىنى فېئودال ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولغان خەلىپىلىك تۈزۈمىگە قاراتتى. سۇلتان بىكار قىلىنغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچى كۈچلەر يېڭى خەلىپە ئابدۇل مەجىدنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ قوشنا دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار تۈركىيەگە بېسىم چۈشۈرۈپ، خەلىپىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. دەرۋىشلەرنىڭ كاتتىبېشى شەيخ سەئىد ھەتتا كۇردلارنى قوزغىتىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. مۇستافا كامالنىڭ پارتىيەسىدىكى بىر قىسىم ئادەملەرمۇ بۆلۈنۈپ چىقىپ «ئىلغار جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى»نى تەشكىللەپ، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قارشى تۇردى. ۋاھالەنكى، مۇستافا كامال قورقماس روھ بىلەن تۈرلۈك توسالغۇلارنى يوقىتىپ، ئاخىر بۈيۈك مىللىي قۇرۇلتاي ئارقىلىق 1924 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. 4 ـ ئايدا تۈركىيە ئاساسىي قانۇنىنى ئېلان قىلدى. 1928 ـ يىلى ئاساسىي قانۇندىكى «ئىسلام دىنى تۈركىيەنىڭ دۆلەت دىنى بولىدۇ» دېگەن ماددا چىقىرىپ تاشلىنىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە پۈتۈنلەي دىندىن خالىي دۆلەتكە ئايلاندى. قانۇنچىلىق جەھەتتە تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارلامېنتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى تىكلىدى. 1926 ـ يىلى ھەق تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، سودا قانۇنى، دېڭىز قانۇنىنى ئېلان قىلدى. ھەق تەلەپ قانۇنىدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى چەكلەيدىغان بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستافا كامال «دۆلەتچىلىك»نى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش قىلدى. 1923 ـ يىلى ئىزمىردا «ئىقتىساد يىغىنى» چاقىرىپ، «ئىقتىساد ئەھدىنامىسى»نى تۈزۈپ، «توققۇز پىرىنسىپ خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنى قايتا گۈللەندۈرۈش، پۇل

مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى قايتا قۇرۇش ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنى كونترول قىلىش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە — ئۆششاق ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىكتە چوڭ تىپتىكى يىرىك، ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆزگەرتىش؛ دۆلەت ئىچىدىكى خام ئەشيا تەمىنلەش تارماقلىرىنى، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق ۋە يېمەكلىك قاتارلىق تارماقلارنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ مۇستەقىل ھالدا تاموژنا بېجىنى يولغا قويۇش؛ دۆلەت بانكىسى قۇرۇپ، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، دەپ بېكىتتى. تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى — دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئارىلىشىشىغا تايىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى. مۇستافا كامال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ، مىللىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 1934 - يىلى بىرىنچى بەش يىللىق پىلان ماقۇللىنىپ، يىرىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى.

تۈركىيە ھۆكۈمىتى چەت ئەل كاپىتالىنى تىزگىنلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سېتىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق دۆلەت ئىقتىسادى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى چەت ئەل كارخانىلىرىنى، مەسىلەن، تۆمۈريول ۋە ئاممىۋى مۇئەسسەسە تارماقلىرىنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. مۇشۇ ئاساستا تۈنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. 1929 - يىلىدىن كېيىن تاموژنا بېجى ئارقىلىق قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1930 - يىلى مەركىزىي بانكىنى قۇرۇپ، سۇلتانلىق بانكىسىنىڭ قەغەز پۇل تارقىتىش ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

يېزىلاردا يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، تۈركىيە

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتى 1925 ـ يىلى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ يەر قانۇنىنى بىكار قىلىپ، يەرلەرنىڭ يەر تېرىغۇچىلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم فېئوداللىق ئۆشرە ـ زاكاتنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1927 ـ يىلى ۋە 1929 ـ يىلى يەنە يەرسىز دېھقانلارغا ۋە كۆچمەنلەرگە يەر تەقسىملەپ بېرىش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، دۆلەت يەرلىرىنى تەقسىملەشنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەدرىجىي ھالدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇپ، دېھقانلارغا قەرز پۇل بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى.

دۆلەتچىلىك ئىقتىسادىي سىياسىتى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1927 — 1939 ـ يىللاردا تۈركىيەنىڭ تېزىمغا ئېلىنغان سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بەش ھەسسىگە يېقىن ئاشتى (1927 ـ يىلى 58 مىليون لىرا بولغان بولسا، 1939 ـ يىلى 331 مىليون لىرا بولدى). بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 152% ئاشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيەدىن قالسىلا تۈركىيەنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ئەڭ تېز بولدى. 1924 — 1939 ـ يىللاردا تۈركىيە 4000 كىلومېتىرغا يېقىن تۆمۈريول ياسىدى. يېزا ئىگىلىكى ئىسلاھ قىلىنغانلىقتىن، تېرىغىلى بولىدىغان يەر كۆلىمى 1927 ـ يىلىدىكى 4 مىليون 260 مىڭ گېكتاردىن 1940 ـ يىلى تەخمىنەن 12 مىليون 660 مىڭ گېكتارغا كۆپەيدى. ئاشلىق مەھسۇلاتى 1930 ـ يىلى يېتەرلىك ئېشىپ، يەنە ئاز مىقداردا سىرتقا ئېكسپورت قىلىندى. 1930 — 1938 ـ يىللاردا، يىلدا ئوتتۇرىچە 65 مىڭ توننا ئاشلىق ئېكسپورت قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5.1% كە يەتتى.

مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە، مۇستافا كامال مائارىپ بىلەن

دىنىي ئايرىۋېتىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى ۋە زامانىۋى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى يۈرگۈزدى. 1924 ـ يىلى ئۇ مائارىپنى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، مائارىپنى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنى ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ چۈشكىدىن قۇتۇلدۇردى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى كونا مەدرىسەلەرنى ئىشتىن توختىتىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلاھىيەت فاكۇلتېتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چەت ئەللىكلەر ۋە خىرىستىيان دىنىي جەمئىيەتلىرى ئاچقان مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، بەش يىللىق باشلانغۇچ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، كانچىلىق، پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ۋە چوڭلار كەچلىك مەكتەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىپ قۇردى ۋە كېڭەيتىپ قۇردى. مۇستاپا كامال يېزىق ئىسلاھاتىنى تەشەببۇس قىلىپ، 1928 ـ يىلى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا يېزىقنىڭ ئورنىغا لاتىن يېزىقىنى دەسسەتتى. ئۇ ئۆزى باش بولۇپ خەلققە يېڭى يېزىقنى ئۆگىتىپ، «باش ئۇستاز» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا تۈرك تىلىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1932 ـ يىلى تۈركىيە تىل قۇرۇمى قۇرۇلدى. مىللىي تارىخ ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 1931 ـ يىلى تۈركىيە تارىخ قۇرۇمى (جەمئىيىتى) قۇرۇلدى.

مائارىپ ئىسلاھاتى خەلقنىڭ مائارىپ سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. يېزىق ئىسلاھاتى خەلقنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى ئازايتىشقا پايدىلىق بولدى. دىندىن خالىيلاشتۇرۇلغان مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ئەدەبىيات، مۇزىكا، سەنئەتنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتىمۇ مۇستاپا كامال كونا فېئودال، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، زامانىۋى يېڭىچە

www.uyghurkitap.com

ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى خانىقالارنى تاقاپ، دەرۋىشلەرنى تارقىتىپ، ئەپسۇن بىلەن كېسەل داۋالاشنى چەكلىدى؛ كونا كالېندارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مىلادىيە كالېندارىنى قوللاندى؛ ھەپتىلىك ئارام كۈنىنى جۈمەدىن يەكشەنبىگە ئۆزگەرتتى؛ غەربچە كىيىنىشنى ۋە ئازادە كىيىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاياللارنىڭ چۈمبەل تارتىشى، رومال ئارتىشىنى بىكار قىلدى. 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پارلامېنت فامىلە قوللىنىش قارارىنى ماقۇللاپ، فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىنىڭ سىمۋولى بولغان كونا نام ـ مەرتىۋىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. مۇستافا كامال باش بولۇپ «پاشا» دېگەن نامدىن ۋاز كېچىپ، پارلامېنت ئۆزىگە بەرگەن «ئاتا تۈرك» (تۈركىيەنىڭ ئاتىسى) دېگەن فامىلىنى قوبۇل قىلدى.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىنچ ھالدا بىتەرەپ تۇرۇش ۋە مۇستەقىل ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. مۇستافا كامال سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ، 1925 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «دوستلۇق، بىتەرەپلىك شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى؛ قوشنا دۆلەتلەر (ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر) بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى ۋە كۈچەيتتى. گىرېتسىيە بىلەن 1930 ـ يىلى دوستلۇق شەرتنامىسىنى، 1933 ـ يىلى چېگرا كاپالەتلىك قىلىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. مۇستافا كامال ھۆكۈمىتى يەنە رايون خاراكتېرلىك ئىككى تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىرى، يۇگوسلاۋىيە، گىرېتسىيە، رومىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن «بالقان شەرتنامىسى»، يەنە بىرى، ئىراق، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن «سادابات شەرتنامىسى» ئىدى.

تۈركىيە يەنە فىرانسىيە، ئىتالىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب

ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىۋېيتسارىيەنىڭ مونتېرېئو شەھىرىدە تۈركىيە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، گىرېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن يېڭى دېڭىز بوغۇزى ئەھدىنامىسى، يەنى «مونتېرېئو ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللاپ، دېڭىز بوغۇزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى «خەلقئارا كومىتېت»نىڭ قولىدىن ئۆز قولىغا قايتۇرۇۋالدى. ئەھدىنامىدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى مۇداپىئە قىلىپ باشقۇرسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا مۇستافا كامال تۈركىيە خەلق پارتىيەسىنى قۇرۇپ (1923 ـ يىلى 9 ـ ئايدا)، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى. ئۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە بولدى. 1931 ـ يىلى مەزكۇر پارتىيەنىڭ 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يېڭى پارتىيە پىروگراممىسىنى ماقۇللاپ، مۇستافا كامالنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدىيەسىنى ئالتە پىرىنسىپقا، يەنى (1) جۇمھۇرىيەتچىلىك (2) مىللەتچىلىك (3) خەلقچىللىق (4) دۆلەتچىلىك (5) دىندىن خالىيلىق (6) ئىسلاھاتچىلىققا يىغىنچاقلىدى. بۇ ئالتە پىرىنسىپ «كامالىزم»نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى شەكىللەندۈردى. قۇرۇلتاي ئالتە ئوق بېشىدىن تەركىب تاپقان بەلگىنى خەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ گېربى قىلىپ بېكىتتى. كامالىزم ئىنقىلاب ۋە ئىسلاھات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ تۈركىيەنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىي يەكۈنى، شۇنداقلا دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ئىدى. ئالتە پىرىنسىپ 1937 ـ يىلى تۈركىيە ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى.

مۇستافا كامال رەھبەرلىك قىلغان تۈركىيە ئىنقىلابى 1ـ

دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيادىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق غەلىبىلىك بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى. بۇ ئىنقىلابتا مۇستافا كامال ۋەكىللىكىدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيە مىللەت مۇنقەرزلىكتە قالغان پەيتتە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى قوغداپ، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى. جۇمھۇرىيەت قۇرغاندىن كېيىن يەنە بىر قاتار دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، فېئودال كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئىنقىلاب 1908 ـ يىلىدىكى ياش تۈركچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، ھازىرقى زامان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى تارىخىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ــ 30 ـ يىللىرىدا ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن بەزى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. مۇستافا كامالنىڭ ئىنقىلابى ۋە ئىسلاھاتى گەرچە ئىلغار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تەرەققىي قىلمىغان بىر دۆلەتتىكى مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ھەرىكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن سىنىپىي چەكلىمىلىك ۋە كەسكىنسىزلىكتىن خالىي بولالمىدى، مەسىلەن، ئۇ ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتىنى چەكلىدى ۋە تۈركىيە كومپارتىيەسىنى باستى.

مۇستافا كامال ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى، تۈركىيەنىڭ باش كۆتۈرۈشى، شۇ ۋاقىتتا دەل جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان جۇڭگو خەلقىگە ئىلھام بەردى. سۈن جۇڭشەن ئەپەندى بۇ ئىنقىلابنى كۆپ قېتىم مەدھىيەلىدى. سەي خېسىن قاتارلىق جۇڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىمۇ بۇ ئىنقىلابقا يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى «تۈركىيە ۋە يېقىن

شەرقتىكى نەچچە ئون مىليون مۇسۇلماننىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرگە ئەڭ ياخشى نەمۇنە ۋە ئۈلگە تىكلەپ بەردى» دەپ تەرىپلەپ، «شەرقىي ئاسىيانىڭ كېسەلمەنلىرى» دەپ ئاتىلىپ قالغان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ «ئاسىيادىكى گىگانت»قا ئايلىنىپ، «جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگودىكى زۇلمىنى يوقىتىشى»نى كۈچلۈك ئۈمىد قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توققۇزىنچى باب

# 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شەرقىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا

## 1 ـ بۆلۈم ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاۋشيەن ۋە چاۋشيەن خەلقىنىڭ قارشىلىقلىرى

ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاۋشيەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ، چاررۇسىيە بىلەن كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلدى. 1904ـــ1905 ـ يىللىرىدىكى ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيە جاھانگىرلىكى چاررۇسىيەنىڭ كۈچىنى چاۋشيەندىن سىقىپ چىقىرىپ، چاۋشيەننى ياپونىيەنىڭ «ھامىيلىقىدىكى دۆلەت»كە ئايلاندۇرۇۋالدى. ئىتو خىروبۇمى چاۋشيەننىڭ باش نازىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن چاۋشيەننىڭ قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت قاتارلىق چوڭ ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى، يەنە چاۋشيەن لى جەمەتى سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى. 1910 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پېيوڭياڭدا تۇرۇۋاتقان ياپونىيە ئارمىيەسى چاۋشيەن ئوردىسىنى قورشىۋېلىپ، پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنى «ياپونىيە ـ كورېيە

بىرلىشىش شەرتنامىسى»[1] نى ئىمزالاشقا قىستىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ چاۋشيەن پۈتۈنلەي ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ياپونىيە چاۋشيەننى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، «زورلۇق سىياسىيسى»نى يولغا قويدى. باش ۋالىيلىقنى قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى زىممىسىگە ئالدى، باش ۋالىي ياپونىيە تېننوسىغا بىۋاستە قارايدىغان بولۇپ، چاۋشيەننىڭ قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ۋە ھەربىي – مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتاتتى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرالى تېرائۇچى ماساتاكې تۇنجى باش ۋالىيلىققا تەيىنلەندى. ئۇ: «ماڭا بويسۇنغان چاۋشيەنلىكلەر ئامان قالىدۇ، ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ ئاشكارا جار سالدى. ياپونىيەنىڭ ژاندارما، ساقچى ئورگانلىرى ھەرقايسى جايلارغا زىچ ئورۇنلاشتى، چاۋشيەن خەلقىنىڭ قارشىلىقلىرىنى باستۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش ئۈچۈن، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىككى دىۋىزىيەسى ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئىككى ئەترىتى چاۋشيەنگە ماكانلاشتى. ياپونىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى يەنە بىر قاتار پەرمانلارنى جاكارلاپ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، پىكىر بايان قىلىش ۋە مەتبۇئات قاتارلىق دېموكراتىيە – ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى چاۋشيەندە ئەل ئارىسىدىكى قوراللارنى مۇسادىرە قىلىۋېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىرقانچە ئائىلىنى

[1] 1910 – يىلى 8 – ئاينىڭ 22 – كۈنى ياپونىيەنىڭ چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق باش نازىرى تېرائۇچى ماساتاكې بىلەن چاۋشيەن ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرى لى ۋېنيۇڭ سېئۇلدا ئىمزالىغان شەرتنامىنىڭ 1 – ماددىسىدا «چاۋشيەننىڭ پادىشاھ ئائىلىسى پۈتكۈل چاۋشيەننىڭ بارلىق ئىگىلىك ھوقۇقىنى ياپونىيەنىڭ پادىشاھ ئائىلىسىگە تولۇق ۋە مەڭگۈلۈك ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ياپونىيە چاۋشيەننىڭ پادىشاھىغا مۇناسىپ ئاتاق بەرگەن ۋە ھەر يىلى خىراجەت بېرىپ تۇرغان.

بىر دانە قىڭراقنى ئورتاق ئىشلىتىشكە قىستىدى، ھەتتا قىڭراقنى ئاشتاختىغا زەنجىر بىلەن چېتىپ قويدى. چاۋشيەندىكى ياپونىيە مۇلكىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى يېنىغا قىلىچ ئېسىپ يۈردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى چاۋشيەندە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دەھشەتلىك دەررە بىلەن جازالاش تۈزۈمىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. خۇددى لېنىننىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ياپونىيە چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى يولغا قويغان بارلىق چارىلەر «بارلىق ئەڭ يېڭى تېخنىكىلار ۋە ئاسىياچە رەھىمسىز جازانى بىرلەشتۈرۈپ، چاۋشيەننى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە شەپقەتسىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلدى.»①

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ياپونىيە چاۋشيەننى ياۋۇزلارچە تالان ـتاراج قىلدى. مۇستەملىكە دائىرىلىرى «يەر تەكشۈرۈش پەرمانى»، «ئورمان پەرمانى»، «كانچىلىق پەرمانى» قاتارلىق پەرمانلارنى جاكارلاپ، چاۋشيەننىڭ يەر، ئورمان ۋە قېزىلما بايلىقلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، چاۋشيەن مىللىي سودا ـ سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بېسىپ، چاۋشيەننىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى زاۋۇت، كان ۋە كارخانىلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، چاۋشيەننى ياپونىيەنىڭ ئاشلىق، خام ئەشيا بازىسى ۋە ياپونىيە تاۋارلىرىنى ساتىدىغان بازارغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى مەدەنىيەت جەھەتتە خەلقنى نادان قالدۇرۇش، قۇل قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئۇلار چاۋشيەنلىكلەرنىڭ چاۋشيەن تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە قوللىنىشىنى چەكلەپ، ئورنىغا ياپون تىلىنى دەسسەتتى، مەكتەپلەردە چاۋشيەننىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەسىگە ئائىت دەرسلەرنى ئۆتۈشكە يول قويمىدى ھەمدە چاۋشيەن

---

① لېنىن: «رۇسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) موسكۋا تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپلار يىغىنىدا بېرىلگەن ئىجارە بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلات»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 40 ـ توم 64 ـ بەت.

خەلقىنى «پەس مىللەت» دەپ تەرغىب قىلىپ، ياپونىيەنىڭ چاۋشيەنگە بولغان «شاپائەت ـ ساخاۋەت»لىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئاتالمىش «تىنىنو پۇقراسىغا ئايلاندۇرۇش ھەرىكىتى»نى يولغا قويۇپ، چاۋشيەنىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى نابۇت قىلىشقا، چاۋشيەن مىللىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى.

ياپونىيەنىڭ قۇل قىلىشى ئارقىسىدا چاۋشيەن خەلقى دۆلەت مۇنقەرز بولۇش، مىللەت يوقىلىشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچ كەلدى. يېرىدىن ئايرىلغان دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى چەت ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈردى، نۇرغۇنلىرى ئىلاجسىزلىقتىن تاغلار ۋە ئورمانلىقلارغا قېچىپ بېرىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى كۆيدۈرۈپ ئوغۇت قىلىپ يەر تېرىيدىغان «خۇاجېئونمىن» (ئوت قويۇپ ئېتىز بىنا قىلىدىغان تېرىقچى) لاردىن بولۇپ كەتتى. 1914 ـ يىلى «خۇا جېئونمىن»لارنىڭ سانى 240 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. نامرات ئىجارىكەش دېھقانلار بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان يەر ئىجارىسىنى تۆلىگەندىن باشقا، يەنە 50 خىلدىن ئارتۇق باج ـ سېلىق تۆلەيتتى. چاۋشيەنىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى كۆپىنچە ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زاۋۇت، كان، تۆمۈريول ۋە پورتلىرىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيەگە ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىگە ئۇچرايتتى. قوراللىق ئىش بېشىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا كۈنىگە 12 — 14 سائەتلەپ ئېغىر ئەمگەك قىلاتتى. ئەمما، ئالغان مائاشىغا ئائىلىسىنى باقالمايتتى. مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا چاۋشيەنىنىڭ مىللىي سودا ـ سانائىتى ئېغىر بېسىمغا ئۇچراپ، شەھەر قول سانائىتى ۋە ئوتتۇرا، ئۇششاق سودا ـ سانائەتچىلەر ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

ياپونىيە چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغاندىن تارتىپ، چاۋشيەن خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرەشلىرى ئىزچىل داۋاملاشتى. 1910 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان ھەققانىيەتچى ئەسكەرلەرنىڭ ياپونغا قارشى قوزغىلىڭى ئون يىلغا يېقىن

داۋاملاشتى، ئۇلارنىڭ قوشۇنى زورىيىپ، ئادەم سانى 140 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، قوزغىلاڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، چاۋشيەندە قوزغالغان ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتى گېزىت چىقىرىش، ئىلمىي جەمئىيەت تەشكىللەش، مەكتەپ قۇرۇش ئارقىلىق ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىدىيەسىنى پائال تارقىتىپ، چاۋشيەن خەلقىنى ئويغاتتى.

چاۋشيەندىكى «1 ـ مارت» خەلق قوزغىلىڭى 1917 ـ يىلى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن چاۋشيەن خەلقى مىللىي ئازادلىقنىڭ تاڭ نۇرىنى كۆردى. بۇ ئۇلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى. 1919 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاخىر ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ پارتلىدى.

«1 ـ مارت» خەلق قوزغىلىڭىغا كورېيە شاھىنشاھى لى شىنىڭ قەستكە ئۇچراش ۋەقەسى سەۋەب بولدى. لى شى ياپونىيەنىڭ ئىزگىنلىشىدىن نازارى بولۇپ، تەختتىكى ۋاقتىدا باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ياپونىيەنىڭ «ھامىيلىقى»دىن قۇتۇلۇش خىيالىدا، 1896 ـ يىلى رۇسىيە ئەلچىخانىسىغا قېچىپ كىرىپ پاناھلانغانىدى. 1907 ـ يىلى يەنە 2 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا تىنچلىق يىغىنىنىڭ گائاگادا ئۆتكۈزۈلۈشىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىش ئارقىلىق يىغىنغا مۇراجىئەت قىلىپ، چاۋشيەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى، ياپونىيەنىڭ ھامىيلىقىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن، ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى لى شىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى لى جىنى پادىشاھلىق تەختىگە چىقاردى. 1919 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ

كۇنى كېچىدە، ئۇزاقتىن بېرى دېڭىز سارىيىغا نەزەربەند قىلىنىپ كەلگەن لى شى ياپونىيە باش ۋالىيسى خاسې گاۋانىڭ چاۋشىيەن- لىك خائىنلارنى كۇشكۇرتۇشى بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۇچۇن، ياپونىيەنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ئاخباراتىدا ئۇ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلدى، دېيىلدى ھەم ئۇنىڭ ئۇچۇن «دۆلەت دەپنىسى» ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى جاكارلان- دى. بىراق، دەپنە مۇراسىمىنى ياپونىيەنىڭ «قەدىمىي قائىدە - يوسۇنى» بويىچە ئۆتكۈزۈش شەرت قىلىندى. بۇ ئىش چاۋشىيەن خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەنلىكتىن، ھەرقايسى قاتلامدىكى ئاممىنىڭ غەزىپى كەلدى.

چاۋشىيەن مىللەتچىلىرى لى شىنىڭ قەستكە ئۇچراش ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، ياپونغا قارشى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش ھەم دەپنە كۇنى ياپونغا قارشى كۈچ كۆرسىتىش نىيىتىگە كەلدى. تەڭرى يولى دىنىنىڭ باش شەيخى سۇن بىڭشى باشچىلىقىدىكى دىنىي ساھەدىكى زاتلار سايلىغان 33 كىشى «مىللەت ۋەكىلى» سۈپىتىدە «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى يېزىپ چىقتى ھەمدە «ئاممىۋىلاشتۇرۇش، بىر مەنبەلەشتۈرۈش، زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تىزگىنلىدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تارقاق ھالدىكى ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك سېپىنى شەكىللەندۇردى. 1919 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۇنى ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان چاۋشىيەنلىك ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن قوزغالدى. نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى توكيودا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىپ، كۈرەشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەردى.

1919 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۇنى چۈشتىن كېيىن، سېئۇلدىكى ئوقۇغۇچىلار دەبدەبە بىلەن شەھەر مەركىزىدىكى تادۇڭ باغچىسىغا يىغىلدى. ئىشچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە

يېزىلاردىن دۆلەت دەپىنىسىگە قاتناشقىلى كەلگەن دېھقانلارمۇ بەس ـ بەستە يېتىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلار داھىيسى جېن يۈەنبى، كاڭ جىدې قاتارلىقلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى جېڭ زەيرۇڭ باغچىنىڭ ئالتە بۇرجەكلىك شىپاڭغا چىقىپ، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى تەنتەنىلىك ئوقۇدى، ئارقىدىنلا نامايىش باشلاندى. 300 مىڭ ئادەم بىرقانچە يولغا بۆلۈنۈپ كوچىلارغا چىقتى. نامايىشچىلار چاۋشيەننىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ياشىسۇن چاۋشيەن مۇستەقىللىقى!»، «ياپون ئارمىيەسىنى قوغلاپ چىقىرايلى!»، «چاۋشيەن ـــ چاۋشيەن خەلقىنىڭ چاۋشيەنى!» دېگەندەك شوئارلارنى تووۋلاشتى. ئۇلار ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە پۈتكۈل سېئۇل شەھىرىنى بىر ئالدى، قاتناش توختاپ قېلىپ، ياپونىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ياپونىيە باش ۋالىيسى خاسې گاۋا شۇ ھامان ئارمىيە، ژاندارما ۋە ساقچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ نامايىشنى باستۇردى. ياپونىيە ژاندارما، ساقچىلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا قۇرۇق قول ئاممىنىڭ ئىسسىق قېنى سېئۇل شەھىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا دەريا بولۇپ ئاقتى، ئەمما ھېچكىم چېكىنمىدى. جۇڭگودا لى داجاۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىدىغان «ھەپتىلىك تەقرىز» گېزىتىدە، چاۋشيەندىكى «1 ـ مارت» ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالى «چاۋشيەن مۇستەقىللىق پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا خەۋەر قىلىندى ھەمدە چاۋشيەنلىك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ باتۇرانە كۈرەش قىلغانلىقى مۇنداق تونۇشتۇرۇلدى: «ياش بىر ئوقۇغۇچى ئوڭ قولىدا (چاۋشيەن) دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرگىنىچە مۇستەقىللىق شوئارى تووۋلىدى، ياپون ژاندارمىسى قىلىچىنى بىرلا شىلتىپ، ئۇنىڭ بايراق كۆتۈرگەن ئوڭ قولىنى چېپىپ تاشلىدى. بۇ ئوقۇغۇچى دۆلەت بايرىقىنى سول قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، يەنىلا شوئار تووۋلاۋەردى. ياپون ژاندارمىسى ئۇنىڭ سول قولىنىمۇ چېپىپ تاشلىدى، ئىككى قولى چېپىپ تاشلانغان

بۇ ئوقۇغۇچى يەنىلا توختىماستىن «ياشىسۇن مۇستەقىللىق» دەپ شوئار توۋلاۋەردى». چاۋشيەننىڭ ئەل سۆيەر ياشلىرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قانلىق قىلمىشلىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن قىلچە قورقماي، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئېگىلمەس ـ سۇنماس مىللىي روھىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ئامما ياپونغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغىغان چاغدا، سۇن بىڭشى قاتارلىق «مىللەت ۋەكىللىرى» ئاممىۋى يىغىلىشقا قاتناشماي، تەيخې مېھمانخانىسىغا جەم بولۇپ، ئۆزلىرى تەييارلىغان «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى پەس ئاۋازدا ئوقۇپ، بىرقانچە شوئار توۋلاپ قويۇپلا ئىشنى تۈگەتتى. ئۇلار يەنە سۇن بىڭشى قاتارلىق 18 ئادەم ئىمزا قويغان بىر قائىدىنى ئېلان قىلىپ، كىشىلەردىن «بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتتە تەرتىپكە رىئايە قىلىش»، «چەت ئەللىكلەرنى يەكلەش ھېسسىياتى بىلەن ئىش تېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش»نى تەلەپ قىلىپ، ئاممىۋى كۈرەشنى تىنىچ تەلەپ قويۇش ئىزىغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئارقىدىن ئۇلار ياپونىيە باش ساقچى نازارىتىگە تېلېفون بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قانلىق باستۇرۇشى ۋە «مىللەت ۋەكىللىرى»نىڭ مۇرەسسەچىلىكى ئاممىۋى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپ قالالمىدى. 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سېئۇلدىن سىرت پيوڭياڭ، نامپو، ئانجۇ، سونجۇ، ئۈيجۇ، ۋونسان، ئىنچون ۋە تايدۇڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ ئاممىۋى نامايىش ۋە ئىسيان كۆتۈرۈلدى. 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سېئۇل خەلقى ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئاۋانگارت قىلىپ يەنە بىر قېتىم نامايىش ئۆتكۈزدى ھەم نامايىشنى قوراللىق ئىسيانغا ئايلاندۇرۇپ، ياپونىيە ئارمىيە ـ ساقچىلىرى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

سېئۇلدىكى ئاممىنىڭ نامايىشى ۋە قوزغىلىڭىغا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكىلەر ئاۋاز قوشۇپ، «ياشىسۇن

www.uyghurkitap.com

چاۋشيەن مۇستەقىللىقى» دېگەن شوئارلار تېزلىكتە پۈتۈن ئارالنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ، ياپونغا قارشى مىللەتچىلىك ئوتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ - كىچىك شەھەر - بازارلىرى ۋە يېزىلىرىدا لاۋۇلداپ ياندى. 1919 - يىلى 3 - ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 218 ۋىلايەتنىڭ 217 سىدە نامايىش ۋە قوزغىلاڭ پارتلىدى. كۆرەشكە قاتناشقان ئادەم 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭدا ياش ئوقۇغۇچىلار ئاۋانگارت، ئىشچى - دېھقانلار ئاساسىي كۈچ بولدى، باشقا ھەرقايسى قاتلامدىكى ئامممۇ كۆرەشكە پائال قاتناشتى، چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان چاۋشيەنلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر دۆلەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ كۆرەشلىرىگە قىزغىن مەدەت بەردى.

3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 - ئاينىڭ بېشىغا قەدەر كۆرەش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بەزى رايونلاردىكى ئامما ئۆزلۈكىدىن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمدەم بولدى. ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى سىياسىي كۆرەشكە ئايلاندى. دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن ئىسيان كۆتۈردى. خامگيۇڭنام ئۆلكىسىدىكى رىۋوندا دېھقانلار ۋىلايەت ياملۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ياپونىيەلىك ۋالىينى ئۆلتۈرۈپ، ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. ئىشچى - دېھقانلار كۆرىشى ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرا - ئۇششاق سودا - سانائەتچىلەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەر تىجارەتنى توختىتىش، سودىنى تاشلاش، ياپون مېلىنى چەكلەش، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىش، ئىشقا سۇسلۇق قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بۇ مىللىي كۆرەشكە قاتناشتى. جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى، سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئوبلاستلىرى، ياپونىيە ۋە ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاۋشيەنلىكلەرمۇ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ كۆرەشلىرىگە يىراقتىن ھەمدەمدە بولدى.

چاۋشيەن خەلق قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، ياپونىيە

باش ۋالىي مەھكىمىسى دەرھال ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئېلان قىلىپ، ئارمىيەنى يۆتكەپ كېلىپ، ژاندارما، ساقچىلارنى ماسلاشتۇرۇپ ھەم ياپونىيەلىك كۆچمەنلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياۋۇزلارچە قىرغىن قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، چاۋشيەن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قان دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتتى. ئۇلار سېئۇلدا نامايىشچى ئاممىنى تۇتۇپ كېلىپ كىرىستقا مىخلاپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. سۇۋوندا ئاممىنى ئىبادەتخانىغا سولاپ، ئۇستىگە كىرسىن چېچىپ، تىرىك پېتى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكىچى ئارمىيە ـ ساقچىلىرى 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچىلا 7500 دىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى، 15 مىڭ 900 ئادەمنى يارىلاندۇردى، 46 مىڭ 900 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى، 49 مەكتەپ، ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلدى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، 715 ئائىلىلىك پۇقرانىڭ ئۆيىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى كىشىنى چۆچۈتتى. «1 ـ مارت» خەلق قوزغىلىڭى 1919 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاخىر باستۇرۇۋېتىلدى.

ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قانلىق باستۇرۇشى، شۇنداقلا كۈچلۈك توغرا رەھبەرلىكنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن بۇ ھەرىكەت تەشكىللىنىشى، ئىستىخىيەلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھالىتىدە توختاپ قالدى. بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى گەرچە ھەرىكەت قوزغالغاندا مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق كۈرەشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئامما قوزغالغاندا تەۋرىنىپ، مۇرەسسەچىلىك قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈرەشتىن قورققانلىقتىن، قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

«1 ـ مارت» خەلق قوزغىلىڭى چاۋشيەندىكى ئومۇمىي خەلق قاتناشقان بىر مەيدان جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بولۇپ، چاۋشيەننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەش تارىخىدا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. قوزغىلاڭ چاۋشيەن خەلقىنىڭ مىللىي ئويغىنىشى ۋە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقىنى

نامايان قىلىپ، ياپونىيەنىڭ چاۋشيەندىكى مۇستەملىكە هۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىۋەتتى، ياپونىيەنىڭ چاۋشيەندىكى مۇستەملىكە هۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىغا ئېغىر زەربە بەردى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قوزغىلاڭچى خەلق نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلغان مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلار ۋە ژاندارما ـ ساقچىلاردىن جەمئىي 116 كىشىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن، ساقچىخانىدىن 159 نى، يېزا (بازار) ئىش بېجىرىش ئورنىدىن 77 نى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن 15 نى، باشقا هۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدىن 27 نى ۋەيران قىلغان. قوزغىلاڭدىن كېيىن ياپونىيە هۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، «زورلۇق سىياسىيىسى»نى «مەرىپەت بىلەن ئىدارە قىلىش»قا ئۆزگەرتتى. «1 ـ مارت» خەلق قوزغىلىڭى چاۋشيەن هازىرقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، چاۋشيەننىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى «1 ـ مارت» قوزغىلىڭىنى بۇرۇلۇش نۇقتىسى قىلغان هالدا ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

چاۋشيەن «1 ـ مارت» خەلق قوزغىلىڭى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن قوزغالغان جاھانگىرلىككە قارشى ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ شەرقتىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىگە ئىلھام بېرىپ، كەڭ خەلقئارالىق تەسىر پەيدا قىلدى. «1 ـ مارت» قوزغىلىڭى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، جۇڭگودا «4 ـ ماي» ھەرىكىتى پارتلىدى. جۇڭگو خەلقى چاۋشيەن خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىگە ھېسداشلىق قىلدى ۋە بۇ كۈرەشلەرنى قوللىدى، شۇنداقلا چاۋشيەن خەلقىنىڭ باتۇرانە كۈرەش روھىدىن ئىلھام ئالدى. سۇن جۇڭشەن ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي زاتلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلار باياناتلار ئېلان قىلىپ، چاۋشيەن مۇستەقىللىقىغا مەدەت بەردى ھەمدە بېيجىڭ

ھۆكۈمىتىنىڭ پارىژ سۈلھى يىغىنىغا قاتناشقىلى كەتكەن ۋەكىلىگە چاۋشيەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆتۈنۈپ قويۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

**چاۋشيەن خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى قوراللىق كۈرەشلىرى** ياپونىيە چاۋشيەندىكى «1 ـ مارت» خەلق قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىدە ھۆكۈمرانلىق تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، «مەرىپەت بىلەن ئىدارە قىلىش»نى «زورلۇق سىياسىيسى»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە گېنېرالىنى چاۋشيەن باش ۋالىيسى قىلىشتەك بەلگىلىمىنى بىكار قىلىپ، چاۋشيەنلىكلەرنى كۆپلەپ ئەمەلدارلىققا قوبۇل قىلىپ، چاۋشيەنلىكلەرنىڭ پىكىر بايان قىلىش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، مەتبۇئات ئەركىنلىكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويىدىغانلىقىنى ساختىلىق بىلەن جاكارلىدى. قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، چاۋشيەندىكى بۇرژۇئا مىللەتچىلەر بۆلۈنۈپ يىمىرىلدى. بىر قىسىملىرى ياپونىيە پەرەس مىللىي ئىسلاھاتچىلاردىن بولسا، يەنە بىر قىسىملىرى چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتتى. ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ شاڭخەيدىكى كونسېسيە رايونىدا لى چېڭۋەن ۋاقىتلىق رەئىس جۇمھۇر (پرېزىدېنت) بولغان «بۈيۈك كورېيە جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» تەشكىللەندى، ئۇلار ئامېرىكىغا تايىنىپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. يەنە بەزى مىللەتچىلەر «مۇستەقىللىق ئارمىيەسى» تەشكىللەپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن چېگراسىدا ياپونغا قارشى كۈرەش قىلدى.

20 ـ يىللاردا چاۋشيەن ئىشچىلار سىنىپى ئاڭلىق سىنىپ سۈپىتىدە سىياسىي سەھنىگە چىقىشقا باشلىدى. 1920 ـ يىلىدىن كېيىن ئىشچىلار تەدرىجىي تەشكىللەندى، ھەرقايسى جايلاردا كوممۇنىزم گۇرۇپپىلىرى ۋە ماركسىزم مۇھاكىمە تەشكىلاتلىرى مەيدانغا كەلدى. 1925 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ

كۆنى چاۋشيەن كوممۇنىستىك پارتىيەسى[①] قۇرۇلۇپ، جېن زەيفېڭ تۆنجى مەسئۇل سېكرېتار بولدى. 1927 ـ يىلى چاۋشيەن پادىشاھى لى جى ۋاپات بولۇپ، 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دۆلەت دەپنە كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ياپونغا قارشى «10ـئىيۇن» كۈرەشى قوزغاپ، سېئۇل، ئىنچون قاتارلىق شەھەرلەردە يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ياپونىيە ئارمىيە ـ ساقچىلىرى بىلەن كەسكىن توقۇنۇشتى. 1926 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە چاۋشيەن ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، ئىش تاشلاش كۈرەشى 294 قېتىمغا، قاتناشقان ئادەم 24 مىڭ 200 دىن كۆپرەككە يەتتى؛ دېھقانلارنىڭ باج ـ سېلىققا قارشى كۈرەشى 2000 قېتىمدىن ئېشىپ، 11 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. 1929 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋونسان شەھىرىدە 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى ئومۇمىي ئىش تاشلاپ، ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىۋەتتى، بۇ چاۋشيەن ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى بىلەن مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ يېڭى پەللىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1929 ـ يىلى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىغاندىن كېيىن، ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى چاۋشيەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ، ياپونىيە تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتتى، كرىزىس يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن باج ـ سېلىقنى كۆپەيتتى. 1930 ـ يىلى سېئۇلدىكى كارخانىلارنىڭ يېرىمى دېگۇدەك تاقىلىپ، ئىشچىلارنىڭ 1/3 ى ئىشتىن بوشىتىلدى. ياپونىيەدە ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان 70 مىڭ ئىشچى ئىشسىز قېلىپ

① چاۋشيەن كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغان چاغدا، ئېنىق پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسى يوق ئىدى، كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىمۇ شەكىللەنمىگەنىدى. گۇرۇھۋازلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن، 1928 ـ يىلىغىچە ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق تەشكىلاتقا ئايلىنالماي تارقىلىپ كەتتى. بىراق، كوممۇنىستلار ۋە بەزى يەرلىك تەشكىلاتلار يەنىلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەتەنگە قايتتى. كىرىزىس مەزگىلىدە ياپونىيە ۋە چاۋشيەندىكى پومېشچىكلار يەر ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى كۈچەيتكەنلىكتىن، قەرزدار دېھقانلار، ۋەيران بولغان دېھقانلار شىددەت بىلەن كۆپەيدى. چاۋشيەن جەمئىيىتىدە مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپونغا قارشى كۈرەشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1929 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گۇاڭجۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرس تاشلاش ۋە كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى باشلاندى. 1930 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى كەڭ دائىرىدە كۆتۈرۈلۈپ، سېئۇل، پېيوڭيالڭ، پۇسان قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى 194 مەكتەپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى كۈرەشكە قاتناشتى. 1930 ـ يىلى پۇسان توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، پېيوڭيالڭ كاۋچۇك زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار ئىش تاشلىدى، شىنشىڭ كۆمۈر كېنىدىكى ئىشچىلار توپىلاڭ كۆتۈردى. دېھقانلارنىڭ ئىجارە ھەققىگە قارشى كۈرەشلىرى ئۇزۇكسىز يۈز بېرىپ، كۆپ قېتىم قوراللىق قارشىلىق كۆتۈرۈلدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى «مەرىپەت بىلەن ئىدارە قىلىش» نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، فاشىستلارچە تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى.

1931 ـ يىلىدىكى «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى بېسىۋالدى ھەمدە چاۋشيەننى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، ئاتالمىش «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا يېڭى تەرتىپى»نى ئورنىتىشتىكى بازىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، چاۋشيەندە ھەربىي سانائەت بەرپا قىلىش، ھەربىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇش، ئىستراتېگىيەلىك بايلىق ۋە ئاشلىق تالان ـ تاراج قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. 30 ـ يىللاردا چاۋشيەننىڭ سانائەت

تەرەققىياتى تېزلەشتى. 1925 ـ يىلى چاۋشيەننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 17.7% ىنى ئىگىلىگەن بولسا، 1936 ـ يىلىغا كەلگەندە 31% ىنى ئىگىلەيدىغان بولدى. بۇ سانائەتلەر ئاساسەن دېگۈدەك ياپونىيەلىك مالىيە زومىگەرلىرىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بىۋاستە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئېغىر سانائەت ۋە ھەربىي سانائەتتىن ئىبارەت ئىدى. 1932 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ياپونىيە كاپىتالى سانائەتتە 91% نى، سودىدا 99.2% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، چاۋشيەننىڭ مىللىي كاپىتالىنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. ماشىنىسازلىق جەھەتتە چاۋشيەنلىكلەر قۇرغان زاۋۇتتىن بىرىمۇ يوق ئىدى.

ياپونىيە يەنە ئارمىيەنى تەمىنلەش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىشنى كۈچەيتتى. 1932 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە چاۋشيەندىن ئېلىپ كېتىلگەن گۈرۈچ 1927 — 1931 ـ يىللاردىكىدىن 30% كۆپىيىپ، چاۋشيەن خەلقى ئىستېمال قىلىدىغان گۈرۈچنىڭ مىقدارى شىددەت بىلەن كېمىيىپ كەتتى. 1937 ـ يىلى ياپونىيە باش ۋالىي مەھكىمىسى چاۋشيەننىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى شىلىۋېلىش ئۈچۈن، «ئەمگەكچىلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتى» قۇرۇپ، 17 ياشتىن ئاشقان ئەمگەكچىلەرنى تىزىملىدى، ئارقىدىنلا مىليونلىغان كىشىنى جۇڭگودىكى جەڭ مەيدانلىرىغا مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىپ ئەمگەككە سالدى ۋە توپ ـ زەمبىرەكلەرگە يەم قىلدى ياكى ياپونىيەگە ئېلىپ بېرىپ ئېغىر ئەمگەككە سالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيە دائىرىلىرى «چاۋشيەن ۋاقىتلىق ئامانلىق ساقلاش قانۇنى»، «ئىدىيەۋى جىنايەتچىلەرنى كۆزىتىش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، سىياسىي زىيانكەشلىكنى كۈچەيتتى، 1934 ـ يىلى 66 مىڭدىن ئارتۇق «ئىدىيەۋى

جىنايەتچى»نى قولغا ئالدى. ياپونىيە مۇستەملىكىچىلىرى يەنە «تېنىنو يۇقىراسىغا ئايلاندۇرۇش ھەرىكىتى»نى يولغا قويۇپ، «ياپونىيەنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن چاۋشيەننى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش»نى تەرغىب قىلىپ، چاۋشيەننى ياپونىيەنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى، چاۋشيەنلىكلەرنى ياپونچە ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىش ۋە ياپونلار بىلەن نىكاھلىنىشقا مەجبۇرلاپ، قۇل قىلىش سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يولغا قويدى.

ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇل قىلىشى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى چاۋشيەن خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى، 30 ـ يىللاردا جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى قوراللىق كۈرىشى ئەۋجگە چىققان چاغدا، چاۋشيەن خەلقىمۇ قوراللىق كۈرەش يولىغا ماڭدى. جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونى ۋە چاۋشيەننىڭ شىمالىي چېگراسىدا چاۋشيەن خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى، كورېيە مۇستەقىللىق پارتىيەسى ئارمىيەسى ۋە جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى قوشۇنى بىرلىكتە ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەردى. كىم ئىرسىن ۋەكىللىكىدىكى چاۋشيەن كوممۇنىزمچىلىرى بۇ قېتىملىق كۈرەشتە تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى.

كىم ئىرسىن (1912 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە ياشىغان)نىڭ ئەسلىي ئىسمى كىم چېڭجۇ بولۇپ، 1912 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پىيوڭئان ئۆلكىسى تايدوڭ ۋىلايىتى گۇپىڭ يېزىسى نامرى كەنتى (يەنى بۇگۇنكى پىيوڭياڭدىكى ماڭيوڭداي)دە ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1925 ـ يىلى ئاتىسىغا ئەگىشىپ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. 1926 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە جىلىندىكى يۈيۈەن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ياپونغا قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىش ئىتتىپاقى ۋە

www.uyghurkitap.com

چاۋشيەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللىگەن. 1931 ـ يىلى كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىرگەن، كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايدا ياپونغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللىگەن. بۇ قوشۇن كۈنسايىن زورىيىپ، كېيىن خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە ئايلانغان. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەشتە كىم ئېرسېن باشچىلىقىدىكى چاۋشيەن خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى جۇڭگو شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى قوشۇنى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىسىملىرىنىڭ بىر تۇتاش ئىشتاتىغا كىرىپ، جۇڭگو تەۋەسىدە جەڭ قىلغاندا، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىسىملىرىنىڭ نامىدا ھەرىكەت قىلدى، ۋەتىنى چاۋشيەنگە قايتىپ جەڭ قىلغاندا، چاۋشيەن خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى نامىدا ھەرىكەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نۇرغۇن چاۋشيەن كوممۇنىزمچىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى قوشۇنىغا بىۋاسىتە قاتناشتى. سۈي يۈڭجيەن، جىن سې، شۈجې، سۈي شيەن قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا جۇڭگولۇق يولداشلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەردى.

1934 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە چاۋشيەن خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تەسىرىنى كۈنسايىن زورايتتى. جۇڭگو ـ چاۋشيەن چېگرا رايونلىرىدىكى قوراللىق كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى چاۋشيەندىكى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە ئىلھام بەردى. چاۋشيەن ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشى كۈنسايىن ئەۋج ئالدى. ياپونىيەنىڭ چاۋشيەندىكى باش ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق ساقچى باش مەھكىمىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1934 ـ يىلى 199 قېتىم

ئىش تاشلانغان، 13 مىڭ 98 ئادەم ئىش تاشلاشقا قاتناشقان؛ 1935 ـ يىلى 170 قېتىم ئىش تاشلانغان، 12 مىڭ 187 ئادەم ئىش تاشلاشقا قاتناشقان.

چاۋشيەندىكى ياپونغا قارشى بارلىق كۈچلەرنى كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1936 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چاۋشيەن ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، كىم ئىرسېن ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلدى. ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسى پىروگرامما، نىزامنامە تۈزۈپ، قۇرۇلۇش خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى ئون چوڭ پىروگراممىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: ياپونغا قارشى كەڭ دائىرىلىك بىرلىك سەپ قۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، چاۋشيەن خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش؛ ياپونىيە ئارمىيەسى، ژاندارما ـ ساقچىلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، چاۋشيەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇش؛ ياپون جاھانگىرلىكى ۋە ۋەتەن ساتقۇچ ياپونپەرەس ئۇنسۇرلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش؛ چاۋشيەن مىللىتىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان مىللەت ۋە دۆلەتلەر بىلەن يېقىندىن بىرلىشىش. يەنە سىياسىي، ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھات تەدبىرلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئون چوڭ پىروگراممىدا چاۋشيەننىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ، چاۋشيەننىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تارىخىدىكى تۇنجى مۇكەممەل مىللىي دېموكراتىك پىروگرامما ھېسابلىنىدۇ. ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسىدە يەنە ئەزالار سالاھىيىتى، ئۇيۇشمىغا كىرىش شەكلى ۋە ئەزالارنىڭ پائالىيەت پىرىنسىپى بەلگىلەنگەن ھەمدە ئۇيۇشمىنىڭ

تەشكىلىي پىرىنسىپى، تەشكىلىي شەكلى بېكىتىلگەنىدى.

ۋەتەنىي قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسى چاۋشيەن كوممۇنىزمچىلىرىنى رەھبەرلىك يادروسى قىلغان ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ تەشكىلاتى ئىدى. ئۇ قۇرۇلغاندىن كېيىن خىتابنامە ئېلان قىلىپ، چاۋشيەن خەلقىنى سىنىپ، جىنس، مەرتىۋە، پارتىيە ـ گۇرۇھ، ياش، دىن ئايرىماي، ئۇن چوڭ پىروگرامما ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ھەرقايسى جايلاردا ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ھەم ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ بىرقانچە ئايغا بارمايلا ئەزاسى 200 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى، ئوتتۇرا، ئۇششاق سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە دىنىي زاتلار ئۇيۇشۇپ، بەس ـ بەستە ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسى قۇردى. 1936 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇيۇشما ژۇرنىلى — «1 ـ مارت ئايلىق ژۇرنىلى» تارقىتىلىپ، ئۇيۇشمىسىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كېڭەيدى. 1937 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەشكىلاتلىرىدىن بىرى بولغان «چاۋشيەن مىللىي ئازادلىق ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. ئۇ 40 تىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇردى. ۋەتەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيىتى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى ۋە چاۋشيەننىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى قاپلاپ، چاۋشيەننىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپونغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە چاۋشيەن كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى يېڭىباشتىن قۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ياراتتى.

1937 ـ يىلىدىن كېيىن ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي

شىمالىدىكى جۇڭگو، چاۋشيەن ياپونغا قارشى قوراللىق كۈچلىرىنى ھەربىي جەھەتتىن باستۇرۇشنى كۈچەيتتى. چاۋشيەن خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى قوراللىق كۈچلىرى ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتىمۇ جانلىق پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇردى. 1937 ــ يىلىدىن 1939 ــ يىلىغىچە ياپونىيە ئارمىيەسى بىلەن 3900 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭ قىلدى. 1937 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى كىم ئىرسېن قوماندانلىقىدىكى چاۋشيەن خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ «چېگرا مۇھاپىزىتى»دىكى مۇھىم تايانچ نۇقتا پوچونبوغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، چاۋشيەن خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرەشكە ئىلھام بەردى ۋە تۈرتكە بولدى. 1941 ــ يىلى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، چاۋشيەن ياپونغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا داۋاملىق جەڭ قىلدى. جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى ۋە ياپونغا قارشى تايانچ بازىلاردىكى چاۋشيەن ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ تەشكىلاتى بولغان «چاۋشيەن مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى» قاتارلىق تەشكىلاتلار ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى. چاۋشيەن خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشى ياپون جاھانگىرلىكىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

## 2 ــ بۆلۈم ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گەندىزىم

**1 ــ قېتىملىق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى**

1 ــ دۇنيا ئۇرۇشى ھىندىستان خەلقىنى ئېغىر ئازاب ــ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. 1 ــ دۇنيا ئۇرۇشى جاھانگىر دۆلەتلەر

ئارىسىدىكى ئۇرۇش بولۇپ، ئەنگلىيە ھىندىستاننى بۇ ئۇرۇش پاتقىقىغا زورلاپ سۆرەپ كىردى. ئۇرۇش داۋامىدا ھىندىستاندىن 1 مىليون 500 مىڭ ئادەم غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا، يېقىن شەرق جەڭ مەيدانلىرىغا ئاپىرىلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇلاردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى. ئۇرۇش يەنە ھىندىستان خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنىمۇ زور دەرىجىدە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ھىندىستان خەلقى ئۇرۇش مەزگىلىدە 100 مىليون فوندستېرلىڭ ھەربىي خىراجەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدە ئەنگلىيەدىنلا كېيىن تۇردى. ئەنگلىيە يەنە ھىندىستاندىن نۇرغۇن ماددىي ئەشيا ۋە ئاشلىق ئېلىپ، 3 مىليون 690 مىڭ توننا ماددىي ئەشيا، 5 مىليون توننا ئاشلىقنى يۆتكەپ كەتتى. زور ھەربىي خىراجەتنى زىممىسىگە ئېلىش ۋە ھامىي دۆلەتكە بەدەلسىز «ئولپان» تۆلەش تۈپەيلىدىن ھىندىستاننىڭ دۆلەت قەرزى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا 7 مىليارد 800 مىليون رۇپىيەدىن ئېشىپ كەتتى. نۇرغۇن ئاشلىقنىڭ سىرتقا يۆتكەپ كېتىلىشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدىنلا ئاشلىق كەمچىل بولغان ھىندىستاندا ئاشلىقنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلەپ، خەلق تېخىمۇ قىيىنچىلىقتا قالدى. 1918 ـ يىلىلا نامراتلىق، ئاچ ـ زارلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك 12 مىليون ئادەمنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلدى، بۇ ئەينى چاغدىكى ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ 5% ىنى ئىگىلەيتتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھىندىستان بىلەن ھامىي دۆلەت ئەنگلىيەنىڭ مۇناسىۋىتىگە نۇرغۇن جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتتى. بىرىنچىدىن، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ھىندىستان خەلقى گەرچە ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن نەپرەتلەنسىمۇ، نۇرغۇن كىشى غەرب مەدەنىيىتىنى ئاساسەن چۇشەنمەيتتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر دۇنيانى تالىشىش يولىدا

ۋەشىيلەرچە قىرغىنچىلىق قىلىشتىن باش تارتمىدى. شۇنىڭ بىلەن 10 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. بۇ ئىش ھىندىستان خەلقىگە جاھانگىرلىكنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتنى دەپ زوراۋانلىقتىن يانمايدىغان خۇسۇسىيىتىنى كۆرۈۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى، نەتىجىدە ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن بىرقەدەر ئېنىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تونۇش ھاسىل قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە قەتئىي بەل باغلىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىيە ھىندىستانغا قاراتقان تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ قويغاچقا، ھىندىستاندا مىللىي كاپىتالىزم تەرەققىي قىلدى، ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسى ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە كاپىتالىنىڭ يېڭىباشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، مۇستەقىللىق ئارزۇسى كۈچەيدى. ئۈچىنچىدىن، ئەنگلىيە ئۇرۇش مەزگىلىدە مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھىندىستان خەلقىگە ئۇرۇشتىن كېيىن ئاپتونومىيە بېرىشكە ۋەدە قىلغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇرۇشتا بەك ئاجىزلاپ كەتكەچكە، ھىندىستانغا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىدەك ھۆكۈمرانلىق قىلمىقى تەسكە چۈشتى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ھىندىستان ۋەزىيىتىنى تازا سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتەلمىدى، ئۇلار ھىندىستاندىكى كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللەتچىلىك دولقۇنىغا يەنىلا قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاسىتىلەر بىلەن تاقابىل تۇردى. بىر جەھەتتىن، ئەنگلىيەلىكلەر «ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەت ئىسلاھاتى»نى داۋاملىق يولغا قويدى. 1918 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھىندىستان ئىشلىرى ۋەزىرى مونتايگۇ بىلەن ھىندىستان باش ۋالىيسى چېلمىسفولد بىرلىكتە ئىمزا قويغان «ئىسلاھات لايىھەسى»نى ئېلان قىلدى. لايىھەنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى جەھەتتە، باش ۋالىينىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئىككى پالاتالىق قانۇن

چىقىرىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىش، پالاتا ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمىنى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈپ، سايلىغۇچىلارغا ناھايىتى يۇقىرى مال ـ مۈلۈك سالاھىيىتى چەكلىمىسى قويۇش، يەنە بىر قىسمىنى باش ۋالىي بەلگىلەپ، ئۇ قانۇن چىقىرىش كېڭەشنى ماقۇللىغان ھەرقانداق قارارنى ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش؛ مەمۇرىي تۈزۈلمە جەھەتتە، ئىككىگە ئايرىلغان تۈزۈمنى يولغا قويۇش، يەنى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرىنى «ساقلاپ قېلىنغان تارماقلار» ۋە «ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن تارماقلار» دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئامانلىق ساقلاش، ئەدلىيە، مالىيە قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى يەنىلا ئەنگلىيەلىك ئۆلكە نازىرلىرى ئۆز قولىدا تۇتۇش، سەھىيە، مائارىپ تارماقلىرىنى ھىندىستانلىق نازىرلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇش. بۇ لايىھە «ھىندىستاندا ئاپتونومىيە تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ»، «جاۋابكار ھۆكۈمەت بولۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرىدۇ» دەپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا باش ۋالىينىڭ چوڭ ھوقۇقى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، ھىندىستاندىكى بەزى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتىدىكى ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتتىكى ئورنى سەل ـ پەل كۆچەيتىلىپ، ئۇلارنى رام قىلىشقا قولايلىق يارىتىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەت ئىسلاھاتى» ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ھىندىستاندىكى ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەر ۋە تەبىقىلەر ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشىغا پايدىلىق ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ بۇنداق چەكلىك يول قويۇش ئارقىلىق ھىندىستان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزى لايىھەلىگەن تەرتىپ ئىچىدە تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇشى ھىندىستان مىللەتچىلىرىنىڭ ئەسلىدە ئارزۇ قىلغان نىشانى بىلەن سىغىشالمايدىغان بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ سانلىق ھىندىستانلىقلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىشى تەبىئىي ئىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ھىندىستان خەلقىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۇرگىنى، ئەنگلىيەلىكلەر 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بەرگەن ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايلا قالماي، بەلكى ھىندىستانغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1919 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئەنگلىيەلىك سودىيە راۋلات ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھەسىنى ئېلان قىلىپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈزۈلگەن «دۆلەت مۇداپىئە نىزامى»نىڭ يەنىلا كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلەپ، باش ۋالىيغا پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بەردى. مۇشۇنداق بولغاندا، مۇستەملىكە دائىرىلىرى «ئەنگلىيەگە قارشى پائالىيەت قىلغان» دەپ گۇمان قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى ئەيىبلىمەستىن قولغا ئالسا، ئاختۇرسا ۋە نازارەت قىلسا، ھەتتا سوتلىماستىن جازا ھۆكۈم قىلسا بولىدىغان بولۇپ، ساقچىلار يەنە ئاممىۋى يىغىلىش ۋە كۆچ كۆرسىتىش نامايىشلىرىنى تارقىتىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. «راۋلات قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ھىندىستان خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، ھەرقايسى جايلاردا يىغىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ۋە ئىش تاشلاش كۆتۈرۈلدى.

ھىندىستاندىكى مىللەتچى كۈچلەر 1905 ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە بولغان ھەرىكەتتىن كېيىن قىسقا مەزگىل پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يېڭىباشتىن كۈچ توپلاپ، يېڭى دولقۇنىنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈۋالدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، 1916 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلدى؛ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى؛ گەندى ھىندىستان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشقا باشلىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۆتىدىللەر بىلەن رادىكاللار

ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ، تىلاك باشچىلىقىدىكى رادىكاللار ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. 1908 ـ يىلى تىلاك قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، 1914 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلىپ تۈرمىدىن چىقتى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە پادىشاھىغا سادىق ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى ھەمدە ھىندىستان خەلقىگە ئۇرۇشتا ئەنگلىيەنى قوللاشنى مۇراجىئەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زوراۋانلىق كۆرىشى شەكلىنى قوللانماي، ھەمكارلىق ۋە ئىسلاھات شەكلى ئارقىلىق ئاپتونومىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدىكى رادىكاللارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى مۆتىدىللەر بىلەن ئاساسەن بىردەك بولغاچقا، پارتىيە ئىچىدىكى بەزى زاتلارنىڭ سالا قىلىشى بىلەن 1916 ـ يىلى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ يىللىق يىغىنى لوكنوۋدا ئېچىلىۋاتقان پەيتتە ئىككى گۇرۇھ ئاخىر بىرلىشىپ، رادىكاللار ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىگە يېڭىباشتىن كىردى، ئۇلار بىلەن مۆتىدىللەر ئارىسىدىكى پەرقمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈگىدى.

1916 ـ يىلى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكى ئىككى گۇرۇھ يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلگەن چاغدا، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىمۇ تۈنجى قېتىم ھەمكارلاشتى. ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ئورتاق تۈزۈشكەن ھەرىكەت پىروگراممىسى ــ لوكنوۋ كېلىشىمىنى بىرلا ۋاقىتتا ماقۇللىدى. كېلىشىمدە ھىندىستان خەلقىنىڭ كۆرەش نىشانى ئاپتونومىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىكەنلىكى قايتا تەكىتلەندى ھەمدە قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمىدىكى مۇرەسسەلىشىش پرىنسىپى جەزملەشتۈرۈلدى، يەنى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى مۇسۇلمانلار ئايرىم سايلام ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇپ، مۇسۇلمانلار نوپۇسى كۆپ

ئۆلكىلەردە ئۇلار ئېرىشىدىغان ئورۇن نوپۇس نىسبىتىدىن سەل ئازراق بولىدىغان؛ مۇسۇلمانلار نوپۇسى ئازراق ئۆلكىلەردە ئۇلار ئېرىشىدىغان ئورۇن نوپۇس نىسبىتىدىن سەل كۆپرەك بولىدىغان بولدى.

گەندى رادىكاللارنىڭ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىگە يېڭىباشتىن قايتىپ كېلىشى ۋە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىشىشى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىدى. موخانداس كارامچاند گەندى (1869 ــ يىلىدىن 1948 ــ يىلىغىچە ياشىغان) ھىندىستاننىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان گۇجارات ئىشتاتىدىكى بىر ئوتتۇرا تەبىقە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتىسى كىچىك ئەمەلدار بولغانىدى. گەندى 1888 ــ يىلى ئەنگلىيەگە بېرىپ قانۇن كەسپىدە ئوقۇپ، 1891 ــ يىلى ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. 1893 ــ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ، شۇ يەردە 22 يىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، 1915 ــ يىلى ھىندىستانغا قايتىپ كەلدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتە زور بۇرۇلۇش ياساپ، ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنىلا كۆزلەيدىغان بۇرژۇئا شەخسىيەتچىسىدىن ھىندىستاننىڭ مىللىي ئازادلىقىنى كۆزلەيدىغان مىللەتچىگە ئايلاندى؛ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشتىن غەرب مەدەنىيىتىنى تەنقىدلەشكە ئۆتتى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدا ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن سىرت، ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە پائال قاتناشتى ھەم رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ «زوراۋانلىق قىلماي قارشىلىشىش»تەك كۈرەش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ مۇئەييەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى پائالىيىتى تۇرلۇك ۋاستىلەر ئارقىلىق ھىندىستاندىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ،

ئۇنىڭ ھىندىستان خەلقى ئارىسىدىكى ئابرۇيى ئۆستى. 1912 ـ يىلى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئاقساقىلى، مۆتىدىللەرنىڭ رەھبىرى گوكخالې جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغاندا گەندىنى بايقاپ قالدى ھەم ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىگە گەندىنى تەۋسىيە قىلدى. 1915 ـ يىلى گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خېلى باياشات تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ، ھىندىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالدى.

گەندى ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەرنى مىللەتچىلىك تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ھەمدە جەنۇبىي ئافرىقىدا توپلىغان كۈرەش تەجرىبىلىرىنى ھىندىستاندا قوللىنىپ، «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق» تەك كۈرەش شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن سىرت، ئىشچى ـ دېھقانلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشچى ـ دېھقانلارنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە جەلپ قىلىپ، ھەرىكەتنىڭ ئاساسىنى كېڭەيتىپ، مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈردى. بۇ، گەندىنىڭ مۇھىم تارىخىي تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال پۈتۈن مەملىكەتنى ئارىلاپ ھەرقايسى قاتلامدىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلىدى ھەمدە ئاۋام ئارىسىغا چۆكۈپ ئۇلارنىڭ دەرد ئەلەمىنى چۈشىنىپ، يۇرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئامال تېپىپ ھەل قىلدى. 1917 ـ يىلى ئۇ بىخار ئىشتاتىنىڭ چامپاران رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ ئىندىگو كۆكى چىقىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلىغانلىقىغا قارشى چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، چامپارانغا كېلىپ دېھقانلارنى ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويۇشقا تەشكىللەپ، ھۆكۈمەتنىڭ كومىتېت قۇرۇپ تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئاخىرىدا بىخار

ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت دېھقانلارنى ئىندىگو كۆكى چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلاش پەرمانىنى ئىلاجسىز بىكار قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئەھمەدئابادتىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشچىلىرى بىلەن كاپىتالىستلار ئارىسىدا توقۇنۇش كۆرۈلگەندە، گەندى شۇ يەرگە كېلىپ ئىشچىلارنى ئىش تاشلاشقا تەشكىللەپ، ئاچلىق ئېلان قىلىش ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، كاپىتالىستلارنى ئىشچىلارنىڭ تەلىپىگە كۆنۈشكە مەجبۇرلىدى. گەندىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە شەخسەن ئۆزى ئۆلگە بولۇشى نەتىجىسىدە، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئىشچى، دېھقانلارغا يۈزلىنىشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ، ئاساسىي قاتلاملاردا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ئەنگلىيە دائىرىلىرى «راۋلات قانۇنى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى گەندىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 1919 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئومۇمىي ئىش تاشلاش توغرىسىدا قارار چىقاردى. گەندى پۈتۈن ھىندىستان خەلقىنى شۇ كۈنى پەرھىز تۇتۇپ ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، تىنچ يول بىلەن قارشىلىشىشقا چاقىردى. ھەرقايسى جايلاردا داغدۇغىلىق نامايىش ۋە ئىش تاشلاش يۈز بەردى. كۈرەش داۋامىدا ھىندى دىنىغا ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتى. بۇ ھەرىكەتلەر ئىچىدە پەنجاپ رايونىدىكى ھەرىكەت ئەڭ داغدۇغىلىق بولدى. بۇ يەر ھىندىستاننىڭ ئاشلىق مەنبەسى ۋە ئەسكەر مەنبەسى بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە بۇ يەردىن نۇرغۇن ئاشلىق يۆتكەپ كەتكەنىدى، جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغان ھىندىستان ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ مۇشۇ رايوندىن ئىدى. بۇ جاي يەنە رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىمۇ يېقىن بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى توغرىسىدىكى

خەۋەرلەر بۇ يەرگە كەڭ تارقالغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ جاينىڭ ئىنقىلاب ئاساسىمۇ ياخشى بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ۋە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا مىللەتچىلەر مۇشۇ جايدا نۇرغۇن تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنىدى. ئامرىتسار شەھىرى پەنجاپ رايونىنىڭ مەشھۇر شەھىرى بولۇپ، شىك دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ھېسابلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم تۆمۈر يول تۈگۈنى ئىدى. «راۋلات قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئامرىتسار شەھىرىدىكى خەلق توختىماستىن ئاممىۋى يىغىن ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ كەلدى.

ئەنگلىيە دائىرىلىرى قاتتىق باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. 1919 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇلار ئامرىتسار شەھىرىدە ئىككى سىياسىي پائالىيەتچىنى قولغا ئالدى. بۇ ئىشقا ئامما ئېتىراز بىلدۈردى. شەھەر ئاھالىلىرى ھەربىي ـ ساقچىلار بىلەن قوراللىق توقۇنۇشتى ھەمدە بۇ شەھەرنى بىر مەھەل ئىزگىنلىدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى گېنېرال دالېنى ئامرىتسارغا قوشۇن تارتىپ بېرىپ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشكە ئەۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تەخمىنەن 20 مىڭ ئاممىا شۇ جايدىكى بىر مەيداندا ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن يىغىلىش ئۆتكۈزدى، دالې قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، مەيداننىڭ چىقىش ئېغىزىنى توسۇۋېلىپ، ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەستىن ئۇلارنى ئوققا تۇتتى. نەتىجىدە (ھۆكۈمەت تەرەپ ئېلان قىلغان دوكلاتقا ئاساسلانغاندا) 379 ئادەم ئۆلدى، 1200 ئادەم يارىلاندى، ئەينى چاغدا ئامرىتسار شەھىرىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئاران 250 مىڭ ئىدى.

«ئامرىتسار پاجىئەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە دائىرىلىرى بىر تەرەپتىن خەۋەرنى قامال قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى: ئامرىتسار شەھىرىدىكى چوڭ كوچىلار ۋە مەيدانلارغا سۇپا ياسىتىپ، ھىندىستان

ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى باغلاپ تەن جازاسى بۇرگۈزدى؛ ئاتالمىش ئەنگلىيەلىك ئايال باستىر خورلۇققا ئۇچرىغان جايدا «ھېساب ئېلىش ئورنى» تەسىس قىلىپ، ھەربىر ھىندىستانلىقنى مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۆمىلەپ مېڭىشقا مەجبۇرلىدى. ھىندىستانلىقلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىگە يول قويمىدى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەستىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەرلەرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى.

«ئامرىتسار پاجىئەسى»نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى ھەرقايسى قاتلامدىكى خەلق دەرغەزەپكە كەلدى، ئەسلىدە ئەنگلىيەلىكلەرگە ئۈمىد باغلاپ كەلگەن كىشىلەرمۇ ئۈمىدىنى ئۈزدى. بومباي، ئەھمەدئاباد، كالكۇتتا، بىخار قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمەت ئورگىنى، پوچتىخانا، ساقچى ئىدارىلىرىغا ئوت قويۇش، تۆمۈريوللارنى بۇزۇش، كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىش، پويىزلارنى ئۆرۈۋېتىش، ساقچىلارغا ۋە تۈرمىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. غەزەپكە كەلگەن ئامما ھەتتا ھەربىي قوشۇن بىلەنمۇ ئېلىشتى.

ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى زوراۋانلىق قىلماي قارشىلىشىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى، گەندى ئۆزىنى «ناھايىتى زور خاتالىق سادىر قىپتىمەن» دەپ ئەيىبلەپ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالدىراپ - تېنەپ ھەرىكەتنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ئەينى چاغدا ئاۋامنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كەيپىياتى كۈچلۈك بولغاچقا، گەندى ۋە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكىلەر بۇنداق ۋەزىيەتكە ماسلاشمىسا بولمايتتى. 1920 - يىلى 9 - ئايدا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى كالكۇتتادا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پەۋقۇلئاددە يىغىنىنى ئاچتى. بۇ يىغىندا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ئەلى بىرلىكتە «زورلۇق كۈچ

ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق پىلانى»نى تۈزۈپ چىقتى. 1920 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ناگپۇردا ئۆتكۈزگەن يىللىق يىغىندا بۇ پىلاننى رەسمىي ماقۇللىدى. گەندى ھەرىكەتنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشنى، يەنى بىرىنچىدىن، ئەنگلىيە بەرگەن ئۇنۋان، مەرتىۋە ۋە پەخرىي مەنسەپلەردىن ۋاز كېچىشنى؛ ئىككىنچىدىن، دەرس تاشلاش، خىزمەتتىن ئايرىلىش، سوت مەھكىمىسى ۋە ئەدلىيە ئورگىنىغا قارشىلىق قىلىش ھەمدە «ئائىلىلەردە قولدا توقۇمىچىلىق قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ»، ئەنگلىيەنىڭ رەختلىرىنى سېتىۋالماسلىقنى؛ ئۈچىنچىدىن، تەدرىجىي باج ـ سېلىققا قارشى تۇرۇشنى بەلگىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، يەرلىك تەشكىللەر كەڭ دائىرىدە قۇرۇلۇپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھىندىستان دۆلەت كونگرېست پارتىيەسى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، 10 مىليون ئەزاسى ۋە 150 مىڭ پىدائىيسى بار پارتىيەگە ئايلاندى ھەمدە مەركەزدىن يەرلىككىچە تەشكىلى مۇكەممەل بولغان ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پارتىيەسى تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى يەنە گەندى تەييارلىغان يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنى ماقۇللىدى. يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىدە، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ كۈرەش نىشانى «بارلىق قانۇنلۇق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، سۋاراجنى ئىشقا ئاشۇرۇش» دەپ بېكىتىلدى. گەندى «سۋاراج» دېگەن سۆزنى يېڭىچە ئىزاھلاپ، «ئىمكانىيەت بولسا ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدە ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈش؛ زۆرۈر تېپىلسا ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىدە مۇستەقىللىق

تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

گەندى ۋە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلغان ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە ھەرقايسى قاتلامدىكى خەلق ئاۋاز قوشتى. سايلىغۇچىلارنىڭ 2/3 قىسمى سايلامغا قارشى چىقتى، نۇرغۇن خىزمەتچىلەر ۋە ئادۋوكاتلار خىزمىتىدىن ۋاز كەچتى، ئوقۇغۇچىلار دەرس تاشلىدى، ئىشچىلار ئىش تاشلىدى. بەزى جايلاردا ئەنگلىيە ماللىرى ئاشكارا كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئاما سەپەرۋەرلىككە كەلسەك، ھەرگىزمۇ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەرىكەت دائىرىسى بىلەن چەكلىنىپ قالمايتتى، ئۇلار ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى بىر مەيدان ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا ئايلاندۇرۇۋەتمەي قويمايتتى. 1921 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەمگەكچى ئاما بىلەن مۇلۇكدارلار ئارىسىدا سىنىپىي توقۇنۇش يۈز بەردى، بۇلاردىن بىر قەدەر مەشھۇرلىرى بومباي ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى، پەنجاپتىكى ئاكالى ھەرىكىتى، مادراستىكى موپلاھ قوزغىلىڭى ھەم بىرلەشمە ئۆلكىدىكى دېھقانلار ھەرىكىتى ئىدى. بومباي ئىشچىلىرى ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىش، خىزمەت كۈنىنى قىسقارتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاكالى ھەرىكىتىدە، تۆۋەن قاتلامدىكى شىك مۇخلىسلىرى ۋەخپە مۈلكىنىڭ بارلىق مۇخلىسلارنىڭ ئىلكىدە بولۇشىنى، دىنىي تەشكىلاتنى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، تىغ ئۇچىنى يۇقىرى قاتلامدىكى شىك دىنى زاتلىرىغا قاراتتى. موپلاھ قوزغىلىڭى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھىندى دىنىدىكى پومېشچىكلارنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە قارشى كۈرىشى ئىدى. بىرلەشمە ئۆلكىدىكى دېھقانلار كۈرىشى تىغ ئۇچىنى شۇ جايلاردىكى پومېشچىكلارغا قاراتتى. بۇ توقۇنۇشلار ھىندىستان مىللەتچىلىك

ھەرىكىتىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئەنگلىيەلىكلەرگە قارىتىشتەك چوڭ يۆنىلىشىدىن چەتلەپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق توقۇنۇشلاردا ھەمىشە زوراۋانلىق شەكلى قوللىنىلغاچقا، ئۇ گەندى بېكىتكەن «زوراۋانلىق قىلماسلىق» ئۇسۇلىغا خىلاپ ئىدى.

ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، 1921 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيە ۋەلىئەھدى ۋېلس ھىندىستاننى «كۆزدىن كەچۈردى»، بىراق بومباي ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇ بارغانلىكى يەردە خەلق ئومۇمىي ئىش تاشلاش ئۆتكۈزدى. بەزى شەھەرلەردە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئەۋجىگە چىقىپ، ئامما ئارمىيە ـ ساقچىلار بىلەن قانلىق توقۇنۇشتى، بومبايدىلا 59 ئادەم جىنىدىن ئايرىلدى. ئىزاغا چىدىماي چىچاڭشىپ كەتكەن ئەنگلىيەلىكلەر ھىندىستانلىق ۋەتەنپەرۋەرلەرنى كۆپلەپ قولغا ئالدى. 1921 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1922 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە 20 مىڭغا يېقىن ھىندىستانلىق تۈرمىگە قامالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەندىدىن باشقا مىللەتچىلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بار ئىدى.

1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گەندى باش ۋالىي رىدىڭغا ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، ناۋادا ئەنگلىيە دائىرىلىرى سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇۋەتمىسە، گېزىت ـ ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى بىكار قىلمىسا، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ــ باجغا قارشى چىقىش باشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەنگلىيە دائىرىلىرى بۇنىڭغا كۆنمەيتتى، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى لىلويد جورجى: ھىندىستاندا ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس ھەم ئاپتونومىيە يولغا قويۇش ئويىمىزمۇ يوق، دەپ جار سالدى. ئەنگلىيە ھىندىستاننى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىرېلاندىيە ۋە مىسىردىكى مىللەتچىلەرنىڭ تەلپىگە كۆنۈپ، ئۇ

يەردىكى قوشۇننى ھىندىستانغا يۆتكەپ، ھىندىستانلىقلارنى باستۇرۇشقا كىرىشتى.

بۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە، گەندى ئەينى چاغدىكى پارتىيە ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە چۇشەنمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ۋاقتىنچە چېكىنىشنى قارار قىلدى. ئۇ چاۋرى چاۋرا ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ، بىرىنچى قېتىملىق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى توختىتىشنى جاكارلىدى. چاۋرى چاۋرا بىرلەشمە ئۆلكىدىكى بىر كەنت بولۇپ، 1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بۇ يەردىكى 2000 دىن ئارتۇق دېھقان شۇ جايدىكى ساقچىخانىنى قورشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ نامايىشنى باستۇرۇشقا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، غەزىپى تاشقان دېھقانلار ساقچىخانىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن، 21 ساقچى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەنىدى. گەندى: بۇ ۋەقە مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ تىزگىنلەش دائىرىسىدىن تامامەن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ناۋادا ھەرىكەت داۋاملىشىۋەرسە، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىدى.

1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گەندىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى باردولىدا يىغىن ئېچىپ، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى توختىتىشنى قارار قىلدى. 1922 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـكۈنى گەندى قولغا ئېلىنىپ ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستاندىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.

**2 ـ قېتىملىق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى**

1 ـ قېتىملىق ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ توختىتىلىشى ھىندىستان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ پەسكويغا چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئامما ھىندىستان دۆلەت

كونگرېسى پارتىيەسىگە بولغان قىزغىنلىقىمۇ بارا - بارا سۇسلاشتى، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن چاغدا كۆپىيىپ 10 مىليونغا يېقىنلىشىپ قالغان بولسا، 1923 - يىلى ئازىيىپ 500 مىڭغىمۇ يەتمەي قالدى. گەندى تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقتىن ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ھىندىستان مىللەتچىلىك ھەرىكىتى قانداق كۈرەش شەكلىنى قوللىنىشى كېرەك، دېگەن مەسىلىدە ئېغىر ئىختىلاپ كۆرۈلدى. بىر گۇرۇھتىكىلەر گەندىنىڭ تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى، يەنى سىياسىي كۈرەشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، قولدا توقۇمىچىلىق قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش، ھىندى دىنى مۇرتىلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى ياخشىلاش، ئارىلاشماسلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ھاراق ئىچىشنى چەكلەش، مىللىي مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجابىي پروگراممىنى يولغا قويۇپ، كېيىنچە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى يېڭىباشتىن قوزغاش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇلار ئۆزگەرمەسلەر دەپ ئاتالدى. يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەر ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى توختىتىلغانىكەن، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، شۇڭا ئىلگىرىكى بەزى ئۇسۇللىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك، دېگەن تەشەببۇستا چىڭ تۇردى. ئۇلار قانۇن چىقىرىش كېڭىشىگە ئارىلاشماسلىقنىڭ ئەمدى زۆرۈرىيىتى قالمىدى، سايلامغا يېڭىباشتىن قاتنىشىپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكى تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ قانۇن چىقىرىش كېڭىشىگە كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، بولمىسا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى سىياسىي سەھنىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئامما ئارىسىدىكى تەسىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دېگەننى ئالاھىدە تەكىتلىدى، بۇلار ئۆزگەرتىشنى ياقىلىغۇچىلار، دەپ ئاتالدى. مەيلى ئۆزگەرمەسلەر

ياكى ئۆزگــەرتىشنــى ياقلىــغۇچــىلار بــولسۇن، ئــۇلارنىــڭ ئامــما ئارىسىدىكى چاقىرىق كۈچى يەنىلا يېتەرسىز ئىدى.

20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھىنـدىستان سىياسىي سەھنىسىدە يېڭى ئامىللار بارلىققا كەلگەنلىكتىن، مىللەتچىلىك ئازادلىق ھەرىكىتى يەنە يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بىرىنچىدىن، 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ھىنـدىستانـدا ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھىندىستاننىڭ سانائىتى ئاسىيا ئەللىرى ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى، شۇڭا ھىندىستان بىرقەدەر كۈچلۈك ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىغا ئىگە ئىدى. 1921 ـ يىلىدىكى سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئوندىن ئارتۇق ئادەم ياللاپ ئىشلەتكەن كارخانىلاردىكى ئىشچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 2 مىليون 600 مىڭ بولۇپ، ئۇلار بەزى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. بۇ شەھەرلەر يەنە ھىندىستاننىڭ سىياسىي مەركىزى ھېسابلىناتتى. يەنە كېلىپ، ھازىرقى زامان سانائەت ئىشچىلىرى سۈپىتىدىكى ھىندىستان ئىشچىلار سىنىپى تەشكىللىنىشچانلىقى، ئىنتىزامچانلىقى ۋە كۆرەشچانلىقى بىلەن ھىندىستاننىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مۇھىم بىر سىياسىي كۈچكە ئايلانغانىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بومباي ئىشچىلىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تىلاكنى سوتلىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئومۇمىي ئىش تاشلاپ، ھىندىستاننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. ھىندىستان ئىشچىلار سىنىپى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە يەنىمۇ ئويغىنىپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى 1 ـ قېتىملىق ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ئاممىۋى ئاساسىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان ئىشچىلىرىنىڭ تەشكىللىنىشچانلىقى تېخىمۇ ئاشتى. 1926 ـ يىلىغا كەلگەندە 200

گە يېقىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەيدانغا كېلىپ، ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. مۇشۇ ئاساستا 1920 - يىلى قۇرۇلغان ھىندىستان مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنىمۇ تەدرىجىي ئۆسۈپ باردى. 1926 - يىلى ھىندىستان مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەركىبىدە 57 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بارلىققا كېلىپ، ئۇيۇشما ئەزالىرى 125 مىڭغا يەتتى. ھىندىستان ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۆپىيىشىدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىشچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ كۈچىيىشىدىمۇ ئەكس ئەتتى. 1927 - يىلىدىن ئىلگىرى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەلەپلەرنىلا قويۇپ، ھەمىشە مۇرەسسەچىلىك قىلاتتى. 1927 - يىلىدىن كېيىن زور بىر تۈركۈم ھىندىستان كوممۇنىستلىرى ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە ئىگە سولچىل زاتلار ئىشچىلار ئارىسىدىكى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ھىندىستان ئىشچىلىرىنى سىياسىي كۈرەشكە تېخىمۇ ئاكتىپ قاتناشتۇردى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ بۆلۈنۈشىمۇ تېزلەشتى. 1931 - يىلىدىن كېيىن ھىندىستاندا ئۈچ ئوخشاشمىغان مەركەزگە قارايدىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى، يەنى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى تىزگىنلىگەن ھىندىستان مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئوڭ قانات ئىسلاھاتچىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى مەملىكەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى قىزىل ئىشچى - خىزمەتچىلەر كېڭىشى مەيدانغا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزىلاردا دېھقانلار ھەرىكىتىمۇ

ئەۋج ئالدى. ھىندىستاننىڭ سانائەت تەرەققىياتى ھىندىستاننىڭ قالاق يېزا ئىگىلىكىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىگەنلىكتىن، دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى نىسبىتى كېمەيمەستىن بەلكى ئاشتى. 1891 - يىلى ھىندىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 65% ىنى ئىگىلەيتتى، 40 يىل ئۆتۈپ 1931 - يىلىغا كەلگەندە 75% كە كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ مۇھىم بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە، ھىندىستاندا ئاھالە شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1800 - يىلى ھىندىستاننىڭ ئاھالىسى ئاران 70 مىليون ئىدى، 1900 - يىلىغا كەلگەندە 280 مىليونغا كۆپەيدى، 1940 - يىلى 400 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ، ھىندىستاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىشىدىن دېرەك بېرەتتى. تۇركۇم - تۇركۇم دېھقانلار تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن يا يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىپ، يا يەرلىرىنى سېتىپ، ئاخىرىدا ھېچنېمىسى يوق يالانما ئىشچىغا ۋە ئىجارىكەشكە ئايلىنىپ قالدى. 1921 - يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك پرولېتارلىرىنىڭ سانى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 1/5 ىنى ئىگىلەشتىن 1/3 ىنى ئىگىلەشكە ئۆتتى، دېھقانلارنىڭ 4/5 ى قەرزدارلىقتىن قۇتۇلالمىدى. ئاچ - زارلىق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان دېھقانلارغا جان ساقلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتىن باشقا چارە قالمىدى. 1927 - يىلى ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى باردولىدا يۈز بەرگەن دېھقانلارنىڭ غەللە - پاراق تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشتەك ئاممىۋى ھەرىكىتى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولدى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بۇ كۈرەشكە پائال قاتناشتى ھەم بۇ كۈرەشنى تەشكىللىدى. ھۆكۈمەت ئىلاجسىزلىقتىن غەللە - پاراقنى ئوتتۇرىچە 20% — 25% ئۆستۈرۈش قارارىنى بىكار قىلىپ، قولغا ئېلىنغان دېھقانلارنى قويۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ مۇسادىرە

قىلىنغان يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ھەرىكەت ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ دېھقانلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئاشۇردى. 1936 ـ يىلى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھىندىستان بويىچە تۇنجى دېھقانلار تەشكىلاتى ــ ھىندىستان مەملىكەتلىك دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

ئىككىنچىدىن، 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ھىندىستاننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە كوممۇنىزمغا ۋە سوتسىيالىزمغا ئىخلاس قىلىدىغان سولچىل كۈچلەر مەيدانغا كەلدى. خۇددى ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا، رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە ماركسىزم ھىندىستاندىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. 1923 ـ يىلىغا كەلگەندە، بومباي، كالكۇتتا، مادراس ۋە لاھور قاتارلىق جايلاردا كوممۇنىزم گۇرۇپپىلىرى مەيدانغا كەلدى. بىراق، ھىندىستاندىكى ماركسىزمچىلار مەملىكەت خاراكتېرلىك كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇشتا زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ھىندىستان كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى باستۇردى. 1924 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مۇستەملىكە دائىرىلىرى كانپۇردىكى كوممۇنىزمچىلار دېلوسىنى پەيدا قىلىپ، ھىندىستانلىق تۆت نەپەر كوممۇنىزمچىنى قولغا ئالدى ھەم تۆت يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلدى. 1929 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يەنە 33 نەپەر ئىشچىلار ھەرىكىتى رەھبەرلىرىنى ۋە كوممۇنىزمچىنى «پادىشاھ ئالىيلىرىغا قارشى چىقىش سۇيىقەستىدە بولغان»، «ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ھىندىستاندىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى بىكار قىلىشقا ئۇرۇنغان» دەپ ئەيىبلەپ، مىرۇتتىكى تۈرمىگە قامىدى. ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۆز تەرەققىيات مۇساپىسىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرىشى يەنە ھىندىستان كوممۇنىزمچىلىرىنىڭ دىن، يەرلىك تەشكىلات قارىشىدىن ئادا ـ جۇدا بولالمىغانلىقى، شۇنداقلا بەزى رەھبەرلەرنىڭ ئۆكچىللىق

بىلەن سولچىللىق ئارىسىدا پۈرسەتپەرەسلىك قىلغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھىندىستان كوممۇنىستلىرىنىڭ پائالىيىتى ئىشچى ـ دېھقانلارنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ھەمدە ھىندىستاندا سولچىل كۈچلەرنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ھىندىستاندىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت تارىخىدا ئىشچى ـ دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ پائالىيىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 1926 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە بومباي، بېنگال، پەنجاپ ۋە بىرلەشمە ئۆلكىدە تۆت ئىشچى ـ دېھقانلار پارتىيەسى قۇرۇلدى. ئىشچى ـ دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى كۆپىنچە ماركسىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ياشلىرى بولۇپ، ئۇلار ئەينى چاغدىكى ئىنقىلاب پەسىيىپ قالغان مەزگىلدە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئىچىدە قويۇق تۇس ئالغان مۇرەسسەچىلىك ۋە دىتسىزلىقتىن نارازى بولغاچقا، چەت ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى باشقىچە كۈرەش شەكلى ئۇستىدە ئىزدىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇلار مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدىكى ئاساسلىق، ھەل قىلغۇچ كۈچنىڭ ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئېھتىياجىنى نامايان قىلىدىغان ئاممىۋى سىياسىي تەشكىلات — ئىشچى ـ دېھقانلار پارتىيەسىنى قۇرغانىدى.

بىراق، 30 ـ يىللاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سولچىل كۈچلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھىندىستان سىياسىيسىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتتى. جاۋاخارلال نېھرۇ ۋە سۇبخاس چاندرا بوسې بۇ گورۇھتىكى ۋەكىللىك شەخسلەر ئىدى. نېھرۇ (1889 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە ياشىغان) غەربلەشكەن بىر ئائىلىدە دۇنياغا

كەلگەن بولۇپ، ئاتىسى ھىندىستاندىكى داڭلىق ئادۋوكات ھەم ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ مەشھۇر رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. نېھرۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئەربچە تەلىم ـ تەربىيە ئالدى، كېيىن يەنە ئەنگلىيەدە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى ئالدى. ئۇ 1 ـ قېتىملىق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىش بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىنى باشلىدى، شۇنداقلا ناھايىتى تېزلا گەندى ۋە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكى باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتى. نېھرۇ ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىلا فابىئان سوتسىيالىزمىنى قوبۇل قىلغانىدى. 1927 ـ يىلى ئۇ ياۋروپادا زىيارەتتە بولغاندا، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىگە ۋاكالىتەن بىريۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇستەملىكە ئەللەر چوڭ يىغىنىغا قاتناشتى. شۇ يىلى ئۇ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى چاغدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ياخشى تەسىر بەردى. ئۇ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ھىندىستاندا سوتسىيالىزمنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلدى. بوسې (1897 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە ياشىغان) بېنگالدىكى بىر پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كالكۇتتا ۋە ئەنگلىيەدىكى كامبرىجدا تەربىيە ئالغان ھەمدە مۇلكىي ئەمەلدارلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنىدى. 1921 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇ ۋەتىنىگە قايتىپ، تەمىناتى ياخشى، ئىستىقبالى بار مۇلكىي ئەمەلدارلىقتىن ۋاز كېچىپ، ھىندىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئاتلاندى. 1927 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بېنگال ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نېھرۇ بىلەن بىرلىكتە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا

تەينلەندى. ئۇنىڭ بىلەن نېھرۇنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ ئورتاقلىقى — ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكى پېشقەدەملەر قوللانغان ئۇسۇلدىن، چەكلىك ئاپتونومىيە نىشانىدىن ھالقىپ، تولۇق مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ئىدى. 1928 - يىلى 11 - ئايدا ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ھىندىستان مەملىكەتلىك مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.

كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ئىشچى - دېھقانلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكى سولچىل كۈچلەرنىڭ شەكىللىنىشى 30 - يىللارنىڭ بېشىدىكى ھىندىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىقىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى، يەنە كېلىپ دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىسمۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوزغاش پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1929 - يىلى پارتلىغان كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي تارماقلىرىغا، بولۇپمۇ بىرلا خىل ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىدىغان رايونلارغا زەربە بەردى. كرىزىس مەزگىلىدە ھىندىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 340 مىليون رۇپىيەدىن 4 مىليارد 730 مىليون رۇپىيەگە چۈشۈپ قالدى. كەندىر، پاختا، گۈرۈچنىڭ باھاسى 50% تىن كۆپرەك چۈشۈپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ كىرىمى يېرىمىدىن كۆپرەك كېمەيدى، ئەمما باج - سېلىق ئاشسا ئاشتىكى ئازايمىدى. نۇرغۇن دېھقانلار قەرزگە بوغۇلۇپ ۋەيران بولۇپ، يېزا پرولېتارلىرىغا ئايلاندى. سانائەت تارماقلىرىدا كرىزىس زەربىسىدىن ئوتتۇرا، ئۇششاق كارخانىلار ئارقا - ئارقىدىن تاقىلىپ، نۇرغۇن ئىشچىلار ئىشسىز قالدى. 1931 - يىلى ھىندىستاندىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى 17 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنىڭ مائاشىمۇ زور دەرىجىدە

تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىقتىسادىي كرىزىس ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، بولۇپمۇ ھىندىستان خەلقى بىلەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ كەتتى. ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرى كرىزىس پەيدا قىلغان زىياننى ھىندىستان خەلقىنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئىمپېرىيە مەنپەئەتدارلىق تۈزۈمىگە تايىنىپ، ئەنگلىيەنىڭ بېسىلىپ قالغان تاۋارلىرىنىڭ ھىندىستان بازىرىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىپ ھەم تاۋارلارنىڭ باھاسىنى قەستەن ئۆستۈرۈپ، ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ، يەنى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قايچىسىمان باھا پەرقىنىڭ تېزلىكتە چوڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كرىزىسنىڭ يۈكىنى قويىدىغان بۇنداق ئۇسۇل ھىندىستاندىكى سودا - سانائەتچىلەر، ئۇششاق كارخانا ئىگىلىرى ۋە قول سانائەتچىلەرگە يەنىمۇ زەربە بېرىپ، ھىندىستان خەلقىنى تېخىمۇ ئېغىر دىشۋارچىلىققا دۇچار قىلىپ، ھىندىستاندىكى ھەرقايسى قاتلام خەلقىنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

2 - قېتىملىق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى 1930 - يىلى گەندى قوزغىغان «ئاش تۇزى ئۈچۈن يۈرۈش قىلىش»نى بەلگە قىلىپ رەسمىي باشلاندى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئەنگلىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاللىقاچان دەز كەتكەنىدى. 1927 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى مونتايگۇ - چېلمىسفولد لايىھەسىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جون سىمون باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ھىندىستانغا ئەۋەتتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى يەتتە ئادەم ئىچىدە بىرمۇ ھىندىستانلىق بولمىغاچقا، بۇ ئىش پۈتۈن ھىندىستانلىقلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى

سىمون باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى. سىمون باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 1928 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھىندىستانغا يېتىپ كەلدى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى، كوممۇنىستلار، ھىندىستان مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كەڭ ئامما، شۇنداقلا سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، زاۋۇت ئىگىلىرى جەمئىيىتى بۇنىڭغا پائال قاتناشتى. پۈتۈن ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېتىراز بىلدۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە گەندى ۋە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى 1928 ـ يىلىدىكى يىللىق يىغىنىدا، ناۋادا ئەنگلىيە دائىرىلىرى بىر يىلغىچە ھىندىستانغا ئاپتونومىيە بەرمىسە، تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇستەقىللىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا قارار چىقاردى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئۇلتىماتومىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر يىلغىچە ئىپادە بىلدۈرمەي، 1929 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ھىندىستان باش ۋالىيسى نامىدىن ئېلان چىقىرىپ، لوندوندا ھىندىستاندىكى ھەرقايسى ئىشتاتلار ۋەكىللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھلار قاتناشقان يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئېچىپ، يىغىندا ھىندىستان ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئېلاندىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 24 سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دېھلىدا يىغىن ئېچىپ، باش ۋالىينىڭ تەكلىپىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندىن كېيىن پارتىيە ئىچىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىرى «دېھلى خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىنىڭ ھىندىستانغا چوقۇم

www.uyghurkitap.com

دومىنئونلۇق ئورنى بېرىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ پەقەت تۆۋەندىكى شەرتلەر ئورۇنلانغان ئەھۋالدىلا، يەنى يارىشىش سىياسىتى قوللىنىلغان، سىياسىي جىنايەتچىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كەچۈرۈم قىلىنغان، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن ئەھۋالدىلا يىغىنغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«دېھلى خىتابنامىسى»دە ئاساسلىقى پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭ قانات كۈچلەرنىڭ پىكرى بويىچە مۆتىدىل تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، سولچىللارنىڭ تەشەببۇسىدىن مۇئەييەن پەرقلىنەتتى. بىراق، مۇشۇنداق مۆتىدىل تەلەپمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئاممىۋى بىخەتەرلىك قانۇنىنى ماقۇللاپ، ھىندىستان ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى خالىغانچە باستۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى.

1929 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى لاھوردا يىللىق يىغىن ئۆتكۈزگەندە، قەتئىي كۈرەش قىلىشتىن باشقا يول تاپالمىدى. گەندى نېھرۇنى يىغىن رەئىسلىكىگە كۆرسەتتى، يىغىن قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە «ھىندىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش» توغرىسىدا قارار چىقاردى، يەنە خىزمەت كومىتېتىغا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش نىشان قىلىنغان يېڭى ئاممىۋى ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى قوزغاش ھوقۇقىنى بېرىش توغرىسىدا قارار چىقاردى ھەمدە دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ مەركەز ۋە ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش كېڭەشلىرىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. خىزمەت كومىتېتى گەندىگە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە تولۇق رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى بەردى، ھەرىكەت شەكلى ۋە باشلىنىش ۋاقتىنى گەندى بەلگىلەيدىغان بولدى. يېڭىدىن سايلانغان مەملىكەتلىك كومىتېت

1930 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىنى «مۇستەقىللىق كۈنى» قىلىپ بېكىتتى.

1930 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بومباي ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داغدۇغىلىق «مۇستەقىللىق كۈنى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گەندى باش ۋالىي ئوۋىنغا يەر بېجىنى 50% تۆۋەنلىتىش، ئاش تۇزى مونوپولىنى بىكار قىلىش ۋە تۇز بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەربىي خىراجەتنىڭ كەم دېگەندە يېرىمىنى ئازايتىش، ئەنگلىيەلىك ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنى 50% تۆۋەنلىتىش، قوغداش تاموژنا بېجىنى يولغا قويۇش، سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 تۈرلۈك تەلەپنى قويدى. گەرچە بۇ تەلەپلەردە دومىنىئونلۇق ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ يولسىزلارچە رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گەندى ئۆزىنىڭ 78 بۇرادىرىنى باشلاپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى دۇندې دېگەن كەنتكە تۇز سۈزۈشكە ئاتلاندى. ئۇ 240 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى 24 كۈندە باستى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى يول بويى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تۇز بېجىغا قارشى تۇرۇشنى پۈتكۈل كۈرەشنىڭ باشلىنىشى قىلىش ئىدى.

«ئاش تۇزى ئۈچۈن يۈرۈش قىلىش» پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەتكە ئوت تۇتاشتۇردى. نامايىش، ئىش تاشلاش ۋە دېھقانلارنىڭ باجغا قارشى كۈرەشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. ھەرىكەت بەزى جايلاردا گەندى بەلگىلەپ بەرگەن زوراۋانلىق قىلماسلىق دائىرىسىدىن ھالقىپ قوراللىق كۈرەشكە ئايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە بېنگال ئۆلكىسىدىكى چىتتا، غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىدىكى پېشاۋۇر ھەم بومباي ئۆلكىسىدىكى شولاپۇردا يۈز بەرگەن قوراللىق قوزغىلاڭ ئەڭ كەسكىن بولدى. چىتتا بېنگال قولتۇقىدىكى بىر پورت شەھىرى

بولۇپ، بۇ يەردە ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ چوڭ بىر قورال ـ ياراغ ئامبىرى بار ئىدى. 1930 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۇ يەردىكى مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات «چىتتا ھىندىستان جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى» قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاممىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكىتىگە ماسلاشتى. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېچىدە چىتتا جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى قورال ـ ياراغ ئامبىرىنى ئىشغال قىلىپ، تارتىۋالغان قوراللار بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قىسىم كىشىلەر سىرتتىن ئەنگلىيە ياردەمچى قوشۇنىنىڭ كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ تېلېگراف ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، تۆمۈريول قاتنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى ھەمدە ساقچى گازارمىسىنى ئىشغال قىلدى، ئەمەلىيەتتە شەھەرنى تىزگىنلىدى. ئەنگلىيە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇردى. ئاخىردا ئازنىڭ كۆپكە كۈچى يەتمەي، چىتتا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى. چىتتا قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، 4 — 5 ـ ئايلاردا ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدىكى ئافغانىستانغا يېقىن پېشاۋۇردا ۋە ھىندىستاننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھىرى شولاپۇردىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. دەسلەپتە بۇ ئىككى جايدىكى خەلق ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تىنچ نامايىش ئۆتكۈزدى، ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئارمىيەنى ئىشقا سېلىپ باستۇرۇپ، نامايىشچىلارنىڭ رەھبەرلىرىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئىلاجسىز قالغان خەلق ئۆزلۈكىدىن قولغا قورال ئېلىپ، مۇستەملىكىچى ئارمىيەگە قارشى جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار ھۆكۈمەت ئورگىنىنى ئىشغال قىلىپ، كوچىلارغا ئىستىھكام ياساپ، بۇ شەھەرنى بىرقانچە كۈن تىزگىنلىدى. پېشاۋۇردا بىر قىسىم ھىندىستانلىق ئەسكەرلەر مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە ئاممىغا ئوق چىقىرىشنى رەت قىلدى. قوزغىلاڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى،

ئەنگلىيە پىشاۋۇردىكى قوزغىلاڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن، پۈتۈن ھىندىستاندىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ 2/3 قىسمىنى توپلىدى.

بىراق، قوزغىلاڭ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى، گەندى ھەتتا ئامىمىغا ئوق چىقىرىشنى رەت قىلغان ئەسكەرلەرنى تەنقىد قىلدى. قوزغىلاڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاۋاز قوشۇشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، كۈچلۈك دۈشمەننىڭ باستۇرۇشى ئاستىدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستان مىللەتچىلىرىگە ئىككى ياقلىمىلىق ئۇسۇلدا تاقابىل تۇردى. بىر جەھەتتىن، مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە پەرمان جاكارلاپ، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىشنى چەكلىدى، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قانۇنسىز دەپ جاكارلاپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ گەندى، نېھرۇ قاتارلىق داھىيلىرىنى قولغا ئالدى، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنى تۈرمىگە تاشلىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ھىندىستان خەلقىگە قارىتا پارچىلاش، يېمىرىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن باشقا سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرۈپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنى يېتىم قالدۇردى ھەم ئاخىرىدا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنى ئەنگلىيەلىكلەر ئورۇنلاشتۇرغان سۆھبەت يىغىنىغا ئەكىلىپ، ئەنگلىيەلىكلەر تۈزۈپ قويغان كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1930 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيە پايتەختى لوندوندا تۇنجى قېتىملىق يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى، ھىندى دىنى كېڭىشى، شىك دىنىدىكىلەر ۋە خارىجانلارنىڭ رەھبەرلىرى، ھەر ساھەدىكى مەشھۇر كىشىلەر ۋە ھەرقايسى بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ۋەكىللىرى

www.uyghurkitap.com

قاتناشتى. گەندى ۋە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ قېتىملىق يىغىنغا قارشى تۇردى، بىراق بۇ پوزىتسىيەسىدە ئاخىرغىچە چىڭ تۇرالمىدى. 1931 - يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشى ئارقىسىدا، زوراۋانلىق قىلماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى يەنە كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللىيەلمىگەنلىكتىن، بىر مەھەل داغدۇغا قوزغىغان ھىندىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تەدرىجىي پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باش ۋالىي گەندى ۋە دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى خىزمەت كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گەندى بىلەن باش ۋالىي ئۇۋىن دېھلىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «گەندى - ئۇۋىن كېلىشىمى» ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، ئەنگلىيە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى توختاتتى ھەمدە يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا ۋەكىل قاتناشتۇردى. شۇ يىلى 9 - ئايدا گەندى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا ھىندىستان دۆلەت كونگېرىسى پارتىيەسى ھىندىستانغا دومىنىئونلۇق ئورنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇنى رەت قىلدى. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئارىنى بۇزۇشى ۋە پايدىلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن ھىندىستاندىكى باشقا سىياسىي گۇرۇھلار پارلامېنتتىكى ئورۇن تەقسىماتى مەسىلىسىدە قاتتىق زىددىيەتلىشىپ قالغانلىقتىن، بۇ ئىش ھىندىستاننىڭ كېيىنكى سىياسىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى.

ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ 2 - قېتىملىق

يۇمىلاق ئۇستەل يىغىنىدا ئۇچرىغان خورلۇقى ۋە ئوڭۇشسىزلىقى پارتىيە ئىچىدىكى رادىكاللار ئارىسىدا قاتتىق نارازىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە كېلىپ مۇستەملىكە دائىرىلىرى 2 ـ قېتىملىق يۇمىلاق ئۇستەل يىغىنىنى ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ باستۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. يۇمىلاق ئۇستەل يىغىنى ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، 1932 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مۇستەملىكە دائىرىلىرى بىر قاتار جىددىي پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشنى باشلىدى، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى يەنە بىر قېتىم قانۇنسىز دەپ جاكارلىنىپ، گەندى قاتارلىق ئاساسلىق داھىيلار يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى مەملىكەت خاراكتېرلىك ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىگە كەلتۈردى، بىراق 1930 ـ يىلىدىكىدەك كۆلەم ۋە داغدۇغا پەيدا قىلالمىدى. 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى شەرتسىز توختاتقانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى.

**1935 ـــ 1945 ـ يىللاردىكى ھىندىستاننىڭ سىياسىي تەرەققىياتى**

ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى توختىتىشى بىلەنلا ئەنگلىيە دائىرىلىرى «ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەت ئىسلاھاتى»غا تۇتۇش قىلىپ، ھىندىستاندىكى مىللەتچىلەرنى ئەنگلىيە ئالدىن تۈزۈپ قويغان لايىھە بويىچە ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ماسلىشىشقا كۆندۈرمەكچى بولدى. 1935 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى يېڭى «ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەشكىلىي قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇن «سىمون تەكشۈرۈش ئۆمىكى» بەرگەن تەكلىپكە بىنائەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئومۇملۇقتا مۇناسىۋەتسىز بەزى ئىشلاردا ھىندىستان خەلقىنىڭ تەلىپىگە كۆڭۈل بۆلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن «مونتايگۇ ـــ چېلمىسفولد لايىھەسى»دىن كۆچۈرۈلگەن،

ھېچقانچە يېڭى مەزمۇنى يوق ئىدى. شۇڭا، ھىندىستان خەلقى بۇ لايىھەگە تەبىئىيلا قارشى تۇردى ھەم ئۇنى ھىندىستان خەلقىگە تېڭىلغان «قۇللۇق ئاساسىي قانۇنى» دەپ ئاتىدى.

ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى يەنىلا بۇ يېڭى ئاساسىي قانۇندىكى ئۆزىگە پايدىلىق مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىپ كۆرەش قىلىش قارارىغا كەلدى. يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىلىي قانۇنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر قىسمى فېدېراتىپ ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسىگە ئائىت، يەنە بىر قىسمى ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسىگە ئائىت ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەر قانۇننىڭ كېيىنكى قىسمىدا ھىندىستان خەلقىگە خېلى يول قويغانىدى. گەرچە ئەنگلىيە يەنىلا مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ ئۆلكە ۋالىيلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىشىدە چىڭ تۇرغان، ئۆلكە ۋالىيلىرى ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنىڭ قارارىنى ئىنكار قىلالايدىغان، ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى تارقىتىۋېتەلەيدىغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيىتىگە ئارىلىشالايدىغان ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋېتەلەيدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتىنى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈش بەلگىلىنىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ مال - مۈلۈك سالاھىيىتىگە قويۇلغان چەك تۆۋەنلىتىلگەنىدى، ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمىدا كۆپ ئورۇنغا ئېرىشكەن پارتىيە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىسە بولاتتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، دۆلەت قانۇنى يول قويغان دائىرىدە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى. مۇرەسسەلىشىش يۈزىسىدىن، ئەنگلىيە دائىرىلىرى ھىندىستان خەلقىنىڭ قارشىلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان فېدېراتسىيە ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاۋۋال ئۆلكە ئاپتونومىيەسىنى يولغا قويۇش ھەم شۇ يىلىنىڭ

بىشىدا يېڭى قانۇن لايىھەسى بويىچە ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمىنى ئۆتكۈزۈشنى بېكىتتى.

سايلام نەتىجىسىدە كۆپ سانلىق سايلىغۇچىلار ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيىسىگە بېرىلەت تاشلاپ، دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى 11 ئۆلكىدىكى 1585 ئورۇننىڭ 714 نگە ئېرىشتى، يەتتە ئۆلكىدە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكىلەر ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. گەرچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى چەكلىك بولسىمۇ، بىراق بۇ نېمىلا دېگەن بىلەن ھىندىستانلىقلارنىڭ ئۆز يېرىدە ھوقۇق يۈرگۈزۈشى بولۇپ، ھىندىستان خەلقى دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانات يايدۇرغان مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ئەنگلىيىلىكلەرنى مۇشۇنداق يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئابرۇيى تېزلىكتە ئۆسۈپ، پارتىيە ئەزالىرى 1936 ـ يىلىدىكى 500 مىڭدىن 5 مىليونغا كۆپەيدى.

ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمىغا قاتنىشىشى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىشى ھىندىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە بەزى سەلبىي تەسىرلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بىرىنچىدىن، بۇ ئىش پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭ قانات مۆتىدىل كۈچلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. پارتىيە ئىچىدىكى سول قانات كۈچلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە قارشى چىقتى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەنسە، مۇستەملىكىچى دائىرىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى ـ دە، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانىدىن ۋاز كېچىشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى. بىراق، سول قانات كۈچلەرنىڭ يۈنىلىشىنى بۇراشقا قۇربى يەتمەتتى. ئاخىرىدا، بوسې باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر 1939 ـ يىلى 5 ـ ئايدا

ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئالغا گۇرۇھىنى قۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئالغا گۇرۇھى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھىندىستان دۆلەت سوتسىياللار پارتىيەسى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ مىللىي فرونتى بىلەن بىرلىكتە سولچىل ئىتتىپاق كومىتېتىنى تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

ئىككىنچىدىن، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئۆلكىلىك قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلىمىدا غەلىبە قىلىشى ھەم شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكە ئاپتونومىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى مۇھەممەد ئەلى جىنناھ (1870 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ياشىغان) بولۇپ، ئۇ كاراچىدىكى باي سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ياشلىقىدا ئەنگلىيەگە بېرىپ قانۇن كەسپىدە ئوقۇپ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر ئادۋوكاتى بولۇپ قالغان، 1896 ـ يىلى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىگە كىرگەن، 1913 ـ يىلى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان، 1934 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ تەشكىلاتنىڭ مەڭگۈلۈك رەئىسى بولغانىدى. ئۇ ئەسلىدە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىشىپ ھىندىستاندا ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈشىنى تەشەببۇس قىلاتتى، شۇڭا ئۇنى مەزھەپچى دېگىلى بولمايتتى. ئۇ نۇرغۇن مەسىلىلەردە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولغاچقا، ھەمكارلىق ئاساسى بار ئىدى. سايلام نەتىجىسى مۇھەممەد ئەلى جىنناھنى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ سايلامدا غەلىبە قىلىشى ھەقلىق ئىش بولسىمۇ، بىراق جىنناھنىڭ ئويلىمىغان

يېرىدىن چىققىنى شۇ بولدىكى، مۇسۇلمانلار ئەينى چاغدا ھىندىستان نوپۇسىنىڭ 1/4 نى ئىگىلىگەن تۇرۇقلۇق، مۇسۇلمانلار ئېتتىپاقى بولسا 1585 ئورۇننىڭ ئاران 108 نگە ئېرىشكەنىدى، ھەتتا مۇسۇلمانلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئۆلكىلەردىمۇ مۇسۇلمانلار ئېتتىپاقى كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەنىدى. سايلامدىن كېيىن جىنناھ ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ مۇسۇلمانلار كۆپرەك ئورۇنغا ئېرىشكەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەردە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىدىكىلەرگە بەزى مىنىستىرلىق ۋەزىپىلىرىنى بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ سەمىمىي ھەمكارلىشىش ئارزۇسى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىكى بەزى رەھبەرلەر ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتۇشتەك ئىستىلى بىلەن باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى چەتكە قاقتى. نېھرۇ: «تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ھىندىستاندا ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىن ئىبارەت ئىككىلا كۈچ بار، باشقا كۈچلەر بولارنىڭ ئارىسىغا ئايرىم ـ ئايرىم تىزىلىشى كېرەك» دېدى. بۇ ئامىللار مۇھەممەد ئەلى جىنناھ ۋە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىدىكى باشقا رەھبەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسى ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كەلگۈسىدىكى سىياسىي كۈرەشتە دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن تىركىشىش ئۈچۈن، پۈتۈن ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەي بولمايتتى، بۇنىڭدا مەزھەپچىلىكنىڭ ياردىمىگە كۆپرەك تايانماي بولمايتتى، پەقەت مەزھەپچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققاندىلا، پۈتۈن ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنى ئېتىراپ قىلىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ، پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەت ھەمدە مۇسۇلمانلار

ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشەلمەسلىككە قارىماي، 1939 ـ يىلىدىكى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى سىياسىي جەھەتتە خېلىلا پىشىپ قالغان بولۇپ، ھىندىستاندىكى باشقا سىياسىي كۈچلەر تېخى ئۇنىڭ بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ بولالمايتتى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنى يوقىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنى ئارىلاشتۇرماي چىقارغان ھەرقانداق قارارنىڭ ھىندىستاندا كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستاننىڭ ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشىنىڭ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ھىندىستاندىكى ئىشەنچلىك مۇتەئەسسىپ كۈچكە ھاكىمىيەتنى قانداق ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش داۋامىدا ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھىندىستاندىكى مەنپەئەتىنى قانداق قىلىپ زىيانغا ئۇچراتماسلىققا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. مۇشۇنداق مۇددىئانىڭ ئالامەتلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرىلا كۆرۈلگەنىدى.

**2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھىندىستاننىڭ سىياسىي تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى** 1939 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي ھەمكارلىقىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاخىرلاشتى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇ كۈنى ئەنگلىيە ھىندىستان خەلقىنىڭ ماقۇللۇقىنىمۇ ئالماستىن، ھىندىستاننىڭ گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە دائىرىلىرى «ھىندىستان دۆلەت مۇداپىئە قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ساقچى تارماقلىرىغا يىغىلىش ئۆتكۈزگەن ۋە نامايىش قىلغان ئاممىنى قولغا ئېلىش، گېزىت ـ ژۇرناللارنى پىچەتلەش ھەمدە «دۆلەت مۇداپىئەسىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلدى»

www.uyghurkitap.com

دەپ قارىغانلىكى ئادەملەرنى ئەيىبلىمەستىن خالىغانچە قولغا ئېلىش هوقۇقىنى بەردى. ئەنگلىيە پارلامېنتى يەنە 1935 ـ يىلىدىكى هىندىستان هۆكۈمىتى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ تولۇقلىمىسىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ماقۇللىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتلەرنى تارقىتىۋېتىشكە هوقۇقلۇق ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ بۇ قىلمىقى ئۇلارنىڭ هىندىستان خەلقىنىڭ كۈچىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى، ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، هىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەلىپىنى باسماقچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ بۇ قىلمىشىدىن هىندىستاندىكى هەرقايسى ساهەدىكىلەر قاتتىق نەپرەتلەندى. سىياسىي جەهەتتە پېشىپ يېتىلگەن هىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى خاتالىقنى قايتا سادىر قىلىشنى خالىمايتتى، ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ ۋاپاغا ۋاپا قىلىشىغا، جۇملىدىن هىندىستان خەلقى ئۇرۇشتا ئۇنى قوللىسا، ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن هىندىستان خەلقىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇلار: ئۇرۇش ئەنگلىيەنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە خورىتىۋېتىدۇ، بۇ ئەنگلىيەنى تەلەپكە كۆندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت، دەپ قارايتتى. شۇڭا، هىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىر جەهەتتىن، هەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەشلىرىگە هېسداشلىق قىلسا، يەنە بىر جەهەتتىن هىندىستان خەلقىنىڭ ئۇرۇشتا ئەنگلىيەنى قوللىمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىلدۈردى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى هىندىستاننىڭ دومىنىئونلۇق ئورنى مەسىلىسىنى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئويلىشىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى.

1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سەككىز ئۆلكىدىكى دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئۆلكىلىك هۆكۈمىتى ئەنگلىيەنىڭ جاهىللارچە پوزىتسىيەسىگە ئىنكاس قايتۇرۇش يۈزىسىدىن

ئومۇميۈزلۈك ئىستىپا بەردى. دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى گەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە 3 - قېتىملىق ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋە سولچى زاتلارنى كۆپلەپ قولغا ئالدى. پۈتكۈل 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى مۇستەملىكە دائىرىلىرىگە نىسبەتەن ئىزچىل ھەمكارلاشماسلىق پوزىتسىيەسى تۇتتى.

ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى تەشكىللىگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستىپا بەرگەنلىكىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىندى دىنى مۇرتىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانلىقى سۈپىتىدە تەبرىكلىدى. 1940 - يىلى 3 - ئايدا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ لاھوردا ئۆتكۈزۈلگەن يىللىق يىغىنىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئايرىم دۆلەت قۇرۇشى توغرىسىدىكى قارار رەسمىي ماقۇللاندى. قۇرۇلماقچى بولغان بۇ دۆلەت ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى زىددىيەت ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ھىندىستاندىكى سولچىل كۈچلەر 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاجىزلىشىپ كەتتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ھىندىستاندا نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزۇپ، كوممۇنىستلار ۋە سولچىللارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلدى. مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق بېسىش سىياسىتى ئاستىدا، مەيلى

www.uyghurkitap.com

كوممۇنىستلار بولسۇن ياكى سولچىللار بولسۇن، كۆرەشنىڭ توغرا فاڭجېنىنى تاپالمىدى. 1941 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلقئارادىكى فاشىستىك كۈچلەر بىلەن دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ كۆرىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بىر ئۆرۈلۈپلا ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ، مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى. بوسې باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ھىندىستان ۋەتەنپەرۋەرلىرى خاتا ھالدا گېرمانىيە ۋە ياپونىيە بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، قوراللىق كۆرەش ئارقىلىق ئەنگلىيەلىكلەرنى قوغلىۋېتىش كويىغا چۈشتى.

ئومۇمەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ھىندىستاندىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. يېڭى خەلقئارالىق ۋەزىيەتتە تۈرلۈك سىياسىي گۇرۇھلار ئوخشاشمىغان تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، بىر ـ بىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ھىندىستاننىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسەتتى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى مىللەتچىلىك توغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەمكارلىشىشتىن ھەمكارلاشماسلىق مەۋقەسىگە ئۆتۈش ئارقىلىق، ھىندىستان خەلقى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى تىكلىدى؛ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە باشقا سولچىل كۈچلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا تەرەققىي قىلالمىدى؛ ئەمما مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا تەرەققىي قىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ھىندىستاننىڭ ئىستىقبالى تەبىئىيلا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىق بولۇپ

قالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئاخىر ھىندىستان، پاكىستاننىڭ بۆلۈنۈشى بىلەن ئىشقا ئاشتى.

**گەندىزم ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھا** گەندى ھىندىستاننىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

گەندى ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھ بىلەن ھىندىستاننىڭ مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىزدەندى. ئۇ قۇدرەتلىك ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىرىدىن قورقۇپ قالمىدى؛ كۈرەشتە ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇز نەچچە قېتىم تۈرمىگە كىرىپ ئۇچرىسىمۇ قىلچە بەل قويۇۋەتمىدى. ئۇ ئۆمرىدە 17 قېتىم تۈرمىگە قامالدى، ئەڭ ئۇزاق بىر قېتىمدا ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى؛ 17 قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلدى، ئەڭ ئۇزاق بىر قېتىمدا 21 كۈن تاماق يېمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھېچقاچان ھىندىستاننىڭ ئاپتونومىيە ۋە مۇستەقىللىق نىشانىدىن ۋاز كەچمىدى. بۇ، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە خەلقلىرى قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ ئىدى. شۇڭا، ھىندىستان خەلقى ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ماخاتما» («ئۇلۇغ روھ» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىدى.

ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى گەندىنىڭ تۈرتكىسىدە مەركەز ۋە يەرلىكتە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى بولغان ھەممە شەھەر ـ يېزا خەلقى قاتناشقان ئاممىۋى پارتىيە بولۇپ تەشكىللەندى، كۈرەش يۆلىنىشى قاتلامدىكىلەردىن كەڭ ئاممىغا ئارىسىغا كېڭىيىپ، ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلىپ، پارتىيە «گەندى دەۋرى»گە قەدەم قويدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا گەندى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىملىق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ھەرىكەت داۋامىدا چەت ئەلنىڭ رەختلىرىنى چەكلەش، ئاش تۇزى مونوپولىغا قارشى تۇرۇش، يەرلىك باجنى

كېمەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلق ئاممىسىنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەشتە پائال رول ئوينىدى. گەندى ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقتىن، ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتىسى دەپ ھۆرمەتلەندى.

گەندى بىر سىياسىيون بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر مۇتەپەككۇر. گەندى ئىدىيەسى (ياكى گەندىزم)نىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، خېلى سىستېمىلاشقان. ئۇ ئاساسلىق ھالدا مېھىر - شەپقەت، ھەقىقەت، زوراۋانلىق قىلماسلىقنى ئاساس مەزمۇن قىلغان پەلسەپە — دىن قارىشى، ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسي نىشان قىلغان سىياسىي ئىدىيە، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى، خارىجانلار تۇرمۇشىنى يوقىتىش، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش، بايلار كەمبەغەللەرگە غەمگۇزار بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىدىيە، يىرىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەش، يېزا - كەنت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، توقۇمىچىلىق (بابكارچىلىق)نى تەشەببۇس قىلىشتەك ئىقتىسادىي ئىدىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە ھىندىستان دۆلەت كونگىرىسى پارتىيەسىنىڭ ئىچى - سىرتىدا گەندىنىڭ بۇ ئىدىيەسىگە قارىتا ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىدىيە ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى تەرەققىيات يولىنى بېكىتىشتە مۇھىم ئاساس بولدى.

ئاخىرىدا يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گەندىنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ئىستىراتېگىيەسى ئەمەلىيەتتە ئىشچى - دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي

قىلىشىنى چەكلەپ، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان سىياسىي ئىنقىلابنىڭ ئەمگەكچى ئامىسىنىڭ سىنىپىي زۇلۇمغا ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيەگە قارشى تۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئىنقىلابىغا ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. بۇ نۇقتا گەندىنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئاساسەن ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 3 ـ بۆلۈم ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى

**1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيانىڭ تەرەققىيات** ۋەزىيىتى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا رايونىدىكى سىئام (تايلاند)دىن باشقا جايلار غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە، ھامىيلىقىدىكى ئەلگە ئايلىنىپ قېلىپ، پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا رايونى ئۇلار تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىندى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا ئەنگلىيە بىرما، مالايا، بىرۇنېي، ساراۋاك، ساباھ ۋە سىنگاپورنى ئىگىلىۋالدى، بۇ جايلارنىڭ يەر مەيدانى جەمئىي 1 مىليون 10 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى؛ فىرانسىيە ۋيېتنام، لائوس ۋە كامبودژانى ئىگىلىۋېلىپ، فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىچىنى فېدېراتسىيەسىنى قۇردى، بۇ جايلارنىڭ يەر مەيدانى 740 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى؛ گوللاندىيە ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، گوللاندىيەگە قاراشلىق شەرقىي ھىندىستاننى قۇردى، بۇ جاينىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون 900 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلەتتى؛ پورتۇگالىيە شەرقىي

تىمورنى ئىگىلىۋالدى، بۇ جاينىڭ يەر مەيدانى 18 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى؛ ئامېرىكا ئىسپانىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ فىلىپپىن تاقىم ئارالللىرىنى ئىگىلىۋالدى، بۇ جاينىڭ يەر مەيدانى 299 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى.

سىئام (تايلاند) نامدا مۇستەقىل دۆلەت بولغىنى بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيە كېلىشىم ئارقىلىق مىكوڭ دەرياسى ۋادىسىنى پاسىل قىلىپ تەسىر دائىرە ئايرىۋالغانلىقتىن، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە تالىشىۋاتقان ھەم ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالغاندى.

بۇ مەزگىلدە غەربتىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى ئەللەرنى ئۆزلىرىنىڭ تاۋار بازىرى، خام ئەشيا مەنبەسى، مەبلەغ سېلىش سورۇنى ۋە ئىستراتېگىيەلىك بازىسى قىلىۋالدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا تامامەن كاپىتالىزم دۇنياسى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھەرقايسى ئەللەر تامامەن مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ھالىتىگە ئۆتتى. سىياسىي جەھەتتە، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق غەربتىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتلىرى بىۋاستە كونترول قىلىدىغان مۇستەملىكە ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بۇلاردىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك بولۇپ قالدى، مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلار ھوقۇقى باش ۋالىي ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەرب ئەللىرى بەزى ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى مۇستەملىكىلەرگە ئېلىپ كىرىپ ھەمدە شۇ جايدىكى ئەسلىدىن بار ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ساقلاپ قېلىپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، يەرلىك فېئودال كۈچلەر، قەبىلە ئاقساقاللىرىنى يۆلەپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ

هۆكۈمرانلىق قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. فېدېراتسىيە قۇرۇپ يەرلىكلەر ئارقىلىق يەرلىكلەرنى ئىدارە قىلىش، ئايرىپ ئىدارە قىلىش غەربتىكى مۇستەملىكىچى ئەللەر يېقىنقى زاماندىن بېرى كۆپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان هۆكۈمرانلىق شەكلى ئىدى. ئەنگلىيە ئۆز مۇستەملىكىلىرىدە ئاتالمىش ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەت ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى؛ ئامېرىكا «فىلىپپىنلاشتۇرۇش»نى يولغا قويۇپ، ئۈچ هوقۇق ئايرىلغان سىياسىي تۈزۈلمىنى ئورناتتى؛ گوللاندىيە مۇستەملىكىلەرگە هوقۇق ۋە پاراۋانلىق بېرىشتىن ئىبارەت ئاتالمىش «ھەققانىيەت ئىسلاھاتى»نى داۋاملىق يولغا قويدى؛ فىرانسىيە مۇستەملىكە سىياسىتىدە «بىرلەشتۈرمىچىلىك»تىن «باغلانمىچىلىق»قا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىنى بۇنداق تەڭشەشتىكى مەقسىتى مۇئەييەن «يول قويۇش» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىلەردىكى ئالاھىدە هوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى بەزى مۇستەملىكىلەردە يەنە مەسلىھەتچىلىك پارلامېنتى ۋە سوت مەھكىمىسى مەيدانغا كېلىپ، مۇلكىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، پارتىيەلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى ناتۇرال ئىگىلىك كۆنسايىن يىمىرىلدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ قاتناش ـ ترانسپورتى تەرەققىي قىلىپ، شەھەرلىرى گۈللەندى، ئاھالىسى كۆپەيدى. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتمۇ مۇناسىپ تۈردە ئۆزگەردى. بۇرژۇئازىيە، پرولېتارىيات، شەھەر ـ يېزا ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسى ۋە زىيالىيلار ئۆسۈپ يېتىلىپ تەرەققىي قىلدى. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى مىللىي ئازادلىق هەرىكىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى.

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا شەرقىي جەنۇبىي



www.uyghurkitap.com

ئاسىيادىكى مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچى زورايدى. مىللەتچىلىك پارتىيەلىرى، مەسىلەن، ۋىيېتنام مىللىي پارتىيەسى (1926- يىلى)، ھىندونېزىيە مىللەت پارتىيەسى (1927 - يىلى)، بىرما تخاكىن پارتىيەسى (يەنى بىرمىلىقلار پارتىيەسى، 1930 - يىلى) ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 20 - يىللاردىن باشلاپ، بولۇپمۇ 30 - يىللاردا، ماركسىزمنىڭ تارقىلىشى تۈپەيلىدىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى (ھىندونېزىيە، ۋىيېتنام، مالايا، فىلىپپىن ۋە بىرما)دە كوممۇنىستىك پارتىيە ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. تايلاند كوممۇنىستىك پارتىيەسى سەل كېيىنرەك قۇرۇلدى (1942 - يىلى). 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە ئىشچى -دېھقانلار ھەرىكىتى ۋە مىللىي ئازادلىق كۈرىشى بەس - بەستە ئەۋج ئېلىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ۋىيېتنام ۋە ھىندونېزىيەدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئەڭ تەرەققىي قىلدى.

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جەمئىيەتتىكى پەرق، سىنىپىي كۈچلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى باشقا رايونلاردىكىگە ئوخشاشلا ھەرخىل تەرەققىيات يولى شەكىللەندى. كۆپ ساندىكى ئەللەردە مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇلارنىڭ پارتىيەلىرى مىللىي ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالدى. مەسىلەن، ھىندونېزىيە، بىرما، فىلىپپىن، مالايا ۋە سىنگاپور دېگەندەك؛ بەزى دۆلەتلەردە، مەسىلەن، كامبودژادا بۇ ھوقۇقنى ۋەتەنپەرۋەر پادىشاھ، تۆرىلەر ئۆز قولىدا تۇتتى. پەقەت ۋىيېتنامدىلا 1930- يىلى كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇق ئىشچىلار سىنىپى پارتىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى مۇستەقىللىق

www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۆزگىچە بولدى. بىراق، ھەر قايسى ئەللەردىكى ھەرىكەتنىڭ مۇساپىسىدىن قارىغاندا، كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر تۈرلۈك شەكىلدىكى كەسكىن كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەللەردە تۆۋەندىكىدەك مۇھىم كۈرەش ۋەقەلىرى، يەنى 1926 ــ 1927 ـ يىللىرى ھىندونېزىيەدە يۈز بەرگەن گوللاندىيەگە قارشى مىللىي قوزغىلاڭ؛ 1930 ــ 1931 ـ يىللىرى ۋيېتنامدا يۈز بەرگەن فىرانسىيەگە قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ۋە نىگېئەن، خاتىنخ سوۋېت ھەرىكىتى؛ 1930 ـ يىلى بىرمىدا يۈز بەرگەن شايىشەن رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى، تخاكىن پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدىكى نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىشى ۋە ئەنگلىيەگە قارشى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى؛ 1935 ـ يىلى فىلىپپىندا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ۋولاگان ئۆلكىسىدىكى «جۇمھۇرىيەت قۇرۇش» كۈرىشى بارلىققا كەلدى.

تايلاندنىڭ ئەھۋالى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى باشقا ئەللەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، دۆلەت ھاكىمىيىتى پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنى مەركەز قىلغان تايلاندلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى. بىراق، كېيىنچە تايلاندنىڭ ئەھۋالىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى راما Ⅳ ، راما V ئىسلاھاتىدىن كېيىن، 1932ـ يىلى بۇرژۇئازىيە پارتىيەسى ــ پۇقرالار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تايلاندتا ئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى تىكلەندى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا گۈرۈچ ۋە ئىسسىق بەلباغ ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى كۆپ، قەلەي، كاۋچۇك ۋە نېفىت قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك بايلىقلار مول ئىدى. بۇ يەر يەنە شەرق بىلەن غەربنىڭ دېڭىز قاتنىشىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ،

ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. كېيىن باش كۆتۈرگەن ياپونىيە جاھانگىرلىكى بۇ رايونغا ئۇزاقتىن بېرى شۆلگىيىنى ئېقىتىپ كەلگەنىدى. 30 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ ياپونىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا سىڭىپ كىرىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، «جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش» قەدىمىنى تېزلەتتى. 1941 - يىلى 12 - ئايدا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغاپ، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا رايونىنى قورال كۈچىگە تايىنىپ زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى»گە ئېلىپ كىردى. بۇ تۈپەيلىدىن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋيېتنام، بىرما، مالايسىيا، سىنگاپور، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈرەش قىلدى. ھىندونېزىيە بىلەن تايلاندتىمۇ ياپونغا قارشى ھەرىكەت قانات يايدى. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىدىكى ياپونغا قارشى كۈرەش دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بۇ جەرياندا توپلانغان تەجرىبىلەر شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

**فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ۋيېتنام ۋە ۋيېتنامدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى** 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋيېتنام گەرچە ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشمىغان بولسىمۇ، بىراق فرانسىيە ۋيېتنامدىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى ئۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. فرانسىيە ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

مەزگىلىدە ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتتىن ئەسكەرلىك ياكى ئىشچىلىقا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئالدى. ئۈچ دۆلەتتىكى باج ـ سېلىقنى ۋە مەجبۇريي تاڭىدىغان زايومنى كۆپەيتتى. ۋيېتنام، كامبودژا، لائوستىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت فىرانسىيەنى 1 مىليارد 915 مىليون فىرانك زايوم پۇلى ۋە 200 مىليون فىرانكقا يېقىن خىراجەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

فىرانسىيە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە، ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى مۇستەملىكە زېمىنغا ۋە مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىنغا ئىگە بولدى. بىراق، ئۇرۇش فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. فىرانسىيە ئىچكى ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتتى. 1921ـ يىلى 4 ـ ئايدا فىرانسىيە مۇستەملىكە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئالبېرت ساررراۋات مۇستەملىكىلەرنى ئېچىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھىندىچىنىنى ئېچىش پىلانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى ھىندىچىنى مۇستەملىكە ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ، فىرانسىيەنىڭ ۋيېتنامنى 2 ـ قېتىم ئېچىشى ئىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن فىرانسىيەنىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلە كاپىتالى رۇسىيەدىكى سورۇنىدىن مەھرۇم قالدى، شۇنىڭ بىلەن كاپىتالىستلار نەزىرىنى شەرقتىكى ئەللەرگە ئاغدۇرۇپ، ھىندىچىنىغا چىقىرىدىغان كاپىتالنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆپەيتتى. 1924 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەنىڭ خۇسۇسىي كاپىتالىنىڭ ۋيېتنامغا سالغان مەبلىغى 3 ـ 4 مىليارد فىرانكقا يەتتى، ھالبۇكى 1888 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەنىڭ دۆلەت كاپىتالى ۋە خۇسۇسىي كاپىتالىنىڭ ھىندىچىنى

(ئاساسلىقى ۋېيېتنام)غا سالغان ئومۇمىي مەبلىغى ئاران 1 مىليارد فىرانكچە چىقاتتى. ئالدىنقى قېتىملىق مۇستەملىكە ئىقتىسادىدىن پايدىلىنىش مەزگىلىدە فىرانسىيە ئاساسلىقى كانچىلىق ۋە قاتناش ـ تىرانسپورتتىن ئىبارەت ئىككى تارماققا مەبلەغ سالغانىدى. بۇ قېتىمقى پايدىلىنىشتا بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىپ، ئاساسلىقى كاۋچۇك ئېكىنزارلىقىنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ ئىككىنچىدىن، كانچىلىققا مەبلەغ سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يېنىك سانائەت ۋە سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى. بۇ 2 ـ قېتىملىق ئېچىشنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

بۇ مەزگىلدە كاۋچۇكنى ئاساس قىلغان ئىسسىق بەلباغ ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈش تېز تەرەققىي قىلدى. كاۋچۇك تېرىلغۇ كۆلىمى 1924 ـ يىلىدىكى 31 مىڭ 200 گېكتاردىن 1930 ـ يىلىغا كەلگەندە 99 مىڭ 678 گېكتارغا كۆپەيدى؛ كاۋچۇك سىرى مەھسۇلات مىقدارى 1913ـ يىلىدىكى 200 تونىدىن 1929 ـ يىلىغا كەلگەندە 10 مىڭ 308 توننىغا كۆپەيدى. 20 ـ يىللاردا ۋېيېتنامدا كان چارلاش، كان ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، ھۆكۈمەت كان چارلاش ئىجازەتنامىسىنى كۆپلەپ تارقىتىپ، بىرمۇنچە كانچىلىق شىركەتلىرى قۇرۇلدى، كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى تېزلىكتە ئاشتى. 1924 ـ يىلى كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ھىندىچىنى پۇلى ھېسابىدا 11 مىليون 400 مىڭ دوڭ بولغان بولسا، 1929ـ يىلى 18 مىليون 600 مىڭ دوڭغا كۆپەيدى، شۇ يىللاردا بىر دوڭ 11.46 فىرانكقا تەڭ بولۇپ، ئومۇمىي قىممىتى 213 مىليون 700 مىڭ فىرانك ئىدى. فىرانسىيە كانچىلىق شىركەتلىرىنىڭ پايدىسىمۇ شىددەت بىلەن ئاشتى، خونگاي كۆمۈركان شىركىتى قۇرۇلغان چاغدا (1888 ـ يىلى) ئاران 9 مىليون فىرانك كاپىتالى بار ئىدى، 1930ـ يىلى دىرى ۋە پايدىسى قوشۇلۇپ 38 مىليون 400 مىڭ فىرانكقا

يەتتى.

ئۆرۈشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ مەبلەغكە ئىگە بولغان شەرق پېرىۋوت بانكىسى (ھىندىچىنى بانكىسى) بۇ چاغدا يەنىلا فىرانسىيە پۇل مۇئامىلە دوكاللىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىچىنىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ھەرقايسى چوڭ شىركەتلەر، كارخانىلاردا پاي دەسمايىسى بار ئىدى. فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتى تاموژنا بېجىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، باشقا دۆلەتلەرنى چەكلىدى، بولۇپمۇ جۇڭگو، ياپونىيە تاۋارلىرىنىڭ كىرىشىنى توسۇپ، ۋيېتنامنىڭ تاشقى سودىسىنى فىرانسىيەنىڭ سودا چەمبىرىكى ئىچىدە چۈشەپ قويدى. فىرانسىيە كاپىتالىستلىرى ۋيېتنام بازىرىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق ۋيېتنامنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرى ــ كۆمۈر، گۈرۈچ، كاۋچۇك قاتارلىقلارنى مونوپول قىلىۋېلىپ، ھەر يىلى 1مىليارد فىرانكتىن ئارتۇق پايدىغا ئېرىشتى. 1924 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادى مۇقىم تەرەققىي قىلدى، ھىندىچىنىدا بەزىلەر بۇ مەزگىلنى فىرانسىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دەپ ئاتاشتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغلاردا، ۋيېتنامنىڭ مىللىي سودا ـ سانائىتى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 20 ـ يىللاردا ۋيېتنام كاپىتالىستلىرى فابرىكا، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، پاراخوت شىركىتى قۇردى، ئۇششاق كانلارنى ئىگىلىدى، ئېكسپورت ماگىزىنلىرىنى ئاچتى. 1926ـ يىلى سايگوندا ۋيېتناملىقلار مەبلەغ سالغان ۋە باشقۇرغان ۋيېتنام بانكىسى قۇرۇلدى، بانكىنىڭ 260 مىڭ دوڭ مەبلىغى بولۇپ، لى ۋېنگۇڭ دىرېكتور بولدى، ئۇنىڭغا نامىدىكى بەزى ۋيېتناملىق پومېشچىكلار، كاپىتالىستلار مەبلەغ سالدى، بۇ مىللىي پۇل مۇئامىلە



www.uyghurkitap.com

كاپىتالىنىڭ بىخ سۇرۇشى ھېسابلىناتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ۋېيېتنام بۇرژۇئازىيەسى رەسمىي شەكىللەندى. بىراق، مۇستەملىكە ھەم يېرىم فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدە قالغان ۋېيېتنام مىللىي كاپىتالىنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1926 — 1927 - يىللىرى خانويدىكى چوڭراق سودا - سانائەت كارخانىلىرى 700 دىن ئارتۇق بولۇپ، ۋېيېتناملىقلار باشقۇرۇۋاتقىنى ئاران 300 بولغان؛ سايگوندىكى 539 كارخانا ئىچىدە ۋېيېتناملىقلار باشقۇرۇۋاتقىنى ئاران 70 بولغان. ۋېيېتنام مىللىي كاپىتالىستلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا، ئۇششاق سودا بۇرژۇئازىيەسى ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ۋېيېتناملىقلارنىڭ تۇنجى بانكىسى كاپىتالىنىڭ ئازلىقىدىن تىجارەت باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا فىرانسىيەنىڭ چوڭ بانكىسى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

سودا - سانائەتنىڭ تەرەققىياتى شەھەرلەرنىڭ ئاۋاتلىشىشىنى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1928- يىلى خانويدا 130 مىڭ ئاھالە، خاي پىخوڭدا 98 مىڭ ئاھالە، خۇئېدا 35 مىڭ ئاھالە، سايگوندا 125 مىڭ ئاھالە، چولوندا 192 مىڭ ئاھالە بار ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا شەھەر ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 2% نى ئىگىلەيتتى، 20 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 30 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بۇ نىسبەت 8% — 10% كە كۆپەيدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسىمۇ تېز زورايدى. مۇستەملىكە تۈزۈمى ئاستىدىكى ۋېيېتنامنىڭ ئىگىلىكى يېرىم فېئودالىق، يېرىم كاپىتالىستىك ئىگىلىك بولۇپ، سانائىتى تەرەققىي قىلمىغانىدى، مىللىي كاپىتالىنىڭ كۈچىمۇ ئاجىز ئىدى. شۇڭا، بۇرژۇئازىيە بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئارىسىدىكى چەك - چېگرانىمۇ ئېنىق ئايرىغىلى بولمايتتى. سانى كۆپ بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ بېسىمىغا

ئۇچرىغانلىقتىن ئەركىن تەرەققىي قىلالمىدى، ئۇلار بىلەن مۇستەملىكە تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت بولۇپ، ئۇلاردىكى قارشىلىق كەيپىياتىمۇ كۈچلۈك ئىدى، بولۇپمۇ غەربنىڭ تەلىم - تەربىيەسىنى ئالغان، مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك جەھەتتە يېڭىچە ئاڭغا ئىگە بولغان ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى مىللىي ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتناشتى. خول «شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: فىرانسىيەگە قاراشلىق ۋيېتنامدا «فىرانسىيەلىكلەرگە ئەڭ كەسكىن قارشى تۇرغىنى دەل فىرانسۇز تىلىنى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغانلار ئىدى» دەپ يازغانىدى.

2 - قېتىملىق ئېچىش ۋيېتنامدا كاپىتالىستىك ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ۋيېتنام ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ تۈرتكە بولدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، ۋيېتنامدىكى ئىشچىلارنىڭ سانى ئاران 100 مىڭچە چىقاتتى، 1929 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىچىنى ئەمگەك باش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئىشچىلارنىڭ سانى 221 مىڭ 52 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچىلار 86 مىڭ 624 كىشى بولۇپ 39.2% نى؛ دېھقانچىلىق ئېكىنزارلىقلىرىدىكى ئىشچىلار 81 مىڭ 168 كىشى بولۇپ 36.8% نى؛ كان ئىشچىلىرى 53 مىڭ 240 كىشى بولۇپ 24% نى ئىگىلىگەن. بۇلاردىن سىرت، يەنە ۋيېتنام كاپىتالى ۋە چەت ئەل مۇھاجىرلىرى كاپىتالى (جۇڭگو، ھىندىستان مۇھاجىرلىرى كاپىتالى) بىلەن ئېچىلغان كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقان نەچچە ئون مىڭ ئىشچىمۇ بار ئىدى. تۆمۈريول، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار، پەسىللىك ئىشچىلار ۋە قول سانائەت ئىشچىلىرى بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيتتى. ۋيېتنام ئىشچىلىرى ئاساسلىقى ۋەيران بولغان دېھقانلار ۋە شەھەرلەردىكى نامرات ئاھالىلەردىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بەزىلىرى يېرىم ئىشچى،

يېرىم دېھقان ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ۋە نوپۇستا ئىگىلەيدىغان سالمىقىنى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار نىسبەتەن مەركەزلىشىشتەك ئالاھىدە-لىككە ئىگە ئىدى. تارقالغان تارماقلىرىدىن قارىغاندا، 1/3 قىسمىدىن ئارتۇق ئىشچى ئېكىنزارلىقلارغا، 1/4 قىسىم ئىشچى كانلارغا مەركەزلەشكەنىدى. تارقالغان رايونىدىن قارىغاندا، شىمال تەرەپتە خانوي، خاي پخوڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر ۋە سانائەت، كان رايونلىرىغا، ئوتتۇرا قىسمىدا نگېئەن — ۋىنخ — بېنتخۆي ئەتراپلىرىغا، جەنۇب تەرەپتە سايگون — چولون رايونلىرىغا كۆپرەك تارقالغانىدى. ۋيېتنام ئىشچىلىرى قاتمۇقات زۇلۇم ئاستىدا كۈنىگە 12 — 14 سائەت ئىشلەيتتى، ئىش ھەققى ئىنتايىن تۆۋەن، ئەمگەك شارائىتى ناچار ئىدى. ئۇلار سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولۇپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى، سەللا قارشىلىق قىلسا قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى دەپ قارىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى. بولۇپمۇ ئېكىنزارلىق ۋە كانلاردىكى توختاملىق ئىشچىلار فىرانسىيەنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىش ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئالداپ كېلىن-گەندىن كېيىن جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالاتتى، نۇرغۇن ئىشچىلار توختام مۇددىتى توشقۇچە خورلۇق ۋە كېسەل-لىك تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتەتتى. ۋيېتنام ئىشچىلار سىنىپى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئورنى تۆۋەن بولغاچقا، ئىنقىلابىيلىقى باي ئىدى، بۇ سىنىپ يەنە ئاھالىنىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار بىلەنمۇ قويۇق ئالاقە باغلىغانىدى، بۇ ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ كۈرەش قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگە-نىدى.

2 - قېتىملىق ئېچىش مەزگىلىدە فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ۋيېتنام پومېشچىكلار سىنىپى ۋيېتنام دېھقانلىرىنىڭ يەرلىرىنى تالان - تاراج قىلىشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۇردى. فىرانسىيەلىك ئالىم ھېنرىنىڭ

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1930 ـ يىلى ۋىيېتنامدا يەرلەرنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالى ئومۇمەن مۇنداق بولغان: ئاھالىنىڭ 94.8% ى تېرىلغۇ يەرنىڭ 28.5% ىنى ئىگىلىگەن؛ ئاھالىنىڭ 5.2% ى تېرىلغۇ يەرنىڭ 59.6% ىنى ئىگىلىگەن. ۋىيېتنامنىڭ جەنۇبىدا يەرلەرنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 50 گېكتاردىن ئارتۇق يېرى بار پومېشچىكلار (جەنۇبىي قىسىمدىكى ئاھالىنىڭ 2.5% ىنى ئىگىلەيدۇ) جەمئىي 1 مىليون گېكتاردىن ئارتۇق يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغانىدى، بۇ جەنۇبىي قىسىمدىكى تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 45% ىنى ئىگىلەيتتى. مۇستەملىكىچىلەر دېھقانچىلىق ئېكىنزارلىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، يەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلدى. 1931 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، فىرانسىيەلىك پومېشچىكلار ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەر ۋە ئېچىلمىغان يەر 900 مىڭ گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 600 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەر جەنۇبىي قىسىمغا مەركەزلەشكەن، بۇلار ۋىيېتنامدىكى تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 20% ىگە توغرا كېلەتتى. يۇقىرى يەر ئىجارىسى، باج ـ سېلىق ۋە جازانە قەرز سەۋەبىدىن ۋىيېتنام دېھقانلىرىنىڭ يىلبويى ئىشلەپ تاپقىنى ئۈچ ـ تۆت ئاي تۇرمۇش كەچۈرۈشكىمۇ يەتمەيتتى. شۇڭا، ۋىيېتنام دېھقانلىرىمۇ مۇستەملىكىچىلىككە ۋە فېئودال پومېشچىكلارغا قارشى مەيداندا تۇراتتى.

ئومۇمەن، ئۇرۇشتىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە ئىقتىسادىدىن پايدىلىنىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ۋىيېتنام كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە ۋىيېتنامدا بىر قاتار چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ۋىيېتنام فېئودال كۈچلىرى تىل بىرىكتۈرۈپ، دەھشەتلىك ئىقتىسادىي تالان ـ تاراج ۋە سىياسىي زۇلۇم يۈرگۈزۈپ،

ۋيېتنامنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، مىللىي زىددىيەت بىلەن سىنىپىي زىددىيەتنى كۈنسايىن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋيېتنام خەلقىنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، روسسىيە ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ماركسىزم فىرانسىيە ۋە جۇڭگو ئارقىلىق ۋيېتنامغا تارقالدى. 20 ـ يىللاردىن باشلاپ، ۋيېتنامنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

1923 ـ يىلدىن كېيىن مىللەتچىلىك خاھىشىغا ئىگە سىياسىي تەشكىلات ۋە پارتىيەلەر، مەسىلەن، ۋيېتنام ھەققانىيەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، ۋيېتنامنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇيۇشمىسى، ۋيېتنامنى گۈللەندۈرۈش ئۇيۇشمىسى، ۋيېتنام ياشلار پارتىيەسى ۋە ۋيېتنام مۇستەقىللىق پارتىيەسى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1924 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋيېتناملىق مەردانە ۋەتەنپەرۋەر فەن خۇڭتەي گۇاڭجۇنىڭ شامىيەندىكى فىرانسىيە كونسۇلخانىسىدە فىرانسىيەنىڭ ھىندىچىنىدا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى مېخائىلنى بومبا بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىدا مەقسىتىگە يېتەلمەي، ھەربىي ـ ساقچىلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا ئۆزىنى جۇجياڭ دەرياسىغا تاشلاپ قۇربان بولدى. فەن خۇڭتەينىڭ باتۇرانە ھەرىكىتىنىڭ خەۋىرى ۋيېتنامغا تارقالغاندىن كېيىن، كەڭ ئاممىدا فىرانسىيەگە تېخىمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرۇش كەيپىياتى قوزغالدى.

20 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋيېتنام ئىشچىلار ھەرىكىتى ئىستىخىيەلىك ئىقتىسادىي كۈرەشتىن تەدرىجىي ھالدا ئاڭلىق سىياسىي كۈرەشكە ئۆزگىرىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرۇش ۋيېتنام ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىدىكى جىددىي تەلەپ بولۇپ قالدى.

ۋيېتنام ئىشچىلار سىنىپى پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى

www.uyghurkitap.com

خوجىمىن (1890 - يىلىدىن 1969 - يىلىغىچە ياشىغان) نىڭ ئەسلىي ئىسمى رۇەن بىچېڭ بولۇپ، كېيىن ئىسمىنى رۇەن ئەيگوغا ئۆزگەرتكەن، جۇڭگودا پائالىيەت قىلغان مەزگىلدە ئىسمىنى خوجىمىن دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ نىگېئەن (ھازىرقى نىگېتىن ئۆلكىسى)نىڭ نام دان ناھىيەسىدىن بولۇپ، 15 يېشىدا فىرانسىيەگە قارشى مەخپىي ھەرىكەتكە قاتناشقان. 1911 - يىلى ئۆزى يالغۇز ياۋروپاغا بېرىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولى ئۇستىدە ئىزدەنگەن. 1917 - يىلى فىرانسىيە سوتسىيالىلار پارتىيەسىگە كىرىپ، فىرانسىيەدە ۋيېتنام ۋەتەنپەرۋەرلىرى كۇلۇبىنى قۇرغان. 1919 - يىلى ۋيېتنام ۋەتەنپەرۋەرلىرىگە ۋاكالىتەن پارىژ سۈلھى كېڭەشىگە «ۋيېتنامدا مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، ۋيېتنام خەلقىنىڭ ئەركىن، دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» دېگەندەك سەككىز تۈرلۈك تەلەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇراجىئەتنامىنى سۇنغان. 1920 - يىلى سوۋېت رۇسىيەسىگە بېرىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان. 1924 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال شەرق بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە جۇڭگو بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى گۇاڭجوۇغا كەلگەن. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمىدە 1925- يىلى گۇاڭجوۇدا ۋيېتنام ياش ئىنقىلابىي يولداشلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرغان ھەمدە بۇ ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ يادروسى سۈپىتىدە كوممۇنىستىك ئىتتىپاق تەشكىللىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنقىلابىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تەربىيەلەش كۇرسى ئاچقان ۋە ئىنقىلاب تايانچلىرىنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىگە ئەۋەتكەن. بۇ ياشلار ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن زاۋۇت، كان ۋە يېزىلارغا بېرىپ، ئىشچى - دېھقانلار ھەرىكىتىنى قوزغىغان ھەم تەشكىللىگەن.

1925 - يىلىدىن باشلاپ ۋيېتنامدىكى خەلقنىڭ كۈرىشى كۈنسايىن ئەۋج ئالدى. 7 - ئايدا ۋيېتنام مىللەتچىلىكىنىڭ مەشھۇر داھىيسى پەن پېيجۇ شاڭخەيدە فىرانسىيە مەخپىي

پايلاقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ۋەتەنگە يالاپ كېلىندى، مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۇنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى، بۇ ئىش ۋېيتنام خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. خەلق كۈرىشىنىڭ بېسىمىدا، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى پەن پېيجۇنى ئىلاجسىز قويۇپ بېرىپ، ئۇنى خۇئېدا نەزەربەند قىلدى. 1926 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋېيتناملىق ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىزمچى پەن جۇجېن ۋاپات بولدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، پائالىيەتكە قاتناشقان ئادەم 140 مىڭغا يەتتى.

1928 — 1929 ـ يىللىرى ۋېيتنامدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ۋە ئىشچى ـ دېھقانلار كۈرىشى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، مەخپىي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. 1929 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ۋېيتنامدا ئۈچ كوممۇنىزم تەشكىلاتى مەيدانغا كەلدى. 6 ـ ئايدا ناك كىدىكى ۋېيتنام ياش ئىنقىلابىي يولداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كوممۇنىزم گۇرۇپپىسى خانويدا ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇردى، تدوڭ كىدىكى كوممۇنىزمغا مايىل تەشكىلات — يېڭى ۋېيتنام ئىنقىلابىي پارتىيەسى ھىندىچىنى كوممۇنىستىك ئىتتىپاقى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. 10 ـ ئايدا نامكىدىكى ۋېيتنام ياش ئىنقىلابىي يولداشلار ئۇيۇشمىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، ئاننام كوممۇنىستىك پارتىيەسى دەپ ئاتالدى. بۇ ئۈچ تەشكىلات ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلدى، ھەتتا بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقتى. 1930 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خۇجىمىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال شەرق بۆلۈمىگە ۋاكالىتەن شياڭگاڭنىڭ جيۇلۇڭدا پارتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن مەخپىي يىغىن ئېچىپ، ئۈچ تەشكىلاتنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇردى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، تۇنجى باش سېكرېتار

چېن فۇ① تەييارلىغان «بۇرژۇئا خەلق ھوقۇقى ئىنقىلاب نەزەرىيەسى پىروگراممىسى» (يەنى «سىياسىي نەزەرىيە پىروگراممىسى») ماقۇللىنىپ، «جاھانگىرلىكنى يوقىتىش»، «فېئودالىلىق، تۈزۈمنى يوقىتىش» تىن ئىبارەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب لۇشيەنى بېكىتىلدى ھەمدە پارتىيەنىڭ نامى ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. پارتىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋېيېتنام ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1930 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋېيېتنامغا تەسىر كۆرسەتتى. كىرىزىس 1935 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى، ئۇ ئالدى بىلەن ۋېيېتنامنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە تەسىر كۆرسەتتى، ۋېيېتنامنىڭ گۈرۈچ ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن چۈشۈپ كەتتى. سايگوننىڭ گۈرۈچ بازىرىدا ھەر دەن 1 ـ نومۇرلۇق گۈرۈچنىڭ باھاسى ھىندىچىنى پۇلى ھېسابىدا 11.58 دوڭ ئىدى، 1931 ـ يىلى 6.72 دوڭغا چۈشۈپ قالدى، 1934 ـ يىلىغا كەلگەندە 3.26 دوڭغا چۈشۈپ، باھاسى 68% تۆۋەنلىدى. دېھقانلارنىڭ كىرىمى بەكلا ئازىيىپ كەتتى، ۋاھالەنكى باج ـ سېلىق ئاشتى. 1929ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغىچە ھەرقايسى جايلاردا ئۇدا بىرقانچە يىل ئاپەت ۋە ئاچارچىلىق بولدى. نۇرغۇن دېھقانلار يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولدى، بەزى

① چېن فۇ (1904 ـ يىلىدىن 1931 ـ يىلىغىچە ياشىغان) خاتخ ئۆلكىسى (ھازىرقى نىگېتىن ئۆلكىسى)نىڭ دۆڭ تخۇ ناھىيەسىدىن. 1926ـ يىلى فىرانسىيەگە قارشى مىللەتچىلىك تەشكىلاتى ــ يېڭى ۋېيېتنام ئىنقىلابىي پارتىيەسىگە قاتناشقان، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا گۇاڭجۇغا كېلىپ خوجىمىن بىلەن كۆرۈشكەن، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ شەرق كوممۇنىزم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1930ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ، ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى بولغان، 1931ـ يىلى 4 ـ ئايدا سايگوندا قولغا ئېلىنغان، 9 ـ ئايدا تۈرمىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

باي دېھقانلار ۋە ئۇششاق پومېشچىكلارمۇ ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. يەر باھاسى تۆۋەنلەپ، نۇرغۇن جايلاردا ئىلگىرىكىنىڭ 1/20 ىگە توغرا كەلدى. فىرانسىيەلىك ئېكىنزار غوجايىنلىرى ۋە ۋىيېتنام پومېشچىكلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەرلەرنى قوشۇۋالدى. فىرانسىيە كرىزىسىنىڭ يۈكىنى خەلققە ئارتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئېشىپ قالغان تاۋارلارنى ۋىيېتنامدا تۆكمە قىلىپ ساتتى، بۇ تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كارخانىلار مەھسۇلات مىقدارىنى تۆۋەنلەتتى ياكى تاقالدى، تاشقى سودا خارابلىشىپ، بازار كاساتلاشتى. ئىشچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئىشسىز قېلىپ، ھەرقايسى قاتلامدىكى خەلقنىڭ كۈن ئالمىقى تەس بولدى. بىراق، فىرانسىيە شىركەتلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلار مۇستەملىكە دائىرىلىرىدىن قەرز پۇل ۋە ياردەمگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى ساقلاپ قېلىپلا قالماي، بەلكى پايدىسىنى ئۆز دۆلىتىگە يوللاپ تۇردى. مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلار ۋە فېئودال بيۇروكراتلارنىڭ مائاش تەمىناتىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۆستى. ئىقتىسادىي كرىزىس ئىجتىمائىي كرىزىسنى كۈچەيتىۋەتتى، شۇنداقلا ۋىيېتنام خەلقىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغىمۇ تۈرتكە بولدى.

1930 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋىيېتنام مىللىي پارتىيەسى① رەھبەرلىكىدىكى ئان باي قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭ ئالدى بىلەن ئان بايدا كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىدىنلا لام تخاۋ، ۋىن باۋ ۋە پخۇدۇ قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن

---

① ۋىيېتنام مىللىي پارتىيەسى 1927 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قۇرۇلغان، ئاساسلىق رەھبەرلىرى رۇەن تەيشۆ، رۇەن كېرۇ قاتارلىقلار بولغان، پارتىيەنىڭ پروگراممىسىدا ئاۋۋال مىللىي ئىنقىلاب قوزغاش، ئاندىن دۇنياۋى ئىنقىلاب قوزغاش تەشەببۇس قىلىنغان، ھەرىكەت پروگراممىسىدا پارتىيە تەشكىلى ۋە ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇپ، تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ، پۇرسەت كەلگەندە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش تەشەببۇس قىلىنغان.

ئىسيان كۆتۈرۈلدى. ۋيېتنام مىللىي پارتىيەسى قوزغىلاڭدا «فىرانسىيە قاراقچىلىرىنى فىرانسىيەگە قوغلىۋېتىپ، ۋيېتنامنى ۋيېتناملىقلارغا قايتۇرايلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. قوزغىلاڭدا ۋيېتناملىق ئەسكەرلەر ئاساسىي كۈچ بولدى، يەنە قىسمەن دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيالىيلارمۇ قاتناشتى. بىراق، ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈلمىگەنلىكى، ئامما بولۇپمۇ دېھقانلار تولۇق قوزغىتىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن قوزغىلاڭ بىرقانچە كۈندىلا باستۇرۇۋېتىلدى. مىللىي پارتىيە رەھبەرلىرىدىن رۇەن تەيشۆ، رۇەن كېرۇ قاتارلىقلار قۇربان بولدى، نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلار قولغا ئېلىندى، ھايات قالغان پارتىيە ئەزالىرى ئىلاجسىز قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋيېتنام بۇرژۇئازىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كونا دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب ئاخىرلاشتى.

ئان باي قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا قارىتا كوممۇنىستىك پارتىيە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئاق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش»، «قولغا ئېلىنغان قوزغىلاڭچىلارنى ئازاد قىلىش» ۋە «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش» قاتارلىق شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاممىنى فىرانسىيەگە قارشى كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1930 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ ئايغىچە جەنۇبىتىكى پخۇرئېڭ ئېكىنزارلىقى، شىمالدىكى نام دىنخ يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى، ئوتتۇرا قىسىمدىكى بېنتخۇيدىكى سەرەڭگە زاۋۇتى ۋە ياغاچ زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلىدى. شىمالدىكى كانان ئۆلكىسى ۋە تخۇي بىنىخ ئۆلكىسىدىكى دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارنىڭ گۇرۇچىنى تەقسىملەش ھەرىكىتىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ كۈرەشلەر 1930 ـــ 1931 ـ يىللاردىكى ۋيېتنام مىللىي ئازادلىق

كۆرۈشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى 1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئىشچىلار نامايىش قىلدى، دېھقانلار باجغا قارشى كۆرەش قىلدى. جەنۇبتىكى سايگون ئەتراپىدىكى يېزىلاردا ھەر كۈنى ئاخشىمى دېھقانلار يىغىلىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر «قىزىل بەلباغ» شەكىللىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەسىرى زورايدى. بەزى يېزىلار «كوممۇنىستىك يېزا» دەپ ئاتالدى. 1 ـ ماي بايرىمىدىكى كۆرەش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتىنى ئەۋجگە چىقاردى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1930 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە پۈتۈن ۋېيتنامدا 121 قېتىم كۆرەش پارتلىغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار كۆرىشى 22 قېتىم، دېھقانلار كۆرىشى 95 قېتىم، باشقا ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆرىشى تۆت قېتىم پارتلىغان. ئوتتۇرا قىسىمدا ئاممىۋى كۆرەش ئەڭ كەسكىن بولغان بولۇپ، جەمئىي 82 قېتىم پارتلىغان.

30 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى كۆرەش دولقۇنىدا ئوتتۇرا قىسىمدىكى نگېئەن، خاتىنىخ ئۆلكىلىرىدىكى ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولۇپ، كۆرەش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تىدوڭ كى كومىتېتىنىڭ ۋە نگېئەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ نگېئەن، خاتىنىخ ئۆلكىلىرىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ئىش تاشلاش ۋە نامايىش قىلىش ئارقىلىق ئاممىۋى كۆرەشنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە بەزى ناھىيەلەردىكى دېھقانلار ناھىيە بازىرىغا بۆسۈپ كىرىپ مەھكىمىلەرنى ۋەيران قىلىپ، تۈرمىلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى چېقىپ، گازارمىلارنى قورشىۋالدى ھەمدە پايلاقچى ۋە ئۆكتەم ـ مۇشتۇمزورلارنى جازالىدى. كۆرەش داۋامىدا يېزا پارتىيە ياچېيكىسى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار ئۇيۇشمىسى، ياشلار

ئۆيۈشمىسى ۋە قوغدىنىش ئەترەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا نىگېيئەن، خاتىنخ ئۆلكىلىرىدىكى بەزى ناھىيەلەر ۋە يېزىلاردىكى مۇستەملىكە ھاكىمىيىتى يىمىرىلدى، ناھىيە ئەمەلدارلىرى قېچىپ كەتتى، يېزا، كەنت بەگلىرى ئىلاجسىزلىقتىن ئەمەلدارلىق مۆھۈرىنى تاپشۇردى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئۇيۇشمىسى يېزىلاردىكى بىردىنبىر ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ قالدى. پارتىيە ياچېيكىسى رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئىجرائىيە كومىتېتى يېزىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، سوۋېتچە ئىشچى ـ دېھقانلار ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى مەيدانغا كەلدى.

سوۋېت ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان «قىزىل يېزا»لاردا، دەسلەپكى دېموكراتىك ئىسلاھات يولغا قويۇلدى: باج ـ سېلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەر ئىجارىسى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى، زايوم ۋە ئۆرپ ـ ئادەت بىكار قىلىندى؛ يېزا جامائەسىنىڭ پومېشچىك، مۇشتۇمزورلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان يەرلىرى قايتۇرۇۋېلىنىپ يېڭىباشتىن تەقسىملەندى؛ سوت ئېچىلىپ ئەكسىلئىنقىلابچىلار جازالاندى؛ قوغدىنىش ئەترىتى تەشكىللىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپى تۈزىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانلار ۋېيتنام تىلى ئۆگىنىش ۋە ساۋات چىقىرىشقا تەشكىللەندى. كەڭ دېھقانلارنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقى ئەۋجگە چىقتى. نىگېيئەن، خاتىنخ ئۆلكىلىرىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ فرانسىيەگە قارشى كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى جايلارمۇ كۈرەشكە مەدەت بەردى. بۇنىڭدىن فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. سايگوندا نەشر قىلىنىدىغان «جامائەت پىكرى گېزىتى» دە بۇ ئىش توغرىسىدا «بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ۋەقە ئەمەس، بەلكى بىر قېتىملىق زور ئىنقىلابىي ھەرىكەت» دېيىلدى.

نىگېيتىندىكى سوۋېت ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن،



www.uyghurkitap.com

فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىچىنىنىڭ باش ۋالىيسى باسكىئى باستۇرۇش پىلانىنى شەخسەن ئۆزى تۈزۈپ، قوشۇن يۆتكەپ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، ھەربىي تايانچ نۇقتىلارنى قۇردى ھەمدە رۇەن جەمەتى سۇلالىسىدىن پايدىلىنىپ سىياسىي ئالدامچىلىق قىلدى. ئۇلار نىگېتىن رايونىدا خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇش ۋە يىمىرىش ئۈچۈن بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. ئەكسىيەتچىل كۈچلەر قايتا يوپۇرلۇپ كەلگەن چاغدا، بۇ رايوندا قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ جان باقمىقى تەسكە چۈشتى. باستۇرۇشقا، باجغا ۋە تالان - تاراج قىلىشقا قارشى كۈرەشتە يەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرى «سولچىل» خاتالىق سادىر قىلىپ، بىر مەھەل «زىيالىيلار، باي دېھقانلار، پومېشچىكلار، يەرلىك زومىگەرلەرنى تارتىپ چىقىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەم دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتى. 1931 - يىلى سايگوندىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورگىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، چېن فۇ ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ دائىمىي ئەزالىرى تامامەن قولغا ئېلىندى. 4 — 5 - ئايلاردا تىدوڭ كى ۋە نىگېتىن رايونىدىكى پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىندى. ھەرىكەت رەھبەرلىك يادروسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، 1931 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تەدرىجىي پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. ئىنقىلابىي كۈچلەر مەخپىي ھەرىكەتكە ئۆتتى، نىگېتىن رايونىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىمۇ يوقالدى.

نىگېتىندىكى سوۋېت ھەرىكىتى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. خۇددى خۇجىمىن كۆرسەتكەندەك «نىگېتىن سوۋېتى ۋىيېتنام ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈچى ۋە باتۇرانە روھىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى، ھەرىكەت گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق كېيىن ئاۋغۇست ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈچ ھازىرلىدى.»

www.uyghurkitap.com

1931 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ۋيېتنام ئىنقىلابىي ھەرىكىتى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. بىراق، كوممۇنىستلار ۋە فىرانسىيەگە قارشى ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر يەنىلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەرىكەت تەدرىجىي ئەۋجىگە چىقتى. 1934 ـ يىلى ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسى چەت ئەلدە ئۆز ئاپپاراتىنى قۇردى ھەمدە پارتىيەنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. 1935 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاۋمېندا پارتىيەنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، يېڭى مەركىزىي كومىتېت سايلاپ چىقىلىپ، ئىنقىلابنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلدى. 1936 ـ يىلى ۋيېتنامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىيە ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. دوستلۇق جەمئىيى، كىتاب ئوقۇش جەمئىيىتى، ھەمكارلىق جەمئىيىتى قاتارلىق قانۇنلۇق، يېرىم قانۇنلۇق تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، كەڭ ئەمما پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇلار 2ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سېلىپ بەردى.

**گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندونېزىيە ۋە ھىندونېزىيەدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، ھىندونېزىيەنىڭ گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغىنىغا 300 يىلدىن ئاشقانىدى. گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ھىندونېزىيە «گوللاندىيەگە قاراشلىق شەرقىي ھىندىستان» ياكى «نىدېرلاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستانى» دەپ ئاتالدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گوللاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ھىندونېزىيەنى گوللاندىيە پادىشاھى ئەۋەتكەن باش ۋالىي بىۋاسىتە باشقۇردى. باش ۋالىي باشچىلىقىدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمىتىنىڭ

قارىمىقىدا غەربىي ياۋا، ئوتتۇرا ياۋا، شەرقىي ياۋا، سوماترا، كالىمانتان ۋە شەرقىي قىسمىدىكى ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە ئۆلكە ـ رايون ھەمدە ئوتتۇرا ياۋادىكى يوگياكارتا ۋە سولو رايونىدىكى تۆت بەگلىك بار ئىدى.

مۇستەملىكە دائىرىلىرى قۇرۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىز ئارمىيەلىرىدىن تەشكىل تاپقان قوراللىق كۈچنى قۇرۇپ چىقىپ، گوللاندىيەلىك ئوفىتسېرلارنى تايانچ قىلىپ، ھىندونېزىيەلىكلەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ناھايىتى زور ھەربىي كۈچ تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1918 ـ يىلى مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتى سۈپىتىدىكى شەرقىي ھىندىستان مىللىي پارلامېنتىنى رەسمىي قۇرۇپ چىقتى، گوللاندىيەلىكلەردىن سىرت، يەرلىكتىكى قىسمەن يۇقىرى قاتلام زاتلىرىمۇ پارلامېنت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن گوللاندىيە ئايال پادىشاھى ۋە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى گوللاندىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستاندا «ھەققانىيەت سىياسىتى»نى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى، ھوقۇقنى تەدرىجىي يەرلىكلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مۇستەملىكىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە باش ۋالىي باشچىلىقىدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمىتى بارلىق چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، شەرقىي ھىندىستان مىللىي پارلامېنتى نامىدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى، باش ۋالىي مىللىي پارلامېنتنىڭ ھەرقانداق قارارلىرىنى ئىنكار قىلىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى.

20 ـ ئەسىر كىرىشى بىلەن كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كەلگەن گوللاندىيە ئۆزىنىڭ ھىندونېزىيەدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كۈچلۈك دۆلەتلەر كاپىتالىنىڭ ھىندونېزىيەگە ئەركىن كىرىشىگە يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە قاتارلىق

دۆلەتلەرنىڭ مونوپول كاپىتالى ھىندونېزىيەگە سەلدەك ئاقتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە گوللاندىيە مونوپول كاپىتالىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا مونوپول كاپىتال ھىندونېزىيەنى ئورتاق تالان ـ تاراج قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەنگلىيە كاپىتالى ئالدى بىلەن كىرىپ، گوللاندىيە كاپىتالى بىلەن شېرىك كارخانا قۇرۇپ، ھىندونېزىيەدىكى ئېكىنزارلىقلار ۋە كانلارغا كۆپلەپ مەبلەغ سالدى، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى گوللاندىيە كاپىتالىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇراتتى؛ ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭ ھىندونېزىيەگە چىقارغان كاپىتالمۇ كۈنسايىن كۆپىيىپ باردى. 20 ـ يىللارغا كەلگەندە ھىندونېزىيەدىكى چەت ئەل كاپىتالى 6 مىليارد گوللاندىيە گۈلدىنىغا يەتتى. چەت ئەل شىركەتلىرى ۋە چوڭ بانكىلار ھىندونېزىيەنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلەپ، نۇرغۇن پايدا ئالدى. 1929 ـ يىلى چەت ئەل مونوپول شىركەتلىرىنىڭ ھىندونېزىيەدىكى كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 30% — 40% كە يەتتى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا 170% كە يېتىپ، بىر يىلدىلا ھىندونېزىيەدىن 1 مىليارد 500 مىليون گۈلدىن پايدا ئالدى.

ھىندونېزىيە 1 مىليون 900 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىغا، 6000 دىن ئارتۇق ئارالغا ئىگە بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاقىم ئاراللار دۆلىتى ھېسابلىناتتى، يەر مەيدانى گوللاندىيەنىڭ 57 ھەسسىسىگە تەڭ كېلەتتى، 60 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ۋە 100 دىن ئارتۇق مىللەت بولۇپ، ھەرقايسى ئاراللار ۋە رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشى ئەمەس ئىدى، دىن، تىل ۋە مىللەت مەسىلىسى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى فېئودالىزمنى ۋە كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى بارلىق قالدۇقلارنى ساقلاپ قېلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، باش ۋالىينىڭ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئاساسىدا،

www.uyghurkitap.com

ھەرقايسى بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالدى ھەمدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، پومېشچىكلار، قولدارلار ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنى يۆلەپ، ئۇلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۈۋرۈكى قىلىۋالدى.

چەت ئەل كاپىتالىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپ، كاپىتالىزم خاراكتېرىگە ئىگە چوڭ ئېكىنزارلىقلار، كانچىلىق كارخانىلىرى ۋە تۆمۈريول، پاراخوت قاتارلىق يېقىنقى زامان تىرانسپورت مۇئەسسەسەلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ بىر جەھەتتىن ھىندونېزىيەنىڭ ئەسلىدىكى ناتۇرال ئىگىلىكىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتسا، يەنە بىر جەھەتتىن ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىدا، بولۇپمۇ ياۋا ئارىلىدا كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋردە ھىندونېزىيەدىكى مىللىي كاپىتال كارخانىلىرى ئاز ـ تولا تەرەققىي قىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1925 ـ يىلى ياۋا ئارىلىدا ئالتىدىن ئارتۇق ئىشچى ياللىغان كارخانىدىن 5175 ى بولۇپ، بۇنىڭ 865 ىنى ھىندونېزىيەلىكلەر ئاچقان. ھىندونېزىيەدىكى مىللىي كارخانىلار ئاساسلىقى تىككۈچىلىك، توقۇمىچىلىق، ئاياغچىلىق ۋە تاماكىچىلىق (سىرىنگول سىگارتى) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، كۆلىمى كىچىك، تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا ئىدى. بۇلاردىن سىرت، يەنە بەزى ئۇششاق سودىگەرلەرمۇ بولۇپ، بۇلارنىڭ نۇرغۇنى چوڭ مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇق سودىگەرلەر ئىدى.

ھىندونېزىيەنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ئاساسلىقى چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلار، كانلار ۋە تىرانسپورت تارماقلىرىدا بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئىشچىلاردىن سىرت، جۇڭگولۇق ئىشچىلار ۋە شۇ جايدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاق تەنلىك ئىشچىلارمۇ بار ئىدى. 30 ـ يىللاردا دېھقانچىلىق ئېكىنزارلىقلىرىدىكى مىليونلىغان ئىشچىلاردىن

www.uyghurkitap.com

سىرت، سانائەت ئىشچىلىرىمۇ 500 مىڭغا بىرىپ قالدى.

مىللىي كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھىندونېزىيەدە يەنە يەرلىك زىيالىيلارمۇ مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك ئەمەلدارلار، سۇنغان ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مۇستەملىكىچىلەر ۋە فېئودال كۈچلەر بىلەن ئالاقىسى قويۇق ئىدى، بىراق ئۇلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىرقىي كەمستىشىگە ۋە زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، مىللىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھىندونېزىيەلىكلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلاتتى. بۇلاردىن سىرت، بۇرۇن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ياۋروپالىقلارنىڭ ئەۋلادى بولغان «يەرلىك ئاق تەنلىكلەر» ۋە ئۇلاردىن چىققان زىيالىيلارمۇ كەمستىلگەنلىكى ۋە ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىدىن نارازى ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھىندونېزىيەلىكلەرمۇ كۆنسايىن ئويغىنىپ، مىللەتچىلىك تەشكىلاتلىرى تەدرىجىي مەيدانغا كەلدى. 1908 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھىندونېزىيەدىكى تۇنجى مىللەتچىلىك تەشكىلاتى — «بۇدى ئۇتومو» جەمئىيىتى ئوتتۇرا ياۋادىكى يوگياكارتادا قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى «قانۇن يول قويغان بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ»، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سودىنى راۋاجلاندۇرۇش»، «تېخنىكا ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ھەمدە «يەرلىك سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەننى گۈللەندۇرۇش» ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى دوختۇر ۋاھىدىن سۇئېدىروفوئېسودو ئىدى. 1909ـ يىلىغىچە بۇ تەشكىلاتنىڭ 40 شۆبىسى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى 10 مىڭغا يەتتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1911 ـ يىلى ھىندونېزىيەدىكى گۈللۈك كۆڭلەك تىجارىتى بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر ئوتتۇرا ياۋادىكى سولودا «ئىسلام سودا ئىتتىپاقى»نى تەشكىللىدى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇددىئاسى ئىسلام دىنىنى بايراق قىلىپ، ھىندونېزىيەدىكى مىللىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ رىقابىتىگە قارشى تۇرۇش ئىدى. 1912 ـ يىلى ئۇ «ئىسلام ئىتتىپاقى» بولۇپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، ھىندونېزىيە مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سىياسىي تەشكىلاتى بولۇپ قالدى. مەشھۇر مىللەتچىلىك پائالىيەتچىسى زوكرو ئامىنوتو رەئىس بولدى، باش ئىشتابى چوڭ سودا شەھىرى سۇرابايادا قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆرەش نىشانى ھىندونېزىيەلىكلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ئىدى. 1918 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ 389 مىڭ 400 ئەزاسى بار چوڭ پارتىيەگە تەرەققىي قىلدى. پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوخشاشمىغان گۇرۇھلار مەۋجۇت ئىدى.

مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىك ئاق تەنلىك زىيالىيلار 1912 ـ يىلى باندۇڭدا «شەرقىي ھىندىستان پارتىيەسى»نى قۇرۇپ، «شەرقىي ھىندىستان شەرقىي ھىندىستانلىقلارغا مەنسۇپ» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھىندونېزىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھەر مىللەت خەلقى بىردەك باراۋەر بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پارتىيە ئۇزاق ئۆتمەيلا مەجبۇرىي تارقىتىۋېتىلدى، بىراق، پارتىيەدىكى سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە ئىگە بەزى زىيالىيلار ماركسىزمنى تارقىتىش ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇش جەريانىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

1914 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گوللاندىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ سابىق ئەزاسى سنېۋلىئېت[1] ۋە ھىندونېزىيەدىكى بىر قىسىم زىيالىيلار سۇرابايادا شەرقىي ھىندىستان سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقىنى قۇردى. بۇ

① يەنى كېيىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە جۇڭگوغا كەلگەن مالىن.

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاق «ھىندونېزىيەنى مۇستەقىل قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئىشچىلار، دېھقانلارنى ھەمدە بارلىق مىللەتلەر ۋە ھەر خىل دىندىكىلەرنى سىنىپىي كۈرەش ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش» ھەمدە «خەلقنى سوتسىيالىزم بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەش»نى تەشەببۇس قىلدى. بۇ تەشكىلات ماركسىزمنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى، شۇنداقلا ئىسلام ئىتتىپاقى ئىچىدە ئىنقىلابىي پائالىيەتنى قانات يايدۇردى. ئۇ ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي، ئىدىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن ئاساس ھازىرلىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ھىندونېزىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1918 ـ يىلى ھىندونېزىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 7000 ئىشچى ئىش تاشلاشقا قاتناشتى، 1919 ـ يىلى ئىش تاشلىغانلارنىڭ سانى 66 مىڭغا يەتتى. 1919 ـ يىلى يوگياكارتادا ئىشچىلار ھەرىكىتى بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، 22 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇ بىرلەشمىگە قاتناشتى. بىرلەشمە ئەزالىرىنىڭ سانى 72 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. 1920 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شەرقىي ھىندىستان سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى قارار ماقۇللاپ، ئىتتىپاقنى شەرقىي ھىندىستان كوممۇنىزم ئىتتىپاقى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، سېماۋۇن رەئىسلىككە سايلاندى، ئىتتىپاق شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا كىردى. 1924 ـ يىلى شەرقىي ھىندىستان كوممۇنىزم ئىتتىپاقى نامىنى شەرقىي ھىندىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى.

كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇشى ھىندونېزىيە ئىشچى ـ

دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. 1920 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە ھىندونېزىيەدە ئىش تاشلاش كۈرىشى ئەۋجگە چىقتى. 1922 ـ يىلى شەرقىي ھىندىستان باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، كېيىنكى يىلى ياۋادا تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى، ئىش تاشلاشقا 13 مىڭ ئىشچى قاتناشتى، ئارىسىدا ياۋروپالىق ئىشچىلارمۇ بار ئىدى. ھۆكۈمەت ئارمىيە ـ ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ باستۇردى ھەم سېمائۇننى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. دېھقانلار ھەرىكىتىمۇ كۈنسايىن ئەۋج ئالدى. ئىسلام ئىتتىپاقى ئۆز ئەزالىرىنىڭ باشقا پارتىيەلەرگە قاتناشماسلىقىنى بەلگىلىگەنلىكتىن، ئىتتىپاق ئىچىدىكى كوممۇنىستلار ئىتتىپاقتىن چېكىنگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئۆز ئالدىغا قىزىل ئىسلام ئىتتىپاقى تەشكىللەپ، دېھقانلارنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. 1924 ـ يىلى قىزىل ئىسلام ئىتتىپاقى خەلق ئىتتىپاقى بولۇپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئەزالىرى 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقان ئىدى. خەلق ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە دېھقانلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

20 ـ يىللاردا ئاسىيادىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋجگە چىقتى، بولۇپمۇ 1924ـ يىلىدىن 1927ـ يىلىغىچە جۇڭگودىكى بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشى ھىندونېزىيە خەلقىگە ئىلھام بەردى. ئىنقىلابىي ھەرىكەت كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇلغان ۋەزىيەتتە، گوللاندىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى باستۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئۇلار ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنى ئىشتىن بوشىتىپ، قارشىلىق قىلغان دېھقانلارنى قولغا ئېلىپ، ئىلغار مەكتەپلەرنى تاقاپ، مەتبۇئات، يىغىلىش قاتارلىق دېموكراتىك ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى چەكلەپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرىنى قامىدى ۋە سۈرگۈن قىلدى. شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، يېزىلاردا تېررورلۇق گۇرۇھى — «يېشىل ئىتتىپاق»نى تەشكىللىدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تېررورلۇق تۇسىدىكى باستۇرۇشى ئۇلار بىلەن ھىندونېزىيە خەلقى ئارىسىدىكى مىللىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئىنقىلاب ئوتى يانىدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. ۋاھالەنكى، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتى كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىنقىلابىي كۈچنى بەك كۈچلۈك دەپ مۆلچەرلەپ، 1924 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پارتىيەنىڭ پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتىيىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت، دەپ قارىدى ھەمدە سوۋېت قۇرۇش، بانكا ۋە سانائەتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1925 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى يوگياكارتا ئەتراپىدىكى پرامباناندا جىددىي قۇرۇلتاي ئېچىپ، دەرھال قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىنى ماقۇللىدى ھەم قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كومىتېتى قۇردى.

قوزغىلاڭ ئەسلىدە 1926 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۆتۈرۈلمەكچى ئىدى، بىراق پارتىيە ئىچىدىكى تان مالاكا قاتارلىق رەھبەرلەر قوزغىلاڭغا قارشى چىققانلىقى ھەم ئايرىم ھالدا ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيەت پارتىيەسى قۇرۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنى پارچىلىنىش گىردابىغا دۇچار قىلغانلىقتىن، قوزغىلاڭ كېچىكتۈرۈلدى. 1926 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ياۋادىكى جاكارتا ۋە بانتامدا ئالدى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شۇ كۈنى كەچتە جاكارتادىكى قوزغىلاڭ كومىتېتى شەھەر ئەتراپىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى، ئۇلار تۈرمىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، تېلېفون ئىدارىسىنى ئىشغال

قىلدى، ساقچى مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلدى. بانتامدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار مېنىس رايونىنىڭ زالىم باشلىقىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، بىر تۆمۈريول كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلىدى، رافۇئان ۋوگىزالىنى ئىشغال قىلىپ، گوللاندىيە ئارمىيەسىنىڭ تىرانسپورت لىنىيەسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. قوزغىلاڭ يالقۇنى تېزلىكتە پرېئانگېر، باندۇڭ، سولو، پاكالانگان ۋە كېدىرى قاتارلىق جايلارغا يامراپ، كۈرەش 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشتى. سوماترادا ئەسلىدە ياۋا بىلەن تەڭلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش بېكىتىلگەنىدى، بىراق ياۋادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆپ سانلىق رەھبەرلىرى قولغا ئېلىنىپ، سوماترادىكى قوزغىلاڭ كومىتېتى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالالماي، 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاندىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارى چىقاردى. 1927 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سوماترادىكى ساۋاخلۇنتو كۆمۈركان رايونىدا ئالدى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭچىلار مۇستەملىكىچى ئارمىيە بىلەن 12 كۈن كەسكىن جەڭ قىلىپ ئاخىر مەغلۇپ بولدى. باشقا جايلاردىكى قوزغىلاڭمۇ بىر ئاي داۋاملىشىپ ئاخىر باستۇرۇلدى.

1926 ـــ 1927 ـ يىللىرىدىكى ھىندونېزىيە مىللىي قوزغىلىڭى گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىرىنى زىلزىلىگە سالدى. گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك باستۇردى. ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى «قانۇنسىز» دەپ جاكارلىنىپ، ئىلغار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە خەلق ئىتتىپاقى تارقىتىۋېتىلدى، تەخمىنەن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى، بەزى رەھبەرلەر دارغا ئېسىلدى، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار 4000 دىن ئېشىپ كەتتى، 1300 دىن ئارتۇق ئادەم غەربىي ئىرىئاندىكى ئادەمزات ئاياغ باسمايدىغان، بەزگەك

يامراپ كەتكەن لىگو لاگېرىغا سۈرگۈن قىلىندى.

قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، بىر جەھەتتىن، دۈشمەن بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقى بەك چوڭ، قوزغىلاڭ شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، كوممۇنىستىك پارتىيە تېخى گۆدەكلىك باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. پارتىيەنىڭ رەھبەرلىرى قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەن «سولچىل» ئاغمىچىلىق لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىپ، باي دېھقانلارنى يوقىتىش، مىللىي بۇرژۇئازىيەنى يوقىتىشتەك خاتا شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، سوتسىيالىزمنى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇش، ھىندونېزىيە سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە پارتىيە كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرالماي، گوللاندىيەگە قارشى كەڭ بىرلىك سەپ تەشكىللىيەلمىدى. بۇنىڭدىن سىرت، قوزغىلاڭ ھارپىسىدا تان مالاكانىڭ قوزغىلاڭغا قارشى تۇرۇشى ۋە پارتىيە تەشكىلاتىنى پارچىلىۋېتىشىمۇ قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى. قوزغىلاڭ جەريانىدا بىر تۇتاش رەھبەرلىك كەمچىل بولغانلىقتىن، ياۋا ۋە سوماترادىكى كۈرەش پىلان بويىچە ماسلاشتۇرۇلماي، قوزغىلاڭ ئىككى ئايدىلا گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى.

ئەمما، داغدۇغىلىق مىللىي قوزغىلاڭ گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرىشىگە ئىلھام بەردى ۋە تۈرتكە بولدى. ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوزغىلىڭى جۇڭگو ۋە شەرقتىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. 1926 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئورگان نەشر ئەپكارى بولغان «يول باشلىغۇچى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان

بىر ماقالىدە ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ كۈرىشىگە مەدەت بېرىلىپ، «بىز ياۋادىكى قېرىنداشلارغا شۇنى دېمەكچىمىزكى، جۇڭگو خەلقى سىلەرگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، سىلەرنىڭ كۈرەشچىلار پۇتكۈل شەرقنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى، سىلەر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىڭلار !» دېيىلدى.

مىللىي قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىمۇ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، مەخپىي ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ھىندونېزىيە ئىنقىلابى ۋاقتىنچە پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.

ىىراق، گوللاندىيەنىڭ باستۇرۇشى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. 1927– يىلى 7 – ئاينىڭ 4 – كۈنى سۇكارنو ۋەكىللىكىدىكى مىللەتچىلەر باندۇڭدا «ھىندونېزىيە مىللىي ئىتتىپاقى»نى قۇردى، كېيىنكى يىلى نامىنى «ھىندونېزىيە مىللىي پارتىيەسى» دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ھىندونېزىيە مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە بولۇپ، بۇ پارتىيەگە ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامدىكى خىزمەتچىلەرلا قاتنىشىپ قالماي، يەنە قول سانائەتچىلەر ۋە ئىشچى – دېھقانلارمۇ قاتناشتى. بۇ پارتىيە «سىياسىي جەھەتتىكى بېقىندىلىقنى تۈگىتىپ، گوللاندىيەنىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىش» دېگەندەك مىللىي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتى بىلەن ھەمكارلىششقا قارشى تۇردى. سۇكارنو يەنە 1927 – يىلى 12 – ئايدا ھىندونېزىيە مىللىي سىياسىي تەشكىلاتلار كومىتېتىنى قۇردى، بۇ ھىندونېزىيە مىللىي پارتىيەسى، ئىسلام ئىتتىپاقى، بۇدى ئۇتومۇ جەمئىيىتى، سوماترا ئىتتىپاقى، باتاۋىيەلىكلەر بىرلەشمىسى، ھىندونېزىيە تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار بىرلىكتە تەشكىللىگەن مىللىي بىرلىك

www.uyghurkitap.com

سەپ تەشكىلاتى بولۇپ، سۇكارنو رەئىسلىككە سايلاندى.

سۇكارنو (1901 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ياشىغان) شەرقىي ياۋادىكى سۇرابايادا تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتىسى فېئودال ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئانىسى بالى ئارىلىدىكى بىراھمان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاندى. 1916 ـ يىلى ئۇ سۇرابايادىكى گوللاندىيە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئاتىسىنىڭ دوستى، مەشھۇر مىللەتچى زوكرو ئامىنوتونىڭ ئۆيىدە تۇردى. بۇ ئائىلىدە ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى ھەمدە ئەينى چاغدىكى ھىندونېزىيە مىللىي ھەرىكىتى ۋە كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان بەزى مەشھۇر سىياسىي داھىيلار بىلەن تونۇشتى، ئۇ ھەمىشە ئۇلاردىن سىياسىي ۋە مىللىي ھەرىكەتكە دائىر مەسىلىلەرنى سورايتتى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇ سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسىلىكى، گەندىنىڭ زورلۇق كۆچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ھەمدە ماركسىزم بىلەن ئۇچراشتى. بۇلار ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇ سۇرابايادا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ياشلار ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىسلام ئىتتىپاقىغا كىرگەندى. 1921 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن باندۇڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ تۈرلۈك سىياسىي نەزەرىيەلەرنى قېتىرقىنىپ مۇھاكىمە قىلىپ، مىللىي ھەرىكەتكە پائال قاتنىشىپ، ھەمىشە ئاممىۋى يىغىلىشلاردا گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق سۆكىدىغان نۇتۇقلارنى سۆزلەپ تۇردى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھىندونېزىيە مىللىي پارتىيەسى ۋە ھىندونېزىيە مىللىي سىياسىي تەشكىلاتلار كومىتېتى مىللىي مۇستەقىللىق ۋە بىرلىك تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۇرغۇن ئاممىنى

جەلپ قىلدى. ھەتتا مەخپىي ھەربىكەتكە ئۆتكەن ھىندونېزىيە كوممۇنىستلىرىمۇ كېلىپ قاتناشتى. 1928 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھىندونېزىيەدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى جاكارتادا 2 ـ قېتىملىق قۇرۇلتاي چاقىرىپ، «ياشلار قەسەمنامىسى»نى ماقۇللاپ، «بىز بىر مىللەت، يەنى ھىندونېزىيە مىللىتى؛ ۋەتىنىمىز بىر، يەنى ھىندونېزىيە؛ تىلىمىز بىر، يەنى ھىندونېزىيە تىلى» دەپ جاكارلىدى. قۇرۇلتايدا باتۇرلۇق ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىل ـ ئاق رەڭلىك بايراق ھىندونېزىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى قىلىندى. قۇرۇلتايدا يەنە ياش كومپوزىتور سۇبرامان يازغان «بۈيۈك ھىندونېزىيە ناخشىسى» تۇنجى قېتىم ئورۇنلالدى.

ھىندونېزىيە مىللىي سىياسىي تەشكىلاتلار كومىتېتى ھۆكۈمەتتىن دېموكراتىيەگە يات پەرمانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، لىگۇ لاگېرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، توختاملىق ئىشچىلار جازا نىزامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش، مەمۇرلارنىڭ پارتىيەلەرگە قاتنىشىشىنى چەكلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئاشكارا تەلەپ قىلدى. گوللاندىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى سۇكارنو ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مىللىي پارتىيەنىڭ پائالىيىتىنى «تۈگىمەس بالايىئاپەت» دەپ قاراپ، قاتتىق باستۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى. 1929 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مىللىي پارتىيەنىڭ سۇكارنو قاتارلىق رەھبەرلىرى قولغا ئېلىنىپ، باندۇڭ تۈرمىسىگە قامىلىپ، مىللىي پارتىيەنىڭ پائالىيىتى چەكلەندى. 1930 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە سۇكارنو مۇستەملىكە سوتىدا سوتلاندى. ئۇ سوتتا «ھىندونېزىيەنىڭ شىكايىتى» دېگەن ئاقلاش نۇتقىنى سۆزلەپ، گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ جىنايىتىنى نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن پاش قىلىپ ۋە ئەيىبلەپ، ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىشتەك كۈچلۈك

www.uyghurkitap.com

ئېتىقادىنى ئىپادىلىدى. مۇستەملىكە سوتى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، سۇكارنوغا تۆت يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدى. سۇكارنونىڭ سوتلىنىشى بىر مەھەل قاتتىق غۇلغۇلا قوزغاپ، سۇكارنونىڭ ئاما ئارىسىدىكى ئابرۇيى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1931 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سۇكارنو مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلىپ تۈرمىدىن چىققىنىدا، خەلق ئاممىسى ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ چاغدا سۇكارنو ھىندونېزىيە مىللىي ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر داھىيسىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى ھىندونېزىيە مىللەتچىلىرىنىڭ مىللىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى ئىدىيەۋى قورالى بولۇپ قالدى.

سۇكارنونىڭ سىياسىي ئىدىيەسى 20 — 30 - يىللاردا دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ يادروسى — «ناساكوم» («NASAKOM»)، مىللەتچى، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ۋە كوممۇنىزمچى دېگەن ئۈچ سۆزنىڭ باش بوغۇمىدىن ياسالغان سۆز) ئىدىيەسى، يەنى مىللەتچىلەر، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ۋە كوممۇنىزمچىلارنىڭ بىرلىشىشى ئىدى. 1926 - يىلى ئۇ باندۇڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن چېغىدا، «ياش ھىندونېزىيە» ژۇرنىلىدا « مىللەتچىلىك، ئىسلام دىنى ۋە ماركسىزم» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ھىندونېزىيەدىكى ئۈچ چوڭ سىياسىي كۈچ ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى شەرھلەپ، مىللىي مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئۈچ كۈچنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنىدى. 1933 - يىلى ئۇ «ھىندونېزىيەنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ، مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ «ئالتۇن

كۆۋرۈكى» دىن ئۆتۈپ، ھەققانىي ۋە گۈللەنگەن جەمئىيەتكە يۈزلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئىنقىلاب ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا ئۆتۈش ئىدىيەسىنى تۇنجى قېتىم شەرھلىدى. ئۇ يەنە «مارخائېن» ئىدىيەسى، يەنى «يوقسۇللار مەسلىكى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆز يېرىنى ئۆزى تېرىيدىغان مارخائېن ئىسىملىك بىر دېھقانىنىڭ ئىسمى بىلەن يوقسۇل ئاۋامنى ئىپادىلەپ، ھىندونېزىيە ئىنقىلابىنى يوقسۇللارغا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سۇكارنو بىرلىككە كەلگەن ھىندونېزىيە مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ئىدىيەسىنى شەرھلىدى. 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇ مۇستەقىللىق يىغىنىدا «دۆلەت قۇرۇشنىڭ بەش ئاساسى» دېگەن نۇتقىنى ئېلان قىلىپ، مىللەتچىلىك، ئىنتېرناتسىيونالىزم (ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك)، دېموكراتىيە (ياكى كېڭىشىش تۈزۈمى)، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ مۇستەقىل ھىندونېزىيە دۆلىتى قۇرۇشتىكى «بەش پرىنسىپ» (پەنجە سىلا) ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، سۇكارنو ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئاساسەن شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

سۇكارنو ئىدىيەسىنىڭ يادروسى مىللەتچىلىك، يەنى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىنىڭ نىشانى بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئىدى. ئۇ تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر ياقلىق قىلىشتا تەڭپۇڭلاشقان بولۇش ۋە ماسلاشقان بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. سۇكارنونىڭ ئىدىيەسى ھازىرقى زامان ئاسىيا ـ ئافرىقا مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرى ئىچىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئالاھىدىلىكى روشەن ئىلغار ئىدىيە بولۇپ، ئۇ ھىندونېزىيەدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدا

www.uyghurkitap.com

مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ھىندونېزىيە مىللىي پارتىيەسى رەھبەرلەرنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئۆكۈشسىزلىقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ گوللاندىيەگە قارشى كۈرىشى يەنىلا راۋاجلاندى. ھىندونېزىيە مىللىي پارتىيەسى قانۇنسىز دەپ جاكارلانغاندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ساپتونو «ھىندونېزىيە پارتىيەسى»نى تەشكىللىدى، خاددا بىلەن شارىل «ھىندونېزىيە خەلق مائارىپ پارتىيەسى»نى قۇردى. سۇكارنو 1931 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئىككى پارتىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇ ھىندونېزىيە پارتىيەسىگە كىردى ھەم بۇ پارتىيەنىڭ رەئىسى بولدى. ھىندونېزىيە پارتىيەسى تېز تەرەققىي قىلىپ، 1933ـ يىلى يازغىچە ياچېيكىسى 71 گە، ئەزاسى 20 مىڭغا يەتتى.

ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ 1933 ـ يىلىدىكى گوللاندىيەگە قارشى كۈرەشىدىكى مۇھىم ۋەقە «زېۋېن پرووۋنېسىئېن» ناملىق ھەربىي پاراخوتتىكى ماترۇسلار قوزغىلىڭى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قوزغىلاڭغا گوللاندىيە دائىرىلىرىنىڭ ماترۇسلارنىڭ مائاشىنى يىلمۇيىل تۆۋەنلىتىشى سەۋەب بولغانىدى. 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سۇرابايا پورتىدىكى دېڭىزچىلار ئىش تاشلىدى، سۇماترادىكى «زېۋېن پرووۋنېسىئېن» ناملىق ھەربىي پاراخوتقا يۆتكەلگەن ماترۇسلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى، ئۇلار قىسمەن گوللاندىيەلىك ئوفىتسېرلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، پاراخوتنى ئىگىلىۋېلىپ، پاراخوتنى سۇراباياغا قايتۇرۇپ ماڭدى. مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئايروپىلان ئەۋەتىپ بومباردىمان قىلىپ، فىلوت يۆتكەپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ماترۇسلار قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇردى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭدا

گوللاندىيەلىك، ھىندونېزىيەلىك دېڭىزچىلار ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

گوللاندىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى ماتروسلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ھىندونېزىيەدىكى مىللەتچى پارتىيەلەرنى باستۇرۇشنى كۈچەيتتى. 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سۇكارنو يەنە قولغا ئېلىنىپ سوتلانمايلا لاسسېرسوندا تاقىم ئاراللىرىدىكى فلورېس ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى، كېيىن يەنە سۇماترادىكى بېنكولېنغا يۆتكەپ كېلىندى. كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايدا ھىندونېزىيە خەلق مائارىپ پارتىيەسىمۇ چەكلىمىگە ئۇچراپ، خاددا بىلەن شارىل قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى، 11 ـ ئايدا لىگۇتاغا سۈرگۈن قىلىندى، كېيىن پانتار ئارىلىغا يۆتكەپ كېلىندى.

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. 1935 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھىندونېزىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى مۇسسو ۋەتەنگە مەخپىي قايتىپ كەلدى. كوممۇنىستلارنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھىندونېزىيە خەلق ھەرىكىتى پارتىيەسى تەشكىللەندى، بۇ پارتىيە 1939 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «ھىندونېزىيە سىياسىي ئىتتىپاقى»نى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. نىشانى ھەرقايسى قاتلاملارنى، پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھىندونېزىيە مىللىتىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى دېموكراتىك يوسۇندا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جاۋابكار پارلامېنتنى سايلاپ، ھىندونېزىيە بىلەن گوللاندىيەنىڭ بىردەك ماسلىشىشى ئارقىلىق فاشىزمغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇش ئىدى.

ۋەزىيەت ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى ئەھۋالدا، ھىندونېزىيە

كوممۇنىستىك پارتىيەسى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى. 1939 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھىندونېزىيە سىياسىي ئىتتىپاقى ھىندونېزىيە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، ھىندونېزىيە تىلىنى دۆلەت تىلى، قىزىل ـ ئاق رەڭلىك بايراقنى دۆلەت بايرىقى، «بۈيۈك ھىندونېزىيە ناخشىسى»نى دۆلەت شېئىرى قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى ھەم مىللىي پارلامېنت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، گوللاندىيە ھۆكۈمىتى ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلدى.

## 4 ـ بۆلۈم ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرەشلىرى

**ياپونىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە تالان ـ تاراجلىرى** ياپون جاھانگىرلىكى شەكىللىنىش ۋە باش كۆتۈرۈش جەريانىدا، جاھانگىرلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلغۇچىلار ياپونىيە جۇڭگو، چاۋشيەننى يۇتۇۋېلىپلا قالماي، بەلكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك، دەپ جار سالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياپونىيە مىلىتارىزمچىلىرى كەلگۈسىدە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مالاي تاقىم ئاراللىرىدىكى مول بايلىقنى تارتىۋېلىش كېرەكلىكىنى بار كۈچى بىلەن تەرغىب قىلدى. ياپونىيە 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا سىڭىپ كىردى. 1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىروتا كوكى ئىچكى كابىنېتى ياپونىيەنىڭ «دۆلەت سىياسىتى»دە جەنۇبتىكى دېڭىز ـ

ئوكيانلارغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى دۆلەتنىڭ بىر تۈپ سىياستى قىلدى. 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كونوئې فۇمىمارو ئىچكى كابىنېتى «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا يېڭى تەرتىپى» ئورنىتىشتەك كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاتالمىش «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى» قۇرۇش كېڭەيمىچىلىك پىلانىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلان بېسىۋېلىنغان چاۋشيەن ۋە تاجاۋۇز قىلىنىۋاتقان جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا، ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە غەربىي جەنۇبى تىنچ ئوكياندىكى ئاراللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ تاجاۋۇزچىلىق پىلانىدا، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيانى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي جەنۇبى تىنچ ئوكيانغا خوجا بولۇش مۇھىم بىر ھالقا ئىدى.

1940ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى تۈزگەندىن كېيىن، ياپونىيە جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىش قەدىمىنى كۈنسايىن تېزلەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ياپونىيە ئارمىيەسى فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىچىنىنىڭ شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە خاي پخوڭ ئايرودورۇمى ۋە يۈننەن ـ ۋيېتنام تۆمۈريولىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. 1941 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ياپونىيە تايلاند بىلەن فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىچىنى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا توقۇنۇشىغا قول تىقىپ، «ياراشتۇرۇش» باھانىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمەلىيەتتە بولسا تايلاندقا يان بېسىپ، تايلاندنىڭ پىغۇل سوڭگرام ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونىيەگە ئېغىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تايلاند ئارقىلىق بىرما ۋە مالاي يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى يەنە

ھىندىچىنىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تاجاۋۇز قىلدى ھەمدە فىرانسىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنى «ياپونىيە ـ فىرانسىيە ھىندىچىنىنى ئورتاق مۇداپىئە قىلىش كېلىشىمنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، سايگون، كام رانخ قولتۇقى قاتارلىق دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە بازىلىرىنى ئىزگىنلەپ، ھىندىچىنىنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك بازا قىلىۋالدى.

ياپونىيە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلدى. 1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياپونىيەدىكى ئۇرۇشپەرەس مىلىتارىزىمچىلارنىڭ كاتتىبېشى توجو خىدېكى تەختكە چىقىپ كابىنېت تەشكىللەپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى كېڭەيتىشنى جىددىيلەشتۈردى. 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى (ھاۋاي ۋاقتى) سەھەردە، ياپونىيە بىرلەشمە فىلوتى ئامېرىكىنىڭ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە بازىسى بولغان پېئارل خاربۇرغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياپونىيە «شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى ئازاد قىلىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئارقىلىق ئېرىشكەن ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشتا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گوللاندىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا «ماداراچىلىق سىياسىتى»نى يۈرگۈزۈپ، ئىدىيە جەھەتتە بىخۇدلىشىپ دۈشمەننى سەل چاغلىغانلىقى، مۇداپىئە جەھەتتە ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرمىگەنلىكى، ھەربىي جەھەتتە بىر تۇتاش قوماندانلىقى ھەم بىرلىككە كەلگەن ئىستراتېگىيەلىك پىلانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قەدەممۇقەدەم مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بولغان

قىسقىغىنە يېرىم يىلدا، ياپونىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى تېزلا ئىشغال قىلىۋالدى. ياپونىيە ئارمىيەسى غەربتە تايلاندتىن ئۆتۈپ ئەنگلىيەگە قاراشلىق بىرمىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇدۇل ھىندىستاننىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ توختىدى؛ جەنۇبتا مالايا، سىنگاپور ۋە گوللاندىيەگە قاراشلىق شەرقىي ھىندىستاننى ئىشغال قىلىپ، فىلىپپىندا ئامېرىكا ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئۇششاق ئاراللارنى تىزگىنلەپ، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيەگە قىستاپ كەلدى. ياپونىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي جەنۇبىي تىنچ ئوكياننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇ رايوندىكى 150 مىليون ئاھالە ۋە 3 مىليون 860 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى تىزگىنلەپ، ئىلگىرى بېسىۋالغان چاۋشيەن، جۇڭگونىڭ بەزى رايونلىرى، ھىندىچىنىنى قوشۇپ جەمئىي 7 مىليون كۋادرات كىلومېتىر زېمىن، تەخمىنەن 500 مىليون ئاھالىنى تىزگىنلەپ، شىمالدا ئالېيۇشېن تاقىم ئاراللىرىدىن جەنۇبتا ئاۋستىرالىيەگىچە، غەربتە ھىندى ئوكيانىغىچە تۇتاشقان غايەت زور مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى» پىلانىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى.

توجوخېدىكى: ياپونىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىشغال قىلغان رايوندا ياپونىيە ئىمپېرىيەسىنى مەركەز قىلغان «ھەقىقانىيەت ئاساسىدىكى ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان تەرتىپ» ئورنىتىدۇ، دەپ جار سالدى. بۇ ئاتالمىش «ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان تەرتىپ» ھەربىيلەرنىڭ قىلمىچىغا تايىنىپ تىكلەنگەن مۇستەملىكە تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

ياپونىيە سىياسىي جەھەتتە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھەربىي فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش گېنېرال تىرائۇچى

www.uyghurkitap.com

خىسايچى باشچىلىقىدىكى جەنۇب ئارمىيەسى باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى. غەربىي ئىشغالىيەت تاماملانغاندىن كېيىن، 1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ياپونىيە باش ئىشتابى جەنۇب ئارمىيەسى باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قارىمىقىدا ھەربىي ـ مەمۇرىي باش نازىر تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردا ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئىشغال قىلىنغان رايونلارنىڭ مەمۇرىيەت، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. ياپونىيە ئارمىيەسى ئىشغال قىلغانلىكى جايلاردا دەرھال ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، بارلىق پارتىيە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ھەمدە ياپونغا قارشى تۇرغان زاتلار، كوممۇنىستلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىپ، شەپقەتسىزلەرچە باستۇردى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سىنگاپورنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن «كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ دەلىللەش» ئېلىپ بېرىپ، شۇ جايدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى يىغىپ بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ قولغا ئالدى ۋە قىرغىن قىلدى. سىنگاپوردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ مۆلچەرىچە، شۇ قېتىمقى «كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ دەلىللەش»تە ئۆلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى 25 مىڭدىن 50 مىڭغىچە بولغان. ياپونىيە سىنگاپور، مالايا رايونىدا قىرىپ تاشلىغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 150 مىڭ بولغان.

ياپونىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىشغال قىلىنغان رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئوخشاشمىغان ئىشغالىيەت سىياسىتى ۋە ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى يولغا قويدى. بىرىنچىسى، بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلار، يەنى سىنگاپور، پىناڭ، پۇلاۋ دېگەندەك قاتتىق تىزگىنلىنىدىغان ئىستراتېگىيەلىك جايلار ئىدى. سىنگاپورنىڭ نامى شۇنان دەپ ئۆزگەرتىلىپ ھەم ئالاھىدە شەھەر قىلىنىپ،

ياپونىيەلىك ئەمەلدار شەھەر باشلىقى بولدى؛ ئىككىنچىسى، دەسلەپتە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، بىراق چەكلىك ئاپتونومىيە ياكى «مۇستەقىللىق» بېرىش ئالدىدا تۇرغان رايونلار، مەسىلەن، بىرما، فىلىپپىن دېگەندەك جايلار ئىدى. ياپونىيە بىرما بىلەن فىلىپپىننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھەربىي ـ مەمۇرىي نازىر قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىكلەردىن ياپونپەرەس قورچاق ھاكىمىيەت تەشكىللىدى. 1943 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە بىرما بىلەن فىلىپپىننىڭ «مۇستەقىل»لىقىنى ئېتىراپ قىلدى؛ ئۈچىنچىسى، ھىندىچىنى ۋە تايلاندقا ئوخشاش «ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر» ئىدى. تايلاندنىڭ پىخۇل سوڭگىرام ھۆكۈمىتى ياپونىيە بىلەن ھۇجۇم ـ مۇداپىئە ئىتتىپاقى شەرتنامىسى ئىمزالىغاندىن كېيىن، 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىچىنى فېدېراتسىيەسى ياپونىيە بىلەن ئورتاق مۇداپىئە كۆرۈش شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ياپونىيە بىلەن ھەربىي ـ سىياسىي ئىتتىپاق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئىشغال قىلىنغان رايونلارنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1942 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياپونىيە تېننوسى «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ۋازارىتى» قۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، ئائوكى كازو بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى جەنۇب ئىدارىسى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى باشقۇرىدىغان ئاپپارات بولدى. 1943 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى توجو خېدىكى ھۆكۈمىتى يەنە مەخسۇس بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا يىغىنى چاقىرىپ، ئىشغالىيەت رايونىدىكى ياپونپەرەس ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە ئابرۇيلۇق زاتلارنى يىغىنغا تەكلىپ قىلدى. يىغىندا «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق خىتابنامىسى» ماقۇللىنىپ، «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئۇرۇشىنى تاماملىشى» تەلەپ قىلىندى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ياپونىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىشغالىيەت رايونىدا مۇستەملىكچىلىك تالان - تاراج سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1942 - يىلى 7 - ئايدا ياپونىيە «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا قۇرۇلۇش كومىتېتى» نى قۇرۇپ، «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا قۇرۇلۇش پىروگراممىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى ياپونىيەنىڭ كانچىلىق، يېزا ئىگىلىك بازىسى قىلىش، ئاساسلىقى نېفىت، كان مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىشنى بەلگىلىدى. ھەرقايسى جايلاردا ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال تۆمۈريول، پاراخوت، پورت، ئاۋىياتسىيە ۋە پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، تاشقى سودا ۋە پېرېۋوت ئىشلىرىنىمۇ تىزگىنلىدى. ياپونىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە گوللاندىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى زاۋۇت، كان ۋە نېفىتلىكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ياپونىيە مالىيە زومىگەرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ھەربىي ھۆكۈمەت سىنگاپور، مالايا رايونىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى 50 مىليون سىنگاپور پۇلى تۆلەشكە مەجبۇرلىدى ھەم ھەربىي بېلەت ياكى «جەنۇبىي ئېچىش خەزىنە چېكى»نى كۆپلەپ تارقاتتى. قىلچىلىك قىممىتى يوق بۇ بېلەت، چەكلەر ياپونىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىر دۆۋە كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى. ياپونىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ بايلىقىنى تالان - تاراج خاراكتېرىدە شىلىۋالدى. نېفىت رايونلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پەقەت ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جىددىي ئېھتىياجنىلا ئويلىشىپ، كەلگۈسىدە ئېچىش ۋە پايدىلىنىشنى ئويلاشماي، قارىغۇلارچە ئېچىشقا كىرىشىپ كەتتى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىشقىمۇ ئېتىبار بەرمىدى. يەنە زورلۇق بىلەن ئاشلىق يىغىپ، ھەربىي ئىشلارغا ئېھتىياجلىق

زىرائەتلەرنى مەجبۇرىي تېرىتقۇزۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاقساتتى، بۇنىڭ بىلەن يەرلەردىن تۇزۇك ھوسۇل چىقماي، ئاچارچىلىق كېلىپ چىقتى. ياپونىيە ۋېيېتنامدا ھەر يىلى نۇرغۇن گۇرۇچنى بۇلاپ ئالدى. 1940 ـ يىلى 468 مىڭ توننا، 1941 ـ يىلى 585 مىڭ توننا، 1942 ـ يىلى 974 مىڭ توننا، 1943 ـ يىلى 1مىليون 23 مىڭ توننا گۇرۇچنى بۇلاپ كەتتى. 1944 ـ يىلىدىن كېيىن دېھقانلارنى ھەربىي ئىشلارغا ئېھتىياجلىق زىرائەتلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلىغانلىقتىن ھەم تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەنلىكتىن، گۇرۇچنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ 499 مىڭ توننا گۇرۇچنى بۇلاپ كەتتى. 1944 ـ يىلى قىشتىن 1945 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ۋېيېتنامنىڭ شىمالىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، 2 مىليون ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلدى، بۇ ئەينى چاغدىكى ۋېيېتنام ئاھالىسىنىڭ 1/10 نى ئىگىلەيتتى.

ياپونىيە ئىشغالىيەتچىلىرى يەنە «ئەمگەكچان پىداكارلار» دېگەن نامدا ئەمگەكچىلەر لاگېرى تەشكىللەپ، يەرلىك ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى مەجبۇرىي ھالدا ھەربىي قۇرۇلۇشقا ۋە تۆمۈريول ياساشقا سالدى. 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ياپونىيە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاسىيالىق ئەمگەكچى ۋە ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە ئارمىيەسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن 64 مىڭ ئەسكەرنى مەجبۇرىي ھالدا تايلاند ـ بىرما تۆمۈريولىنى ياساشقا سالدى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇم ۋە زىيادە چارچاش تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئەمگەكچى ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسىر ئۆلۈپ كەتتى. شۇڭا، بۇ تۆمۈريول «ھالاكەت تۆمۈريولى» دەپ ئاتالدى.

ئىدىيە ـ مەدەنىيەت جەھەتتە، ياپونىيە «ئاسىيانى ئاسىيالىقلار ئىدارە قىلىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەرق مەدەنىيىتى (ئەمەلىيەتتە ياپونىيە مەدەنىيىتى) غەرب مەدەنىيىتىدىن ئەۋزەل دېگەننى تەرغىب قىلىپ، ياپونىيەنى

مەركەز قىلغان «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق مەۋجۇتلۇقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى» ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، باشقا مەدەنىيەتلەرنى بېسىش قائىدىسىنى قوللاندى. ياپونىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى خەۋەرلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، غەرب ئەللىرى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى گېزىتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ياپون تىلى ۋە يەرلىك ئاساسلىق تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ، ياپون تىلىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرگە ياپونىيەنىڭ جۇغراپىيەسى، تارىخى، ئېتىكىسى ۋە ناخشا، تەنھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئەۋەتتى. ياپونلارنىڭ قائىدە - يوسۇن ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇردى. جۈملىدىن ياپونىيەنىڭ دۆلەت بايرىمى ھېسابلىنىدىغان «ئېرا بايرىمى»، تېننونىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەيدىغان «تېننو بايرىمى» نى ئىشغال قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي بايرىمى قىلدى؛ مىلادىيە يىلنامىسىنى شوۋا يىلنامىسىگە ياكى ياپونىيە تېننوسى يىلنامىسىگە ئۆزگەرتتى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتىنى توكيو ۋاقتىغا ئۆزگەرتتى، يىغىلىش، مۇراسىملاردا قاتناشقۇچىلارنىڭ توكيودىكى تېننو ئوردىسىغا يۈزلىنىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشنى بەلگىلىدى.

ياپونىيە ئىشغالىيەت رايونىدىكى خەلقنى روھىي جەھەتتىن بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەنئەنىۋى دىنىي كۈچلەردىن پايدىلاندى. بىرما ۋە تايلاندتا بۇددا دىنىنى قوللىغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. مالايا، ھىندونېزىيەدە ئىسلام دىنىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە جار سالدى. فىلىپپىندا بولسا ئەنگلىيە، ئامېرىكىغا قارشى تۇرىدىغانلىقى، ئەمما كاتولىك دىنىغا قارشى ئەمەسلىكىنى جاكارلىدى.

ياپونىيە ئىشغالىيەتچىلىرى يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزدى. ئۇلار

مالايادا «مالايا — مالايلارغا مەنسۇپ» دېگەننى تەرغىب قىلىپ، «مالايلارغا مايىل بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنى يەكلەش» سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، ھەرقايسى بەگلىكلەر سۇلتانلىرىنىڭ ئىمتىيازى ۋە دىنىي داھىيلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىپ، مالايلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇپ يەرلىك ئەمەلدارلىقتا تەيىنلىدى ھەمدە جۇڭگولۇقلار باش بولغان ياپونغا قارشى ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن مالايلاردىن «يەرلىك قوغدىنىش ئەترىتى» تەشكىللىدى.

ياپونىيەنىڭ ھەربىي فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە قاتتىق تالان - تاراج سىياسىتى، شۇنداقلا مۇستەملىكىچىلىك، قۇللۇق تەربىيەسى ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردىكى «ئازاد قىلغۇچى» ۋە «قوغدىغۇچى» لىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مىللىي زىددىيىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ئەۋجىگە چىقتى.

**شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى خەلقنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشى**

ياپونىيە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، كونا مۇستەملىكە ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى مۇستەملىكە تەرتىپىنى ئورناتتى. شۇ تۈپەيلىدىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىدە ۋە ئىجتىمائىي زىددىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. فاشىست تاجاۋۇزچىلار بىلەن فاشىزمغا قارشى دېموكراتىك كۈچلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ئېزىلگۈچى مىللەتلەر بىلەن ھامىي دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ياپونىيەنىڭ فاشىستىك تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش — بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

ياپونىيە ئارمىيەسى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن كۈندىن تارتىپ ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىن ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىغىچە ھەممىلا جايدا ياپونغا قارشى قوراللىق كۈرەش يالقۇنى لاۋۇلداپ ياندى، كوممۇنىستلار كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇردى، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيە، شۇنداقلا باشقا ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىپ، كەڭ مىللىي بىرلىك سەپ قۇردى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارمۇ ياپونغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى.

تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى، يەنى 1940 - يىلى 9 - ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى فىرانسىيەنىڭ يېڭىلىپ تەسلىم بولغانلىقىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھىندىچىنىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تاجاۋۇز قىلدى. 1941 - يىلى 7 - ئايدا يەنە ھىندىچىنىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىشغال قىلدى. فىرانسىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى ياپونىيەگە قارىتا ماداراچىلىق، تەسلىمچىلىك قىلغاچقا، ھىندىچىنى ياپونىيەنىڭ ئۇرۇش قوزغاش بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ۋىيېتنام خەلقى خۇجىمىن باشچىلىقىدىكى ھىندىچىنى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياپونغا، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1941 - يىلى 5 - ئايدا مىللىي بىرلىك سەپ — ۋىيېتنام مۇستەقىللىق ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، قوراللىق كۈرەش قىلدى. تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ۋىيېتنام مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى شىمالدىكى تاغلىق رايونلارنى تايانچ قىلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، تايانچ بازىلارنى قۇردى. 1943 — 1944 - يىللىرى ئىنقىلابىي كۈچلەر تېزلىكتە زورايدى. 1945 - يىلى 3 - ئايدا ياپونىيە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ھىندىچىنىدىكى ئۈچ دۆلەتنى يالغۇز ئىگىلىۋالدى ھەم ۋىيېتنامدا ياپونپەرەس قورچاق ھاكىمىيەتنى

يۆلەپ تۇرغۇزدى. ۋېيېتنام مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش دولقۇنىنى قوزغاپ، مەملىكەت بويىچە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە پائال تەييارلىق قىلدى. ئاخىر شۇ يىلى 8 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ۋېيېتنام دېموكراتىك جۇمهۇرىيىتىنى قۇردى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ياپونىيە ئارمىيەسى تايلاندقا تاجاۋۇز قىلدى، 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تايلاندنى هەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالاشقا قىستاپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سېپىگە قېتىۋالدى. تايلاند كوممۇنىستىك پارتىيەسى جاپالىق شارائىتتا ياپونغا قارشى پىدائىيلار ئەترىتى تەشكىللىدى هەم ياپونغا قارشى مەخپىي گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىپ تارقاتتى. 1942 ـ يىلى ئون چوڭ پىروگراممىنى ئېلان قىلىپ، ئىشچى ـ دېهقانلارنى قوزغاپ، ياپونغا قارشى هەرىكەتنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەتەن ساتقۇچ پىخۇل سوڭگىرام هۆكۈمىتىدىن نارازى بولغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار 1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «ئەركىن تايلاند» هەرىكىتىنى تەشكىللىدى. بۇ هەرىكەتكە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بەزى ئوفىتسېرلار، هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، خىزمەتچىلەر ۋە زىيالىيلاردىن بولۇپ 50 مىڭچە كىشى قاتناشتى. ئۇلار دۆلەت ئىچىدە مەخپىي كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە بىلەن ئالاقە باغلاپ، قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلدى.

ياپونىيە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، دەرهال مالاي يېرىم ئارىلىغا قوشۇن ئەۋەتتى. 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئارمىيەسى تەسلىم بولدى. ياپونىيە تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرىلا مالايا كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو مۇهاجىرلىرىنى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچە-

لىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغانىدى. ياپونىيە ئارمىيەسى مالاياغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، مالايا، سىنگاپور خەلقى ياپونغا قارشى قوشۇن تەشكىللىدى. 1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سىنگاپوردا كوممۇنىستلارنى تايانچ قىلغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونغا قارشى پىدائىيلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى تەخمىنەن 10 مىڭ كىشىگە يەتتى. 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مالايا كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ياپونغا قارشى خەلق ئارمىيەسى مەيدانغا كەلدى. ياپونغا قارشى بۇ قوراللىق قوشۇن كۈرەش داۋامىدا يېتىلىپ زورىيىپ، ئادەم سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ، سەككىز مۇستەقىل ئەترەت تەشكىللىدى. ياپونغا قارشى خەلق ئارمىيەسىنىڭ بايرىقى ئۈچ دانە زۇھرە يۇلتۇز كەشتىلەنگەن قىزىل بايراق بولۇپ، ئۇ مالايادىكى ئۈچ چوڭ مىللەت ــ مالايلار، جۇڭگولۇقلار ۋە ھىندىستانلىقلارنىڭ ئىتتىپاقلاشقانلىقىنىڭ سىمۋولى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونغا قارشى قوغدىنىش ئەترىتى، ئىتتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسى دېگەندەك ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. ياپونغا قارشى خەلق ئارمىيەسى مالاي يېرىم ئارىلىدىكى پالمىزارلىق، كاۋچۇكزارلىقلاردا ۋە كانلاردا پائالىيەت قىلىپ، تۇشمۇ تۇشتىن ھۇجۇم قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئۈچ يىلدا جەمئىي 340 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭ قىلىپ، 5500 دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتقان.

ياپونىيە ئارمىيەسى 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فىلىپپىننى ئىشغال قىلدى. ئامېرىكا ئارمىيەسى مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن، فىلىپپىندىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى چەت ئەللەرگە قاچتى، يەنە بىر قىسمى ياپونىيەنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ياپونىيە كونتروللۇقىدىكى «مەمۇرىي كومىتېت»نىڭ ئەزاسى بولدى. 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياپونىيە فىلىپپىنغا «مۇستەقىللىق» بېرىشتەك رەزىل ئويۇننى ئويناپ،

لاۋرېلنى فىلىپپىننىڭ قورچاق پىرېزىدېنتى قىلىپ قويدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، فىلىپپىن كوممۇنىستلىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. 1942 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىلىپپىن كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى دېھقان پارتىزانلار ئەترىتى قوراللىق كۈرەشنىڭ بىرىنچى پاي ئوقىنى ئېتىپ، 100 دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا فىلىپپىن ياپونغا قارشى خەلق ئارمىيەسى (قىسقارتىلىپ «خۇك» دەپ ئاتالغان) پامپانگا ئۆلكىسىدىكى تاغ ئورمانلىقىدا رەسمىي قۇرۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا 42 ئەترەتكە تەرەققىي قىلىپ، ئادىمى 5000 غا يەتتى. ئۇلار ئوتتۇرا لۇسوننى ئاساسلىق پائالىيەت بازىسى قىلىپ، دېموكراتىك تايانچ بازا قۇرۇپ، ھەربىي ـ مەمۇرىي كادىرلار مەكتىپى ئېچىپ، ياپونغا قارشى گېزىت ـ ژۇرنال چىقاردى. دېموكراتىك ھاكىمىيەت — قوغدىنىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، ئىجارە ـ ئۆسۈمنى كېمەيتىش، فىلىپپىنلىق مەككار پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، دېھقانلارنى ياپونغا قارشى كۈرەشكە پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بەزى مىللىي بۇرژۇئازلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار رەھبەرلىكىدىكى «ئەركىن فىلىپپىن»، «كۆك بۇركۇت»، «ئوۋچى» قاتارلىق ياپونغا قارشى تەشكىلاتلارمۇ ياپونغا قارشى خەلق ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلاشتى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرىمۇ ياپونغا قارشى كۈرەشكە پائال ئاتلاندى. ياپونغا قارشى خەلق ئارمىيەسىدە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن باتۇر، جەڭگە ماھىر پارتىزانلار ئەترىتى بولۇپ، ئۇلار يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە 8 ـ ئارمىيەنىڭ نامىنى قوللىنىپ، ئۆز ئەترىتىنى «48 ـ ئەترەت» دەپ ئاتاپ، فىلىپپىن خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشىگە نۇرغۇن تۆھپە قوشتى. پۈتكۈل ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ياپونغا قارشى

خەلق ئارمىيەسى 1200 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭ قىلىپ، ياپونىيە ئارمىيەسى ۋە قورچاق ئارمىيەنىڭ 25 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىپ، لۇسون ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسىمدىكى كەڭ رايونلارنى ئازاد قىلدى.

1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا ياپونىيە ئارمىيەسى ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى، 3 ـ ئايدا گوللاندىيە باش ۋالىيسى تەسلىم بولدى. ياپونىيە ھىندونېزىيەدىكى ھەرقايسى ئاراللاردا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ھەربىي ھۆكۈمەت قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گوللاندىيە قاماققا ئالغان مىللىي ھەرىكەت داھىيسى سۇكارنو، خاددا قاتارلىقلارنى قويۇپ بەردى ھەمدە ھىندونېزىيەدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنى «مۇستەقىللىق بېرىمىز» دەپ ئالداپ يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان «ئاۋام مەركىزى»، «ياۋا ئومۇم ئۇيۇشمىسى» قاتارلىق ياپونپەرەس تەشكىلاتلارنى قۇردى. ياپونىيەنىڭ قاتتىق تىزگىنلىشى ۋە ئالدامچىلىق سىياسىتى تۈپەيلىدىن ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشى قاتتىق مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلدى. بىراق، ھىندونېزىيە كوممۇنىستلىرى يەنىلا فاشىزمغا قارشى ھەرخىل مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئىشچىلارنى ئىشنى ئاقسىتىشقا، دېھقانلارنى غەللە ـ پاراقىقا قارشى تۇرۇپ يەرلەرنى تارتىۋېلىشقا، شەھەر ئاھالىلىرىنى ھاشارغا قارشى تۇرۇشقا، ئوقۇغۇچىلارنى «مەنىۋى تەربىيە» گە قارشى تۇرۇشقا قوزغىدى. ھىندونېزىيەدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ھىندونېزىيە خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ياپونغا قارشى تۇردى. سۇكارنو قاتارلىقلار قانۇنلۇق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندونېزىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلدى ھەمدە ياپونغا قارشى مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتىنى قوغدىدى. ئۇ يەنە قولغا ئېلىنغان كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبىرى شەررىفىدىننى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ قۇتقۇزۇۋالدى. ياپونىيە ئىشغالىيىتى

مەزگىلىدە ھىندونېزىيەدە كۆپ قېتىم ياپونغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى. 1943 — 1944 - يىللىرى غەربىي كالىمانتاندىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى يەرلىك خەلق بىلەن بىرلىكتە ياپونغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئاقىۋەتتە قوزغىلاڭغا قاتناشقان 1200 دىن ئارتۇق كىشى شەپقەتسىزلەرچە قىرىپ تاشلاندى. ھىندونېزىيە خەلقى ياپونغا قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، 1945 - يىلىدىكى ئاۋغۇست ئىنقىلابى ۋە ھىندونېزىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى.

1942 - يىلى 5 - ئايدا ياپونىيە بىرمىنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇرژۇئازىيەنىڭ ئوڭ قانات داھىيسى باماۋنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قورچاق مەمۇرىي ئاپپارات تەشكىللىدى. بىرما مىللەتچىلىرىنىڭ داھىيلىرىمۇ ياپونىيەگە قارىتا خام خىيالدا بولۇپ قالغاچقا، بىرمىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشى ئەگرى - توقاي يوللارنى باستى. بىرمىدىكى مىللەتچى پارتىيە — تخاكىن پارتىيەسىنىڭ داھىيسى ئائۇڭسان قاتارلىقلار ياپونىيەنىڭ ياردىمىدە مۇستەقىل بولۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ، تايلاندتا 4000 كىشىلىك «مۇستەقىللىق ئارمىيەسى» قۇردى. بۇ قوشۇن ياپونىيە ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ جەڭ قىلىپ بىرمىغا قايتقاندىن كېيىن، ئادەم سانى 50 مىڭغا كۆپەيدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا ياپونىيە دائىرىلىرى بۇ قوشۇننىڭ ئادەم سانىنى 3000 غا چۈشۈرۈپ قويدى ھەم ئۇنى بىرما «دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى» قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. 1943 - يىلى 9 - ئايدا ئۇنىڭ نامىنى يەنە «مىللىي ئارمىيە» دەپ ئۆزگەرتىپ، ياپونىيەلىك ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتتى. 1943 - يىلى 8 - ئايدا ياپونىيە بىرمىنىڭ ئۇرۇشتا ئۆزىنى قوللىشى ئۈچۈن، بىرمىغا «مۇستەقىللىق» بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. باماۋ ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى، ئائۇڭسان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولدى. بىراق، بۇ «مۇستەقىللىق» پەقەت بىر شەكىللا ئىدى. ياپونىيە ئارمىيەسى بىرمىدا ھەر جەھەتتىن

مۇشتۇمزورلۇق قىلىپ، بىرما خەلقىنى ئېغىر ئاپەتكە دۇچار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئائۇڭسان بۇنداق «ئاتالمىش مۇستەقىللىقنىڭ قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكى»نى تونۇپ يەتتى. خاتالىق ۋە ئوڭۇشسىزلىق بىرمىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ساۋاققا ئىگە قىلدى. ئائۇڭسان بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۈچلەر بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىدى. 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىرراۋادى دەرياسى ۋادىسىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. 1944 ـ يىلى ياپونغا قارشى قوراللىق كۈرەش يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئاراكان، ماندالاي ئەتراپلىرىدا تايانچ بازىلار قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا بىرمىدا ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ — «فاشىزمغا قارشى خەلق ئەركىنلىك ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ياپونغا قارشى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ئىتتىپاق تەركىبىگە كىردى. ئائۇڭسان رەئىسلىككە سايلاندى، بىرما كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ داھىيسى تخاكىن تخانتۇن باش سېكرېتار بولدى، ئەزالار 20 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. بىرما مىللىي ئارمىيەسى بىلەن پارتىزانلار ئەترىتىدىن قوراللىق كۈچ تەشكىللىنىپ، ئادەم سانى 50 مىڭغا يەتتى. بۇ تەشكىلات «ياپون باسقۇنچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇش؛ فاشىستلارنى يوقىتىپ، دېموكراتىك ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن بىرلىشىش» دېگەندەك شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھىندىستاندىن بىرمىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بىرمىدىكى ياپونغا قارشى قوراللىق كۈچلەر ماسلىشىپ، كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئائۇڭسان قوماندانلىقىدىكى بىرما مىللىي ئارمىيەسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ياپونىيە ئارمىيەسىگە ئوت ئېچىپ، ئاخىر شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە ماسلىشىپ پايتەخت رانگوننى قايتۇرۇۋالدى.

www.uyghurkitap.com

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشى دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇلار جۇڭگو، چاۋشيەن خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ياپون فاشىستلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتەك ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ نۇرغۇن جانلىق كۈچلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ۋە يوقىتىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ياۋروپادا، بولۇپمۇ تىنچ ئوكياندا ئۇرۇش قىلىشىغا كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشتى. ھەرقايسى ئەللەردىكى خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا چېنىقىش ئارقىلىق كۈچىيىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئونىنچى باب

# 1900 ــ 1945 ـ يىللاردىكى ئافرىقا

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئافرىقىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىپ بولدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا، جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇ مەزگىلدە، جاھانگىر دۆلەتلەر كاپىتال چىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي ئېچىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئافرىقىغا ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئافرىقىنىڭ ئەسلىدىكى كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ گۇمران بولۇشىنى تېزلىتىپ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، يېڭى سىنىپ ۋە تەبىقىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئافرىقا خەلقى بىلەن جاھانگىر مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، مىللەتچىلىك ئىدىيەۋى ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈردى، نەتىجىدە بەزى دۆلەتلەردە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى.

# 1 ـ بۆلۈم جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشى ۋە ئافرىقا جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر

**بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئافرىقا** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن، ياۋروپانى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلغان ئۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما ئافرىقىمۇ ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ھالدا بۇ ئۇرۇشقا مەجبۇرىي ئارىلىشىپ قالدى. توقۇنۇش باشلانغاندا، ئافرىقا زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپادىكى ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، گېرمانىيە ئافرىقىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەگە مۇستەملىكىلەردە ئۇرۇش قىلماسلىق، ئافرىقىدىكى يېڭىش ـ يېڭىلىشنى ياۋروپادىكى ئۇرۇش ئارقىلىق بەلگىلەش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئافرىقىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە بۇ تەكلىپكە پىسەنت قىلمىدى.

ئافرىقىدىكى ئۇرۇشنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. 1 ـ باسقۇچتا ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك غەرىزى گېرمانىيەنىڭ ئافرىقىدىكى جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئافرىقىدىكى پورت ۋە ئىستراتېگىيىلىك جايلىرىنى تارتىۋېلىش بولدى. ئۇرۇش باشلىنىپ بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەيلا، ئانتانتا دۆلەتلەر توگودىكى لومې، كامېروندىكى دۇئالا، غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىدىكى سۋاكوپمۇند ۋە لۇدېرىتى قولتۇقىنى بېسىۋالدى. شەرقىي ئافرىقىدا دارىسسالام ۋە تانگا پورتىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەنگلىيە مىسىردا سۇۋەيش قانىلىنىڭ مۇداپىئەسىنى

www.uyghurkitap.com

كۆچەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىلدا مىسىر ئەنگلىيەنىڭ ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقنى كونترول قىلىشىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تايانچ نۇقتىسىغا ئايلاندى. 2 ـ باسقۇچتا ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانى گېرمانىيەنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىش بولدى. ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرى غەربىي جەنۇبى ئافرىقا بىلەن كامېروننى ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىۋالدى.

گەرچە ئافرىقا زېمىنىدا يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇش دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئافرىقىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. 1 مىليوندىن ئارتۇق ئافرىقىلىق ئەسكەر ئافرىقا ياكى ياۋروپادىكى ئۇرۇشقا قاتناشتى. تېخىمۇ كۆپ ئەر ـ ئاياللار ۋە بالىلار هاممال بولۇشقا مەجبۇرلاندى. ئالدىنقى سەپتىكى هەربىر ئەسكەر تەخمىنەن ئۈچ هامماللىنىڭ ياردىمىگە موهتاج بولدى. ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە هالدا ئۇرۇشقا قاتناشقان ئافرىقىلىقلارنىڭ سانى 2 مىليون 500 مىڭغا يېتىپ، شۇ چاغدىكى ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ% 1 دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئەسكەرلەر ۋە هامماللارنىڭ سانى 150 مىڭدىن ئاشتى، يارىلانغان ۋە مېيىپ بولغانلارنىڭ سانى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولدى.

ئۇرۇش ئافرىقا ئىقتىسادىغا ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىغا مال باهاسىنى تىزگىنلەش، غەللە ـ پاراق ئېلىش، مەلۇم تۈردىكى زىرائەتنى مەجبۇرىي تېرىتىش، مەلۇم قۇرۇلۇش تۈرىگە ئەمگەك كۈچى تولاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بىۋاسىتە ئارىلاشتى. مال باهاسى تىزگىنلەنگەنلىكتىن، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ باهاسى ئۆرلەپ كەتتى، ئەكسىچە ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ باهاسى بىرقەدەر تۆۋەن بولدى. بۇ، ئىش هەققىگە

ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئافرىقىلىقلارنى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مەسىلەن، مىسىردىكى پاختىكارلارنىڭ تاپقان پايدىسى يېقىلغۇ، كىيىم - كېچەك ۋە ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەش سۈرئىتىگە يېتىشەلمىدى. ئافرىقىلىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا زۆرۈر بولغان تاتلىقياغ، مانىخوت ۋە پۇرچاق قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا مەجبۇرىي يىغىۋېلىنىپ، ياۋروپادىكى ئانتانتا دۆلەتلىرىگە، ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ، ئافرىقا دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

نۇرغۇن ئافرىقىلىقلار مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ۋە hامماللىققا تۇتۇلغاچقا، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى نۇرغۇن جايلاردا ئەمگەك كۈچى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇلاردىن باشقا، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر مۇستەملىكە زېمىنىدىكى خەلقتىن تىرىشىپ ئىشلەپ ئۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇرۇشقا زۆرۈر بولغان ھەربىي خىراجەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى مۇستەملىكىلەرگە يۈكلەپ قويدى. مۇستەملىكىلەردىكى ھەربىي ئىشلارغا تەۋە بولمىغان ئاممىۋى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توختىتىپ قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى توختاپ قالدى.

دۇنيا ئۇرۇشى يەنە ئافرىقىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ۋەزىيىتىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، تۇمەنلىگەن ئەسكەر، hاممال ۋە ئىشلەمچىلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جايلاردىن باشقا جايلارغا ھەيدەلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق قىتئە خاراكتېرلىك نوپۇسنىڭ كۆچۈشى كېلىپ چىقتى. بۇ، جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقا قىتئەسىنى

بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئەھۋال بولۇپ، ئۇ مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئۇزۇندىن بۇيان يولغا قويۇپ كەلگەن ئۆزئارا ئايرىپ تاشلاش ۋە قامال قىلىش سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ، ئافرىقىلىقلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئافرىقىلىقلار كەڭ دائىرىدە ئىدىيە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا، جاھانگىرلارنىڭ قەبىھ ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يېتىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنىمۇ تونۇپ يەتتى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ، غۇرۇرىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندى. بولۇپمۇ ياۋروپا جەڭ مەيدانىدىكى نۇرغۇن ئافرىقا ئەسكەرلىرى ئىنقىلابىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە قوزغالغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى، يەنە بەزىلىرى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەردىكى پرولېتارلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شۇ جايدىكى كومپارتىيە تەشكىلاتلىرىغا ئەزا بولدى. ئۇرۇش جەريانىدا، ئافرىقىلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قورال - ياراغ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالدى، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئافرىقا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلاندى.

**كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشى** 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى خېلى زور دەرىجىدە تەڭشىدى. ئانتانتا دۆلەتلەر «دۈشمەن دۆلەتنىڭ مۇستەملىكە زېمىنى»، يەنى گېرمانىيەنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە زېمىنىنى قايتىدىن بۆلۈشۈۋالدى. بۇ بۆلۈشۈش 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يۈز بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ

ئۇستىگە خەلقئارا ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۆلۈشۈشتە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى كونا ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايتتى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ كونتروللۇقىدىكى خەلقئارا ئىتتىپاق بۇ ئەھۋالغا قارىتا مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خىل ئۇسۇلدا، جاھانگىر دۆلەتلەر گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنلىرىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، گېرمانىيە ئوتتۇرىغا قويغان مۇستەملىكە زېمىنىنى تۆلەمگە ئايرىۋاشلاش تەلىپىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

پارىژ سۈلھى يىغىنىدا، كۈچلۈك دۆلەتلەر مۇستەملىكىلەرنى قايتا بۆلۈشۈش مەسىلىسىنى كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلدى. 1919 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئالىي كومىتېت گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى توگو بىلەن كامېرۇننى ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، يەنە گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى تانگانىكانى ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئايرىپ بەردى. بىر يىل ئۆتمەيلا، بېلگىيەمۇ رۋاندا بىلەن بۇرۇندىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. يۇقىرىدىكى رايونلار ئىككىنچى تۈردىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق رايونلىرى قىلىپ بېكىتىلدى. غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا ئۈچىنچى تۈردىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق رايونى قىلىپ بېكىتىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسىنىڭ بىر قىسمى قىلىنىپ، مۇستەملىكىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە «مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش» ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە زېمىنىنىڭ كۆلىمى 3 مىليون 800 مىڭ كىۋادرات مىلغا، ئاھالىسى 60 مىليونغا يېتىپ، ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيەگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىش غايىسى —

www.uyghurkitap.com

«قاھىرە — كائاپ» پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتكەن كەڭ مۇستەملىكە بەلبېغىنى شەكىللەندۈردى. فىرانسىيە ئافرىقىدا كۆلىمى 4 مىليون كۋادرات مىلغا، ئاھالىسى تەخمىنەن 40 مىليونغا يېتىدىغان زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئافرىقا زېمىنىنىڭ 80% ىنى مۇستەملىكە قىلىۋالدى. شۇڭا، 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىتىلغان مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. گەرچە ياۋروپا دۆلەتلىرى 1885 - يىلىلا ئافرىقىنى بۆلۈشۈپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ قۇرۇقلۇققا بولغان قىزىقىشى سۇسلاپ قالدى. ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشى ئاساسلىقى زېمىن ئىگىلەش ئۈچۈنلا بولۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن مۇھىمى بۇ رايوننى ئىگىلەپ يېتىش، ھەرگىزمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ باج كىرىمى چەكلىك بولۇپ، بۇرژۇئاز باج تاپشۇرغۇچىلار ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرى تاپشۇرغان باج كىرىمىگە تايىنىپ مۇستەملىكىلەرنىڭ قانۇنىي تەرتىپىنى قوغدىشىنى خالىمايتتى. ياۋروپادىكى ھۆكۈمەتلەر مۇستەملىكىلەردىكى يېڭى ھۆكۈمەتكە ئاز ساندىكى ئەمەلدارلارنىلا تەيىنلىدى، ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلار يەرلىكلەردىن قوبۇل قىلىنىپ، بىرقانچە ياۋروپالىق ئوفىتسېر ئۇلارغا قوماندانلىق قىلدى. ھۆكۈمەت ھەتتا نۇرغۇن فۇنكسىيەلىرىنى شۇ جايلاردىكى خىرىستىيان دىنى جەمئىيەتلىرى ۋە بەزى سودا شىركەتلىرىگە ھاۋالە قىلدى. پەقەت شۇ جايلاردىكى تاموژنا بېجى ۋە جان بېجىدىن كىرگەن كىرىم تەدرىجىي كۆپەيگەندىن كېيىن، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتلەر ئاندىن مەمۇرىي خىزمەتچىلەر بىلەن

ساقچىلارنى مۇنتىزىم ئىشقا قويۇپ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئۇنۇملۇك قوغدىدى. ئافرىقىدىكى كۆپ قىسىم مۇستەملىكىلەر 1914 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىلا ئاندىن مۇشۇ ھالەتكە كەلدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىدا بىرقەدەر زور پەرقلەر بار ئىدى. بۇنى ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق ۋە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولاتتى. ئەنگلىيە قوللانغان ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق ئەڭ تىپىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ زېمىنى كىچىك، ئاھالىسى ئاز، چەت ئەلدىكى مۇستەملىكە زېمىنى كەڭ بولغاچقا، مۇستەملىكە زېمىنلىرىغا قوشۇن ۋە ئەمەلدار ئەۋەتىپ، بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ۋەيران قىلىشنىڭ ۋە كونا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى. 1857 ـ يىلى ھىندىستانلىق ئەسكەرلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئەسلىدىكى يەرلىك بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىپ مۇستەملىكە زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، بەزى بەگلىكلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىدى ھەمدە ھىندىستان بەگ ـ تۆرىلىرىنىڭ ھوقۇقى، ئىززەت ـ ئابرۇيى ۋە شان ـ شەرىپىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ئەنگلىيە دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەجرىبىسىنى ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە مەقسەتلىك تەدبىقلاپ، مۇستەملىكىلەردىكى ئەسلىدىكى قەبىلە

تەشكىلاتلىرىنى ساقلاپ قالدى. قەبىلە باشلىقلىرىنى ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارغا مائاش بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ۋە باج يىغىشقا مەسئۇل قىلدى. ئۇلار باج كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ، مەلۇم نىسبىتىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، قەبىلە ئىشلىرىغا ئىشلەتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھەربىر قەبىلە رايونىغا مەسلىھەتچى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەمۇرىيەتكە نازارەتچىلىك قىلدى.

فىرانسىيە ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە قارىتا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. فىرانسىيە مۇستەملىكىلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى يەرلىك ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى مەقسەتلىك ۋەيران قىلىپ، قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، باش ۋالىي ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، فىرانسىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىرى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ بەزى نۇقسانلىرىنى تونۇپ يېتىپ، يەرلىك يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندى. ئۇلار مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، بىر قىسىم يەرلىك ھۆكۈمرانلارنى مەمۇرىي ۋەزىپىلەرگە قويدى. يەنە «قەبىلە باشلىقلىرى مەكتىپى» ئېچىپ، ئۆزلىرىگە سادىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى قەبىلە باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇلارغا مائاش بەردى. مۇبادا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن فىرانسىيەگە سادىق ئەمەسلەر بايقالسا، دەرھال ئالماشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، فىرانسىيە يەنە ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە «ئاسسىمىلىياتسىيە سىياسىتى» يۈرگۈزۈپ، مۇستەملىكىلەرنى ئۆز زېمىنىنىڭ كېڭەيگەن قىسمى دەپ قاراپ، يۇقىرى

قاتلامدىكى ئافرىقىلىقلارنى فىرانسۇز تىلى ۋە فىرانسۇز مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى فىرانسىيە جەمئىيىتىگە تەدرىجىي باشلاپ كىردى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى يەنە يۇقىرى قاتلامدىكى ئافرىقىلىقلارغا سايلام ھوقۇقى بېرىپ، ئۇلارغا پارلامېنتتىن مەلۇم نىسبەتتە ئورۇن بەردى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاشلىقا يۈزلەندى. بىر تەرەپتىن، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئافرىقىدىكى يەرلىك قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئاقساقاللىرىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇستەملىكىچى دائىرىلەر بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئەڭ تۆۋەن بەدەل تۆلەش ئارقىلىق ئافرىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش غەرىزىدە بولدى. مەيلى قايسى خىلدىكى ھۆكۈمرانلىق بولسۇن، ئافرىقىلىق قەبىلە باشلىقلىرى ئەمدى نوقۇل يەرلىك ئاتامانلا ئەمەس، بەلكى مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق ۋە ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنىڭ پەرقى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتى.

**جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە تالان ـ تاراج قىلىشى** جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشى ۋە ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى ئاساسىي مەقسىتى ئافرىقىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى، ئەمگەك كۈچى، كان بايلىقلىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئىدى. ھەرقايسى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئەھۋالى ۋە ئىگىلىۋالغان مۇستەملىكىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، يەنە مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە مۇستەملىكىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىمۇ ئۆزئارا پەرقلەنگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى

ئىقتىسادىي جەھەتتىن تالان ـ تاراج قىلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمىغان رايون ۋە مەزگىللەردە ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

بىرىنچىدىن، جۇغراپىيەۋى بايلىق ۋە كىلىمات شارائىتى تالان ـ تاراج قىلىش ئۇسۇلىنىڭ پەرقلىنىشىگە تەسىر كۆرسەتتىدىغان مۇھىم ئامىل بولدى. ئافرىقا ناھايىتى چوڭ بىر قۇرۇقلۇق بولۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيەۋى ئەھۋالى ۋە كىلىمات ئەھۋالى زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. شىمالىي ئافرىقىدىكى ئالجىرىيە، شەرقىي ئافرىقىدىكى كېنىيە ۋە جەنۇبىي ئافرىقا رايونىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، كىلىماتى يېقىشلىق بولغاچقا، تۇركۇملىگەن ياۋروپالىق كۆچمەنلەر بۇ جايلارغا كېلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، چوڭ ئېكىنزارلىقلارنى بەرپا قىلدى. غەربىي ئافرىقىمۇ تۇپرىقى مۇنبەت، ھۆل ـ يېغىنى يېتەرلىك بولۇپ، ھەرخىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا باب كېلەتتى. ئەمما، بۇ رايونلاردا قان شورىغۇچى چىۋىنلار زىيادە كۆپ بولغاچقا، ياۋروپا كۆچمەنلىرى بۇ جايلاردا ئۇزاق تۇرالمايتتى. مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يەرلىك دېھقانلارنى ياۋروپالىقلار ئېھتىياجلىق بولغان زىرائەتلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلايتتى، ئاندىن بۇ مەھسۇلاتلارنى تۆۋەن باھادا يىغىۋېلىپ، ياۋروپا بازارلىرىغا ئاپىرىپ يۇقىرى باھادا سېتىپ، زور پايدا ئالاتتى. كونگو رايونى ھەددىدىن زىيادە ئىسسىق بولغاچقا، زىرائەت تېرىشقا ماس كەلمەيتتى. ئەمما، بۇ جاينىڭ ئىسسىق بەلباغ ئورمان بايلىقى، يەر ئاستى قېزىلما بايلىقى مول بولۇپ، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بۇ يەرنى ياۋروپادىكى چوڭ شىركەتلەرگە ئىجارىگە بەردى. ياۋروپالىقلار يەرلىك كىشىلەرنى ياللاپ كاۋچۇك ئىشلەپچىقاردى ۋە كان ئاچتى.

ئىككىنچىدىن، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، مۇستەملىكىلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش

ئۇسۇلىمۇ پەرقلىق بولدى. ئىلگىرى، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئافرىقا خەلقىگە ھاشار تۈزۈمىنى قوللانغانىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇ ۋەھشىيانە تۈزۈم خەلقئارا جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. ۋېرسال شەرتنامىسىدە، خەلقئارا ئىتتىپاق مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان جايلاردا ھاشار تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى ئالاھىدە بېكىتتى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغاچقا، خەلقئارا جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ، ئافرىقىنى تالان ـ تاراج قىلىشتا كۆپرەك ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە ۋاستىسىنى قوللاندى. ئەمما، پورتۇگالىيە بىلەن بېلگىيە ئۆز مۇستەملىكىلىرىدە ھاشار تۈزۈمىنى يەنىلا داۋاملىق يۈرگۈزدى.

ئۈچىنچىدىن، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىنى تالان ـ تاراج قىلىشىدا بىر خىل تەرتىپسىزلىك مەۋجۇت ئىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر كۆپىنچە كاپىتال چىقىرىش ۋە مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىگىلىك پىلانىنى ئۆزىنىڭ ئىگىلىك پىلانى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆز ئىگىلىكىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇردى. بۇ، فىرانسىيەنىڭ ساررو پىلانىدا تىپىك ئىپادىلەندى.

ئالبى ساررو فىرانسىيە مۇستەملىكە مىنىستىرلىقىغا ئىككى قېتىم (1920 ـــ 1924 ـ يىللىرى ۋە 1932 ـــ 1933 ـ يىللىرى) مىنىستىر بولغان. ئۇنىڭ مىنىستىر بولغان ۋاقتى دەل 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فىرانسىيە ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن، فىرانسىيەنىڭ كۈرسى چۈشۈپ كەتكەن، خام ئەشيا سېتىۋېلىشقا تاشقى پېرېۋوت يېتىشمەيۋاتقان، مۇستەملىكىلەردىكى بايلىقلارنى ئېچىش ئارقىلىق بۇ بوشلۇقنى تولۇقلاش زۆرۈر بولۇۋاتقان مەزگىل

ئىدى. شۇڭا، ساررو يېڭىدىن مۇستەملىكىلەرنى ئېچىش سىياسىتىنى تۈزۈشكە كىرىشىپ، «مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 15 يىللىق پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى، بۇ پىلان ساررو پىلانى دەپ ئاتالدى. ساررو: «كەلگۈسىدە قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن، فرانسىيە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلىرى ۋە ھامىيلىقىدىكى دۆلەتلەردىن يىمەك - ئىچمەك تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغاندىن باشقا، ھەربىي قوشۇنغا ئادەم چىقىرىش، دۆلەت خىراجىتى ئۈچۈن پۇل چىقىرىش، سانائەت ۋە سودا ئۈچۈن خام ئەشيا ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىشى شەرت» دەپ ئوچۇق - ئاشكارا جاكارلىدى. ئۇ مۇستەملىكىلەرنى بىرقانچە تۈرگە ئايرىپ، ھەربىر مۇستەملىكىنى مەلۇم مەھسۇلاتنى تەمىنلەشكە بۇيرۇدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيەمۇ فىرانسىيەگە ئوخشاش مۇستەملىكە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇ سىياسەت لۇگارد يازغان، 1922 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئەنگلىيەگە قاراشلىق ئىسسىق بەلباغ ئافرىقىسىغا بولغان قوش بۇرچلۇق ھامىيلىق» ناملىق كىتابتا روشەن ئىپادىلەندى. بۇ كىتاب مۇستەملىكىلەردىكى مەمۇرلارغا زور تەسىر كۆرسەتتى، ئەنگلىيە سىياسىيونلىرى ۋە مەمۇرلىرى بۇ كىتابنى قىبلىنامە قىلدى. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى لۇگارد ئىلگىرى ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەردە ئۇزۇن مۇددەت مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان، كېيىن ئەنگلىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق كومىتېتىدىكى باش ۋەكىلى بولغانىدى. لۇگارد كىتابىدا: «مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر مۇنداق قوش بۇرچنى زىممىسىگە ئالىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇستەملىكە خەلقىگە بولغان بۇرچ؛ يەنە بىرى، تاشقى دۇنياغا بولغان بۇرچ. مۇستەملىكە خەلقىگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن،

مۇستەملىكىلەردىكى تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىپ، بۇ بايلىقلارنىڭ دۇنيا بازىرىغا كىرىش يولىنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك» دېگەن نەزەرىيەنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويىدى.

1 ــ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئۆزلىرىنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە كاپىتال چىقىرىشنى تېزلەتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2 ــ دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغۇچە ئافرىقىغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە ئەنگلىيە 1 ــ ئورۇندا، فىرانسىيە 2 ــ ئورۇندا تۇرغان، ئاندىن بېلگىيە، ئامېرىكا، پورتۇگالىيە تۇرغان.

چەت ئەل كاپىتالى ئاساسەن كان بايلىقلىرىنى قېزىشقا سېلىندى. 1936 ــ يىلىغا كەلگەندە، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بەش چوڭ كان رايونىغا سېلىنغان مەبلەغ پۈتكۈل سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ جەنۇبىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى. مەبلەغ ئاساسەن كانچىلىق ئىشلىرىغا سېلىنغاچقا، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا، ئافرىقىنىڭ كانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1938 ــ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئافرىقا كانلىرىدىن قېزىلغان ئالماس، كوبالت، ئالتۇن قاتارلىق يەتتە ــ سەككىز خىل مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى كاپىتالىزم دۇنياسىدا 1 ــ ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئالماسنىڭ مىقدارى پۈتۈن دۇنيادىكى ئالماس مىقدارىنىڭ % 98 ىنى، ئالتۇن % 46 ىنى ئىگىلىگەن. پەقەت جەنۇبىي ئافرىقىدىكى داڭلىق ترانسۋال ئالتۇن كېنى ۋە ئالماس كېنى 1926 ــ يىلىغا كەلگۈچە جەمئىي 5 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق قىممەت ياراتقان، چەت ئەل كاپىتالىستلىرى بۇنىڭدىن زور پايدىغا ئېرىشكەن. جۈملىدىن، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئالماس قېزىش شىركەتلىرى 1934 ــ يىلىغا كەلگۈچە پايچىلىرىغا تارقاتقان پايدا ئەسلىدىكى مەبلەغنىڭ تۆت ھەسسىسىگە باراۋەر كەلگەن.

ئىقتىسادىي زىرائەتلەر چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ ئافرىقىنى تالان - تاراج قىلىشىدىكى ئىككىنچى چوڭ نىشانى بولدى. مۇستەملىكىچى دائىرىلەر ياۋروپا كۆچمەنلىرىنى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىيدىغان ئېكىنزارلىق ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن باشقا، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئافرىقا دېھقانلىرىنى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشقا يېتەكلىدى ياكى مەجبۇرلىدى. مەسىلەن، بەزىلىرى دېھقانلارغا ئېغىر باج ئارتىپ، باجغا نەق پۇل تاپشۇرۇشقا قىستىدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار نەق پۇلغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشقا مەجبۇر بولدى. بەزىلىرى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىغان دېھقانلارنى هاشاردىن كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە غەربىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە ئافرىقىلىق دەللال سودىگەرلەر ئارقىلىق دېھقانلار بىلەن توختام تۈزۈپ، هەر يىلى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ هوسۇلىنى توختام بويىچە يىغىۋالدى. مۇستەملىكىچى هۆكۈمەتلەر بەزىدە سېتىۋېلىش باهاسىنى ئۆستۈرۈش ياكى باشقا جەھەتتە ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق ئافرىقا دېھقانلىرىنى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كۆپرەك تېرىشقا يېتەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىگە بىرخىل ياكى بىرقانچە خىللا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشقا مەجبۇر بولدى.

كانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ كۆپلەپ تېرىلىشى نەتىجىسىدە، ئافرىقىنىڭ ئېكسپورت - ئىمپورت سودا سوممىسى تېز ئېشىپ، بىر تۈركۈم سودا شەھەرلىرى بارلىققا كەلدى. چەت ئەل كاپىتالىستلىرىمۇ تاشيول قۇرۇلۇشى، پورت قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە دوختۇرخانا، مەكتەپ، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىغا مەبلەغ سالدى.

قىسقىسى، مۇستەملىكىچى هۆكۈمەتلەرنىڭ باشچىلىقىدا، چەت ئەل كاپىتالى ئافرىقىغا ئېقىپ كىرىپ، بىر تەرەپتىن چەت

ئەل كاپىتالىستلىرىنى زور پايدىغا ئېرىشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئافرىقا ئىقتىسادىنى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. ئەمما، بۇ خىل تەرەققىيات غەيرىي نورمال تەرەققىيات ئىدى. جۈملىدىن، قىممەتلىك كان بايلىقلىرى غالجىرانە قېزىلىپ، ئۇنىڭ پايدىسى چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشتى. دېھقانلار نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي زىرائەتلا تېرىپ، دۇنيا بازىرىدىكى باھا ۋە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. تاشيول، پورت ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى كانچىلىق ئىشلىرى، ئېكسپورت سودىسى ۋە سودا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىلدى. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلغاچقا، ئاشلىق تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى ئازىيىپ كېتىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەي، ئاشلىق ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. دۇنيا ئىقتىسادىي كرىزىسى يۈز بەرگەندە، ئافرىقا دېھقانلىرى ئالدى بىلەن قىيىن كۈنگە قالدى.

**ئافرىقا جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر** جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئافرىقا جەمئىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشتىن ئىلگىرى، ئافرىقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرى تېخى فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىغا كىرمىگەن بولۇپ، كۆپىنچە ئافرىقىلىقلار قەبىلە ۋە جامائەنى مەركەز قىلىپ، قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاتتى. جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋە تالان ـ تاراج ئېھتىياجى تۈپەيلى ئافرىقىلىقلارنى ئەسكەرلىككە، كان ئىشچىلىقىغا ۋە مالايلىققا مەجبۇرىي قوبۇل قىلدى. نۇرغۇن ئافرىقىلىق دېھقانلار نائىلاج يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ،

www.uyghurkitap.com

شەھەر ـ بازارلاردا ياللانما ئىشچى بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىغا ئايلاندى، بۇنىڭ بىلەن قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلدى. بۇ، ئەنئەنىۋى قەبىلە ـــ جامائە تەشكىلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئافرىقا جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي بۆلۈنۈشنى تېزلەتتى. نەتىجىدە ئافرىقىدا پىرولېتارىيات سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە سىنىپى شەكىللەندى.

ئافرىقا پىرولېتارىيات سىنىپىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسەن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلاندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا، پىرولېتارلارنىڭ سانى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىدىن 50%ئېشىپ، 10 مىليونغا يەتتى. ئافرىقا پىرولېتارىيات سىنىپى تەرەققىيات جەريانىدا مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۇردى:

بىرىنچى، ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىشچىلارنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى تەكشى بولمىدى. ئىشچىلار ئەڭ كۆپ جاي مىسىر بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا ئىدى. 1937 ـ يىلى مىسىردىكى ئىشچىلار 275 مىڭ بولۇپ، 1945 ـ يىلىغا كەلگەندە 362 مىڭغا يەتتى. جەنۇبىي ئافرىقىدا 40 ـ يىللاردىلا 6 مىليون ئىشچى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ 87.2 % نى ئىگىلەيتتى. شۇ مەزگىلدە، غەربىي ئافرىقىدىكى ئىشچىلار ئاران 570 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 2 % ىنىلا ئىگىلەيتتى. ئوتتۇرا ئافرىقىدا ئىشچىلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاز ئىدى.

ئىككىنچى، ئافرىقا ئىشچىلىرىنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى ناھايىتى زور بولدى. ئىشچىلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇراقسىز ئىشچىلار ۋە پەسىللىك ئىشچىلار بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئىرقىي كەمسىتىش ئېغىر بولغان جەنۇبىي ئافرىقىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىدى. ئىشچىلارنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئافرىقىلىق ئىشچىلار ئاساسەن كاندا ئىشلەيتتى، ياۋروپالىق كاپىتالىستلار ئىشچىلار بىلەن كۆپ

ھاللاردا ئالتە ئايدىن ئىككى يىلغىچىلا ياللاپ ئىشلىتىش توختامى تۈزۈپ، يۇقىرى پايدا قوغلىشىپ، ئىشچىلارنىڭ نەدە يېتىپ - قوپۇشى بىلەنمۇ كارى بولمايتتى، ئىشچىلار نائىلاج خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ھەر يەرلەردە كۆچۈپ يۈرەتتى. ئىرقچى ھاكىمىيەت ئافرىقىلىق ئىشچىلارنىڭ مەلىكىلىك ئىشچىلارغا ئايلىنىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپلا قالماي، يەنە ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ياۋروپا كاپىتالىستلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئافرىقىلىق ئىشچىلارنىڭ يۆتكىلىشچانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ئافرىقا پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇلار چەت ئەل مونوپول كاپىتالىستلىرى ۋە مۇستەملىكە دائىرىلىرىگە ئىنتايىن نەپرەتلىنەتتى، كۈچلۈك ئىنقىلابىيلىقى ۋە كۈرەش روھىغا ئىگە ئىدى. ئەمما، ئافرىقىلىق ئىشچىلارنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى ئىشچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىغا، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، ئىشچىلارنىڭ ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇستەملىكە دائىرىلىرى غەرەزلىك ھالدا ئىرقچىلىق كەيپىياتىنى يامرىتىپ، ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ئوخشىمىغان ئىرقتىكى ئىشچىلارنى ئۆز ئارا قارشىلاشتۇردى. ئافرىقا پرولېتارىيات سىنىپى مىللىي ئازادلىق كۆرىشىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى باشتىن - ئاخىر قولىغا ئالالمىدى.

ئافرىقا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئافرىقا پرولېتارىيات سىنىپىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاستا بولدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئافرىقا مىللىي

كاپىتالىزمىغىمۇ تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئۆز مۇستەملىكىلىرىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش، باشقا دۆلەت تاۋارلىرىنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىدىكى بازارنى ئىگىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇستەملىكىلەردە قوغداش تاموژنا بېجى ئېلىشنى يولغا قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئافرىقىنىڭ يەرلىك سودا ـ سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئافرىقىدا ماكانلاشقان ئاق تەنلىك كۆچمەنلەر توركۇملەپ ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپكە كەتكەندىن كېيىن، ئافرىقىلىقلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە خام ئەشيا پىششىقلاپ ئىشلەشكە پۇرسەت تۇغۇلدى.

ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى مىللىي كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز بولدى. شىمالىي ئافرىقىدا مىللىي كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، نىسبەتەن كۈچلۈك بۇرژۇئازىيە قوشۇنى بارلىققا كەلدى. بۇلار مىسىردا ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە ماراكەشتە كۈچلۈك ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدا كاپىتالىزم ئەڭ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ھوقۇق ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قولىدا بولدى. غەربىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى بەزى مۇستەملىكىلەردە، ئافرىقىلىق سودىگەرلەر تەبىقىسى شەكىللەندى. ئافرىقىدىكى باشقا جايلاردا مىللىي كاپىتالىزم ئاساسەن ھېچقانداق تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىدى. بۇ جايلاردىكى سانائەتنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇششاق سودىنىمۇ ھىندىستانلىق ۋە غەربىي ئاسىيالىق سودىگەرلەر ئىگىلىۋالغانىدى.

ئافرىقا مىللىي كاپىتالىزمىنىڭ قالاقلىقى ئافرىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ

تۈۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. جاھانگىر دۆلەتلەر
ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشتىن ئىلگىرى مۇتلەق كۆپ ساندىكى
ئافرىقا دۆلەتلىرىدە كاپىتالىزم تېخى بىخ سۈرمىگەنىدى. تېخىمۇ
مۇھىمى، جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن
كېيىن، ئافرىقا مىللىي كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى
بوغىدىغان ھەرخىل كەمسىتىش ۋە چەكلەش سىياسەتلىرىنى
يۈرگۈزدى.

جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىدا كانچىلىق ئىشلىرىنى كونترول
قىلىۋالدى. نۇرغۇن جايلاردىكى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتلەر
ئافرىقىلىقلارنىڭ كان چارلاش ۋە كان ئېچىشىنى چەكلىدى.
ياۋروپا شىركەتلىرى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتلەرنىڭ
ھىمايىسىدە كان ئېچىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.
ئافرىقىلىقلارنىڭ كان ئېچىشى قانۇنسىز دەپ قارىلىپ، كان
ئاچقان ئافرىقىلىقلار مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ جازاسىغا
ئۇچرىدى. غەربىي ئافرىقا ۋە شەرقىي ئافرىقىدىكى بەزى
مۇستەملىكىلەردە، ئافرىقىلىقلارنىڭ ياۋروپا شىركەتلىرى
«ئىجارە ئالغان جاي» لارنىڭ سىرتىدا كان ئېچىشىغا يول
قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەبلىغى كەمچىل بولغاچقا،
تەرەققىي قىلالمىدى. مۇستەملىكە دائىرىلىرى تۈرلۈك
ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئافرىقىلىقلارنىڭ ياسىمىچىلىق سانائىتى
بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەپ، ئافرىقىلىقلار خام ئەشيا،
ئەمگەك كۈچى تەمىنلەيدىغان، ياۋروپالىقلار تەييار مەھسۇلات
تەمىنلەيدىغان ئىقتىسادىي ھالەتنى ساقلاشقا تىرىشتى. 1 - دۇنيا
ئۇرۇشىدىن كېيىن تانزانىيەلىك مىللىي كاپىتالىستلار شۇ
جايدىكى سىسال كەندىرىدىن پايدىلىنىپ، چىگە يىپ
ئىشلەپچىقارغاندا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تانزانىيەلىك
كاپىتالىستلارنى ئەنگلىيە شىركەتلىرى بىلەن شېرىكلىشىشكە
مەجبۇرلاپ، ئىشلەپچىقارغان چىگە يىپنىڭ باھاسىنى ئەنگلىيە

شىركەتلىرىنىڭ بېكىتىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئارىلىششى بىلەن، تانزانىيەدىكى چىگە يىپ فابرىكىسى ئۇزاق ئۆتمەيلا تاقىلىپ قالدى. ئومۇمەن، تاكى 1949 - يىلىغا كەلگۈچە، ئافرىقىنىڭ مىللىي سانائىتى پاختا تايلاش، ئۇن تارتىش، شاكال - ئۇرۇقچا ئايرىش قاتارلىق يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، ھەتتا بۇلارمۇ كۆپىنچە چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىدا بولدى.

سودا ساھەسىدىمۇ ئافرىقا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. نۇرغۇن جايلاردا، مۇستەملىكە دائىرىلىرى پەرمان چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئافرىقىلىقلارنىڭ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مەنئى قىلدى. بەزىلىرى قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئافرىقىلىقلارنىڭ تىجارىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى. مەسىلەن، كېنىيەدە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتى «ئېشەك بېقىشنى مەنئى قىلىش نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، ئافرىقىلىقلارنىڭ ئېشەكنى قاتناش قورالى قىلىپ تىجارەت قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئېشەك بېقىشقا يول قويمىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي ئافرىقىدا، مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئۇششاق سودىگەرلەردىن يۇقىرى باج ئېلىپ، ئۇلارنى تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇردى.

يۇقىرىقى ئامىللار تۈپەيلىدىن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقۇچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ئىجتىمائىي سىياسىي تۇرمۇشتا يېتەكچىلىك رول ئوينىيالمىدى.

20 - ئەسىردە ئافرىقا سىياسىي سەھنىسىدە ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغان مۇنداق بىر بۆلەك كىشىلەر، يەنى زىيالىيلار، ئەركىن كەسىپكارلار ۋە ياش ئوفىتسېرلار مەيدانغا كەلدى. جاھانگىر دۆلەتلەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ۋاكالىتەن

باشقۇرغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەممە جايدا مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئافرىقىلىقلارنى تەربىيىلىدى، ھەتتا ئاز ساندىكىلەرنىڭ ياۋروپاغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇشىغا يول قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى كېيىن جاھانگىرلارنىڭ غالچىسىغا ئايلىنىپ، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتنىڭ كەتمىنىنى چاپتى. ئەمما، ياۋروپا ـ ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن كۆپ ساندىكى زىيالىيلار ۋە ياش ئوفىتسېرلاردا مىللەتچىلىك ئېڭى ئويغاندى. كېيىنچە ئۇلار ئافرىقىدا مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تارقاتقۇچىلارغا ۋە ھازىرقى زامان مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدىكى رەھبەرلەرگە ئايلاندى. ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىنكى تۇنجى ئەۋلاد رەھبەرلەر مۇشۇ كىشىلەردىن سايلاندى.

## 2 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شىمالىي ئاف ـ رىقا رايونىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئافرىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتكەن، ئافرىقىنى تالان ـ تاراج قىلىشنى جىددىيلەشتۈرگەن ھەمدە ئافرىقا خەلقى ئويغىنىپ، ھازىرقى زامان مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوزغىغان مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىلدە، يېزا ـ كەنتلەردە جاھانگىرلارغا قارشى قويۇق دىنىي تۈس ئالغان كۈرەشلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. شەھەرلەردىكى پىرولېتارلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلار مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە مىللەتپەرۋەر سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىكىدە جاھانگىرلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى، مىللىي قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشلەر

ئىزچىل داۋاملاشتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئافرىقا مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى، رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە دەسلەپ چەت ئەلدە پەيدا بولۇپ، كېيىن ئافرىقا قۇرۇقلۇقىغا تارقالغان پان ئافرىقا ئىدىيەسى تاشقى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئافرىقىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ تارىخىي مۇساپىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سىنىپ قۇرۇلمىسى، ئىرىق قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ تاشقى ئامىللارنىڭ ھەرقايسى رايونلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمىدى. مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى تەرەققىياتىمۇ پەرقلىق بولدى. بۇ پەرقلەر كۈرەشنىڭ ئۇسۇلى، كونكرېت مەزمۇنى ۋە نەتىجىسى قاتارلىقلاردا روشەن ئىپادىلەندى.

**مىسىر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ غەلبىسى** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كۆلىمى ۋە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى شىمالىي ئافرىقىدا مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1919 — 1922 ـ يىللىرىدىكى مىسىر خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشى، 1921 — 1926 ـ يىللىرىدىكى ماراكەشنىڭ رىف رايونىدا كۆتۈرۈلگەن ئىسپانىيە — فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ، 1935 — 1941 ـ يىللىرىدىكى ئېفىيوپىيە خەلقىنىڭ ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئۇرۇشى ئەڭ مەشھۇر ھېسابلىنىدۇ.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئافرىقىدا مىسىر تۇنجى بولۇپ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوزغاپ، 1922 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. مىسىردىكى ھەرىكەت ۋاقتى بۇرۇن، كۆلىمى زور، قاتناشقان ئاما كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. ئافرىقىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك

ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇپ، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋاقتى مىسىردىن 30 ~ 50 يىل كېيىن بولدى.

مىسىر غەربىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئافرىقا تۇتاشقان جايغا جايلاشقان، جۇغراپىيۋى ئورۇن جەھەتتە ئافرىقىغا تەۋە بولسىمۇ، تارىخىي مەدەنىيەت جەھەتتە غەربىي ئاسىيا ـ ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە بولۇپ، مىسىر خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. مىسىر يېقىنقى زامانغىچە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان مىسىرنىڭ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى دېگەن داڭقى بار ئىدى. تارىخى ئۇزۇن، نامى مەشھۇر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرى كېلىپ دەرس سۆزلەيتتى، ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. مىسىر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيىتىدىن پەخىرلىنەتتى، ئۇلار ئىسلام دىنىنى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، سەپەرۋەر قىلىدىغان ۋە تەشكىللەيدىغان كۈچلۈك قورالغا ئايلاندۇرۇپ، جاھانگىرلارغا قارشى كۆرەش قىلدى.

ئەنگلىيە 1882 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ مىسىر ئۇرۇشىدىن كېيىن مىسىرنى بېسىۋالدى، ئەمما مىسىرنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇپ، ئاتاقتا ئۇنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە مىسىرنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1914 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مىسىرنى ھەربىي ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن تۈركىيەنىڭ گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغانلىقىنى باھانە قىلىپ، مىسىرنىڭ تۈركىيەنىڭ ھامىيلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئانچە گەپ ئاڭلىمايدىغان مىسىر سولتانى ئابباس II نى ئاغدۇرۇۋېتىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئورنىغا ئەنگلىيە پەرەس ھۆسەيىن كامىلنى تىكلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مىسىر ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەنگلىيە مىسىرغا ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلدى، سۇلتان ۋە ئىچكى كابىنېت ئاتاقتا يەنىلا ھۆكۈمران ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ھېسابلاندى، ئەنگلىيەنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىمۇ باشقا دۆلەت ئەلچىلىرىگە ئوخشاش «باش كونسۇل»لا بولدى. ئەمما، ئەنگلىيە بىر تۈركۈم ئەنگلىيەلىك ئەمەلدارلارنى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە قويۇپ ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلەش، ئەنگلىيەلىكلەرنى مىسىر ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، بىر تۈركۈم ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرىنى ئارمىيە ۋە ساقچىلار ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇش، سۇلتان ۋە ئىچكى كابىنېت باش ۋەزىرىنىڭ چوقۇم ئەنگلىيەنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشىنى شەرت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مىسىرنى كونترول قىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا مىسىرنىڭ خوجىسى بولۇۋېلىپ، مالىيە ۋە ئىقتىسادنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى.

باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مىسىردا سانى خېلى كۆپ، كۈچى خېلى زور مىللىي بۇرژۇئازىيە سىنىپى بارلىققا كەلگەنىدى. مىسىر ئافرىقىدىكى كاپىتالىزم ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان رايون بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى نەچچە ئون يىلىدا، مۇھەممەد ئەلىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەر يولغا قويۇلغانىدى. گەرچە مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىسلاھاتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان، كېيىنكى مەزگىلدە ئەنگلىيە مىسىرنىڭ سانائەت تەرەققىياتىغا چەك قويۇپ، مىسىرنى پاختىدىن ئىبارەت بىرلا خىل ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىيدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان، مىسىرنىڭ سانائەت

ساھەسىنى يەنىلا ئەنگلىيەلىكلەر تىزگىنلەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما مىسىر بۇرژۇئازىيە سىنىپى يەنىلا تەرەققىي قىلدى. مىسىر بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئاساسەن ئۈچ خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپتى، ئۇلارنىڭ بىرخىلى سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازلىرى ئىدى، ئۇلار سانى ئاز، كۈچى چەكلىك بولسىمۇ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. سەۋەبى، مىسىر ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرق جەڭ مەيدانىدىكى تايانچى بولغاچقا، ئەنگلىيە ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مىسىردا ئۇرۇشقا ئالاقىدار سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يەنە بىر خىلى بۇرژۇئازلاشقان چوڭ پومېشچىكلار ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، مىسىرنىڭ يېزا ئىگىلىكى تېز سۈرئەتتە تاۋارلىشىپ، نۇرغۇن چوڭ پومېشچىكلار بۇرژۇئازلاشتى، ئۇلار گەرچە قويۇق فېئودال تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما سانى كۆپ، كۈچى زور ئىدى. ئۈچىنچى خىلى ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە ئوفىتسېرلار ئىدى.

بۇ ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولدى. سودا ـ سانائەتچىلەر 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرىنىڭ مىسىرغا قايتىدىن يۇپۇرۇلۇپ كىرىپ، مىللىي سانائەتنى خارابلاشتۇرغانلىقىغا نارازى بولدى. يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى بۇرژۇئازلار 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ مىسىرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغانلىقىغا نارازى بولدى. ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا ئەڭ قاتتىق نارازى بولغۇچىلار ئۈچىنچى خىلدىكى كىشىلەر ئىدى. سەۋەبى، ئەنگلىيە مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى ئەنگلىيەلىكلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرگە

قويدى. مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىردىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ سانى 150 ئەتراپىدا بولۇپ، 1914 ـ يىلى 1600 گە يەتكەن، ئۇلار ھۆكۈمەتتىكى يۇقىرى مائاشلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئىگىلىگەن. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئىگىلىگەنلەرنىڭ ئىچىدە مىسىرلىقلارنىڭ سانى 1/4 ىگىمۇ يەتمىگەن، ئەنگلىيەلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققى مىسىرلىقلارنىڭكىدىن ئون ھەسسە يۇقىرى بولغان. بولۇپمۇ ئەنگلىيەلىكلەر مىسىرلىقلار بىلەن سۈرىيەلىكلەر ئارىسىغا زىددىيەت سېلىش ئۈچۈن، مىسىردا سۈرىيەلىكلەرنى كۆپلەپ ۋەزىپىگە قويغان. بۇنىڭدىن مىسىر بۇرژۇئازلىرى قاتتىق نارازى بولۇپ، مىسىر ھۆكۈمىتىدە مىسىرلىقلارنى كۆپرەك ئىشقا قويۇشنى تەلەپ قىلغان.

بۇرژۇئازىيەنىڭ مىللەتچىلىك تەلىپى ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1917 ـ يىلى، مىسىر ئىشچىلىرىنىڭ سانى 700 مىڭغا يېتىپ، ئافرىقىدا جەنۇبىي ئافرىقىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى. ئىشچىلار ئارىسىدا ئۇيۇشمىلار پەيدا بولدى. ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1918 ـ 1921 ـ يىللىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن قاھىرەدە 37 سى، ئىسكەندەرىيەدە 23 ى، قانال رايونىدا 18 ى قۇرۇلغان. ئىشچىلار سوتسىيالىزم ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، 1920 ـ يىلى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنى قۇردى، بۇ پارتىيە 1922 ـ يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا ئەزا بولۇپ، نامىنى مىسىر كومپارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى. بۇرژۇئازىيە سىنىپى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا مىللەت پارتىيەسى بىلەن ۋەتەن پارتىيەسىنى قۇرغان بولۇپ، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىلا ئىشچىلار ئارىسىدا ئۇيۇشمىلارنى قۇرۇپ، مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغانىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مىسىر يەنىلا يېزا ئىگىلىك

www.uyghurkitap.com

دۆلىتى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالە يەنىلا يېزىلاردا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇلار بېشىدىن كۆپلىگەن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، تۇركۇملىگەن ياش دېھقانلار ھاشارغا ئىشلەشكە مەجبۇرلاندى. تەخمىنەن 1 مىليون 550 مىڭ نەپەر يىگىتنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى «ئەمگەك ئەترىتى»گە قاتناشتۇرۇلدى. ئەنگلىيەلىكلەر مىسىردا پاختىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى، يەنە نۇرغۇن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋىلارنى مەجبۇرىي يىغىۋالدى. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى نەتىجىسىدە مىسىرنى ئاچارچىلىق قاپلىدى. نەچچە يۈزمىڭ مىسىرلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاچلىقتىن ئۆلدى. نۇرغۇن ياش دېھقانلار ئالدىنقى سەپتە چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلاندى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مىسىردا ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەش داغدۇغىلىق قانات يايدى. زاگلۇل باشچىلىقىدىكى مىسىر بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سىياسىي پارتىيەسى — ۋافد پارتىيەسى بۇ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. زاگلۇل (1857 — 1927) مىسىرنىڭ كارلىبى ئۆلكىسىدە بىر باي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق دەۋرىدە يۇرتىدىكى شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇپ، كېيىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇنشۇناسلىق ئىلمىدە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان. 1880 ـ يىلى «مىسىر گېزىتى» دە تەھرىر بولغان، 1882 ـ يىلى ئورابى قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، ئەنگلىيە مىسىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بىرقانچە ئاي تۈرمىگە قامالغان. كېيىن باش ۋەزىرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1906 ـ يىلى ۋە 1911 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مائارىپ مىنىستىرى ۋە ئەدلىيە

www.uyghurkitap.com

ۋەزىرى بولغان.

1918 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى زاگلۇل قاتارلىق بىر تۈركۈم مىسىر سىياسىيونلىرى ئەنگلىيەنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئالىي ئەمەلدارى ۋىنگات بىلەن كۆرۈشۈپ، مىسىر خەلقى نامىدىن ئەنگلىيەنىڭ «ئۇرۇش ۋاقتى پەرمانى» نى بىكار قىلىشنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ لوندونغا بېرىپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن مىسىرنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ۋىنگات بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، زاگلۇل ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بېرىپ پائالىيەت قىلىشنى ھەمدە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان پارىژ سۈلھى يىغىنىغا قاتنىشىشنى قارار قىلدى.

ئەرەب تىلىدا ۋەكىللەر ئۆمىكى «ۋافد» دېيىلگەچكە، زاگلۇل باشچىلىقىدىكى تەشكىلات «ۋافد پارتىيەسى» دەپ ئاتالدى. بۇ پارتىيە ئۆزىنىڭ «مىللەت تەلىپى نىزامى» دا: بىرىتانىيەنىڭ مىسىرغا بولغان ھامىيلىقىنى بىكار قىلىپ، مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئەنگلىيەلىكلەر مىسىردىن چىقىپ كېتىش؛ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مىسىرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل سالاھىيىتىدە ئالدى بىلەن لوندونغا بېرىشىنى، ئاندىن پارىژ سۈلھى يىغىنىغا قاتنىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مىسىر مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ تەلىپىگە قەتئىي باستۇرۇش تەدبىرى ئارقىلىق جاۋاب بەردى. 1919 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەنگلىيەنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ قوماندانى لوندونىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن زاگلۇل قاتارلىق تۆت كىشىنى قولغا ئېلىپ، مالتا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى 1919 - يىلى 3 - ئايدىكى قوزغىلاڭنىڭ پىلتىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى. ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتكە كەلدى. 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، پايتەخت

قاھىرەدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى، نامايىشقا ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قاتناشتى. 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىشچىلار قوزغىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلىدى ۋە ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشتى. شۇ كۈنى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىدىكى خىزمەتچىلەرمۇ ئىش تاشلىغۇچىلارغا قېتىلدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئۇلارنى قوراللىق باستۇردى، بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ھەرقايسى جايلاردا نامايىش بولغاندىن باشقا، بەزى جايلاردا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. بىر ئاي ئىچىدىلا، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىسىرغا بولغان كونتروللۇقى ئاجىزلاپ، دۆلەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئەنگلىيەلىكلەر ئامالسىز زاگلۇل قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پارىژغا بېرىشىغا يول قويدى. ئەمما، پارىژ سۈلھى يىغىنىدا، مىسىر مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ تەلىپى ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. كۈچلۈك دۆلەتلەر يەنىلا مىسىر ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت دېگەن پىكىرىدە چىڭ تۇردى. پارىژ سۈلھى يىغىنىدىن تارقالغان خەۋەر مىسىر خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ،ئۇلار قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. قاھىرە، ئىسكەندەرىيە قاتارلىق شەھەرلەردە ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى. شۇ جايدىكى ئامما كوچىلاردا ئىستىھكاملارنى ياساپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى بىر تەرەپتىن ئەسكەر چىقىرىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن يول قويغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، مىسىرغا «ئاپتونومىيە» ھوقۇقى بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۈملىدىن مىلنېر باشچىلىقىدىكى «تەكشۈرۈش كومىتېتى» نى ئەۋەتىپ، سولتان ھۆكۈمىتى ۋە يۇقىرى قاتلام بۇرژۇئازلارنى يېنىغا تارتىپ، ئۇلار بىلەن

كېلىشىم تۈزۈپ، ۋافد پارتىيەسى ۋە ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇندى. مىسىر خەلقى ئەنگلىيەگە قارشى نامايىش قىلىش ئارقىلىق مىلنېر ۋەكىللەر ئۆمىكىگە جاۋاب قايتۇردى. مىلنېر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي لوندونغا قايتتى. شۇ چاغدا زاگلۇل لوندوندا ئىدى. مىلنېر زاگلۇل قاتارلىقلارغا ئاتاقتا ئەنگلىيەنىڭ مىسىرغا بولغان ھامىيلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ئەمما ئەنگلىيەنىڭ مىسىردا ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى مەزمۇن قىلغان بىر پارچە شەرتنامىنى تاپشۇردى. بۇ شەرتنامە ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، مىسىردا دەرھال قارشىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. زاگلۇل ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ شەرتنامىنى رەت قىلدى. سولتان ھۆكۈمىتىمۇ خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن قورقۇپ، بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويۇشقا پېتىنالمىدى.

ئاخىرىدا، ئەنگلىيە قاتتىق قول ۋاسىتە قوللاندى، 1921 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قارشىلىق دولقۇنى يەنە كۆتۈرۈلگەندە، ۋافد پارتىيەسىنىڭ زاگلۇل قاتارلىق بىرقانچە رەھبىرىنى قايتا قولغا ئېلىپ، ئالدى بىلەن ھىندى ئوكياندىكى سېيشېل ئاراللىدىكى تۈرمىگە، ئاندىن گىبرالتار بوغۇزىدىكى قورغانغا قامىدى.

ۋافد پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى دەرغەزەپكە كەلدى. قاھىرە، ئىسكەندەرىيە ۋە باشقا شەھەرلەردە كەسكىن كۆرەش بولدى. ئەمما، بۇ قېتىملىق قارشىلىق 1919 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش كەسكىن بولمىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، كەڭ يېزىلاردىكى دېھقانلار ھەرىكەتكە قاتناشمىدى، بىر قىسىم بۇرژۇئازلار كۆرەشكە ئاۋاز قوشمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇستەملىكىچىلەر ئەنگلىيەدىن خىللانغان قوشۇن، ھەربىي پاراخوت ۋە ئايروپىلانلارنى يۆتكەپ كېلىپ، قوزغىلاڭنى تېزلا باستۇرۇۋەتتى.

ھەرىكەت پەسكويغا چۈشۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، مىسىر

مىللەتپەرۋەرلىرى ئىلاجىسىز مۇستەملىكىچىلەرگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەنگلىيە بۇ قېتىملىق قارشىلىقنى باستۇرغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ مەزگىلدە ھىندىستان ۋەزىيىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەچكە، مىسىردىكى توقۇنۇشنى دەرھال ھەل قىلىپ ھىندىستان كىرىزىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا، ئىككى تەرەپ ئەنگلىيە ئۇتتۇرىغا قويغان لايىھە بويىچە ئىش كۆردى.

1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەنگلىيە مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، مىسىرغا بولغان «ھامىيلىقى» دىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىدى، شۇنداقتىمۇ مىسىرغا «تۆت تۈرلۈك شەرت»نى قويدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: ئەنگلىيە سۇۋەيش قانىلى رايونى ۋە مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇھىم ھەربىي ئورۇنلارنى داۋاملىق ئىگىلەپ تۇرىدۇ؛ ئەنگلىيە مەسلىھەتچىلىرى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى داۋاملىق تىزگىنلەپ تۇرىدۇ؛ مىسىر ھۆكۈمىتى چەت ئەللىكلەرنىڭ مىسىردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ؛ ئەنگلىيە مىسىردىكى كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ۋە باشقا تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ؛ ئەنگلىيە مىسىرنىڭ جەنۇبىدىكى سۇلتانلىقلارنى بىۋاسىتە ئىدارە قىلىپ، نىل دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىنى كونترول قىلىپ، مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى تىزگىنلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

1923 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مىسىر ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، مىسىرنىڭ ئەركىن مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكى، مىسىردا مىللىي كاپىتالىزم تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغانلىقى، ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم ئورنىتىلىپ، سۇلتاننىڭ پادىشاھقا ئۆزگەرتىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا مەلۇم دەرىجىدە چەك

قويۇلىدىغانلىقى جاكارلاندى. 1923 ـ يىلى 9 ـ ئايدا زاغلۇل مىسىرغا قايتىپ كەلدى. 1924 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت سايلىمىدا، ۋافد پارتىيەسى غەلىبە قىلىپ، زاغلۇل مىسىر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى باش ۋەزىر بولدى.

1919 ــ 1922 ـ يىللىرىدىكى مىسىر خەلقىنىڭ كۈرىشى قىسمەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ۋاھالەنكى، ئەنگلىيە يەنىلا ئۇرغۇن ئىمتىيازلارنى ساقلاپ قالغاچقا، مىسىر خەلقىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدىكى مۇساپە يەنىلا ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى.

**ماراكەشتىكى رىف قوزغىلىڭى** ماراكەش ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، غەرب تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشاتتى، شىمال تەرىپى بىرقانچە كىلومېتىر كەڭلىكتىكى جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاتلانتىك ئوكيان ــ ئوتتۇرا دېڭىزنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن، غەربىي ياۋروپادىن شەرققە بارىدىغان ئەڭ قىسقا دېڭىز يولىدىكى ئۆتمەسە بولمايدىغان ئۆتەڭ بولۇپ، قەدىمدىن «غەرب دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى» دەپ ئاتالغانىدى، شۇ سەۋەبتىن تارىختىن بويان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تالىشىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى.

ماراكەش مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دۆلەت بولۇپ، سۇلتان دۆلەتنىڭ رەھبىرى ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ ھوقۇقى مەخسىن (دۆلەت ئىشلىرى مەجلىسى) تەرىپىدىن تىزگىنلىنەتتى. دۆلەت ئىچىدىكى بەزى رايونلارنى خەلىپە (سۇلتاننىڭ ۋەكىلى)، پاشا (ئۆلكە باشلىقى)، كاھىد (ۋىلايەت باشلىقى)، شەيخ (قەبىلە باشلىقى)لار باشقۇراتتى. مەملىكەتتىكى ھەممىلا رايون سۇلتان بىلەن مەخسىنغا بويسۇنۇپ كەتمەيتتى، شۇڭا مەملىكەت دائىم دېگۈدەك ئىككى خىل رايونغا، يەنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنىدىغان ئۆلكىلەر بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان «تۇپىلاڭچى

ئۆلكىلەر» گە بۆلۈنۈپ تۇراتتى.

مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر كۆپ قېتىم ماراكەش زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش غەرىزىدە بولدى. 19 ـ ئەسىردە، كىچىك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى كۈرەش نەتىجىسىدە ماراكەش ئاتاقتا سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىل ھالەتتە تۇردى، ئەمەلىيەتتە بىرقانچە كىچىك دۆلەتنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىرانسىيە باشقا جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن ماراكەشنى تالىشىشتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئالدى بىلەن، 1904 ـ يىلى فىرانسىيە ئەنگلىيە بىلەن بىر كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمنىڭ بىر ماددىسىدا: ئەنگلىيە فىرانسىيەنىڭ ماراكەشتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ فىرانسىيەمۇ ئەنگلىيەنىڭ مىسىردىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. مۇشۇنداق سودىلىشىش ئارقىلىق، بۇ ئىككى مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى يۇز يىل داۋاملاشقان تالاش ـ تارتىشى ئاياغلاشتى. ئارقىدىنلا شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، فىرانسىيە ئىسپانىيە بىلەن بىر كېلىشىم ئىمزالاپ، ماراكەشتىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ پاسىلنى بېكىتىش ئارقىلىق، ئىسپانىيەنى خاتىرجەم قىلدى. ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بۇ يوشۇرۇن سودىسى ماراكەش ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. گېرمانىيەمۇ قاتتىق غەزەپلەندى. شۇ سەۋەبتىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم ماراكەش كرىزىسى يۈز بېرىپ، ئاخىر 1911 ـ يىلى «فىرانسىيە ـ گېرمانىيە كېلىشىمى» ئىمزالاندى. كېلىشىم بويىچە، گېرمانىيە ماراكەشنىڭ فىرانسىيە ھامىيلىقىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، فىرانسىيە گېرمانىيەگە كونگونىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى بۆلۈپ بەردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغۇچە بولغان ئون نەچچە يىل ئىچىدە، فىرانسىيە كرىزىسلارنى بىر ـ بىرلەپ يېڭىپ، ئاخىر ماراكەشتىكى

www.uyghurkitap.com

ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. 1912 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، فىرانسىيە ماراكەش سۇلتانى ھەفىدنى «ھامىيلىق» شەرتنامىسى ــ فېيس شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى. ئوتتۇز ماددىلىق بۇ شەرتنامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: سۇلتان ۋە ئوردا فىرانسىيە ھۆكۈمىتى پايدىلىق دەپ قارىغان مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، ئىقتىساد، مالىيە ۋە ھەربىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ؛ فىرانسىيە ئارمىيەسى ماراكەش زېمىنىنى ئىشغال قىلىدۇ؛ ماراكەشنىڭ فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەرقانداق خەلقئارا شەرتنامە تۈزۈشكە بولمايدۇ؛ فىرانسىيە ماراكەشكە باش ۋالىي ئەۋەتىپ، بۇ شەرتنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ماراكەش زېمىنى ئىچىدىكى چەت ئەللىكلەرگە ئالاقىدار ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ماراكەش فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھالبۇكى، ماراكەشتە ئىسپانىيەنىڭمۇ مەنپەئەتى بار ئىدى. شۇڭا، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى فىرانسىيە ئىسپانىيە بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، ماراكەشنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشىدىغان تۇزلەڭلىكلەرنى ھەم جەنۇبىدىكى رىف تاغلىق رايونىنى ئىسپانىيەنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەمما، بۇ جاي قانۇنىي جەھەتتە يەنىلا «ھامىي دۆلەت» نىڭ زېمىنى ھېسابلاندى. ماراكەشنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم پورت تانگىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى جايلار غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر «ئورتاق باشقۇرىدىغان رايون» قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ماراكەشنىڭ زېمىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتتى.

«ھامىيلىق» شەرتنامىسى ماراكەشكە مۇقىملىق ئېلىپ كېلەلمىدى. بىر تەرەپتىن، ماراكەش خەلقى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسى بويىچە سۇلتاننىڭ ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامە ئىمزالىغانلىقىغا قاتتىق

غەزەپلىنىپ، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ھەتتا، فىرانسىيەلىكلەرمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىپ: «بىز قۇرۇقلۇقتا چىققان كۈندىن باشلاپ، دىمىمىزنى ئالغۇدەك پۇرسەت بولمىدى، چۈنكى كۈچلۈك قارشىلىقتا دۇچ كەلدۇق» دېيىشتى. فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەقەت تۈزلەڭلىك بىلەنلا چەكلەندى، ئوتلاق ۋە تاغلىق رايونلارنى كونترول قىلىشقا ئۇلارنىڭ قۇربى يەتمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۇزۇلمىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، فىرانسىيەدىكى ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىياسىتى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربى ۋە ئاتلانتىك ئوكيانىغا تۇتىشىدىغان ئافرىقا زېمىنىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار مەغرىب رايونىدا باشقا كۈچلۈك دۆلەت يالغۇز بېسىۋالغان دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى خالىمايتتى. ھالبۇكى، ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى ئۆزى باشقۇرىدىغان رايوننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنى خالايتتى، جۇملىدىن سۇلتاننىڭ قولىدىن ئۆزى باشقۇرىدىغان زېمىنىنى ئايرىۋېلىپ، بىر قىسمى فىرانسىيەگە، بىر قىسمى ئىسپانىيەگە تەۋە ئىككى ماراكەش پەيدا قىلىشنى ئويلايتتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە ئۆزىگە تەۋە رايوندا «ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېچىش» نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. بولۇپمۇ، ئىسپانىيە شىركەتلىرى كان بايلىقى مول بولغان رىف رايونىغا بۇرۇندىنلا كۆز تىكىپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان بۇ رايوننى تېزرەك بويسۇندۇرۇشقا ئالدىرىدى.

ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى خەلققە «قاتتىق قول» بولۇش بىلەن داڭ چىقارغان گېنېرال بېللانگىلنى ماراكەشتىكى ئالىي ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ 1918 ـ يىلى ئالدى بىلەن غەربتىكى جەبالا قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇش، ئاندىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، رىف قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ

www.uyghurkitap.com

چىقتى.

ئىسپانىيە قوشۇنى 1919 - يىلى 7 - ئايدا غەربىتىكى جەبالا قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، رىف تاغلىق رايونىغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. رىفلار شىمالىي ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشايدىغان بەربەرلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، جەمئىي 13 قەبىلىسى 500 مىڭ ئادىمى بار ئىدى، ماراكەش نوپۇسىنىڭ % 10 ىنى ئىگىلەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىنى ئورىياغىل قەبىلىسى 13 قەبىلە ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ئىدى. قەبىلە باشلىقى ئابدۇللا كېرىم ھاتابىنىڭ جەمەتى «پەيغەمبەر جەمەتى» دەپ ئاتالغاچقا، رىفلار ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ئىسپانىيەلىكلەر ھۇجۇم قوزغاشتىن ئىلگىرى جاسۇس ئەۋەتىپ، ئابدۇللا كېرىم ھاتابىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇشۇ جىددىي پەيتتە، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا كېرىم قەبىلە ئاقساقاللىرى كېڭىشى تەرىپىدىن ھەربىي سەردارلىققا سايلاندى.

ئابدۇللا كېرىم 1882 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى ئالغان، 1915 - يىلى مەلىللە شەھىرىنىڭ باش سوتچىسى بولغاندا، ئىسپانىيەگە قارشى تۇرۇپ ماراكەشنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن قولغا ئېلىنغان، 1918 - يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن داۋاملىق مۇشۇ شەھەرنىڭ سوتچىسى بولغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئىسپانىيە قوشۇنىنىڭ رىفلارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دۈشمەنگە بىللە تاقابىل تۇرۇشنى كۆزلەپ، ئۇنى دەرھال چاقىرتىپ كەلگەنىدى. دادىسى سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇ دادىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىشقا بەل باغلىدى.

كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا ئابدۇللا كېرىم مۇنداق ئىككى ئىشنى ئوبدان ئىشلىدى: بىرى، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە

كۆپرەك دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جەبىلتارىق بوغۇزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ئىسپانىيەنىڭ قۇدرەتلىك مۇستەملىكىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىندىكى ئورۇشنى تېزلا ئاياغلاشتۇرۇشنى خالىمايتتى. ئابدۇللا كېرىم مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ فىرانسىيە بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ قورال - ياراغ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەمۇ رىفلارنىڭ كۆرىشىنى ئاستىرتىن قوللىدى. ئەنگلىيە، گېرمانىيەدىكى قورال - ياراغ سودىگەرلىرى رىف قوشۇنىنى يوشۇرۇنچە قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلىدى. يەنە بىرى، دۈشمەن كۈچلۈك، ئۆزى ئاجىز بولۇشتەك ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئۇرۇشقا تولۇق تەييارلىنىپ بولۇشتىن ئىلگىرى دۈشمەن قوشۇنى بىلەن بىۋاستە تۇتۇشماسلىق كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئىسپانىيەدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، دۈشمەننى بىخۇدلاشتۇردى، شۇنداقلا ئۆز قوشۇنىنى تاغ ئىچىگە چېكىندۈرۈپ، ئىسپانىيە قوشۇنىنى تاغلىق رايونغا باشلاپ كىرىپ، يەر شارائىتىدىن ئوبدان پايدىلىنىشنى ئويلىدى.

1921 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئىسپانىيە قوشۇنى ئەسكىرىي كۈچ ۋە قورال - ياراغ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، رىف تاغلىق رايونغا بىراقلا ئىچكىرىلەپ كىردى. يول بويى ئوت قويۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، رىف خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. كىشىلەر بەس - بەستە ئابدۇللا كېرىمدىن قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش قىزغىنلىقىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئابدۇللا كېرىم 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېچىدە 300 جەڭچىنى باشلاپ، ئىسپانىيە قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بىرقانچە سائەتلىك قانلىق جەڭ ئارقىلىق، ئىسپانىيە ئارمىيەسىنىڭ 400 ئەسكىرىنى يوقىتىپ،

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دالئابارانى قايتۇرۇۋالدى، يەنە نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئاشلىق ۋە ئوق ـ دورىنى غەنىيمەت ئالدى. ئىسپانىيە قوشۇنىغا قاتناشقان ماراكەشلىك ياللانما ئەسكەرلەرمۇ بەس ـ بەستە رىف قوشۇنىغا قېچىلدى. بۇرۇن ئىككىلىنىپ قالغان بەزى رىف قەبىلىلىرىمۇ ئابدۇللا كېرىمنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتى. بۇنىڭ بىلەن رىف قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 3000 غا يەتتى. دالئابارادىكى غەلىبە رىف قوزغىلىڭىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

دەسلەپكى غەلىبە رىف قوشۇنىنىڭ جاسارىتىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، رىف قوشۇنى يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئانۇئال شەھىرىدىكى گېنېرال سىلۋېستېر باشچىلىقىدىكى ئىسپانىيە قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بەردى. جەڭ ئالتە كۈن داۋاملىشىپ، ئاخىر رىف قوشۇنىنىڭ تولۇق غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ جەڭدە رىف قوشۇنى ئىسپانىيە ئارمىيەسىنىڭ 14 مىڭ 700 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقىتىپ، 139 زەمبىرەك، 400 دىن ئارتۇق پىلىموت، 39 مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق ۋە نۇرغۇن كۆندىلىك بۇيۇملارنى غەنىيمەت ئالدى. گېنېرال سىلۋېستېر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئانۇئال جېڭى ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكە ئۇرۇشى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق مىسلى كۆرۈلمىگەن زور مەغلۇبىيەت بولۇپ، ياۋروپانى زىلزىلىگە سالدى. گېزىت ـ ژۇرناللاردا بۇ جەڭ «ئانۇئالدىكى تىراگېدىيە» دەپ ئاتالدى.

ئىسپانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىشتە، بولۇپمۇ بۇ جەڭگە قوماندانلىق قىلىشتا، ئابدۇللا كېرىم ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سىياسىي ۋە ھەربىي تالانتىنى نامايان قىلىپ، رىف خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىشەنچىسى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۇ تۈركىيە كامال ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، جەڭ مەيدانىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، مىللىي ھاكىمىيەت قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. 1921 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 12 قەبىلىنىڭ

ۋەكىللىرىنى چاقىرىپ قۇرۇلتاي ئاچتى. قۇرۇلتايدا «مىللىي قەسەمنامە» ماقۇللىنىپ، ئۇ رىف مىللەتپەرۋەرلىرى چوقۇم رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى قىلىپ بېكىتىلدى. «مىللىي قەسەمنامە» ئالتە تۈرلۈك مەزمۇندىن تەركىب تاپتى، بۇلار: بىرىنچى، ماراكەشنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان تۈرلۈك تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئېتىراپ قىلماسلىق؛ ئىككىنچى، ئىسپانىيەلىكلەر 1912 ـ يىلى فىرانسىيە ـ ئىسپانىيە كېلىشىمى تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن تېخى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالمىغان رىف رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ، پەقەت سېۋتا، مەلىللە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىلا كونترول قىلىش؛ ئۈچىنچى، رىف دۆلىتىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش؛ تۆتىنچى، رىف دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قۇرۇش؛ بەشىنچى، ئىسپانىيە رىف خەلقىگە سالغان زىياننى تۆلەپ بېرىش؛ ئالتىنچى، باراۋەر شەرت ئاستىدا، بارلىق چوڭ دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ شەرتنامە تۈزۈش ئىدى.

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا مۇستەقىل رىف جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، ئابدۇللا كېرىم رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. رىف دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئابدۇللا كېرىم قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە تارمىقى ۋە ئىچكى ئىشلار تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى مۇستەھكەملەيدىغان بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. جۈملىدىن، ھەربىي ئىشتاتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن دائىمىي ئارمىيە ۋە قەبىلە قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتى؛ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەتنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقتى، ئەنئەنىۋى قانۇن ۋە سوت ئورۇنلىرىنى بىكار قىلدى؛ يېڭى باج تۈزۈمىنى ئورناتتى؛ تىنچ ـ دوستانە دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويدى.

www.uyghurkitap.com

«مىللىي قەسەمنامە» ۋە بىر قاتار تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى رىف رايونىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى كۈچەيتىپ، جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈچنى زورايتتى، رىف رايونىنىڭ قالاق سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى.

ئىسپانىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە رىف دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ماراكەشنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان فىرانسىيە ئىشغالىيەتچىلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ماراكەشنىڭ جۇغراپىيەۋى ئورنى فىرانسىيە مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيەسىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، فىرانسىيە ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىنىڭ شىمالىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىنى تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئالجىرىيە، تۇنىس، سەھرايى كەبىر چۆلىدىن سېنېگال دەرياسى، نىگېر دەرياسى ۋە ئېكۋاتورغىچە سوزۇلغان، ياۋروپا قىتئەسىگە باراۋەر كېلىدىغان مۇستەملىكە بەلبېغىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز زېمىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇش غەرىزىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ رىف خەلقىنىڭ ئىسپانىيەگە قارشى كۆرىشىگە قىلچە ئارىلاشمىدى. بۇنىڭدىن مەقسىتى، ئىسپانىيە قوشۇنى قوغلاپ چىقىرىلغاندا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە زېمىنىنى كېڭەيتىۋېلىش ئىدى. ۋاھالەنكى، ئابدۇللا كېرىم رەھبەرلىكىدىكى رىف خەلقىنىڭ ئىسپانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرىشىنىڭ ئارقىمۇ ئارقا غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئابدۇللا كېرىمنىڭ ماراكەشتىكى تەسىرى كۈنسېرى كۈچەيدى. خەلقنىڭ فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە سۇلتانىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقى ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى: ئەگەر ئابدۇللا كېرىمنىڭ مىللىي ھاكىمىيىتى داۋاملىق مەۋجۇت

بولۇپ تۇرىۋەرسە ۋە كۈچىيىۋەرسە، ماراكەش مۇقەررەر ھالدا ئىككىنچى تۈركىيە، ئابدۇللا كېرىم غەربىي شىمالى ئافرىقىدىكى كامال بولۇپ قالغۇدەك، دېگەن تونۇشقا كەلدى. شۇڭا، فىرانسىيە رىف قوشۇنى ئىسپانىيەلىكلەرنى ئوتتۇرا دېڭىزغا قوغلىۋەتكەن ھامان رىف جۇمھۇرىيىتىگە مۇداخىلە يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

ئابدۇللا كېرىم فىرانسىيەنىڭ ھەربىي تەھدىتىگە قارىتا سىياسىيونلارغا خاس تەمكىنلىكنى نامايان قىلدى. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، رىف نوپۇسى ئاز، زېمىنى كىچىك ئەل ئىدى، يەنە كېلىپ فىرانسىيە ئىسپانىيەدىن خېلىلا كۈچلۈك، سەپەرۋەر قىلالايدىغان ئەسكىرى رىف ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي سانىدىنمۇ كۆپ ئىدى. ماراكەش قەبىلىلەردىن تۈزۈلگەن دۆلەت بولۇپ، بارلىق قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا مۇئەييەن ۋاقىت ۋە باشقا شارائىتلار كېتەتتى. شۇڭا، ئابدۇللا كېرىم فىرانسىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەمما، فىرانسىيەنىڭ رىف دۆلىتىنى يوقىتىش نىيىتى قەتئىي بولغاچقا، رىف خەلقىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنىلا تاللاش ئىمكانىيىتى قالدى.

رىف خەلقى كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقۇپ قالمىدى، ئۇلار فىرانسىيەنىڭ ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكىگە قايتۇرما زەربە بەردى. 1925 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، رىف قوشۇنى جەنۇبقا تېز يۈرۈش قىلىپ، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ گازارمىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشغال قىلىپ، ئۇلار بىر مەزگىل بېسىۋالغان ئاشلىق بازىسى — ۋېرگا جىلغىسىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە فىرانسىيە زور قوشۇنى ساقلاۋاتقان فېيىس، تازاغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى.

جىددىي ئۇرۇش ۋەزىيىتى فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيەنى بۇرۇنقى ئاداۋىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەمكارلىشىشقا

مەجبۇر قىلدى. ئىككى تەرەپ جىددىي كېڭىشىش ئارقىلىق، 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى فىرانسىيە ـ ئىسپانىيە ۋاقىتلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە، ئىككى دۆلەت ماراكەش خەلقىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش، رىف دۆلىتى بىلەن يالغۇز ياراشماسلىق بەلگىلەندى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئىككى دۆلەت قوشۇنى بىرلەشمە ھەرىكەت قوزغىدى. فىرانسىيە مارشال پېتائىننى ماراكەشتە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، فىرانسىيە قوشۇنى ئەسكەر سانىنى 300 مىڭغا كۆپەيتتى، يەنە 400 مىڭ ئافرىقىلىق ئەسكەرنى ياللىدى. شۇنداق قىلىپ، 700 مىڭ كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇن ئاھالىسى ئاران 500 مىڭ كېلىدىغان رىف دۆلىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلاندى. ئىسپانىيە قوشۇنىمۇ ئەسكەر سانىنى 100 مىڭغا يەتكۈزۈپ، باش ۋەزىر رىۋېرانىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا بولدى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئۇرۇشتا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن، 183 مىليون فىرانك ھەربىي خىراجەت ئاجراتتى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەلىرىنى ئەڭ يېڭى تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. ئىككى دۆلەت يەنە قەبىلە باشلىقلىرىنى سېتىۋالدى، ماراكەش سۇلتانى نامىدا ئابدۇللا كېرىم ئاكا ـ ئۇكىلارنى ئۆلتۈرگەنلەرگە 500 مىڭ فىرانك مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ناھايىتى زور بولغانلىقتىن، فىرانسىيە ـ ئىسپانىيە قوشۇنى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ناھايىتى تېزلا كونترول قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئىسپانىيە قوشۇنى مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچى بىلەن رىف جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئاگدىرنى ئىشغال قىلدى. كېيىنكى يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فىرانسىيە قوشۇنى رىف قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى تۇرۇشلۇق جاي تارگۇستنى قورشىۋالدى. ئابدۇللا كېرىم رىف خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىش

بەدىلىگە فىرانسىيە قوشۇنىدىن رىف خەلقىگە كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، رىف قوشۇنى رەسمىي تەسلىم بولدى. ئابدۇللا كېرىم ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى 23 ئادەم ھىندى ئوكيانىدىكى رېئۇنىئون ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى. فىرانسىيە، ئىسپانىيە جاھانگىرلىرى يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن رىف جۇمھۇرىيىتىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى.

رىف قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسپانىيە، فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ماراكەش خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە قۇدرەتلىك كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى. رىف قوزغىلىڭى ماراكەش خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بىر قېتىملىق سىناق بولۇپ قالدى. كېيىنكىلەر رىف قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئېلىپ، ئاخىر 1956 ـ يىلى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ماراكەشنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا سىياسىي مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى.

**ئېفيوپىيە خەلقىنىڭ ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرىشى** ئېفيوپىيە قىزىل دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپىدىكى دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇ دۆلەتتە ئېگىز ھەم خەتەرلىك تاغلار، ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئېگىزلىكلەر ۋە تىك يارلىق جىلغىلار بولۇپ، ئاجايىپ جۇغراپىيەلىك مۇھىت بۇ دۆلەتنى تولىمۇ گۈزەل كۆرسىتەتتى، شۇڭا كىشىلەر ئېفيوپىيەنى ئافرىقىدىكى شۋېيتسارىيە دەپ تەرىپلەشكەنىدى. ئەمما، ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۈزلەڭلىكلەر ۋە تاغلار بۇ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى

بولغان پادىشاھلار ۋە بۇ دۆلەتنى بويسۇندۇرماقچى بولغان تاجاۋۇزچىلارغا نىسبەتەن ئوخشاشلا ئۆتكىلى بولمايدىغان توساق ئىدى.

ئېفىيوپىيەنىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول بولسىمۇ، ئۇزاقتىن بۇيان فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرغاچقا، ئىقتىسادى قالاق، تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىز ئىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بۆلۈشۈۋېلىش نىشانى بولۇپ قالدى. بۇ جاھانگىر دۆلەتلەر ئىچىدە ئىتالىيەنىڭ قارا نىيىتى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. ئىتالىيە 1895 — 1896 - يىللىرى ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغاندا ، ئېفىيوپىيە خەلقى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئادوۋا جېڭىدە ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى ھەمدە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئافرىقىدا ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، ئېفىيوپىيە ھۆكۈمرانلىرى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە بۆلۈشۈۋېلىش تەھدىتى ئالدىدا، فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. مونارىك (1889 ~ 1911) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە، ئاكتىپلىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتتى، فېئوداللارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىپ، دۆلەتنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بەردى. ئەمما، ئۇ ياشىنىپ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندا، ھوقۇق ياتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، دۆلەت قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالدى. 1930 - يىلى ئايال پادىشاھ زاۋدىتۇ ئۆلگەندىن كېيىن، نائىبخان تافارە ماكونتېن تەختكە چىقىپ، خايلې سېلاسسىي I دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن،

ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولدى. خايلې سېلاسسى I تەختكە چىققاندىن كېيىن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەمما، بۇ ئىسلاھات ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن توختاپ قالدى.

ئىتالىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئېفىيوپىيەگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئېفىيوپىيەنى بېسىۋېلىش نىيىتىدىن زادىلا يانمىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئىتالىيە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ئانتانتا دۆلەتلەر قاتارىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنى ۋە گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنىغا ئېرىشىش خىيالىدا بولدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پارىژ سۈلھى يىغىنىدا، ئىتالىيە گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنىغىمۇ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىغىمۇ ئېرىشەلمەي، قۇرۇق قول قالدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇسسولىنى قاتارلىق فاشىست ئۇنسۇرلار ئىتالىيە خەلقىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ تەختكە چىقىۋالدى. 1922 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مۇسسولىنى فاشىستىك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قوشنا دۆلەتلەرگە ۋە بالقان يېرىم ئارىلىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، نەزىرىنى ئېفىيوپىيەگە تىكتى. ئىتالىيە ئېفىيوپىيەنى بېسىۋالسا، مول بايلىق مەنبەسىگە ئىگە بولاتتى، شەرقىي ئافرىقىدىكى بىرقانچە مۇستەملىكە زېمىنىنى ئېفىيوپىيە زېمىنىغا تۇتاشتۇرۇپ، چوڭ مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسى شەكىللەندۈرۈپ، ئەنگلىيە بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى

www.uyghurkitap.com

بۇرنۇيتەلەيتتى. چۈنكى، 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىس ئىتالىيەدە ھەر ۋاقىت كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلاب پارتلاش خەۋپىنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئىتالىيە ئېفىيوپىيەنى بېسىۋالسا، 1895 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتىكى نومۇسنى ئاقلاپ، فاشىست ھاكىمىيەتنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈپ، «خەلققە ئاش ـ نان بېرەلمىسىمۇ، شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىش» تەك مەقسەتكە يېتەلەيتتى.

مۇسسولىنى ئېفىيوپىيە بىرلىككە كېلىپ قۇدرەت تېپىشتىن بۇرۇن ئۇنى بېسىۋالماقچى بولدى. 1934 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئىتالىيە قوشۇنى ئېفىيوپىيەگە ئىزچىل ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئىتالىيە قوشۇنى ئافرىقىلىق ئەسكەرلەرنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىش ۋەقەسى — ۋارۋار ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، مۇسسولىنى ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1935 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سەھەردە، ئىتالىيە ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا ھۇجۇم قوزغىدى، 300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئېرىترېيە ۋە ئىتالىيەگە قاراشلىق سومالىدىن يولغا چىقىپ، شىمال، شەرق، جەنۇب ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش رەسمىي باشلاندى. بۇ ئۇرۇش سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچ پەرقى ناھايىتى زور بولغان ئۇرۇش ئىدى. بولۇپمۇ ھەربىي جەھەتتە، ئىتالىيە قوشۇنىدا ئايروپىلان، زەمبىرەك، تانكا بىلەن قوراللانغان نەچچە يۈز مىڭ ئەسكەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئېفىيوپىيەنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىدا ئارانلا ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر، 500 دانە پىلىموت بولۇپ، پىلىموتنىڭ ئاران ئوندىن بىرىنى ئىشلەتكىلى بولاتتى، ھاۋا ئارمىيەسىدە ئارانلا يەتتە دانە كونا يولۇچىلار ئايروپىلانى بار ئىدى.

كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا، خايلې سېلاسسىي I ئېفىيوپىيەنىڭ

خەلقئارا ئىتتىپاقتا ئەزا دۆلەت ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالدى بىلەن خەلقئارا ئىتتىپاقتىن ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە كونتروللۇقىدىكى خەلقئارا ئىتتىپاق ئىتالىيەگە كەڭ قورساقلىق قىلىپ، ۋاقتىدا كۈچلۈك تەدبىر قوللانمىدى. شۇنداقتىمۇ ئىتالىيەنىڭ قىلمىشى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقلىرى ئېفيوپىيە خەلقىگە ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇلارنى قوللىدى. مىسىر، جەنۇبىي ئافرىقا، ئالجىرىيە ۋە تۇنىس قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېفيوپىيە خەلقىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئىش تاشلاش ۋە نامايىش بولدى. بەزى دۆلەتلەردە مەخسۇس ئېفيوپىيەگە ياردەم بېرىش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى ياكى پىدائىيلار تەشكىللىنىپ ئېفيوپىيەگە جەڭ قىلىشقا باردى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار ۋە ئىلغار زاتلار ئېفيوپىيە خەلقىنىڭ كۈرىشىنى قوللاش پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. جۇڭگو ۋە ھىندىستان خەلقىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېفيوپىيە خەلقىنى قوللىدى. بۇلار ئېفيوپىيە خەلقىگە زور مەدەت بولدى.

شۇ چاغدا خايلې سېلاسسې I پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى كۈرەشكە ئاتلىنىشقا چاقىردى. ئۇرۇش پارتلاپ بەش سائەتتىن كېيىن، خايلې سېلاسسې I پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، خەلقتىن دەرھال ھەرىكەتلىنىشنى، بىرەر قەھرىمان يولباشچىنىڭ قۇربان بولۇشى تۈپەيلىدىن بەل قويۇۋەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بىر قېتىملىق يىغىندا: «مەن سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار، مەن ئۆلۈمدىمۇ، كۆرۈمدىمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن، ئېفيوپىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەرقاچان قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئىسسىق قېنىمنى تۆكۈشكە رازىمەن» دېدى. ئېفيوپىيە ئارمىيەسى ۋە خەلقى خايلې سېلاسسې I نىڭ

رەھبەرلىكىدە كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقماي، باتۇرلارچە جەڭ قىلدى. ئۇلار قىلىچ، نەيزە قاتارلىق ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن دۈشمەنگە زەربە بەردى. ئاشلىقنى يوشۇرۇپ قويۇش، قۇدۇقلارغا تۇز تاشلىۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دۈشمەندىن پۇختا مۇداپىئە كۆردى. ئىتالىيە قوشۇنى زور تالاپەتكە ئۇچراپ، ئادوۋا، ماكارى، گولاخو قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يەنە ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىتالىيەنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش پىلانى مەغلۇپ بولدى. مۇسسولىن ئاچچىقىدا باش قوماندان دىبونونى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، مارشال بادوگلىئونى ئۇنىڭ ئورنىغا قويدى.

ئىتالىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئالماشقاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىندى. 1936 - يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلغان ئىتالىيە قوشۇنىنىڭ ئەسكەر سانى 500 مىڭغا يەتتى. ئىتالىيە قوشۇنى ئايروپىلان بىلەن شەھەر - بازارلارنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى، ھەتتا زەھەرلىك گاز ئىشلەتتى. ئېفىيوپىيە قوشۇنى بولسا يەنىلا ئىستىھكام ئۇرۇشى قىلىپ، ئېغىر چىقىم تارتتى. 1936 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بەزى مۇھىم شەھەر - بازارلار كەينى - كەينىدىن قولدىن كەتتى، ئېفىيوپىيە قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى مىتچۇ ئۇرۇشىدا خوراپ تۈگىدى. 5- ئاينىڭ 5 - كۈنى پايتەخت ئەددىس ئەبەبە قولدىن كەتتى. خايلې سېلاسسىې I ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر جىبۇتىدىن ئەنگلىيەنىڭ «تەۋەككۇلچى» ناملىق ھەربىي پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ ئەنگلىيەگە كەتتى. 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مۇسسولىن كۆرەڭلىگەن ھالدا ئېفىيوپىيەنى يۇتۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىتالىيە ئېفىيوپىيە بىلەن ئېرىترېيە، سومالىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي ئافرىقا مۇستەملىكىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئىتالىيەنىڭ ئېفىيوپىيەنى بېسىۋېلىشى پەقەت ئېفىيوپىيە

خەلقىنىڭ ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئاياغلىشىشى بولدى. ئېفىيوپىيە خەلقى زادىلا تىز پۈكمىدى. ئۇلار تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كەڭ كۆلەملىك پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇردى. 1937 ـ يىلى يازدا، ھەرقايسى پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئەددىس ئەبېبەنىڭ ئەتراپىدىكى ئامبودا يىغىن ئېچىپ، «ھەمكارلىشىش كومىتېتى»نى قۇردى. يىغىندا بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك ئورگىنىنى قۇرۇلۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ۋە قورال ـ ياراغلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش بەلگىلەندى. پارتىزانلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئايلاندى، بۇنىڭ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە، پارتىزانلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى كونترول قىلدى. ئىتالىيە قوشۇنى پەقەت بەزى چوڭ شەھەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىلا تۇتۇپ تۇرالىدى. 1939 ـ يىلى پارتىزانلارنىڭ سانى 400 مىڭغا يەتتى.

1941 ـ يىلى، ئەنگلىيە ئارمىيەسى شەرقىي شىمالى ئافرىقا جەڭ مەيدانىدا ئىتالىيە قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئېفىيوپىيە پارتىزانلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئېرىترىيە، سومالى ۋە ئېفىيوپىيەگە باستۇرۇپ كىردى. خايلې سېلاسسې I مۇ نەچچە مىڭ پارتىزاننى باشلاپ سۇداندىن ئېفىيوپىيەگە كىردى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، خايلې سېلاسسې I قوشۇن باشلاپ پايتەخت ئەددىس ئەبېبەگە كىرىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلىدى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېفىيوپىيە خەلقىنىڭ ئىتالىيەگە قارشى ئۇرۇشى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. ئېفىيوپىيە خەلقى ۋەتىنىنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشۇپ، تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 3 ـ بۆلۈم ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا نېگىرلار ئافرىقىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ بىخ سۈرۈشى

نېگىرلار ئافرىقىسى سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوندا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ تېرىسى قارا بولغاچقا، بۇ جاي مۇشۇنداق ئاتالغان. بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادى بىر قەدەر قالاق بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە نۇرغۇن جايلار تېخى قەبىلە باسقۇچىدا، يەنە بەزى جايلار ھەتتا ئائىلىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى باسقۇچىدا ئىدى.

ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى نېگىرلار ئافرىقىسىغا تاجاۋۇز قىلغاندىن باشلاپ، ئافرىقىلىقلار ئىزچىل قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلدى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە كۆپىنچە يەرلىك قەبىلە ئاقساقاللىرى، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە پادىشاھلار رەھبەرلىك قىلدى. ياۋروپالىقلار قورال كۈچىگە تايىنىپ ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى ئانچە كۈچىمەيلا باستۇرۇۋەتتى. يەرلىك ھۆكۈمرانلار قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىپ، ياۋروپالىقلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا باشلىدى. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھوقۇقىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. ئەلۋەتتە، ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقسىز قالغاندىن ياخشى ئىدى. غەرب مۇستەملىكىچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يەرلىك قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە يول قويدى. بۇنداق مۇرەسسە قىلىش ئۇسۇلى ياۋروپالىقلارنىڭ نېگىرلار ئافرىقىسىدا يولغا قويغان بىۋاسىتە ۋە

ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئافرىقا خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىشنى پەقەت توختىتىپ قويمىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى نېگىرلار ئافرىقىسى خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرىشى قويۇق يەرلىك دىنىي تۈسنى مۇھىم ئالاھىدىلىك قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1905 ـ يىلى تانگانىكادا پارتلىغان ماجىماجى قوزغىلىڭى ئەڭ مەشھۇر ھېسابلىنىدۇ. 1904 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تانگانىكادىكى ماتۇمبىلار ۋە ئىنكىدولار ئۇلتۇراقلاشقان رايوندا، «نگارامبېدا بىر خاسىيەتلىك سۇ بولۇپ، ئادەم ئۇنى ئىچسە ئوق ئۆتمەيدىكەن» دېگەن گەپ تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بەس ـ بەستە خاسىيەتلىك سۇنى ئىچىش ئۈچۈن نگارامبېغا يىغىلدى، بۇ سۇنى ئىچكەنلىكى كىشىلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولاتتى. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئامما تەشكىللىنىپ، 1905 — 1906 ـ يىللىرى زور كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. سۇ سىۋاھىلى تىلىدا «ماجى» دېيىلگەچكە، بۇ قوزغىلاڭمۇ «ماجىماجى قوزغىلىڭى» دەپ ئاتالدى. قوزغىلاڭ گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئافرىقا خەلقىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش تارىخىدىكى مۇھىم بىر سەھىپە بولدى. چۈنكى، بۇ كۆرەشتە ئافرىقا خەلقى سۇدىن پايدىلىنىپ تەشكىللىنىپ، ئىلگىرىكى قەبىلىۋازلىقنىڭ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ھەممە رايون بىرلىشىپ مۇستەملىكىچىلەرگە بىرلىكتە زەربە بەردى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىخ سۈردى. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئافرىقا خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى.

ئافرىقا خەلقى ئەنئەنىۋى يەرلىك دىندىن پايدىلانغاندىن باشقا، يەنە خىرىستىيان دىنىنىمۇ كۆرەش قورالى قىلدى. ياۋروپالىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئافرىقىدا تارقىلىشىنى تېزلەتتى. ياۋروپالىقلارنىڭ ئافرىقىدا خىرىستىيان

دىنىنى تارقىتىشتىكى مەقسىتى خەلقنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئىدى. ئەمما، خىرىستىيان دىنىدا مۇرىتلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش دەپ تەشۋىق قىلىنغاچقا، بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئافرىقىلىقلارنىڭ قەبىلىۋازلىق ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىدىن ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈشىگە پايدىلىق بولدى. دەسلەپتە دىنىي جەمئىيەتنى ياۋروپالىقلار كونترول قىلىۋالدى. ئافرىقىلىقلار ياۋروپا مىسسىيونېرلىرىنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئافرىقىدا قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، خىرىستىيان دىنىنى ئافرىقىلاشتۇرۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن ئۆزلىرى دىنىي جەمئىيەت قۇرۇپ، چېركاۋ سېلىپ،دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلدى. خىرىستىيان دىنىنىڭ يەرلىكلىشىشى ئالدى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدا باشلىنىپ، ئارقىدىن شەرقىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ئافرىقا ۋە غەربىي ئافرىقىغا كېڭەيدى ھەمدە ئېفىيوپىيە ھەرىكىتى شەكىللەندى. «ئىنجىل» دا دېيىلىشىچە، ئېفيوپىيە ئالاھىدە سائادەتكە نائىل بولغان ھەم ئالاھىدە بۇرچنى زىممىسىگە ئالغانىكەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئېفىيوپىيە كونكرېت بىر دۆلەتنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى پۈتكۈل نىگىرلار ئافرىقىسىنى كۆرسىتەتتى. نەتىجىدە ناھايىتى تېزلا يېڭى دىنىي مەزھەپ شەكىللىنىپ، پۈتۈن ئافرىقىغا تارقالدى.

خىرىستىيان دىنىنى يەرلىكلەشتۈرۈش ھەرىكىتى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. 1921 - يىلى بېلگىيە ئىشغالىيىتىدىكى كونگودا كىمبانگو ھەرىكىتى پارتلىدى. سىمون كىمبانگو ئەسلىدە ستانلېي كۆلى بويىدا ياشايدىغان بىر ياغاچچى بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، يېڭى دىنىي تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «تەڭرى ئاسماندىن ئوت چۈشۈرۈپ

ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ» دەپ جاكارلىدى ۋە «كونگو كونگولۇقلارنىڭ كونگوسى» دېگەن شوئارنى تۇۋلىدى. قوزغىلاڭ ئەسلىدە بېلگىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن ئېغىر ھاشار ۋە جان بېجى تۈزۈمى سەۋەبىدىن پارتلىغانىدى. كىمبانگۇ ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئاممىنى تەشكىللەپ، جان بېجى تاپشۇرۇشقا، ئېكسپورت زىرائەتلىرىنى تېرىشقا ھەم ھاشارغا ئىشلەشكە قارشى چىقتى. مۇستەملىكىچىلەر قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، كىمبانگونى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، كېيىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتتى. ئۇ 30 يىل قاماقتا يېتىپ تۈرمىدە ئۆلدى.

نېگىرلار ئافرىقىسى خەلقى دىنىدىن پايدىلىنىپ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئېلىپ باردى. دىنىدىن پايدىلىنىپ كۆرەش قىلىش يېزىلاردا قانات يېيىپ، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپ سانلىقى دېھقانلار بولدى. مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى ئالدى بىلەن شەھەرلەردە بارلىققا كەلدى. بۇ ھەرىكەتكە غەرب مائارىپىنىڭ تەربىيەسىنى ئالغان بىر قىسىم ئافرىقىلىق زىيالىيلار قاتناشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئافرىقىدىكى يەرلىك مەكتەپلەردە ئوقۇغان، بەزىلىرى چەت ئەلدە ئوقۇغانىدى. بۇ ھەرىكەتكە يەنە بىر قىسىم يەرلىك سودا - سانائەتچىلەر ۋە ھەرخىل ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار قاتناشتى. رايون بويىچە بۆلگەندە، ئۇلارنى يەرلىكلەر ۋە چەت ئەلدىكىلەر دەپ ئىككى بۆلەككە ئايرىشقا بولاتتى.

يەرلىكلەر ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى غەربىي ئافرىقىدا، يەنى ھازىرقى نىگېرىيە، گانادا خېلى كۈچلۈك ئىدى، چەت ئەلدىكىلەر ئاساسەن ئامېرىكا ۋە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا ياشايدىغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، ئۇلار خېلى ۋاقىتلارغىچە خەلق ئاممىسىنى كۆزگە ئىلماي، ئافرىقىنىڭ

يەرلىك مەدەنىيىتىگە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى ھەمدە ئۇممىدىنى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتكە باغلىدى. ئۇلار مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى ھامان بىر كۈنى تىنىچ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۇلار بىلەن بولغان زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشكە ئۇرۇنۇپ، ھەمكارلىشىش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ يول قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەسى ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇنداق كىشىلەر ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى غەربىي ئافرىقا دېڭىز قىرغاقلىرىدا بىر قەدەر كۆپ ئىدى، بولۇپمۇ سېررالېئوندا ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆرلۈككە ئېرىشكەن قۇللارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە قۇل سودىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرى ئاتلانتىك ئوكيانىدا چارلاپ يۈرۈپ، ئۇچرىتىپ قالغان قۇللارنى غەربىي ئافرىقا دېڭىز بويلىرىغا، يەنى ھازىرقى سېررالېئونغا ئەكېلىپ قويىدى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىن بۇ جايدا ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيىتىنى بەرپا قىلدى. ئۇلار يەرلىك ئافرىقىلىقلارغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى قەبىلە تۈزۈمىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايتتى، ئەنگلىيەلىكلەر ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن ۋە خىرىستىيان دىنىدىن مىننەتدار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دىنىي جەمئىيەت ئاچقان مەكتەپلەرگە كىرىپ، ئىنگلىز تىلى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆگەندى. بەزىلەر مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئەمەلدار، مۇخبىر، ئادۋوكات، ئوقۇتقۇچى بولۇپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورۇن تۇتتى. شۇڭا، بۇ كىشىلەرنىڭ غەرب مەدەنىيىتى ۋە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان پوزىتسىيەسى ئادەتتىكى ئافرىقىلىقلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىگە ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئاتىۋەتكەنىدى.

ھالبۇكى، ئۇلار بىلەن غەرب مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىرى



www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا يەنە زىددىيەتمۇ مەۋجۇت ئىدى، ئۇلار تېخىمۇ كۆپرەك ھوقۇق - مەنپەئەت تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى چىقارغان گېزىتلەر ئارقىلىق ئۆز تەشەببۇسلىرى ۋە تەلەپلىرىنى تەشۋىق قىلدى. 1900 - يىلى سېررالېئوندا 34 خىل گېزىت، ئالتۇن دېڭىز ساھىلىدا 19 خىل گېزىت، نىگېرىيەدە يەتتە خىل گېزىت چىقىرىلدى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئافرىقىلىقلار چىقارغانىدى. ئەمما، ئۇلار كەڭ ئافرىقا خەلقىنى يېتەكلەپ مېڭىشنى خالىمىدى ھەم يېتەكلەپ ماڭالمىدى. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاجىز بولۇپ، ھەتتا مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلارمۇ ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، شۇڭا ئۇلار ئۈمىدسىزلىك ۋە ئازابقا پېتىپ قالدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئافرىقىنىڭ تاۋار ئىگىلىكى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، ئەنئەنىۋى مەھەللىۋى ئىگىلىك ۋە قەبىلە تۈزۈمى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يىمىرىلدى. شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيدى. شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى بىر تەرەپتىن ھەرقايسى جايلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ كۈچىنى زورايتتى. شەھەرلەردە پرولېتارىيات سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە سىنىپى كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ھازىرقى زامان مائارىپى ئومۇملىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئافرىقىلىقلار تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نامرات ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققاچقا، بىر نەچچە يىللا تەربىيەلىنەتتى. شۇڭا، جەمئىيەتتە ياخشى خىزمەت تاپالمايتتى. بولۇپمۇ، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاق تەنلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئافرىقىلىقلارنى كەمسىتىش خاھىشى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى غەربىي ئافرىقىدىكى ئالتۇن دېڭىز ساھىلى ئافرىقىلىق زىيالىيلارغا بولغان سىياسەت بىر ئاز كەڭ رايون بولسىمۇ،

ئەمما 1926 ـ يىلى ھۆكۈمەت ئورگىنىدا ئەنگلىيەلىكلەر 481 ئورۇننى، ئافرىقىلىقلار ئاران 28 ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە، ياۋروپالىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ سانى بىر ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، ئافرىقىلىق ئەمەلدارلارنىڭ سانى ئاشمىدى. بۇ خىل ئەھۋال ياش بىر ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى بارغانسېرى كۈچەيتتى ۋەتتى ھەمدە ئۇلاردا بىرقەدەر كۈچلۈك ئىنقىلابىيلىق ۋە قارشىلىق روھىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار ياۋروپالىقلارنىڭ سىياسىي پائالىيەت ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، سىياسىي تەشكىلات قۇرۇشقا باشلىدى.

1920 ـ يىلى نىگېرىيە، ئالتۇن دېڭىز ساھىلى، سېررالېئون، گامبىيەدىن كەلگەن مىللەتپەرۋەرلەر ئەنگلىيەگە قارام غەربىي ئافرىقا مىللىي قۇرۇلتىيىنى تەشكىللىدى. ئالتۇن دېڭىز ساھىلىدىن كەلگەن مەشھۇر نېگىر سىياسىيون، ئادۋوكات خايفورد قۇرۇلتاينىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. بۇ تەشكىلاتنىڭ تايانچ ئەزالىرىنىڭ 15 نەپىرى ئادۋوكات، سەككىز نەپىرى سودىگەر بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ تەشكىلاتنىڭ غەربىي ئافرىقا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلات ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ تەشكىلات ئوتتۇرىغا قويغان پروگراممىا بىرقەدەر مۆتىدىل بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئەنگلىيە بايرىقى ئاستىدا، ئەنگلىيەگە قاراشلىق غەربىي ئافرىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەملىشىش»، يەنى ئەنگلىيەگە قاراشلىق جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئاپتونومىيەلىك ئورنىغا ئوخشاش ئورۇنغا ئېرىشىش تەكىتلەنگەنىدى. خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ئۇلار ئەجدادلىرىغا ئوخشاش ئاممىدىن ئايرىلغان ھالەتتە تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ تەشكىلات دائىملىق ئورگان تەسىس قىلماي، پەقەت بىر سىياسىي ئۇيۇشمىغا ئوخشاپ قالدى. شۇڭا، بۇ تەشكىلاتنى ھەقىقىي مەنىدىكى سىياسىي پارتىيە دېگىلىمۇ

بولمايتتى. خايفورد ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتمۇ تارقىلىپ كەتتى.

30 ـ يىللار ئافرىقا مىللەتپەرۋەرلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم مەزگىل بولدى. 30 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە ئىتالىيەنىڭ ئېفيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلىشى نېگىرلار ئافرىقىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئىقتىسادىي كرىزىس مەزگىلىدە، ئوتتۇرا بورژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى خېلى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شىركەتلىرى ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇرژۇئازلارنىڭ كىرىمىنى ئازايتىۋەتتى؛ هۆكۈمەت ئورگانلىرى خادىم قىسقارتىپ، مائاشنى تۆۋەنلىتىپ، مائاشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئافرىقىلىقلارنى زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ ئەھۋال بىر قىسىم مىللەتپەرۋەرلەرنى خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ دوستلۇقىغا تۈرتكە بولدى. باسىل ئوبرازلىق قىلىپ: «ئىقتىسادىي كرىزىس ئاز سانلىق كىشىلەر بىلەن كۆپ سانلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى يولنى ئاچىدىغان ئىنقىلابىي ۋاستە بولدى» دېدى.

ئىتالىيەنىڭ ئېفيوپىيەگە قىلغان تاجاۋۇزى نېگىرلار ئافرىقىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك هەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئېفيوپىيە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، مۇستەقىللىقنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن دۆلەت ئىدى. ئەمما، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى. بۇ، مىللەتپەرۋەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئوي ـ خىياللىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا ئۈندىدى. ئۇلار: بىز

خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، غەربنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلالايمىزمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندى.

30 — 40 ـ يىللاردا، نېگىرلار ئافرىقىسىدىكى كۆپىنچە دۆلەتلەردە مىللەتپەرۋەرلىك تەشكىلاتلىرى بارلىققا كەلدى. سېررالېئوندىكى غەربىي ئافرىقا ياشلار بىرلەشمىسى، نىگېرىيەدىكى ياشلار ھەرىكىتى تەشكىلاتى، ئالتۇن دېڭىز ساھىلىدىكى مامبى پارتىيەسى تەسىرى چوڭ تەشكىلاتلار ئىدى. بەزى تەشكىلاتلار مۇستەقىللىق شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، نىگېرىيە ياشلار ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ 1938 ـ يىلى ئېلان قىلغان پىروگراممىسىدا، نىگېرىيەلىكلەر ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى كېرەك، دېگەن شوئار تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئافرىقا مىللەتپەرۋەرلىرى بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز كۈچىنى زورايتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر، يەنى كېيىن سېنىگالنىڭ تۇنجى پىرېزىدېنتى بولغان سانگىر: ئافرىقىلىقلار نوقۇل غەربلىشىشتىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلىشى، ئىككى خىل مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرۈشى، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىدىن پەخىرلىنىشى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.

ئەمما، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قەدەر، نېگىرلار ئافرىقىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلەر ئاۋامنىڭ قوللىشىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالمىدى. ئۇلار غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئافرىقا مەدەنىيىتىگە قارىتا بىردە ئۇنىڭغا، بىردە بۇنىڭغا ئېغىش پوزىتسىيەسىدە بولدى. بۇنداق پوزىتسىيە ماكاۋلاينىڭ «ئۇلار تىجارەت قىلغاندا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كىيىمىنى، ئويۇن ـ تاماشىدا يەرلىك

كىيىمنى كىيەتتى» دېگەن سۆزىدە روشەن ئىپادىلەنگەنىدى. ئاۋامنى ئويغىتىش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتلەردە، نېگىرلار ئافرىقىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ دېگەنلىرى كۆپ، ھەرىكىتى ئاز بولدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، چەت ئەللەردىكى نېگىرلارنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ئاساسەن پان ئافرىقا ھەرىكىتىدە ئىپادىلەندى. ئۇ تەشكىللىك سىياسىي ھەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇستەملىكىلەردىكى ئافرىقىلىقلار بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نېگىرلار ئوتتۇرىسىدا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. 1900 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، لوندوندا تۇنجى قېتىملىق پان ئافرىقا يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىننى تىرىنىدادلىق ئادۋوكات ۋىلىيامس تەشكىللىگەن بولۇپ، جەمئىي 32 ۋەكىل قاتناشتى. ۋەكىللەرنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا ۋە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئافرىقىدىن پەقەت تۆت ۋەكىل كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىدى، شۇڭا بۇ يىغىننى ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان نېگىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قېتىملىق يىغىلىشى دېيىشكىمۇ بولاتتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر پۈتۈن دۇنيادىكى نېگىرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە كەڭ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، نېگىرلار قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. يىغىندا «پان ئافرىقا» (Pan – AFrica) دېگەن سۆز تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلىپ. ئەسلىدىكى «ئافرىقا ئۇيۇشمىسى» دېگەن نام «پان ئافرىقا ئۇيۇشمىسى»غا ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار «پان ئافرىقا» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنى چىقىرىپ، پۈتۈن دۇنيا نېگىرلىرىنى ئىتتىپاقلىشىپ

ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا چاقىردى، شۇڭا بۇ يىغىننى «پان نېگىر يىغىنى» دېيىشكىمۇ بولاتتى. بۇ يىغىندىن كېيىن، 1919 ـ، 1921 ـ، 1923 ـ يىللىرى دۇبوئىسنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتنىڭ پايتەختىدە كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم پان ئافرىقا يىغىنى ئېچىلدى. ئەمما، ئۇ ئافرىقا قۇرۇقلۇقىغا ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بۇنداق يىغىنلار 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن ئاساسەن قايتا ئېچىلمىدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندا، پان ئافرىقا يىغىنى قايتا ئېچىلدى.

ئومۇمەن، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا، ئافرىقىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى، دىنىي يولباشچىلار رەھبەرلىكىدىكى جاھانگىرلارغا قارشى كۆرەش پەسىيىپ، مىللەتپەرۋەرلىك ئېڭى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەمما، مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى يەنىلا كېڭىيىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، بالدۇر ئويغانغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاۋام بىلەن بولغان ئالاقىسى سۇس ئىدى. بەزىلەر جاھانگىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىن ئۈمىد كۈتتى. مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا رايون، قەبىلە سەۋەبىدىن ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. ئافرىقىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ ئىتتىپاقى دېگەندەك ياخشى بولمىدى. يۇقۇرىقىدەك ئامىللار ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا نېگىرلار ئافرىقىسىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ نىسبەتەن جانسىز بولۇشىغا سەۋەب بولدى. بۇنداق پايدىسىز ئامىللار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاندىن تۈگەپ، نېگىرلار ئافرىقىسى مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىققا ئېرىشتى.

## 4 ـ بۆلۈم  ئەنگلىيە ـ بورلار ئۇرۇشىدىن كېيىنكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ سىياسىي تەرەققىياتى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئىرقىي ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەشلىرى

جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، نېگىرلار بۇ باياشات زېمىندا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كەلگەنىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، غەربلىكلەر بۇ زېمىننى بايقىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاز ساندىكى گوللاندىيەلىكلەر گوللاندىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ، بۇ زېمىنغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياۋروپالىقلار توپ ـ توپ بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ، يەرلەرنى تارتىۋېلىپ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى، كانلارنى ئاچتى. نېگىرلارنى ئۆز يېرىدىن تۇپرىقى ناچار جايلارغا قوغلىۋەتتى. ئاق تەنلىكلەر بىر تەرەپتىن نېگىرلارنى قۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئايرىپ تاشلاپ، ئىرقىي ۋە چەك ـ چېگرانىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلاندى. مۇشۇ ئاساستا، 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئاق تەنلىكلەر بۇ زېمىندا ئاشكارا ئىرقىي ھۆكۈمرانلىق ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نېگىرلار ۋە باشقا رەڭلىك ئىرقلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ئۈچۈن ئىزچىل كۆرەش قىلىپ، 90 ـ يىللاردا ئاخىر زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، جەنۇبىي ئافرىقىدا تۆۋەندىكىدەك تۆت سىياسىي گەۋدە مەيدانغا كەلدى: ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ ئىككى مۇستەملىكىسى، يەنى كائاپ مۇستەملىكە رايونى ۋە ناتال مۇستەملىكە رايونى، بورلار قۇرغان ئىككى

جۇمھۇرىيەت، يەنى ترانسۋالدىكى جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى ۋە ئورانجې دەرياسى ۋادىسىدىكى ئورانجې ئەركىن ئىشتاتى ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئالماس ۋە ئالتۇن كانلىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن بورلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆچەيدى. ئەنگلىيەلىكلەر بورلار قۇرغان ئىككى جۇمھۇرىيەتنى يۇتۇۋېلىش غەرىزىدە، 1899 — 1902 - يىللاردىكى ئەنگلىيە - بور ئۇرۇشىنى قوزغىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئەنگلىيەلىكلەر غەلىبە قىلدى. 1902 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىككى تەرەپ ۋېرىنىگىڭ شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى، شەرتنامىدە: بورلار قوشۇنى تەسلىم بولۇپ ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ھامىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئەنگلىيە جاۋاپ سۈپىتىدە بورلارغا تېزدىن ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىش، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتا تارتقان زىيىنى ئۈچۈن 3 مىليون فوندستېرلىڭ ياردەم بېرىش بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەنگلىيە يەنە بورلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نېگىرلارغا سايلام ھوقۇقى بېرمەسلىككە ماقۇل بولدى.

بورلار گوللاندىيە كۆچمەنلىرىنىڭ پۇشتى بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۆت مۇستەملىكە رايونىدىكى نوپۇسى تەخمىنەن 600 مىڭ ئىدى. ئۇلار گوللاند تىلىنى مەنبە قىلغان، ئەمما گوللاند تىلىدىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان ئافرىقا تىلىدا سۆزلىشەتتى، ئۆزلىرىنى «ئافرىقىلىقلار» دەپ ئاتاپ، مىللەت خاسلىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇلار بىلەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نېگىرلارنى ئېزىدىغان ئاق تەنلىكلەر گۇرۇھىغا تەۋە بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مەنپەئەت ئىختىلاپتىن كۆپ ئىدى. ئەنگلىيە - بورلار ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، زىددىيەت نىسبەتەن پەسەيدى. بورلارنىڭ

زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئەنگلىيە بىلەن يارىشىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى كۈچلەر مەيدانغا كەلدى، بۇلار بوتا بىلەن سىمونس باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسىنى يادرو قىلدى. ئۇلار: جەنۇبىي ئافرىقىدا بورلار بىلەن ئەنگلىيەلىكلەر تەقدىرداش، بۇ جايدا ياشاۋاتقان ئاق تەنلىكلەر بىرلىشىپ، جەنۇبىي ئافرىقا مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك، دەپ قارايتتى. 1906 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ ئايلاردا، سىمونس لوندونغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئەنگلىيەگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ، ئاخىرىدا ئەنگلىيەنى بورلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان لىبېئاردون ئاساسىي قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا كۆندۈردى. 1905 ـ يىلى چىقىرىلغان بۇ ئاساسىي قانۇندا، ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى باش ۋالىيسىنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش، ئەسلىدىكى مۇستەملىكە پارلامېنتىنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىش ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغانىدى. بورلار بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بورلارنى خاتىرجەم قىلىش، بىرلىككە كەلگەن، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئەنگلىيەپەرەس جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، يېڭىدىن ئاساسىي قانۇن بېكىتىپ، بورلارغا يول قويدى.

يېڭى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، ترانسۋال بىلەن ئورانجې ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1906 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋە 1907 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزدى. بوتا تەشكىللىگەن خەلق پارتىيەسى ترانسۋال پارلامېنتىدىكى 69 ئورۇننىڭ 37 سىنى، فېيشېل تەشكىللىگەن بىرلىك پارتىيەسى ئورانجې پارلامېنتىدىكى 37 ئورۇننىڭ 32 سىنى ئىگىلىدى. بوتا بىلەن فېيشېل ئىككى ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرلىقىنى ئايرىم- ئايرىم ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئىككى

www.uyghurkitap.com

جايدىكى سايلامدا نېگىرلار بىلەن باشقا رەڭلىك ئىرقلارنىڭ سايلام ھوقۇقى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىندى. 1908 ـ يىلى، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان كاپ رايونىدىمۇ بۇرپەرەس سىياسىي پارتىيە سايلامدا غەلىبە قىلدى، بۇ جايدىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى نېگىرلار ۋە باشقا رەڭلىك ئىرقلار مال ـ مۈلۈك ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە قويۇلغان چەكلىمە تۈپەيلىدىن سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدى. شۇڭا، ئەنگلىيە ـ بۇرلار ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان بۇرلار ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدىلا ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تۆت مۇستەملىكە رايونىنىڭ ئۈچىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئىگىلىدى.

بۇ سىياسىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى بۇرلارنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ تۆت مۇستەملىكىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر فېدېراتسىيە قۇرۇش ئارزۇسىغا قىزىقتۇردى. 1908 ـ يىلى دۇرباندا تۆت مۇستەملىكە رايونىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان مىللىي مەجلىس ئېچىلدى. جەنۇبىي ئافرىقا نوپۇسىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى ئىگىلەيدىغان نېگىرلار بىلەن باشقا رەڭلىك ئىرقلار پۈتۈنلەي يىغىننىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىلىرىنىڭ بىرى ئافرىقىلىقلارنىڭ سايلام ھوقۇقى مەسىلىسى بولدى. كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىدىن كېيىن ماقۇللانغان «جەنۇبىي ئافرىقا قانۇن لايىھەسى»دە، فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ياۋروپالىقلارنىڭ پۇشتىدىن بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمە ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە ـ بۇرلار ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بۇرلار قۇرغان ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتىنى كاپ ۋە ناتال رايونلىرىغىچە كېڭەيتىپ قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇش، بۇرلارنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتىنى مۇستەھكەملەش ھېسابلىناتتى.

ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1910 ـ يىلى

5ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ فېدېراتسىيە ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ دومىنىئونى بولدى، ئەنگلىيە پادىشاھى يەنىلا دۆلەت باشلىقى، ئەسلىدىكى تۆت مۇستەملىكە تۆت ئۆلكە بولدى. 1910 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلدى. سايلامدىن بۇرۇن، تۆت ئۆلكىدىكى بورلارنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى بوتا بىلەن سىمونسىنىڭ ئورتاق رەھبەرلىكىدە «جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى» بولۇپ بىرلەشتى. سايلام رىقابىتى ئاساسەن جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى بىلەن سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەنگلىيەپەرەس «فېدېراتسىيە پارتىيەسى» ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە بوتا تەشكىللىگەن جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى 67 ئورۇنغا، فېدېراتسىيە پارتىيەسى 39 ئورۇنغا ئېرىشىپ، گېنېرال بوتا جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسىنىڭ تۇنجى باش مىنىستىرى بولدى.

جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كرىزىس يۈز بەردى. بۇ كرىزىس بورلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىككى گۇرۇھنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى غەيرىي ئاق تەنلىكلەرگە (جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر باشقا ئىرقلارنى شۇنداق ئاتايتتى) ۋە ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاق تەنلىكلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن پەيدا بولدى. بوتا ۋە سىمونس ۋەكىللىكىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشنى، ئافرىقىلىقلار بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن ئاق تەنلىكلەر گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، سابىق ئورانجې ئەركىن ئىشتاتىدىكى گېنېرال خېرتزوگۇل باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر ئافرىقىلىقلار ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن بىرلەشمەسلىكى، چۇقۇم ئۆز يولىدا

مېڭىشى، شۇنداقلا ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەدرىجىي سۇسلاشتۇرۇشى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى گۇرۇھ گەرچە ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمما-نېگىرلار مەسىلىسىنى كونكرېت بىر تەرەپ قىلىشتا، خېرتزوگۇل گۇرۇھىدىكىلەر يەنە بىر گۇرۇھقا قارىغاندا تېخىمۇ جاھىل ۋە مۇتەئەسسىپ ئىدى.

1914 - يىلى خېرتزوگۇل جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە خەلق پارتىيەسىنى قۇردى، بۇ پارتىيە قورۇلۇپلا جەنۇبىي ئافرىقا سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم بىر كۈچكە ئايلاندى. 1915 - يىلى 10 - ئايدا، جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك چوڭ سايلىمىدا، بوتا بىلەن سىمونسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى 130 ئورۇننىڭ 54گىلا ئېرىشەلىدى، ئەمما قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا بىر يىل بولغان خەلق پارتىيەسى بولسا بىراقلا 27 ئورۇنغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغانلاردىن تەشكىللەنگەن، 39 ئورۇنغا ئېرىشكەن فېدېراتسىيە پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 1920- يىلى 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك چوڭ سايلامدا، خەلق پارتىيەسى 44 ئورۇنغا ئېرىشىپ، پارلامېنتتىكى ئەڭ چوڭ پارتىيەگە ئايلاندى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى ئارانلا 41 ئورۇنغا، فېدېراتسىيە پارتىيەسى بولسا 25 ئورۇنغا ئېرىشتى. بۇ قېتىم، جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى بىلەن فېدېراتسىيە پارتىيەسى ئېرىشكەن ئورۇننى قوشقاندىمۇ پارلامېنتتىكى ئورۇننىڭ يېرىمىغا يەتمەيتتى. نەتىجىدە 1921 - يىلى 2 - ئايدا قايتا چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلدى. سايلامدىن بۇرۇن جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى بىلەن فېدېراتسىيە پارتىيەسى ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكتىن 79 ئورۇنغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن سىمونس

داۋاملىق ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.
جەنۇبىي ئافرىقا خەلق پارتىيەسىنىڭ سايىلامدا كەينى ـ كەينىدىن ئۇتۇق قازىنىشى ئاق تەنلىكلەر ئىچىدە بۇ پارتىيەنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوللايدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەنگلىيە ـ بورلار ئۇرۇشى خېلى كۆپ ساندىكى ئافرىقىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋەيران بولغانلىقتىن توپ ـ توپ بولۇپ شەھەر، زاۋۇت، كانلارغا باردى. ئۇلار سانائەت جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشىغا بىر مەھەل ماسلىشالماي، پەقەت غەيرىي مەلىكىلىك ئىشچى بولدى. بۇ جەرياندا ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بۇ خىل مۇھىتقا ماسلىشىپ بولغان، جاپاغا ئۆزلىرىدىن بەكرەك چىدىيالايدىغان نېگىرلار بىلەن بەسلىشەلمىدى. شۇ چاغلاردا، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنگلىيەلىكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، كاپىتالىستلار يۇقىرى پايدا قوغلىشىپ، ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا ئەرزان باھالىق نېگىر ئىشچىلارنى ئىشلىتەتتى. بۇنىڭ بىلەن، جەنۇبىي ئافرىقىدا «نامرات ئاق تەنلىكلەر» پەيدا بولدى. 1913 ـ يىلى ۋە 1914 ـ يىلى، بۇ نامرات ئاق تەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىش تاشلىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلاشتى. 1922 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاق تەنلىك ئىشچىلار يوخاننېسبۇرگدا ئېچىلغان ئاممىۋى يىغىندا، مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىش تاشلاشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان «ھەرىكەتلىنىش كومىتېتى» نى سايلاپ چىقتى. ئىش تاشلىغۇچىلار ئىلگىرىكى كۆرەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «خەلق قوشۇنى» تەشكىللىدى. ئۇلار ھەرقايسى كانلارنى ئىگىلەپ، ھۆكۈمەتنى ئىستېپا بېرىشكە قىستىدى. 3ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ھەرىكەتلىنىش كومىتېتى ۋە خەلق قوشۇنى راند رايونىدا بوكسبۇرگ ۋە يوخاننېسبۇرگ شەھەر مەركىزىدىن باشقا

جايلاردىكى بارلىق ساقچى ئىدارىلىرىنى ئىگىلىدى. 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سىمونس هۆكۈمىتى نۇرغۇن ئەسكەر چىقىرىپ، ئىش تاشلىغۇچىلارنى قوراللىق باستۇردى. نەتىجىدە تەخمىنەن 200 ئادەم ئۆلدى، 1200 ئادەم يارىلاندى، 2000 دىن ئارتۇق ئىشچى قولغا ئېلىندى. ئىشچىلار رەھبەرلىرىدىن بىرقانچىسى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىندى. 20 - يىللاردىكى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭ كۆرىشى پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا قارشى كۆرىشى بولۇپ، كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچى ئاق تەنلىك كاپىتالىستلارغا قارىتىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كۆرەشنىڭ نېگىرلارنى چەتكە قېقىشتەك ئىرقچىلىق خاراكتېرىمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدىكى ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭ خېلى كۆپى ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىنى نېگىرلاردىن كۆرۈپ، جەمئىيەتتىكى كىرىمى كۆپ خىزمەتلەرنى مونوپول قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى قوغدىماقچى بولدى. سىمونس هۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتى ئىشچىلارنىڭ هۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، ئۇلار ئىرقچىلىقنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىدىغان خەلق پارتىيەسىنى قوللىدى.

1924 - يىلى 4 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا، سىمونس باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا پارتىيەسى خېرتزوگۆل باشچىلىقىدىكى خەلق پارتىيەسىگە ئۇتتۇرۇپ قويدى. ئەمما، خەلق پارتىيەسى ئېرىشكەن ئورۇنمۇ پارلامېنتتىكى ئورۇننىڭ يېرىمىدىن ئاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق پارتىيەسى ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى بىرلىشىپ هاكىمىيەت يۈرگۈزدى، خېرتزوگۆل باش مىنىستىر بولدى. بۇ هۆكۈمەت «ئىتتىپاق هۆكۈمىتى» دەپ ئاتالدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئافرىقا مىللەتچىلىكى بىلەن ئاق تەنلىك ئەمگەكچىلەر ھەرىكىتىنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى.

خېرتزوگۆيل 1924 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسىنىڭ باش مىنىستىرى بولدى. ئۇ هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئىرقىي كەمسىتىش ئارقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش سىياسىتىنى كۈچەپ يۈرگۈزدى. 1924 ـ يىلى «سانائەتنى تەڭشەش قانۇنى» نى، 1925 ـ يىلى «ئىش ھەققى قانۇنى»نى، 1926 ـ يىلى «كان ۋە زاۋۇت قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، سانائەت ساھەسىدە ئىرقىي كەمسىتىشنى يولغا قويۇپ، ئاق تەنلىكلەرنى ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن قىلدى. خېرتزوگۆيل ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى جەنۇبىي ئافرىقا ئىشچىلار قوشۇنىنى ئوڭۇشلۇق پارچىلاپ، ئاق تەنلىك ئىشچىلارنى ئىرقچىلىق سىياسىتىنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئاساسقا ئايلاندۇردى.

جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1913 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي پارلامېنتى «يەرلىكلەرنىڭ يەر قانۇنى» نى ماقۇللىدى. بۇ قانۇندا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئافرىقىلىقلارنىڭ قالدۇرۇق يېرىدىن سىرت ھەرقانداق يەرنى سېتىۋېلىشى، ئىجارىگە ئېلىشى ۋە ئىگىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ؛ يەر ئىجارىسىنى پۇل بىلەن تۆلەش ۋە پىرسەنت بويىچە تۆلەش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ئافرىقىلىقلار ياۋروپالىقلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى يەرنى ئىجارىگە ئالسا، ئىجارە ھەققىنى ئەمگەك ئارقىلىق قايتۇرىدۇ، ھەريىلى يەر ئىگىسىگە 90 كۈندىن ئارتۇق ئىشلەپ بېرىدۇ؛ ئافرىقىلىقلارنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ يېرىدە ھەرقانداق مۇستەقىل ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ قانۇندا ماھىيەتتە ئافرىقىلىقلارنىڭ قالدۇرۇق يېرىدىن باشقا يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە مۇستەقىل يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغانىدى. شۇ چاغلاردا بەزى

www.uyghurkitap.com

نېگىرلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ ئازراق يۇل توپلاپ، ياۋروپالىقلار بەلگىلەپ بەرگەن قالدۇرۇق يەرلىرىدىن باشقا، ئانچە ـ مۇنچە يەر سېتىۋالغانىدى. نېگىرلارنىڭ بۇ يەرلىرى ياۋروپالىقلارنىڭ يەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئىدى. بۇ قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاق تەنلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى خوجايىنلىرى دەرھال نېگىر بوز يەر ئاچقۇچىلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئافرىقىلىقلار مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى: ئۇلارنىڭ نەچچە ئەۋلاد جاپالىق ئەمگەك قىلىش بەدىلىگە توپلىغان مال ـ مۈلكى (قورۇ ـ جاي، يەر، مال ـ ۋارانلىرى) بىر كېچىدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كەڭ زېمىنىنى پەقەت ئاق تەنلىكلەرلا مونوپول قىلىۋالدى، نېگىرلارغا پەقەت ئۆز كۈچىنى سېتىش ۋە مالاي بولۇش ھوقۇقىلا قالدى. بۇ قانۇن ئىمتىياز جەھەتتىن جەنۇبىي ئافرىقىنى ئىككى دۇنياغا بۆلدى، نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 14 % ىنى ئىگىلەيدىغان ئاق تەنلىكلەر زېمىنىنىڭ 87 % نى، نوپوسىنىڭ 75 % ىنى ئىگىلەيدىغان نېگىرلار زېمىنىنىڭ ئاران 13 % ىنىلا ئىگىلىدى. بۇ كېيىنكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە ئۇل سالدى.

«يەرلىكلەرنىڭ يەر قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مىللەت، ئىرق ۋە سىنىپلارنىڭ زىددىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، شۇنداقلا سەلبىي جەھەتتىن نېگىرلارنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولدى. جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي ئېكسپلاتاتسىيە سىياسىتى نېگىرلار ئارىسىدا قەبىلە، رايون چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىرلىشىپ ئۆز ھوقۇقىنى قوغداشتەك كۈچلۈك ئارزۇنى پەيدا قىلدى. 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋە ئۇنىڭغا چېگراداش ئۈچ ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىكى نېگىرلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە بەزى

داغلىق نېگىر شەخسلەر بلومفونتېينغا يىغىلىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا «جەنۇبىي ئافرىقا يەرلىكلەر مىللىي قۇرۇلتىيى» نى تەشكىللەپ، ئۇنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نېگىرلار سىياسىي تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلەشمىسى قىلىش بېكىتىلدى. باستېر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان نېگىر زىيالىي دۇبى بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. يەرلىكلەر مىللىي قۇرۇلتىيى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاساسەن يۇقىرى قاتلام نېگىرلارنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى ئاساسەن ئادۋوكات، باستېر، ئوقۇتقۇچىلار، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە مال - مۈلكى بار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئاق تەنلىك ئىرقچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى كەمسىتىشى ۋە ئېزىشىگە پەقەت هۆكۈمەتكە شىكايەت قىلىش ۋە مۇراجىئەتنامە سۇنۇش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ هېسداشلىقىنى قوزغاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىنكاس قايتۇردى. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن قوزغىغان ئەڭ چوڭ هەرىكەت 1913 - يىلىدىكى «يەرلىكلەرنىڭ يەر قانۇنى»غا قارشى تۇرۇش بولدى. بۇ تەشكىلات يەر مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن هالدا جەنوبىي ئافرىقا هۆكۈمىتىگە، هەتتا ئەنگلىيە هۆكۈمىتىگىمۇ بوشاشماي شىكايەت قىلدى. ئەمما، مەيلى جەنۇبىي ئافرىقا هۆكۈمىتى ياكى ئەنگلىيە هۆكۈمىتى بولسۇن، بۇ شىكايەتلەرگە زادىلا پەرۋا قىلمىدى.

1923 - يىلى، جەنۇبىي ئافرىقا يەرلىكلەر مىللىي قۇرۇلتىيى نامىنى «ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى»غا ئۆزگەرتتى. ئەمما، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر، بۇ تەشكىلاتنىڭ نېگىرلار ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرى يەنىلا چەكلىك بولدى. يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان بىر قىسىم ياش زىيالىيلار ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد رەھبەرلىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىقمىغان بولغاچقا، ئاممىنىڭ دەرد - ئەلمى

ۋە تەلىپىنى چۈشىنەتتى، ئامما بىلەن تىخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت باغلىيالايتتى. بۇ ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا، ئالىي تەربىيە ئالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىرى يەرلىك ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا نېگىرلارنىڭ ئازادلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرغانىدى. ئۇلار ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ بوشاڭلىقى ۋە ھېچ ئىش تەۋرىتەلمىگەنلىكىگە قاتتىق نارازى بولۇپ، كونا رەھبەرلەرنىڭ ئافرىقا مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى كۆچەيتمىگەنلىكىگە قارشى چىقىپ، ئۆزلىرىنى ئافرىقا مىللەتپەرۋەرلىرى دەپ جاكارلىدى. ئۇلار ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى رەت قىلىپ، كونا رەھبەرلەرنىڭ چەكلىمىلىكىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۇلار يوخاننېسبۇرگدا ئاچقان بىر قېتىملىق يىغىندا، ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ بايرىقى ئاستىدا ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. 1944 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى ئۇلارنىڭ «ياشلار ئىتتىپاقى» قۇرۇشىغا قوشۇلدى. 1944 ـ يىلى 4ـ ئايدا، ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيى ياشلار ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلدى. شۇ چاغدا نېلسون ماندېلا بۇ ئىتتىپاقنىڭ مۇھىم ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. ياشلار ئىتتىپاقى ناھايىتى تېزلا ئافرىقىلىقلار مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ يادروسىغا ئايلىنىپ، جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى.

ئون بىرىنچى باب

# 1900 ~ 1945 ـ يىللاردىكى لاتىن ئامېرىكىسى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا لاتىن ئامېرىكىسىدا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە بىر قاتار زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ساھەدە يۈز بەردى. مىللىي ئىگىلىك ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنى يادرو قىلغان دۇنياۋى سىستېمىغا سۆرەپ كىرىلدى؛ ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولدى، شەھەرلەر تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولدى؛ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشكە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەردى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى سىياسىي جەھەتتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب داۋالغۇشلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئىسلاھات، ئىنقىلابلار بەزىدە توختاپ قالدى.

## 1 ـ بۆلۈم 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشى

**1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى** 19 ـ ئەسىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى مەزگىلىدە، بولۇپمۇ 1880 ـ يىلىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ ، 30 ـ يىللىرىدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئەگىشىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۇسلىشىپ كەتتى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىكى چوڭ پومېشچىكلار ئۆزلىرىنىڭ قورۇقلىرىنى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بازارلار ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنغا ئەمەس، مۇستەقىل ناتۇرال ئىگىلىك گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. ئەمما، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن سانائەتلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چوڭ ئۆزگىرىشلىرىگە تۈرتكە بولدى. ياۋروپانىڭ سانائەتلىشىشى بىلەن ياۋروپا شەھەرلىرىدىكى نوپۇس تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆز خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان يېمەك ـ ئىچمەك تەلىپىنى قاندۇرۇشقا ئامالسىز قالغاچقا، چەت ئەلدىن يېمەك ـ ئىچمەك ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياۋروپا سانائىتىدىكى تارماقلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى چەت ئەل خام ئەشيالىرىغا، بولۇپمۇ كان مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، ياۋروپا دۆلەتلىرى چەت ئەللەردىن تېخىمۇ كۆپ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە خام ئەشيا كىرگۈزدى.

چەت ئەللەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق سۈرئەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ

ئېھتىياجنى قاندۇردى. يايلاقلىرى كەڭ ئارگېنتىنا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ قوي يۇڭى، بۇغداي ۋە كالا گۆشى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق دۆلەتكە ئايلاندى. چىلى دۇنيادىكى ئاساسلىق مىس دۆلىتىگە، ئوتتۇرا ئامېرىكا قەھۋە ۋە بانان دۆلىتىگە، كۇبا قەھۋە، قومۇش شېكىرى ۋە كۆك تاماكا دۆلىتىگە، پېرۇ قومۇش شېكىرى ۋە كومۇش دۆلىتىگە ئايلاندى. برازىلىيە قەھۋە ئېكسپورت قىلغاندىن باشقا، ئامازون دەرياسى ۋادىسىدا تەبىئىي كاۋچۇكزارلىق بەرپا قىلدى. 1912 ـ يىلى، پۈتۈن دۇنيادىكى تەبىئىي كاۋچۇكنىڭ % 90 ىنى برازىلىيە ئىشلەپچىقاردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپورت ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى.

ئېكسپورت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تەييار مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورتىنى تېزلەتتى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ياۋروپادىن زور مىقداردا توقۇلما بۇيۇم، ماشىنا، تۆرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلدى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت ساھەسىنىڭ گۈللىنىشى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارگېنتىنا 10 مىڭ مىل ئۇزۇنلۇقتا تۆمۈر يول ياسىغانىدى. 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياسالغان تۆمۈر يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 مىڭ مىلغا يەتتى. 1875 ـ يىلى مېكسىكىدا ئارانلا 357 مىل ئۇزۇنلۇقتا تۆمۈر يول بار ئىدى. 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە، تۆمۈر يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 مىڭ مىلغا يەتتى.

تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەنگلىيەنىڭ مەبلىغى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىگە كىرىشكە باشلىدى. 1870 — 1913 ـ يىللىرى، ئەنگلىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىگە سالغان مەبلىغى 85 مىليون فوندستىرلىڭدىن 757 مىليون فوندستىرلىڭغا يەتتى،

يەنى 40 يىلدا سەككىز ھەسسە كۆپەيدى. 1913 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ مەبلىغى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىكى چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى. ئەنگلىيە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان بولۇپ، مەبلەغنى ئاساسلىقى ئارگېنتىنا، مېكسىكا، پېرۇ ۋە برازىلىيەگە سالدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا يەنە مېكسىكا، چىلى ۋە پېرۇنىڭ كانچىلىق ئىشلىرىغا مەبلەغ سالدى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى بۇنداق «ئېكسپورت ـ ئىمپورت» شەكلى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ خام ئەشيا ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. مۇشۇ خىل تەسىر تۈپەيلىدىن ۋە ئېھتىياجلىق مەبلەغ چەت ئەللەردىن كىرگەنلىكتىن، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتە «بېقىندىلىق» يولىغا كىرىپ قالدى، يەنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىغا باغلىق بولۇپ قالدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئېكسپورت ئىگىلىكى يەنىمۇ گۈللەندى. ئۇرۇش مەزگىلىدە لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ياۋروپادىكى جەڭگە ئارىلاشمىغاچقا، ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر ئۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئاشلىق ۋە ئىستراتېگىيەلىك خام ئەشيا جەھەتتە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرگە تاياندى. ئۇرۇش سەۋەبىدىن، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كۆپ مىقداردا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشى مۇمكىن بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى چوڭراق دۆلەتلەر سانائەتلىشىش يولىغا ماڭدى. برازىلىيەدە توقۇمىچىلىق،



www.uyghurkitap.com

شىكەرچىلىك، كۆمۈرچىلىك سانائىتى خېلىلا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. 1920ـ يىلى بىرازىلىيەدە 13 مىڭ سانائەت كارخانىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ يېرىمى 1915 ـــ 1919 ـ يىللىرى قۇرۇلغانىدى. 1928 ـ يىلىغا كەلگەندە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانى 31 مىڭغا يەتتى. 1928 ـ يىلىغا كەلگەندە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1914 ـ يىلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، بىرازىلىيەدە 87 توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بولۇپ، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمى ئىمپورت قىلىناتتى. 1920 ـ يىلى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ 300 گە يەتتى ۋە دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسەن قامدىدى. ئارگېنتىنا بۇغداي ۋە گۆش ئېكسپورت قىلىدىغان ئەنئەنىۋى دۆلەت بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە گۆش ۋە قوي يۇڭىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭكىدىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا، 1920 ـ يىلى بۇغداينىڭ ئېكسپورت مىقدارى 50 مىليون 100 مىڭ دەنگە يېتىپ، دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئورۇنغا ئۆتتى ۋە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى. سانائەتتە، گۆشنى سوغۇق ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى روشەن بولدى، بۇنىڭدىن باشقا توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق، كېمىسازلىق، مېتالچىلىق، نېفىت، كۆمۈر ۋە خىمىيە سانائىتىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلدى. پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن 5 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. يېزىلاردا بەزى چوڭ پومېشچىكلار ۋە چارۋىچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللاندى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنى يالالاپ ئىشلىتىپ، كاپىتالىستىك باشقۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئەمما، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ، ھەتتا

بىر دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. نۇرغۇن دۆلەتلەر يەنىلا قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتى پېتى قېلىۋەردى. تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان دۆلەتلەر 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. فېئوداللىق زېمىندارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى يەنىلا جاھانگىر دۆلەتلەر تىزگىنلەپ تۇردى. كەڭ لاتىن ئامېرىكىسى خەلقى ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىلىنەلمىدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئورنىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنى بۇلاپ - تالاشنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرى لاتىن ئامېرىكىسىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئامېرىكا ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پان ئامېرىكا ئىتتىپاقىنى قورال قىلىپ، لاتىن ئامېرىكىسىغا بولغان تاجاۋۇزىنى ۋە كونتروللۇقىنى كۈچەيتتى. ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 1913 - يىلىدىكى 1 مىليارد 240 مىليون دوللاردىن 1919 - يىلى 2 مىليارد 400 مىليون دوللارغا يېتىپ، بىر ھەسسە دېگۈدەك ئاشتى، 1929 - يىلىغا كەلگەندە 3 مىليارد 700 مىليون دوللارغا يەتتى. سودا ئومۇمىي سوممىسى 1913 — 1920 - يىللاردا % 400 ئاشتى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقىنى مىسلىسىز دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تاشقى

سودىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يالغۇز مونوپول قىلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كارىب دېڭىزى رايونى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆلەتلىرىدىكى زومىگەرلىك ئورنىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە ئۆز تەسىرىنى جەنۇبىي ئامېرىكا دۆلەتلىرىگىمۇ كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكىدا ئىزچىل مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن ئەنگلىيەنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقا باشلىدى. ئامېرىكىنىڭ مونوپول شىركەتلىرى يەنە كەڭ زېمىنلارنى بىۋاسىتە ئىگىلىۋېلىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەڭ چوڭ قورۇق ئىگىلىرىگە ئايلاندى. ئۇلار ئېكىنزارلىقلاردا كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە شەكلىنى كەڭ قوللىنىپ، يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان مىليونلىغان دېھقانلارنى يېڭىدىن يالانما دېھقانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئامېرىكا كاپىتالىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىگە ھەدەپ كىرىشى ئامېرىكىنىڭ مونوپول تەشكىلاتلىرىنى زور پايدىغا ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە بېقىندى قىلىپ قويدى.

30 ـ يىللاردىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىس باشلىنىشى بىلەنلا، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىغا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تۇيۇقسىز چېكىنىشى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئېكسپورت بازىرىنى تارايتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرلىك باھاسى ۋە مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، نەتىجىدە 1930 ~ 1934 ـ يىللاردىكى ئومۇمىي ئېكسپورت سوممىسى 1925 ~ 1929 ـ يىللاردىكى سەۋىيەدىن 48 % تۆۋەن بولدى. بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى كۆپ مىقداردا بېسىلىپ قالدى. ئىقتىسادىي كىرىزىس مەزگىلىدە، برازىلىيەنىڭ 40 مىليون تاغار قەھۋەسى پاراخوت ۋە پاراۋوزلارنىڭ ئوچاقلىرىدا كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. 1932 ـ يىلى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 20 دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي

قىممىتى 1925 ـ يىلىدىكى سەۋىيەگە چۈشۈپ قالدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئازىيىشى نەتىجىسىدە، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە ئىشسىز قالغانلارنىڭ سانى 5 مىليوندىن 7 مىليونغىچە يەتتى.

ئەمما، كېيىنكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، 30 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي كرىزىس لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بېغىشلىدى. ئېكسپورت ئىگىلىكىنىڭ چېكىنىشى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ تەييار مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىدىغان مەبلىغىنى ئازايتىۋەتتى، كۆنسېرى پىششىق يېتىلىۋاتقان لاتىن ئامېرىكىسى كارخانىچىلىرى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەر تۈنجى قېتىم سانائەت تەرەققىياتىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ياسىمىچىلىق سانائىتىنى يۈكسەلدۈرۈش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئۇلار مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللاندى: تاموژنا بېجىنى ئاشۇرۇپ ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز دۆلىتىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بازاردا ئىمپورت تاۋارلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈردى؛ دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆز دۆلىتىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر كۆرسەتتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى قۇرۇپ سانائەت كارخانىلىرىغا بىۋاستە مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى تەدبىر ناھايىتى مۇھىم ئىدى. بۇ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەتلەرنىڭ بىرى ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللىي سانائەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىق، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ تەييار مەھسۇلاتلىرىغا بېقىنىپ قېلىشنى ئازايتىش ئىدى. ئەمەلىي ئۈنۈمدىن قارىغاندا، مىللىي كارخانىلارنى قوغداش ۋە سانائەت كارخانىلىرىغا بىۋاستە مەبلەغ سېلىش لاتىن ئامېرىكىسى

www.uyghurkitap.com

دۆلەتلىرىنىڭ مىللىي سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى ئاساسلىق دۆلەتلەردە 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 60 ـ يىللارغىچە بولغان مەزگىلدە، سانائەتلەشتۈرۈشنى ئىمپورت ئىگىلىكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش سىياسىتى نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئارگېنتىنا، بىرازىلىيە، مېكسىكىدا نۇرغۇن زاۋۇتلار قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇتلار ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈردى. بۇ خىل شەكىلدىكى تەرەققىياتنىڭ گەرچە چەكلىمىلىكى ۋە نۇقسانلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مىللىي ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتە بىۋاسىتە ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

قىسقىسى، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى گەرچە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تاشقى كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىبارەت دۇنياۋى ۋەقەلەر لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىگە خاس يېنىك سانائەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇرۇپ چىقتى، بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بەزى دۆلەتلەر بولسا ئۆزلىرىگە خاس ئېغىر سانائەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇرۇپ چىقتى.

**20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر** ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنداق بولدى: جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە مېكسىكىنىڭ مائارىپى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى؛ ياۋروپالىق كۆچمەنلەر يەنىلا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىگە تۈركۈملەپ كىردى؛ كۆپلىگەن يېزا ئاھالىلىرى شەھەرلەرگە

كىرىپ، شەھەرلىشىش قەدىمىنى روشەن ھالدا تېزلەتتى. ئاخىرىدا، يۇقىرىدىكى ئامىللارنىڭ ئورتاق تەسىرى بىلەن، لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىدە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىلەن پىرولېتارىيات سىنىپى بىرلا ۋاقىتتا مەيدانغا كەلدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، ئارگېنتىنا، چىلى ۋە ئۇرۇگۋاي مائارىپى خېلى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ھېسابلىناتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا بۇ ئۈچ دۆلەت يۇقىرىلار مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانىدى. مەسىلەن، ئارگېنتىنادىكى ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1890 ـ يىلىدىكى 300 مىڭدىن 1912 ـ يىلى 780 مىڭغا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1880 ـ يىلىدىكى 3300 دىن 1915 ـ يىلى 11 مىڭغا يەتكەنىدى. چىلىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1891 ـ يىلىدىكى 95 مىڭدىن 1909 ـ يىلى 240 مىڭغا يەتكەنىدى. ئۇرۇگۋايدا، 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىلا مەملىكەتلىك ئاممىۋى مائارىپ تورى قۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇرۇگۋاي مائارىپ جەھەتتە ئارگېنتىنادىن قالسىلا 2ـ ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەتكە ئايلاندى.

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ برازىلىيە بىلەن مېكسىكىنىڭ مائارىپى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلدى. برازىلىيەدە ۋارگاس پرېزىدېنت بولغان مەزگىلدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى بىر ھەسسە، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى تۆت ھەسسە كۆپەيدى، 1937ـ يىلى برازىلىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. ۋارگاس يەنە تۈرلۈك كەسىپىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا، مېكسىكا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم

خىزمەتلەرنىڭ بىرى قاتاردا چىڭ تۇتتى. 1925 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە، مېكسىكىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى ئەسلىدىكىدىن 1 مىليوندىن كۆپرەك ئاشتى. مېكسىكا ھۆكۈمىتى ئادەتتىكى مائارىپتىن باشقا، يەنە بىر قاتار چارىلەرنى قوللىنىپ چوڭلار مائارىپى بىلەن يېزا مائارىپىنى چىڭ تۇتتى. 1922 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە، ھۆكۈمەت ھەر يىلىغا مىڭدىن جەمئىي 25 مىڭ يېزا مەكتىپى قۇرۇپ، ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتىنى % 29.8 دىن % 57.5 كە يەتكۈزدى. يۇقىرىقى دۆلەتلەردە ئامىمىۋى مائارىپنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلەتتى.

لاتىن ئامېرىكىسى يېقىنقى زامان تارىخىدا ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن كەلگەن نۇرغۇن كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىش جەھەتتىن ئاسىيادىن پەرقلەندى.

خەلقئارا كۆچمەنلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا كىرىش دولقۇنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەۋجىگە چىقتى. 1850 ~ 1914 ـ يىللاردا، مىليونلىغان كۆچمەنلەر لاتىن ئامېرىكىسىغا كۆچۈپ كەلدى. پەقەت ئارگېنتىناغا كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەرلا 3 مىليونغا يەتتى. يەنە خېلى كۆپ ساندىكى كۆچمەنلەر بىرازىلىيە، ئۇرۇگۋاي ۋە چىلىغا كۆچۈپ كەلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، كۆچمەنلەر دولقۇنى پەسەيدى، ئەمما كېيىنچە ياۋروپادا يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر نۇرغۇن ياۋروپالىقلارنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە لاتىن ئامېرىكىسىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى، 30 ـ يىللاردىكى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرا ياۋروپادا يۈز بەرگەن يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىش دولقۇنى ياۋروپادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇ مەزگىلدە، ئاسىيا

كۆچمەنلىرىمۇ لاتىن ئامېرىكىسىغا كېلىشكە باشلىدى. 1924 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغىچە، يۈز مىڭدىن كۆپ ياپونىيەلىك برازىلىيەگە كۆچمەن بولۇپ كەلدى.

تۈركۈملىگەن چەت ئەللىك كۆچمەنلەرنىڭ كېلىشى لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئالدى بىلەن كۆچمەنلەر يەرلىك ئاھالىلەرگە يېڭى ئىرقىي تەركىب قوشتى. جۈملىدىن لاتىن ئامېرىكىسىدىكىلەر يەرلىك ئىندىيانلار، ئافرىقىدىن كەلگەن نېگىرلار، ياۋروپا كۆچمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىشىدىن پەيدا بولغان شالغۇتلاردىن تەركىب تاپتى. بۇنىڭدىن باشقا، كۆچمەنلەر لاتىن ئامېرىكىسىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، ئۇلار يېڭى ئىدىيە ۋە تېخنىكىلارنىلا ئەمەس، بەلكى خېلى زور زامانىۋى ئۆزگىرىشلەرنى بىللە ئېلىپ كەلدى.

چەت ئەللىك كۆچمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرلەرگە ماكانلاشتى، بۇنىڭ بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ شەھەرلىشىش مۇساپىسى تېزلەشتى. بۇ جەرياندا يېڭىدىن قۇرۇلغان سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى شەھەردىكىلەرنى نۇرغۇن ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەچكە، دېھقانلار ئۈزۈكسىز ھالدا شەھەرلەرگە كۆچۈپ كىردى، بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەردىكى ئاقما نوپۇس تېخىمۇ كۆپەيدى. 1895 ـ يىلىلا ئارگېنتىنادا نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى شەھەرلىشىپ بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇرۇگۋايدىمۇ ئاھالىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى شەھەرلىشىپ بولدى.

20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ شەھەرلىشىش مۇساپىسى تېخىمۇ تېزلەشتى. گەرچە شەھەرلەر ۋە يېزىلارنىڭ نوپۇسى داۋاملىق ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما چەتئەل كۆچمەنلىرى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئاھالىنىڭ شەھەرلەرگە كۆچۈشى شەھەر نوپۇسىنى تېز سۈرئەتتە كۆپەيتتى. شەھەر نوپۇسى (ئاھالىسى 20 مىڭدىن ئاشىدىغان شەھەرلەرنىڭ

نوپۇسى) تېز كۆپەيگەنلىكتىن، 1945 ــ 1950 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئارگېنتىنا، چىلى، كۇبا، ئۇرۇگۋاي ۋە ۋېنېزۇئېلادىن ئىبارەت بەش دۆلەتتە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50% ىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، كۆچمەنلەرنىڭ توختىماي كىرىشى، زامانىۋى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە شەھەرلىشىشنىڭ تېزلىشىشى ئىككى خىل تۈپ ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلدى. بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا قاتلام تەبىقىسى پەيدا بولدى ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇ قاتلامدىكىلەر كەسپىي خادىملار، سودىگەرلەر، دۇكاندارلار ۋە ئوتتۇرا ـ كىچىك كارخانىچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىت تېخىمۇ كۆپ هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغىلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارغا، سودا ئېكسپورت ئورگانلىرى بولسا بوغالتىر، دىرېكتور ۋە ۋاستىچىلارغا، كۈنسېرى كېڭىيىپ گۈللىنىۋاتقان كانچىلىق ۋە ياسىمىچىلىق سانائىتى بولسا تېخىمۇ كۆپ باشقۇرغۇچى، ئىنژېنېر ۋە تېخنىكلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر ئاساسەن شەھەرلەردە ياشايتتى. ئۇلار نىسبەتەن ياخشى تەربىيەلەنگەن بولۇپ، سىياسىي ئىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئىككىنچىدىن، ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كەلدى ۋە زورايدى. يېڭى قۇرۇلغان ئىسكىلاتلار، زاۋۇتلار، كانلاردا يېڭى ئىشچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىشچىلارنىڭ سانى خېلى تېز ئېشىپ، كۈچى كۆرۈنەرلىك زورايدى. مەسىلەن، بىرازىلىيەدىكى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ سانى 1909 ـ يىلىدىكى 35 مىڭدىن 1920 ـ يىلى 275 مىڭغا يەتتى. ئارگېنتىنادىكى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ سانىمۇ 1907 ـ يىلىدىكى 120 مىڭدىن 1920ـ يىلى 350

مىڭغا كۆپەيدى. ئىشچىلار ئاساسەن توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك قاتارلىق يېنىك سانائەت تارماقلىرىغا مەركەزلەشتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سانائىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ئاساسلىق دۆلەتلەر ئىچىدە، مېكسىكىدىن باشقا دۆلەتلەردە چەت ئەللىك كۆچمەن ئىشچىلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىدى. ئىشچىلار سىنىپى ئۇيۇشما قۇرۇپ، ئىش تاشلاش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىدى.

## 2 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر

20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، لاتىن ئامېرىكىسىدا ئاممىۋى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭراق بولغانلىرى 1910 — 1917 ـ يىللاردىكى مېكسىكا ئىنقىلابى، ئارگېنتىنادىكى يانۋار ئىسيانى، بىرازىلىيەدىكى پىرېستېس قوشۇنىنىڭ يۈرۈشى ۋە نىكاراگۇئادىكى ساندىنو رەھبەرلىكىدىكى ئامېرىكىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ.

**1910 ~ 1917 ـ يىللاردىكى مېكسىكا بۇرژۇئا ئىنقىلابى** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مېكسىكا دىئاسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. دىئاس (1830 — 1915) ئىندىيان بىلەن ئاق تەنلىكنىڭ پۇشتىدىن بولغان بولۇپ، ياش ۋاقتىلىرىدا جاھان كېزىپ يۈرگەن، كېيىن ۋاللېس (1806 — 1872) نىڭ قول ئاستىدا گېنېرال بولغانىدى. ۋاللېس ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1876 ـ يىلى دىئاس مېكسىكىنىڭ

ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، مېكسىكىغا 35 يىل (1876 — 1911) دىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ۋاللىس مېكسىكا تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى بولۇپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «مېكسىكا خەلقى ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار شەخس» دەپ تەرىپلەنگەنىدى، ئۇ دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمە ئورنىتىش بىلەن ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىسلاھات نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ۋاھالەنكى، دىئاس پەقەت ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشنى تەكىتلەپ، دېموكراتىيەگە ئەھمىيەت بەرمىدى. ئۇ: ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيە ئەندىزىسى مېكسىكىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، مېكسىكىنىڭ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى نەچچە ئون يىللىق ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى دېموكراتىيەنىڭ مېكسىكىغا پەقەت قالايمىقانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، پەقەت مەن مېكسىكىغا بىر قوللۇق ھۆكۈمرانلىق قىلسىلا، ئاندىن مېكسىكىنى تىنچ ـ ئامان قىلغىلى بولىدۇ، شۇندىلا مېكسىكىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئېچىپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغاندىلا، ئاندىن مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، «يا بولكىغا تۇر، ياكى كالتەككە» دېگەن سىياسەتنى يۈرگۈزدى. جۈملىدىن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتتى. ئۇنىڭ «سۆڭەك چىشلىۋالغان ئىت ئادەم چىشلىمەيدۇ» دەيدىغان مەشھۇر سۆزى بار ئىدى. كىمكى ھۆرمەتلىگەننى بىلمىسە، ئۇ شۇنى دەرھال كۆزدىن يوقاتتى. ئۇ مۇشۇ خىل ۋاستىنى قوللىنىپ، پومېشچىكلار، مىسسىيونېرلار، ھەربىي ئەمەلدارلار، يەرلىك ئاتامانلار، قاراقچىلارنىڭ كاتتىباشلىرى، چەت ئەل كاپىتالىستلىرى، ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار ۋە بىر قىسىم

زىيالىيلارنى ئۆز يېنىغا توپلاپ، ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسىغا تاقابىل تۇردى.

دىئاس ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، مېكسىكىنىڭ ئىقتىسادى خېلى تېز راۋاجلاندى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، مېكسىكىدا 9000 مىل ئۇزۇنلۇقتا تۆمۈر يول ياسالدى. كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1880 - يىلىدىكى 30 مىليون پېسودىن 1900 - يىلى 90 مىليون پېسوغا يەتتى. توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى، پولات - تۆمۈر زاۋۇتلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. تاشقى سودا سوممىسى 1870 - يىلىدىكى 50 مىليون پېسودىن 1900 - يىلى 200 مىليون پېسوغا يەتتى. ھۆكۈمەت كىرىمى 1894 - يىلى 41 مىليون پېسو بولغان بولسا، 1910 - يىلىغا كەلگەندە 110 مىليون پېسوغا يېتىپ، 16 يىلدا بىر يېرىم ھەسسە ئاشتى. 1894 - يىلى تۇنجى قېتىم خامچوت بىلەن نەقچوت تەڭلەشتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى 16 يىلىدا مېكسىكا 136 مىليون پېسو جۇغلانما توپلىدى. دۆلەت غەزىنىسىدە پۇل بولغاچقا، ھۆكۈمەت ھەربىي قوشۇنىنىڭ مائاشى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ، ئىلگىرىكىدەك قوشۇننىڭ مائاشىنى بېرەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئىچكى ئۇرۇش كېلىپ چىقىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى بېرەلمەسلىكتەك ناچار ئەھۋالغا خاتىمە بەردى.

ئەمما، بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا، مېكسىكا خەلقى غايەت زور بەدەل تۆلىدى. دىئاس ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، يەر - زېمىننىڭ مەركەزلىشىشى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. دىئاس پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى، يەنى 90 مىليون ئىنگلىز موسىدىن ئارتۇقراق يەرنى 17 نەپەر يېقىن - يورۇقىغا يوشۇرۇنچە تەقسىملەپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەنگە 17 مىليون ئىنگلىز موسى كۆلەمدىكى يەر تەقسىملەندى. دىئاس

يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نوٗرغوٗن يەر ـ زېمىننى چەت ئەل كاپىتالىستلىرىغا سېتىۋەتتى. چەت ئەل كاپىتالىستلىرى مېكسىكىنىڭ نوٗرغوٗن يەر ـ زېمىنىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى 1884 ـ يىلىدىكى قانوٗنغا ئاساسەن، ئۆزلىرى سېتىۋالغان يەردىن چىققان نېفىت ۋە باشقا قېزىلما بايلىقلارغىمۇ ئىگە بولۇۋالدى. ئامېرىكا مېكسىكىدا نوٗرغوٗن ئېكىنزارلىقلارغا ئىگە بولغاندىن باشقا، ئامېرىكا پولات ـ تۆمۈر شىركىتى ۋە موبىل نېفىت شىركىتى مېكسىكا كانلىرىنىڭ تۆتتىن ئوٗچ قىسمىنى ۋە نېفىتلىكىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىۋالدى.

چوڭ زېمىندارلىق توٗزوٗمى مېكسىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. 1894 ـ يىلدىن ئىلگىرى مېكسىكىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 282 كىلوگىرام بولۇپ، 1894 ـ يىلى 154 كىلوگىرامغا، 1907 ـ يىلى 144 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالدى. ئىندىيانلار نەچچە ئەۋلاد تېرىپ كېلىۋاتقان يەرلىرىدىن ئايرىلىپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق، كېسەللىك ئازابىدا قىينالدى. قوروٗقلاردىكى يانچىلار ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي، پات ـ پات دوٗمبالىنىپ توٗردى.

20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، دىئاس ھاكىمىيىتى كىرىزىسقا دوٗچ كەلدى. 1908 ـ يىلىدىن باشلاپ، دوٗنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىس مېكسىكىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، مېكسىكا ئىقتىسادىنى تۈرغوٗن ھالەتكە چۈشۈروٗپ قويدى. 1909ـ يىلى ئاشلىقنىڭ ھوسۇلى كېمىيىپ كېتىپ، خەلقنىڭ توٗرموٗشى تېخىمۇ قىيىنلاشقاچقا، نارازىلىق كەيپىياتى كوٗچەيدى. ئوٗنىڭ ئوٗستىگە، دىئاسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ياشىنىپ زەئىپلىشىپ كەتكەچكە، خەلق سىياسىي جەھەتتە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى ئوٗمىد قىلدى.

1910 ـ يىلى ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى، بۇرژۇئا ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ۋەكىلى مادىرو دىئاس بىلەن

www.uyghurkitap.com

رىقابەتكە چۈشتى. مادېرو يەرلىك ئاق تەنلىك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، پاختىزارلىقى، هاراق زاۋۇتى ۋە مېتال تاۋلاش زاۋۇتى بار ئىدى. ئۇ فىرانسىيە ۋە ئامېرىكىدا ئوقۇغان بولۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى سىڭدۈرگەنىدى. ئۇ 1909 ـ يىلدىن باشلاپ، مەملىكەتنىڭ هەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇردى، گېزىت چىقىرىپ، نۇتۇق سۆزلىدى. 1910 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، يەنى سايلام باشلانغاندا، دىئاس ۋىجىككىنە كەلگەن بۇ رەقىبىنى كۆزگە ئىلىپ كەتمىدى. ئەمما، 5 ـ ئايغا كەلگەندە، دىئاس مادېرونىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق قوللىغۇچىسىنى باشلاپ پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا كۈچ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئۇنى تۈرمىگە تاشلىدى.

مادېرو سايلام تۈگىگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، يەنى 1910 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سانت لۇئىس بوتتوس پىلانىنى ئېلان قىلدى. بۇ پىلاندا، دىئاسنىڭ ئىستېپا بېرىشى، سايلام ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، يەرلەرنى قايتىدىن تەقسىملەش تەلەپ قىلىنىپ، دىئاس بىلەن كۈرەش قىلىش چاقىرىق قىلىندى.

خەلق مادېرونىڭ چاقىرىقىغا دەرهال ئاۋاز قوشتى. دېھقانلار، ئىشچىلار، شەهەر ئۇششاق بۇرژۇئازلىرى، مىللىي بۇرژۇئازلار، هەتتا بىر قىسىم هەربىيلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن هەرىكەتكە كەلدى. بولۇپمۇ دېھقانلار ئۆزۈندىن بۇيان رەهىمسىزلەرچە ئېزىلگەچكە، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كەيپىياتى ئۈستۈن ئىدى. دېھقانلار كۈرەشى جەريانىدا، ئىككى مەشھۇر رەهبەر — جەنۇبتىكى ئامىلىنو زاپاتا (1877 — 1919) بىلەن شىمالدىكى فرانسىسكو ۋىللا (1877 — 1923) مەيدانغا كەلدى. زاپاتا مورېلوس ئىشتاتىدىكى شالغۇت ئىرقتىن بولغان ئىجارىكەش دېھقان بولۇپ، ئۇ «يەر ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش» نى شوئار قىلىپ، شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقىدىكى ئىندىيان

يانچىلارنى تەشكىللەپ، پومىشچىكلار بىلەن كۆرەش قىلدى. ئۇلار قورۇقلارنى كۆيدۈرۈپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بەردى ھەمدە يەرلىك بيۇروكرات ئورگانلارغا ھۇجۇم قىلدى. ۋىللا ئەسلىدە قەرزدار قۇل بولۇپ، كېيىن قېچىپ كېتىپ جاھانكەزدىگە ئايلانغانىدى. ئۇمۇ زاپاتاغا ئوخشاش دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، يەرلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا پومېشچىكلار بىلەن كۈرەش قىلدى، ئۇ مېكسىكىنىڭ شىمالىدىكى ترازوس جەمەتىنىڭ 17 مىليون مو يېرىنى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بەردى.

مادۇرو جەنۇب ۋە شىمالدىكى دېھقانلار قوشۇنى بىلەن ئالاقە باغلىدى. 1911 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، بۇ ئىككى قوشۇن زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پايتەختكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. دېھقانلار قوشۇنىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىن قىسىپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، دىئاس 1911 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، ياۋروپاغا قېچىپ كەتتى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى.

1911 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مادۇرو پايتەختكە كىرىپ، 11 ـ ئايدا پرېزىدېنتلىققا ئولتۇردى. ئەمما، ئۇ ئىچكى ۋەزىيەتنى كونترول قىلالمىدى. ئۇ ھاكىمىيەتنى دېھقانلار قوشۇنىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشنى خالىمىدى، ئەكسىچە دېھقانلارنىڭ پارتىزانلىق ئەترەتلىرىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىئاس ھۆكۈمىتىدە ھوقۇق تۇتقانلارغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئەسلىدىكى ۋەزىپىلىرىگە قويدى.

خەلق ئاممىسى مادۇرو ھاكىمىيىتىدىن تېزلا ئۈمىدسىزلەندى. 1911 ـ يىلى 11 ـ ئايدا زاپاتا موربېلوس ئىشتاتىدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇپ، مادۇرونى خەلقنى

ئالدىدى، دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە «ئايالا پىلانى» نى ئېلان قىلدى. بۇ پىلاندا دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يەر پىروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، چوڭ زېمىندارلارنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىلىدىغانلىقى، يەر ئىگىلىرىگە يەر پۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تۆلەم ئورنىدا بېرىلىدىغانلىقى، ئەگەر پومېشچىكلار بۇ چارىگە ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە قارشىلىق قىلسا، بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئايالا پىلانى دېھقانلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. دېھقانلار قوشۇنى كونتروللۇقىدىكى جەنۇبتىكى ئالتە ئىشتاتتا دېھقانلار قوزغىلىپ، قورال كۈچى ئارقىلىق يەرلەرنى قولغا كەلتۈرۈش دولقۇنىنى كۆتۈردى.

ئامېرىكا مادۇرو ھاكىمىيىتىگە گۇمان ۋە دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، مادۇرونىڭ تېخىمۇ رادىكال مىللەتپەرۋەرلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ مادۇرو ھۆكۈمىتىگە نارازى بولۇۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مېكسىكىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ مادۇروغا قارشى تورۇشىنى قوللىدى. 1913 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكا مېكسىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىشتاب باشلىقى ھۇرتانى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشقا كۈشكۈرتۈپ، مادۇرونى تۈرمىگە تاشلاتقۇزدى ۋە يوشۇرۇنچە ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى.

مادۇرونىڭ ئۆلۈمى مېكسىكىدا يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلاب دولقۇنىنى قوزغاپ، ھۇرتاغا قارشى ئۈچ تارماق كۈچ، يەنى كاررانزا بىلەن ئوبرېگون ۋەكىللىكىدىكى ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلغۇچى قوشۇن، زاپاتا بىلەن ۋىللا رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىي قوشۇنى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىشچىلار قىزىل ئەترىتى بارلىققا كەلدى.

ھۇرتا تەختتە چىققىشى بىلەنلا ئىچكى ـ تاشقى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، ئورنى لىڭشىپ قالدى. ئۇ ھاكىمىيەت تۇتۇپلا، ئەنگلىيەگە يېقىنچىلىق قىلىپ ئامېرىكىنىڭ

بۇيرۇقىغا ئانچە قۇلاق سالمىدى. 1913 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئامېرىكىنىڭ يېڭى پىرېزىدېنتى ۋىلسون ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھۇرتا ھۆكۈمىتىنى يەنە قوللىمىدى. 1914 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھۇرتا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن مېكسىكا شەھىرى دەرۋازىسى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن قۇرۇق شەھەر بولۇپ قالدى. شەھەرگە كىم بالدۇر كىرسە، ھاكىمىيەت شۇنىڭغا تەۋە بولاتتى. 1914 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كاررانزانىڭ قول ئاستىدىكى ئوبرېگون مېكسىكا شەھىرىگە ئاۋۋال كىردى، كاررانزا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى.

يېڭى قۇرۇلغان كاررانزا ھۆكۈمىتى دېھقانلار قوشۇنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ۋىللا بىلەن زاپاتا ئۆز قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ مېكسىكا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، كاررانزانىڭ قوشۇنى مېكسىكا شەھىرىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، دېھقانلار قوشۇنى مېكسىكا شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى دەرھال ئاشكارىلىدى. زاپاتا پەزىلەتتى ئالىيجاناب، ئىنقىلابىيلىقى كۈچلۈك، قوشۇن باشقۇرۇشقا پۇختا بولسىمۇ، ئەمما بىر دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەيتتى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنىدى. زاپاتا قوشۇنى ۋىللا قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ تايانچ بازىسى بولغان مورېلوس تاغلىق رايونىغا ئۆزلۈكىدىن چېكىندى. ۋىللا ئەسلىدە جاھانكەزدى بولغاچقا، نۇرغۇن ناچار ئىللەتلىرى بار ئىدى، قول ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويمايتتى، بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ قوشۇنى پايتەختتە ناھايىتى تېزلا ئاينىپ كەتتى.

كاررانزا باشقا ئۆلكىلەردە كۈچ توپلاشقا كىرىشىپ، بارلىق چارە ـ ئاماللار بىلەن ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. 1915 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى،ئۇ يەر ئىسلاھاتى پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، ئىندىيانلارنىڭ قولىدىن

www.uyghurkitap.com

قانۇنسىز تارتىۋېلىنغان يەرلەر ئىندىيانلارغا قايتۇرۇلىدۇ، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، چوڭ زېمىندارلارنىڭ بىر قىسىم يېرى تەقسىملەپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلىندى. ئۇ يەنە ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا ياردەملىشىشكە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا ۋەدە بەردى. نەتىجىدە ئالتە قىزىل ئىشچىلار ئەترىتى كاررانزانىڭ قوشۇنىغا قېتىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنى زور دەرىجىدە كۈچەيدى.

1915 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئوبرېگون قوشۇنىنى باشلاپ ۋىللا قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، مېكسىكا شەھىرىگە قايتا كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن، كاررانزا قوشۇنى جەنۇب ۋە شىمالدىكى دېھقانلار قوشۇنىنى قورشاپ يوقاتتى. زاپاتانىڭ جەنۇبتا تايانچ بازىسى بولغاچقا ۋە يەرلىك ئاممىا بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا، كۈرەشنى بىرقانچە يىل داۋاملاشتۇردى. ئەمما، 1919 ـ يىلى دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ قوربان بولدى. ۋىللا 1923ـ يىلى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلتۈرۈلدى.

داغدۇغىلىق پارتلىغان مېكسىكا ئىنقىلابى ئاخىرىدا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كاررانزا قوشۇنىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. بۇ ئىنقىلابتا، مېكسىكا خەلقى غايەت زور بەدەل تۆلىدى. شۇ چاغدا 15 مىليون ئاھالىگە ئىگە مېكسىكىدا 1 مىليون ئادەم ئۇرۇشتا ئۆلدى، تۆمۈر يوللار ئاساسەن بۇزۇپ تاشلاندى، كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 1910 — 1920 ـ يىللاردا %40، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى % 9 تۆۋەنلەپ كەتتى.

گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، 1910 — 1917 ـ يىللاردىكى مېكسىكا ئىنقىلابى جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كاتتا بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى، بۇ ئىنقىلابتا ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى مۇھىم رول ئويناپ، ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. شۇڭا، ھاكىمىيەتكە ئېرىشكەن كاررانزا ھۆكۈمىتى

ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىدى، بۇلار ئاساسەن 1917 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندا ئىپادىلەندى.

1917 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن 1857 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، بۇ قانۇننىڭ يەر مەسىلىسى ھەققىدىكى 27 ـ ماددىسى ۋە ئىشچىلار مەسىلىسى ھەققىدىكى 123 ـ ماددىسى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. بۇ قانۇندا مۇنۇلار بەلگىلەندى: يەر ـ زېمىن، دەريا ـ ئېقىن، كان بايلىقلىرى دۆلەتنىڭ مۈلكى، چەت ئەللىكلەرنىڭ مېكسىكىنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا كەسكىن چەك قويۇلىدۇ، پەقەت مېكسىكا خەلقى بۇ بايلىقلاردىن پايدىلىنىشقا ھوقۇقلۇق؛ دىنىي جەمئىيەت ۋە پاي شىركەتلىرىنىڭ يەر ـ زېمىن ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ دىئاس ھۆكۈمىتى دەۋرىدە چەت ئەللىكلەرگە ئىجارە بېرىلگەن يەر ـ زېمىنلار قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، چوڭ زېمىندارلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئۇششاق زېمىندارلىق تۈزۈمى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. بۇ ئاساسىي قانۇندا يەنە سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئايال ئىشچىلار بىلەن بالا ئىشچىلارنى قوغداش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، فېئوداللىق قەرز مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بەلگىلەندى. قىسقىسى، بۇ ئاساسىي قانۇن مېكسىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرژۇئاچە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشى ۋە چەت ئەل كارخانىلىرىنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىدى. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەڭ ئىلغار ئاساسىي قانۇن ھېسابلىنىدۇ.

ئارگېنتىنادىكى يانۋار ئىنقىلابى ئارگېنتىنادا 1918 ـ يىلدىن 1921 ـ يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا ئۈچ يىل ئىچىدە، 850 قېتىم چوڭ ئىش تاشلاش يۈز بېرىپ، قاتناشقانلار 7 مىليون

www.uyghurkitap.com

100 مىڭ ئادەمگە يەتتى. 1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يۈز بەرگەن چوڭ ئىش تاشلاش شۇ مەزگىلدىكى ئاممىۋى ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ يۇقىرى دولقۇنى بولدى. ۋەقە دەسلەپتە ئەنگلىيە مەبلىغىدىكى بىر شىركەتتىكى ئەمگەك ئىختىلاپىدىن كېلىپ چىقتى. 1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئارگېنتىنا پايتەختى بۇئېنۇس ئايرېستىكى ئەنگلىيە ۋاتسون شىركىتىگە تەۋە بىر مېتاللورگىيە زاۋۇتىدىكى 2500 نەپەر ئىشچى ئىش تاشلاپ، سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى، ئىش ھەققىنى % 20 ئۆستۈرۈشنى ۋە خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1919 ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بۇ زاۋۇتنىڭ خوجايىنى بىر توپ قوراللىق زوراۋانلارنى ياللاپ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىشچىلارغا ئوق چىقىرىپ، ئالتە ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، 30 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ بۇ زوراۋانلىقى پۈتۈن شەھەردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئەتىسى سەھەردە، زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار ئۆزلۈكىدىن ئىش تاشلىدى. 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە كەلگەندە بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاشقا ئايلىنىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، شەھەر قاتنىشى توسۇلۇپ، زاۋۇت ـ ماگىزىنلار تاقالدى، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقانلار سىياسىي تۈس ئالغان ھەيۋەتلىك نامايىش ئۆتكۈزدى، ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ۋە ساقچىلار نامايىشچىلارغا ئوق چىقارغاندىن كېيىن، نامايىشچىلار قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. نەتىجىدە، نامايىش قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلاندى. ئىشچىلار ئىككى جايدىكى قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىدىكى قورال ـ ياراغلارنى بۇلاپ كەتتى ھەمدە ۋاتسون شىركىتىنىڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا ئوت قويۇۋەتتى، كوچىلاردا تىراللېيبۇسلارنى ئۆرۈپ، ئىستىھكام ياساپ، ھەربىي ـ ساقچىلار بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇلار بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا پۈتۈن

شەھەرنى ئاساسەن ئىشغال قىلدى. ئەمدىلا قۇرۇلغان ئارگېنتىنا خەلقئارا سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئىشچىلار بىرلەشمىسى پايتەخت ئىشچىلىرىنىڭ كۆرىشىنى قوللىدى. 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھۆكۈمەت قوزغىلاڭنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. بۇ جەرياندا 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ، 4000 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى. بۇ ۋەقە ئارگېنتىنا تارىخىدا «قانلىق ھەپتە» دەپ ئاتالدى.

يانۋار قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىشچىلار سىنىپى كۆرەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئارگېنتىنا ھۆكۈمىتىنى بەزى جەھەتلەردە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1919 — 1923 ـ يىللاردا، ئارگېنتىنا ھۆكۈمىتى ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش ھەم كارخانا خوجايىنلىرىنى تىزگىنلەشكە ئائىت قانۇن ـ پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، سانائەت ئىشچىلىرى ۋە تىرانسپورت ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ۋاقتىنى سەككىز سائەت قىلىپ بېكىتتى ھەمدە پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، نېفىتنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش تەدبىرىنى يولغا قويدى.

**پىرېستىس قوشۇنىنىڭ يۈرۈشى** 1924 ـ يىلى بىرازىلىيە ھۆكۈمەت ئارمىيەسىدىكى ئەسكەرلەر كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، زور تەسىر پەيدا قىلدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا، سان پاۋلو مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ 6000 ئەسكىرى گېنېرال ئىسىدور لوپېزنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇستەبىتلىككە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سان پاۋلو شەھىرىنى ئۈچ ھەپتىدىن ئارتۇق ئىشغال قىلىۋالدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا رىئوگراندىنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك بازاردىكى ساپيورلار ئەترىتى مايور پىرېستېسنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلقنى بىرنادېس مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. «پىرېستېس قوشۇنى» دەپ ئاتالغان بۇ قوزغىلاڭچى

www.uyghurkitap.com

قوشۇن خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، ئادىمى ناھايىتى تېزلا 1500 گە يەتتى. سان پاۋلودىكى قوزغىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىش، لوپېزنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن، پىرېستېس قوشۇننى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلدى. بېرنادېس ھۆكۈمىتى تانكا، زەمبىرەك ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلان بىلەن قوراللانغان زور قوشۇننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قوغلاپ زەربە بەردى. پىرېستېس جانلىق ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرۇپ، قاتمۇ قات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1925 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لوپېزنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى.

ئىككى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇچراشقاندىن كېيىن، يەنىلا قورشاپ يوقىتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، پىرېستېسنىڭ پىلانى بويىچە، قوشۇن ئىچكىرى رايونلارغا كىرىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرماقچى بولدى. قوشۇن قايتا تەشكىللىنىپ 3000 ئەسكەردىن تەركىب تاپقان تۆت تارماق ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، لوپېز باش قوماندان، پىرېستېس ئىشتاب باشلىقى بولدى. لوپېز بىرازىلىيەنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن، ئارگېنتىناغا ماڭدى. قوشۇن پىرېستېسنىڭ باشچىلىقىدا ئىچكىرى رايونلارغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇڭا، بۇ قوشۇن «پىرېستېس قوشۇنى»، پىرېستېس «نىجات يۇلتۇزى» دەپ ئاتالدى. قوشۇن تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريا ـ ئېقىنلارنى كېچىپ يۈرۈش قىلدى، جەڭچىلەر ئاچلىق ۋە كېسەللىكنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ، ئەمما كۈرەش ئىرادىسى باشتىن ـ ئاخىر قىلچە بوشاشمىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن بارغانلا يېرىدە ئىجارە، باج ھۆججەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ، سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بەردى، ئاممىۋى يىغىنلارنى ئېچىپ، ئىنقىلابىي تەشەببۇسلارنى تەشۋىق قىلدى. ئىككى يىلدىن

كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، بۇ قوشۇن سان جەھەتتە ئۆزىدىن 20 ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن 53 قېتىم چوڭ جەڭ، مىڭ قېتىملاپ كىچىك جەڭ قىلدى. ئىككى قېتىم بىرازىلىيەنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 13 ئۆلكىنى ئايلىنىپ، جەمئىي 25 مىڭ كىلومېتىر يول يۈردى. بۇ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىدى. ئەمما، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تايانچ بازا قۇرمىدى، خەلق ئاممىسىنىمۇ كۆرەشكە سەپەرۋەر قىلمىدى. ئاخىرىدا، ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن، 1927 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەغلۇپ بولۇپ، بولىۋىيەگە چېكىندى. پىرېستېس چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، 1934 ـ يىلى مېكسىكا كومپارتىيەسىگە ئەزا بولدى، كېيىن بىرازىلىيە كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

**نىكاراگۇئادىكى ساندىنو قوشۇنىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى** نىكاراگۇئا ئوتتۇرا ئامېرىكىغا جايلاشقان كىچىك دۆلەت بولۇپ، زېمىنى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكيانغا تۇتاشقانلىقى، تەۋەسىدە نىكاراگۇئا كۆلى بىلەن سان خۇئان كۆلى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانال قېزىپ ئىككى ئوكياننى تۇتاشتۇرىدىغان سۇ يولى ئېچىشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، خېلى بۇرۇندىنلا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا كەسكىن تالىشىدىغان ئوبيېكتقا ئايلانغانىدى. ئامېرىكا دەسلەپتە نىكاراگۇئانى بىر قاتار قەرز كېلىشىمى ۋە شەرتنامىلەرنى تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، ئۇنىڭ تاموژنا، تۆمۈر يول ۋە بانكىلىرىنى تىزگىنلىۋېلىپ، ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى كونترول قىلىۋالدى. كېيىن 1914 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نىكاراگۇئا دىئاس كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى بىلەن «بىرىئاند ـ چامورو شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، 3 مىليون دوللار چىقىرىش بەدىلىگە نىكاراگۇئادا قانال قېزىش ئىمتىيازىغا

ۋە ھەربىي ئەھمىيىتى زور بولغان فونسېكا قولتۇقى بىلەن كورن تاقىم ئارىلىنى 99 يىللىق ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى. نەتىجىدە، نىكاراگۇئا ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكا نىكاراگۇئانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا خالىغانچە ئارىلىشىپ، سىياسىي ۋەزىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلىپ تۇردى.

1921 ــ 1926 ـ يىللاردا، نىكاراگۇئادىكى لىبېرالىستلار پارتىيەسى بىلەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۆرىشى ئىچكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئامېرىكا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى تەرەپتە تۇردى. 1925 ـ يىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىكى چامورو سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، لىبېرالىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. لىبېرالىستلار پارتىيەسى چاموروغا قارشى تۇرۇپ، ئاغدۇرۇلغان ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن «ئاساسىي قانۇننى قوغداش قوشۇنى» نى تەشكىللىدى. 1926 ـ يىلى ئامېرىكا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نىكاراگۇئاغا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنى ئەۋەتىپ، ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزدى. بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا كەينى ـ كەينىدىن ئون نەچچە ھەربىي پاراخوت ۋە 5000 كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، «ئامېرىكا گىراژدانلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداش» نى باھانە قىلىپ، پايتەخت ماناگۋاغا كىرگۈزدى ھەمدە دېڭىز قىرغاقلىرىنى قامال قىلىپ، ھەممىلا جايدا «بىتەرەپ رايون» لارنى قۇرۇپ، لىبېرالىستلار پارتىيەسى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا كاشىلا تۇغدۇردى، شۇنداقلا دىئاسنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىگە نۇرغۇن قورال ـ ياراغ بەردى، ھەتتا ئايروپىلان ئەۋەتىپ ياردەم قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، دىئاس ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ 1914 ـ يىلىدىكى شەرتنامىدە ئېرىشكەن

ئىمتىيازلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ماقۇل بولدى. ئامېرىكىنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشى ۋە دىئاسىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ قىلمىشى نىكاراگۇئا خەلقىنىڭ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. نۇرغۇن جايلاردا قوزغىلاڭ پارتلاپ، پارتىزانلار ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. ئامېرىكا لىبېراللار پارتىيەسىدىكىلەرگە بېسىم ئىشلىتىشنى كۈچەيتتى. 1927 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى كولدجى ئالاھىدە ۋەكىلى ھېنرى ستىمسوننى نىكاراگۇئاغا كېلىشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. لىبېراللار پارتىيەسىدىكىلەر خەلقنىڭ قوراللىق كۆرىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئامېرىكا قوشۇنى بىلەن «قارا دولانا» كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، ئۇرۇشنى توختىتىپ، قورال ـ ياراغلىرىنى تاپشۇردى، ئامېرىكا كېيىنكى قېتىملىق سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئاياغلاشتى.

ئەمما، لىبېراللار پارتىيەسىدىكى گېنېرال ئاۋگۇستىنو ساندىنو قورال تاشلاشنى رەت قىلدى. ئۇ 1895 ـ يىلى نىكاراگۇئادىكى بىر كىچىك قورۇق خوجايىنى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا مېكسىكىدىكى بىر ئامېرىكا نېفىت شىركىتىدە مېخانىك بولغان، 1926 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دۆلەت ئىچىدە مۇستەبىتلىككە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ۋەتىنىگە قايتىپ كۆرەشكە قاتناشقان، دەسلەپتە شىمالدىكى تاغلىق رايوندىكى ئامېرىكىلىق كاپىتالىستلار ئاچقان ئالتۇن كاندا ئىشلەپ، شۇ يەردىكى ئامىنى تەشكىللەپ قورال ـ ياراغ تەييارلىغان، 1926 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 29 نەپەر كان ئىشچىسىنى باشلاپ كاننى پارتلىتىۋېتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىغان. دەسلەپتە قورال ـ ياراغلىرى كەمچىل بولغاچقا، ساردىن بېلىقى كونسېرۋاسىنىڭ قۇتىسىدىن قول بومبىسى ياساپ، پالتا،

جوتۇلار بىلەن قوراللىنىپ، ئامېرىكا تاجاۋۇزچى قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان. ئۇ لىبېراللار پارتىيەسىدىكىلەر بىلەن بىللە دىئاسقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، قوشۇننى باشلاپ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشكەن، كېيىن ئۇنىڭغا گېنېرال ئۇنۋانى بېرىلگەن. لىبېراللار پارتىيەسى ئامېرىكىنىڭ ياراشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ مۇرەسسە قىلغاندا، ساندىنو ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، «بىر مىللەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش گەپكە ئەمەس، قورال كۈچىگە تايىنىپ قوغداش كېرەك» دەپ جاكارلىدى.

ساندىنو لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن چەك ـ چېگرا ئاجرىتىپ، 200 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ شىمالغا چېكىندى، ئارقىدىن تاغلىق رايون ــ سىگوۋىيا رايونىغا كىردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاران 30 نەچچىلا ئادىمى قالغانىدى. ئەمما، ئۇ قەتئىي بوشاشمىدى. ئۇ «12 ـ ماي ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى»دا: «بىز ئۇرۇش قىلىپ ئۆلۈشكە رازىمىزكى، ھاقارەت ئىچىدە ياشاشنى خالىمايمىز» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ساندىنو قوشۇننى قايتىدىن تەشكىللەپ ۋە كېڭەيتىپ، تايانچ بازا قۇردى. ئامېرىكا قوشۇنى ساندىنوغا ئاخىرقى ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ 48 سائەت ئىچىدە تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ساندىنو كەسكىنلىك بىلەن «مەن ۋەتەن ئۈچۈن جېنىمدىن كېچىشكە تەييارلىنىپ قويدۇم» دەپ جاۋاب بەردى. 1927 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەردە ساندىنو ئامېرىكا قوشۇنى ساقلاۋاتقان مۇھىم شەھەر ئوكتالغا ھۇجۇم قىلدى. يەرلىك دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوللىشى ھەم ياردىمى بىلەن پارتىزانلار دۈشمەننىڭ قوماندانلىق ئىشتابىنى ۋەيران قىلىپ، شەھەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىشغال قىلدى. ئامېرىكا قوشۇنى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پارتىزانلارنى ئېغىر چىقىمدار

قىلغاچقا، پارتىزانلار تاغ رايونىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىنكى بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە، پارتىزانلار كەينى ـ كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ساندىنو بۇ مەغلۇبىيەتلەردىن ساۋاق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ شەھەرلەرنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، «قوشۇننى تارقاقلاشتۇرۇپ، دۈشمەنگە كېچىدە زەربە بېرىش، توسالغۇلاردىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنگە يوشۇرۇن زەربە بېرىش» تەك پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللاندى. شۇنداقلا، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، نىكاراگۇئانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش قوشۇنىنى رەسمىي قۇردى. ھەربىر ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر قىزىل ـ قارا رەڭلىك بەلگىنى تاقاپ، «ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرمىسەك، ئۆلۈشكە رازىمىز» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار ئەترىتىدىكى پاسسىپ ھالەتتە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى.

11 ـ ئايدا ئامېرىكا تاجاۋۇزچى قوشۇنى ساندىنونىڭ قوماندانلىق ئىشتابى جايلاشقان جاي ـــ چىپوت ئېگىزلىكىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ساندىنو قوشۇنى يەرلىك ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەتتى قويۇق بولغاچقا، دەرھال بۇ يەردىن يۆتكىلىپ، جانلىق ھەرىكەتچان پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەنگە ئۇنۇملۇك زەربە بەردى.

ساندىنو دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «ئىشچى ـ دېھقانلار ھەمكارلىق كوپىراتىپى» قۇرۇپ، نىكاراگۇئانىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئېچىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى، چەت ئەللىكلەر ئىگىلىۋالغان يەر ـ زېمىنلارنى مۇسادىرە قىلىپ، يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىشنى، قانال رايونىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە قوزغىلاڭچى قوشۇندىكى

www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەرنىڭ ئىش ھەققى ئالماسلىقى، پوۋقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە چېقىلماسلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. كەڭ خەلق قوزغىلاڭچىلارنى ھىمايە قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ سانى 3800 دىن ئاشتى. ئىشچىلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئىندىيان دېھقانلار ۋە نېگىرلارمۇ كۈرەشكە قاتناشتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن كۈرەشنى يەتتە يىل داۋاملاشتۇرۇپ، 500 قېتىمدىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك جەڭ قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 16 ئۆلكىنىڭ يېرىمىنى بىر مەزگىل كونترول قىلدى. گەرچە ئامېرىكا كەينى ـ كەينىدىن ئەسكەر كۆپەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەسكەر سانى ئاز، قورال ـ ياراغلىرى ناچار بۇ قوشۇن دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ھاۋا قىسىملىرىدىن تەشكىللەنگەن 12 مىڭ كىشىلىك ئامېرىكا قوشۇنىغا باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى.

ساندىنو قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەدبىرىنى ئۆزگەرتىپ نىكاراگۇئادا «مىللىي مۇھاپىزەت قوشۇنى»نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ قوشۇنغا سابىق قورۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ئاناستاسىئو سوموزانى قوماندان قىلدى. 1932 ـ يىلى ئامېرىكا قوشۇنى نىكاراگۇئادىن چېكىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىن ئامېرىكا مونكادانىڭ ئورنىغا ساكاسانى پىرېزىدېنت قىلدى. ئەمما، ھەربىي ھوقۇق يەنىلا ئامېرىكىنىڭ ۋاكالەتچىسى سوموزانىڭ قولىدا بولدى.

1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، لىبېراللار پارتىيەسىدىن بولغان خۇئان ساكاسا نىكاراگۇئانىڭ پىرېزىدېنتى بولدى. ئۇ ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ نىكاراگۇئادىن چېكىنگەنلىكىنى سىياسىي دەسمايە قىلىپ، ساندىنونى پايتەختكە كېلىپ ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزۈشتى. 1934 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ساكاسا ساندىنونى ماناگۋاغا ئاخىرقى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ساندىنو پايتەختكە يېتىپ كەلدى. 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇ ساكاساغا

خەت يېزىپ، پارتىزانلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مىللىي مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ ھەرىكىتىگە چەك قويۇشنى تەلەپ قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ساكاسا ساندىنو ۋە پارتىزانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈدىغانلىقى ھەققىدە يەنە بىر قېتىم ۋەدە بەردى. 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ساندىنو تەكلىپكە بىنائەن پرېزىدېنت مەھكىمىسىگە زىياپەتكە بېرىپ قايتىشىدا ئالدىن مۆكۈپ تۇرغان مىللىي مۇھاپىزەت قوشۇندىكىلەر تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىندى، شۇ كۈنى كەچ سائەت 10 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە ساندىنو ئۆلتۈرۈلدى. ئارقىدىن مىللىي مۇھاپىزەت قوشۇنى ساندىنو پارتىزانلىرىنىڭ تايانچ بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، 300 دەك ئىنقىلابچىنى قىرىپ تاشلىدى. ساندىنو پارتىزانلار ئەترىتى ئۇزۇل ـ كېسىل تالاپەتكە ئۇچرىدى. 1937 ـ يىلى سوموزا ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسىدە پرېزىدېنت بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك پرېزىدېنت دەپ ئېلان قىلىپ، پرېزىدېنتلىقنى مىراس قالدۇرۇشنى بېكىتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ 41 يىلغا سوزۇلغان ئامېرىكاپەرەس مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

ساندىنو رەھبەرلىكىدىكى ئامېرىكىغا قارشى قوزغىلاڭ گەرچە رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نىكاراگۇئا خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تىز پۈكمەس كۆرەش روھىنى نامايان قىلىپ، پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى كۆرەشلىرىگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى باشقا دۆلەتلەردىمۇ نۇرغۇن قېتىم ئىش تاشلاش ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ يۈز بەردى. 1919 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پېرۇدا تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش يۈز بېرىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن

باستۇرۇۋېتىلدى. 1920 ~ 1921 - يىللىرى كۇبادا ئىشچى - دېھقانلار كەينى - كەينىدىن ئىش تاشلاپ ۋە ئىسيان كۆتۈرۈپ، 1922 - يىلى 2 - ئايدا ئامېرىكا قوشۇنىنى كۇبادىن چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. 1920 - يىلى گۋاتېمالا خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سەككىز كۈن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ بىرلەشمە مېۋە - چېۋە شىركىتىنى ئارقا تىرەك قىلغان كابرېرانىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

## 3 - بۆلۈم 30 — 40 - يىللاردىكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي تەرەققىياتى

**دۆلەت قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي زامانىۋىلاشتۇرۇش** لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا كەينى - كەينىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە سىياسىي ۋەزىيىتى ناھايىتى قالايمىقان بولدى. مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، جەمئىيەتتە پىتىراپ كەتكەن ئەسكەرلەر كۆپەيدى، چوڭ - كىچىك مىلىتارىستلار ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئارا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزدى. يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان بەزى دۆلەتلەرنىڭ چېگراسى ئېنىق بېكىتىلمىگەچكە، توقۇنۇشلار ئۈزۈلمىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئەسلىدىكى ھامىي دۆلەت پادىشاھلىرىنىڭ قانۇنلۇق نوپۇزى يوقىتىلغان بىلەن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەپ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بىرەر نوپۇزلۇق شەخس مەيدانغا كەلمىدى. شۇ چاغدىكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە ئىرقىي ئايرىمچىلىق، سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، كىشىلەر ئۆز جەمەتى ۋە رايونىنىڭ مەنپەئەتىگىلا كۆڭۈل

بۆلۇپ، دۆلەت ۋە مىللەت چۈشەنچىسى كەمچىل بولدى. بۇنىڭغا جۇغراپىيەۋى ئورۇن پەرقى، قاتناش ـ خەۋەرلىشىش ئىشلىرىدىكى قالاقلىق قوشۇلۇپ، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىپ، سىياسىي جەھەتتىكى كائودىللوئىزم بارلىققا كەلدى. بىر تۈركۈم يەرلىك ئاتامانلار ياكى مىلىتارىستلار ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، يەنە يەرلىك ئەدلىيە ۋە مەمۇرىيەتنى تىزگىنلىۋېلىش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. ھۆكۈمەت ئاجىز بولغاچقا، بۇلارغا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سىياسىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولدى. بۇنىڭ بىلەن، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئالدى بىلەن زامانىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، يەنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، بارلىق پۇقرالارنى دۆلەت مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان قىلىشقا تىرىشتى، شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ، سىياسىينىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 ـ 30 يىلىدا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. چېگرا مەسىلىسى ۋە رايون خاراكتېرلىك توپىلاڭلار تەدرىجىي ئازايدى، ھۆكۈمەت دىنىي جەمئىيەتكە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قىلدى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆستى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە سىياسىيغا ئارىلىشىش ئارزۇسى تۇيۇقسىزلىدىن بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى. ئارگېنتىنا ۋە چىلىدىكى رادىكاللار پارتىيەسى، ئۇرۇگۋايدىكى قىزىل پارتىيە، كولومبىيەدىكى

لىبېراللىستلار پارتىيەسى، پېرۇدىكى ئامېرىكا قىتئەسى خەلقى ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى، مېكسىكىدىكى ئىنقىلابىي تۈزۈم پارتىيەسى، كۇبادىكى ھەقىقەتچىلەر پارتىيەسى ۋە ۋېنېزۇئېلادىكى دېموكراتىك ھەرىكەت پارتىيەسى داڭلىق بۇرژۇئا پارتىيەلىرى ئىدى. بۇ پارتىيەلەر 19 ـ ئەسىردىكى سىياسىي تەشكىلاتلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئەزا قوبۇل قىلغاندا، ئەزا بولغۇچىنىڭ مەلۇم سىياسىي رەھبەرگە سادىق ياكى ئەمەسلىكىگە قارىماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى، پروگراممىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە سادىق ياكى ئەمەسلىكىگە قارىدى. بۇ يېڭىچە پارتىيەلەرنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى پۇختا بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن ئەزا قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، ماركسىزم لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىگە تارقالدى. مۇشۇ ئاساستا، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بەزى دۆلەتلەردە ئىشچىلار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئىلغار زاتلار بەزى سانائەت مەركەزلىرىدە ماركسىزمچىلار گۇرۇپپىسى ۋە كوممۇنىزمچىلار گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ماركسىزمنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغانىدى. ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىشچىلار سىنىپىغا غايەت زور مەدەت بېرىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئاغمىچىلىق ۋە ئىسلاھاتچىلىققا قارشى كۆرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدىكى ئىلغار ئىشچىلار ۋە ئىنقىلابىي زىيالىيلار ھۆكۈمەتسىز سىندىكالىزم ۋە بۇرژۇئا سوتسىيال دېموكراتىزمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، كەينى ـ كەينىدىن

كومپارتىيە تەشكىللاتىنى قۇردى. 1918 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئارگېنتىنا سول قانات سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىكىلەر بۇئېنوس ئايرېستا ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، ئارگېنتىنا خەلقئارا سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنى قۇردى. 1920 ـ يىلى نامىنى كومپارتىيەگە ئۆزگەرتىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا ئەزا بولدى. بۇنىڭ بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇنجى سىياسىي پارتىيەسى دۇنياغا كەلدى. ئارقىدىن 1919 ـ يىلى مېكسىكىدا، 1920 ـ يىلى ئۇرۇگۋايدا، 1922 ـ يىلى چىلى بىلەن بىرازىلىيەدە، 1925 ـ يىلى نىكاراگۇئا بىلەن كۇبادا، 1928 ـ يىلى پېرۇدا، 1930 ـ يىلى سالۋادور بىلەن كولومبىيەدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى قۇرۇلدى. 1929 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇئېنوس ئايرېستا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى كومپارتىيەلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

30 ـ يىللاردىن كېيىن، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يەنە سەككىز دۆلەت ياكى رايوندا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيەسى قۇرۇلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ھارپىسىدا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كومپارتىيە تەشكىلاتلىرى 19 غا يەتتى. لاتىن ئامېرىكىسى كومپارتىيەلىرى قىيىن شارائىتلاردىمۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئاممىۋى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1914 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم زامانىۋى ئۆزگىرىش سىياسىيغا ئارىلىشىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى بولدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نوپچىلار، بولۇپمۇ يومېشچىكلار ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا قىزىقىشقا

باشلىدى. ئۇلار بېكىك قورۇق تۇرمۇشىغا قانائەت قىلماي، سىياسىي هوقۇقنى قوغلىشىشقا باشلىدى. بۇلاردىن باشقا، مۇشۇ مەزگىللىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھەممە دۆلەتلەردە سايلامغا قاتنىشىشتىكى مۇلۇك چەكلىمىسى بىكار قىلىنىدى، يەنە تەخمىنەن 1/2 قىسىم دۆلەتتە سايلامغا قاتنىشىشتىكى ساۋاتلىق بولۇش چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يەنە يەتتە ـ سەككىز دۆلەتتە ئاياللارغا بېلەت تاشلاشقا قاتنىشىش هوقۇقى بېرىلدى. سايلام هوقۇقىنىڭ كېڭىيىشى ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار ۋە ئەمگەكچى ئاممىنى سىياسىيغا ئارىلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، بۇ قاتلامدىكىلەرنى داڭلىق جەمەتلەرنىڭ سىياسىينى مونوپول قىلىۋېلىشىغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان يېڭى كۈچكە ئايلاندۇردى.

ئومۇمەن، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسى سىياسىيسىنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى تېز بولدى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ هوقۇقى كۈچەيدى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى سىياسىينى تۈزۈملىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇردى، سايلام هوقۇقىنىڭ كېڭىيىشى سىياسىيغا ئارىلاشقۇچىلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ خىل شارائىتتا، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى كائودىللو سىياسىيسى تەدرىجىي ھالدا زامانىۋى سىياسىيغا ئۆزگەردى. بۇ مېكسىكا، بىرازىلىيە ۋە چىلى قاتارلىق دۆلەتلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى.

مېكسىكىدىكى كاردېناسنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتى 1910 — 1917 ـ يىللاردىكى مېكسىكا بۇرژۇئا ئىنقىلابى دىئاسنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلغار ئاساسىي قانۇنىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇشتىن كېيىنكى مېكسىكىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى يەنىلا داۋالغۇش ئىچىدە تۇردى. چەت ئەل جاھانگىر كۈچلىرى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى فېئودال پومېشچىكلار ۋە ئەكسىيەتچىل كاتولىك دىنى جەمئىيىتى كۈچلىرى ئىزچىل قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، قايتۇرما

ھۆجۇمغا ئۆتۈش پۇرسىتى ئىزدىدى. ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسى بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنىڭ 1917 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەر ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، جېدەل - ماجىراسى تۈگىمىدى. دەسلەپتە ئوبرېگون بىلەن كاللېس بىرلىشىپ كاررانزا ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى، 1920 - يىلى كاررانزا ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئوبرېگون ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. 1928 - يىلى ئوبرېگوننى بىر ئەسەبىي كاتولىك دىنى مۇرىتى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىر قانچە يىل ئىچىدە چوڭ رەھبەرلەردىن پەقەت كاللېسلا قېلىپ، ئاخىر ئۇ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى.

كاللېس بىر ھەربىي بولۇپ، 1924 - يىلى پرېزىدېنتلىققا سايلاندى، شۇ چاغدىن تارتىپ 1934 - يىلىغىچە بىرقانچە پرېزىدېنت ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ھوقۇق يەنىلا ئۇنىڭ قولىدا بولدى. 1929 - يىلى ئۇ مىللىي ئىنقىلاب پارتىيەسىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى بۇ پارتىيەنىڭ «ئەڭ ئالىي داھىيسى» قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ پارتىيەنى ۋاستە قىلىپ ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، «سول قانات» لىبېرالىستلار تەرەپتە تۇرۇپ، جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى تۈس ئالغان سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، دىنىي جەمئىيەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىدى. 1925 - يىلى ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، پارلامېنت ئىلغار يەر قانۇنى ۋە نېفىت قانۇنىنى بېكىتتى. بۇ يەر قانۇنى چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ مېكسىكىدىكى يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا چەك قويدى. نېفىت قانۇنى چەت ئەل نېفىت شىركەتلىرىنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى 50 يىل ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىغا ئۆزگەرتتى، شۇ سەۋەبتىن كاللېس ھۆكۈمىتى

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئەمما، 1927 ـ يىلىدىن كېيىن كاللېس مەيداننى ئۆزگەرتىپ، جاھانگىرلار ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن مۇرەسسەلەشكىلى باشلىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، نېفىت قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، 50 يىللىق ئىجارە مۇددىتىنى مۇددەتسىز قىلىپ ئۆزگەرتتى. 1930 ـ يىلى يولغا قويۇلۇۋاتقان يەر ئىسلاھاتىنى توختىتىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى.

1929 ـ يىلى باشلانغان دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس مېكسىكا ئىقتىسادىغا زور بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى قايتىدىن جانلىنىپ، ئوتتۇرا ـ كىچىك بۇرژۇئازلارنىڭ جاھانگىرلارغا ۋە فېئودالىزمغا قارشى كەيپىياتىمۇ ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مىللىي ئىنقىلاب پارتىيەسى ئىچىدىمۇ سول قانات رادىكال ئۆكتىچى گۇرۇھ شەكىللەندى، ئۇلار مىللىي ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداپ، چەت ئەل جاھانگىرلىكىگە بېقىندى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى، 1917 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن نۇرغۇن ئىلغار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. كاردېناس مۇشۇ گۇرۇھنىڭ رەھبىرى ئىدى. رادىكاللار گورۇھىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كۆپرېتادودا ئېچىلغان مىللىي ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، «ئالتە يىللىق پىلان» دەپ ئاتالغان ھەرىكەت پروگراممىسى ماقۇللاندى. بۇ پىلاندا، يەر ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ دۆلەت ئىچىگە كىرىشىنى تىزگىنلەپ، مىللىي سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانائەت تېخنىكا سەۋىيەسىنى يۇكسەلدۈرۈش قاتارلىقلار بەلگىلەندى. كاللېس گۇرۇھى خەلقنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى پەسەيتىپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش

ئۇچۇن، 1934 ـ يىلىدىكى پىرېزىدېنت سايلىمىدا كاردېناسنى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنىڭ پىرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى.

لازارو كاردېناس (1895 ــ 1970) ھىندى ـ ياۋروپا شالغۇت ئىرقىدىكىلەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دادىسى كىچىك مىلىچمال ماگىزىنىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئائىلىسى نامرات ئىدى. كاردېناس 14 يېشىدا مەكتەپتىن قېلىپ، باسما زاۋۇتتا نابورچىك بولغان، 1913 ـ يىلى ئىنقىلابىي قوشۇنغا ئەسكەر بولۇپ كىرگەن، كۈرەش جەريانىدا دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، 25 يېشىدىلا بىرىگادا كوماندىرى بولغان، 1928 ـ يىلى ۋە 1933 ـ يىلى ئۆز يۇرتى مىچوۋكان ئىشتاتىدا ئىشتات باشلىقى بولغان، بۇ مەزگىلدە پۈتۈن غەيرىتى بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قازانغانىدى. 1934 ـ يىلى ئۇ مېكسىكىنىڭ پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى.

كاللېس كاردېناسنى پىرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشتە، بىر تەرەپتىن كاردېناسنىڭ مېكسىكا خەلقى ئىچىدىكى ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كاردېناسنىڭ ھوقۇق ئاساسى بىرقەدەر ئاجىز، ئاسان ئىزگىنىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەمما، كاردېناس ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا، دەرھال دېموكراتىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، كاللېس ۋەكىللىكىدىكى ھەربىي كاتتىباشلارنىڭ كۈچىگە كەسكىن زەربە بەردى. ئىچكى كابىنېتنى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، يېڭى ئىچكى كابىنېتقا ئىلغار ئىدىيەلىك سىياسىيونلارنى قوبۇل قىلدى. كاللېس ئۇنى توسۇپ، ئۇنىڭ ئىسلاھاتىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغاندا، ئۇ «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، كاللېس بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا چەك ـ چېگرا ئايرىدى. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان قوللىشىنى ئاكتىپ قولغا كەلتۈردى. 1936 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇنىڭ

قوللىشى بىلەن، مەملىكەتلىك ئىشچىلار ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، «مېكسىكا ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى» قۇرۇلدى. بۇ بىرلەشمىنىڭ ئەزاسى بىر مىليونغا يېقىنلىشىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنى قوللايدىغان زور كۈچكە ئايلاندى. كاللېس ھەددىدىن ئېشىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىماقچى بولغاندا، كاردېناس خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى بىلەن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، 1936 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كاللېسنى ئامېرىكىغا ھەيدىۋەتتى. شۇنداقلا، كاللېسنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت، ھەرقايسى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەربىي قوشۇن ئىچىدىن تازىلاپ چىقىرىۋەتتى، يەنە ھەربىي قوشۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئوفىتسېرلارنى ئۆستۈرۈشتە تېخنىكا جەھەتتىن سىناش، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلاشماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىپ، ھەربىي قوشۇننى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنى ئاستىغا ئالدى.

كاردېناس يەنە پارتىيەنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى. 1938 ـ يىلى ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، نامىنى «مېكسىكا ئىنقىلاب پارتىيەسى»گە ئۆزگەرتتى. يېڭى پارتىيەنىڭ ئىلگىرىكى يەرلىك گۇرۇھلارنى ئاساس قىلغان تەشكىلىي سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا دېھقانچىلىق (دېھقانلار)، ئىشچىلار، ھەربىيلەر ۋە ئاۋام بۆلۈمىدىن ئىبارەت تۆت بۆلۈمنى تەسىس قىلدى. بۇنداق ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئالدى بىلەن ئىشچى ـ دېھقانلاردىن ئەزا قوبۇل قىلىشقا پايدىلىق بولدى. 1938 ـ يىلى كاردېناس مېكسىكىدىكى ئىشچى، دېھقانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى تەشكىلاتى ـــ «مېكسىكا ئىشچىلار بىرلەشمىسى» بىلەن «مېكسىكا دېھقانلار بىرلەشمىسى» نى پارتىيە تەشكىلاتىغا كىرگۈزدى. شۇ چاغدا ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى 250 مىڭ، دېھقانلار بىرلەشمىسىنىڭ

ئەزاسى 2 مىليون 550 مىڭ بولۇپ، بۇلار پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ % 94 نى تەشكىل قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلاھاتچىلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ، ھەربىي قوشۇننى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. مۇبادا ھەربىي قوشۇن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىسا، ھۆكۈمەت ئىشچى ـ دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇپ، ھەربىيلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتالايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، پارتىيە ئىچىدە ھەربىيلەر بۆلۈمى تەسىس قىلىنغاچقا، ھەربىيلەر پىكرى بولسا ئەركىن ئىپادىلەپ، قورالغا تايىنىدىغان ئەھۋالدىن ساقلاندى. ھەربىيلەرگە پارتىيە ئىچىدىكى تۆت ئاۋازنىڭ بىرىلا بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ مېكسىكىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا يەنە ئارىلىششىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

1941 ـ يىلى كاردېناس ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى ھەربىيلەر بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارلامېنتتىكى ھەربىيلەر گۇرۇھىنى تارقىتىۋەتتى، سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ئاساسەن زىيالىيلار ئۈستىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن مېكسىكىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ھەربىيلەر ئارىلاشمايدىغان بولدى.

كاردېناس يەر ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن يۈرگۈزۈپ، چوڭ قورۇق خوجايىنلىرىغا زەربە بەردى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە (1934 ــ 1940) 40 مىليون ئىنگلىز موسى كېلىدىغان يەرنى يەرسىز دېھقانلارغا تەقسىملەپ بەردى. بۇ سان ئىلگىرىكى پىرېزىدېنتلار تەقسىملەپ بەرگەن يەرنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلەتتى. كاردېناس دېھقانلارغا يەرلەرنى تەقسىملەپ بېرىپلا ئۇلارنى يۈرۈشلەشكەن زۆرۈر مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىمىگەندە، يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يەرگە ئىگە بولغان دېھقانلار ئۆزلىرىگە يەتكۈدەكلا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، كونسېرى كېڭىيىۋاتقان شەھەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇدەك ئارتۇق

www.uyghurkitap.com

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرالمىسا، پۈتكۈل ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كەنت كوپىراتىپى قۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كەنت كوپىراتىپى قەدىمكى زاماندىكى ئازتېكلاردىن قالغان يەرگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، كاردېناس چوڭ قورۇق خوجايىنلىرى ئىگىلىۋالغان يەرلەرنى قايتىدىن كەنت كوپىراتىپلىرىغا تەقسىملەپ بەردى. بىر كەنت كوپىراتىپىدا نەچچە يۈز، ھەتتا مىڭدىن نوپۇس بار ئىدى. ھۆكۈمەت «مەملىكەتلىك كەنت كوپىراتىپلىرى ئامانەت ـ قەرز بانكىسى» قۇرۇپ، كەنت كوپىراتىپلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ سۇ ئىنشائاتى ياساش، يول ـ كۆۋرۈك ياساش، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلارنى قۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇردى.

ئەمما، كاردېناسنىڭ كەنت كوپىراتىپىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ھۆكۈمەت ۋەدە قىلغان ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ۋە مەبلەغ ئەمەلىيلەشمەي، كەنت كوپىراتىپلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى قالايمىقان، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولۇپ، بازارنى تەمىنلەيدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئاشماستىن، بەلكى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى. گەرچە يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، كاردېناسنىڭ نۇرغۇن يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىپ يەر ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشى، كاردېناس ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانلار ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. بۇ، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى.

سانائەت ساھەسىدە، كاردېناس ھۆكۈمىتى نېفىت قاتارلىق سانائەتلەرنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، چەت ئەل

مونوپول كاپىتالىستلىرىغا زەربە بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. دېئاس ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، چەت ئەل كاپىتالىستلىرى مېكسىكىنىڭ نۇرغۇن مۇھىم سانائەت تارماقلىرىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. 1917 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا، بارلىق قېزىلما بايلىقلارنى دۆلەت بىۋاستە باشقۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنقىلابتىن كېيىنكى ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەر چەت ئەل كاپىتالىستلىرى بىلەن بولغان كۆرەشتە تەۋرىنىپ قېلىپ، چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ مېكسىكىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى تىزگىنلىۋېلىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مېكسىكىنىڭ نېفىت زاپىسى دۇنيادىكى ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى ئىچىدە ناھايىتى زور نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. 30 ـ يىللاردا، چەت ئەل نېفىت شىركەتلىرى، ئاساسلىقى ئامېرىكا شىركەتلىرى مېكسىكىنىڭ نېفىت ساھەسىنى ئاساسەن مونوپول قىلىۋالغانىدى. 1928 ـ يىلى نېفىت سانائىتىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ سېلىنمىسى ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ % 96 نى، مېكسىكىنىڭ بولسا ئاران % 1.1 نى ئىگىلەيتتى. كاردېناس ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئامال قىلىپ چەت ئەل مونوپول تەشكىلاتلىرىنىڭ مېكسىكا ئىقتىسادىغا بولغان تەسىرىنى چەكلەشكە تىرىشتى. 1938 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ 17 شىركىتىنىڭ بارلىق ئىگىلىكىنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭدا مېكسىكا نېفىت پاي شىركىتى چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ مۈلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بۇنىڭ ھەققىنى ئون يىلغا بۆلۈپ تۆلەپ بېرىدىغان بولدى. ئامېرىكا شىركەتلىرى دەسلەپتە ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ مېكسىكا ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھۈنىرى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، تېخى قېزىلمىغان نېفىتنىڭ كەلگۈسىدىكى قىممىتىنى قوشۇپ غايەت

www.uyghurkitap.com

زور تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مېكسىكا ھۆكۈمىتى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. مېكسىكا خەلقى داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈپ ھۆكۈمەتنى قوللىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى دۆلەتكە تەقدىم قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ چەت ئەل نېفىت شىركەتلىرىنىڭ مۈلكىنى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. دۆلەت چەت ئەل نېفىت شىركەتلىرىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مېكسىكىلىقلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نېفىت شىركىتى ـــ مېكسىكا نېفىت شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئاقىۋەتتە، ئامالسىز قالغان ئامېرىكا شىركەتلىرى مېكسىكا نېفىتىنى سېتىۋېلىشنى رەت قىلىش ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، چەت ئەللەردىكى ئاساسلىق نېفىت ئۈسكۈنىلىرى سودىگەرلىرىنى مېكسىكا نېفىت شىركىتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، مېكسىكىنىڭ نېفىت چەككىلەش ئىشلىرىنى توسىماقچى بولدى. ئەمما، مېكسىكا ھۆكۈمىتى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نېفىت قېزىش مىقدارىنى ئاشۇردى. نېفىتنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى ئۇتۇقلۇق بولدى. مېكسىكا خەلقى بۇ بىر مەيدان كۈرەشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىنى «قايتۇرۇۋېلىش كۈنى» قىلىپ بېكىتتى. بۇ مېكسىكا ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كاردېناسنىڭ ئىسلاھاتى 1910 ـــ 1917 ـ يىللاردىكى مېكسىكا ئىنقىلابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشانلارنى تۈزۈملەشتۈردى. ئۇنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتى مېكسىكا سىياسىيسىنىڭ دېموكراتىيەلىشىشىنى تېزلەتتى؛ يەر ئىسلاھاتى مېكسىكىدا ئۇزۇندىن بويان مەۋجۇت بولۇۋاتقان يېزا ۋە يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولدى؛ چەت ئەل نېفىت شىركەتلىرىنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش مىللىي مەنپەئەتنى قوغدىدى. قىسقىسى، كاردېناسنىڭ ئىسلاھاتى

جاھانگىر كۆچلەرگە ۋە فېئودال چوڭ زېمىندارلىق تۈزۈمىگە كۆچلۈك زەربە بېرىپ، مېكسىكىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈردى ھەمدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى خېلى ياخشىلىدى. بۇنىڭ بىلەن مېكسىكىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى يەنىمۇ ئىلگىرىلىدى.

**20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى بىرازىلىيە ۋە ۋارگاسىنىڭ ئىسلاھات**

ھەرىكىتى 20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، بىرازىلىيە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى بىر قەدەر تېز، تەرەققىيات سەۋىيەسى بىر قەدەر يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەمما، چەت ئەل كاپىتالىنىڭ تىزگىنلىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ قالاقلىقى يەنىلا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە بىرازىلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىرازىلىيەنىڭ مۇھىم كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە پاي شىركەتلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، ئەنگلىيە مونوپول كاپىتالىستلىرى بىرازىلىيەنىڭ دېڭىز تىرانسپورتى، بانكا ساھەسى، توقۇمىچىلىق سانائىتى، تۆمۈر يولى ۋە قەھۋەزارلىقىنى تىزگىنلىگەن. ئامېرىكا كارىب دېڭىزى رايونىدا زومىگەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، بىرازىلىيەدىكى كېڭەيمىچىلىكىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئەنگلىيە بىلەن كەسكىن رىقابەتكە چۈشتى. 1929 ـ يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ بىرازىلىيەگە سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 480 مىليون دوللار بولۇپ، 1913 ـ يىلدىكىدىن 7.5 ھەسسە ئاشقان. ئەمما، شۇ مەزگىلدە ئەنگلىيەنىڭ بىرازىلىيەگە سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 1 مىليارد 420 مىليون دوللارغا يېتىپ، بىرازىلىيەدىكى چەت ئەل مەبلىغىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. ئامېرىكا مەبلىغىنىڭ بىرازىلىيەدىكى ئېشىش سۈرئىتى ئەنگلىيەنىڭكىدىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما سوممىسى ئەنگلىيەنىڭكىدىن

www.uyghurkitap.com

خېلىلا ئاز ئىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھىرازىلىيە ئىقتىسادىي جەھەتتىن خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا فېئودالىزم قالدۇقلىرى خېلى كۆپ ساقلىنىپ قالغان قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ئىدى. 1920 ـ يىلىدىكى ئومومىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا ھىرازىلىيەنىڭ نوپۇسى 30 مىليون 600 مىڭ بولۇپ، ئاھالىلەر ئاساسەن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى مىللىي مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 4/5 قىسمىنى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، قەھۋەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئومۇمىي ئېكسپورت قىممىتى % 70 نى ئىگىلىگەن. يەرلەرنىڭ ئىگىلىنىشى تولىمۇ تەكشىسىز بولۇپ، كۆلىمى مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق چوڭ قورۇقلار مۇلۇكلۇك يەرنىڭ %4.6 نى ئىگىلىسىمۇ، تىزىمغا ئېلىنغان ئومۇمىي يەرنىڭ % 63.4 نى ئىگىلىگەن؛ كۆلىمى يۈز گېكتاردىن ئاز كىچىك قورۇقلار مۇلۇكلۇك يەرنىڭ % 71.5 نى ئىگىلىسىمۇ، تىزىمغا ئېلىنغان ئومۇمىي يەرنىڭ ئاران % 9نى ئىگىلىگەن. يېرى ئاز مىليونلىغان دېھقانلار نائىلاج قورۇق خوجايىنلىرىغا ئىشلەپ، يېقىندى قەرزدار دېھقانلارغا ئايلانغان. قورۇق ۋە ئېكىنزار خوجايىنلىرى شەخسىي ساقچىلارنى قويۇپ، سوراقخانىلارنى تەسىس قىلىپ، دېھقانلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىشقان.

سىياسىي جەھەتتە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز ساندىكى مونوپول كۈچلەر ھىرازىلىيە جەمئىيىتىنى كونترول قىلىۋالدى. تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان پىرېزىدېنت سايلىمى كۆپىنچە شەكىللىك ئايلىنىپ قالدى. قەھۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان سان پاۋلو ئىشتاتى ۋە چارۋىچىلىقى تەرەققىي قىلغان مىناس گېرايس ئىشتاتىدىن كەلگەن يەر ـ زېمىن، سودا مونوپولىستلىرى ھاكىمىيەتنى

تىزگىنلىۋالدى. 1889 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1930 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان سەككىز پىرېزىدېنتنىڭ تۆت نەپىرى سان پاۋلولۇق، ئۈچى مىناس گېرايىسلىق بولغاچقا، برازىلىيەلىكلەر برازىلىيە ھۆكۈمىتىنى «قەھۋە ـ كالا سۈتى ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتاشتى.

يەر ـ زېمىن، سودا مونوپولىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى برازىلىيەنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولدى. كۆنسېرى كۆچپىمۋاتقان برازىلىيە مىللىي بۇرژۇئازىيەسى كونا سىياسىي ھوقۇق قۇرۇلمىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش، كونا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتىن چىقىش يولى ئىزدىدى.

1929 ـ يىلى باشلانغان دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس برازىلىيە ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربىلەرنى ئېلىپ كەلدى. برازىلىيە ئېكسپورت ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان قەھۋەنىڭ خەلقئارا باھاسى شىددەت بىلەن چۈشۈپ كېتىپ، ئىشسىزلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆرەشلەر كەسكىنلەشتى. 1930 ـ يىلىدىكى پىرېزىدېنت سايلىمىدا، يومپىشچىك بۇرژۇئازلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى گۇرۇھى شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ بىرى سان پاۋلو ئىشتاتىدىكى مونوپول كۈچلەر باشچىلىقىدىكى «برازىلىيە دېموكراتىك ئىتتىپاقى» بولۇپ، ئۇلار سان پاۋلو ئىشتاتىدىكى چوڭ قەھۋە سودىگىرى جۇلىئو پرېستېسنى پىرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. يەنە بىرى جەنۇبىي رىئوگراند ئىشتاتى، پارايبا ئىشتاتى، مىناس گېرايىس ئىشتاتىدىكى يومپىشچىك بۇرژۇئازلاردىن تەشكىللەنگەن «لىبېراللار ئىتتىپاقى» بولۇپ، ئۇلار ژېتولىئو ۋارگاسنى پىرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. لىبېراللار ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئاساسىي

مەزمۇن قىلغان سايلام رىقابەتتى پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەمما، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا «سايلام» دا مونوپول كۈچلەر قوللىغان نامزات جۇلىئو پىرېستېس ئۇتۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مونوپول كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ كەلگەن ياش ئوفىتسېرلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ھوقۇقنى ۋارگاسقا ئېلىپ بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋارگاس يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، ۋاقىتلىق پىرېزىدېنت بولدى.

ۋارگاس 1983 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جەنۇبىي رىئوگراند ئىشتاتىدىكى بىر چوڭ چارۋىچىلىق مەيدانى خوجايىنى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا ھەربىيشۇناسلىق ۋە قانۇنشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇغان، كېيىن لۇئىس ھۆكۈمىتىدە مالىيە مىنىستىرى بولغان، 1928 ـ يىلى جەنۇبىي رىئوگراند ئىشتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان. ئۇ پەم ـ پاراسەتلىك، ۋەزىيەتنى كۆزىتىشكە ماھىر، تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، 1930 ـ يىلى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن بىرازىلىيەگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 18 يىلدىن ئارتۇق (1930 — 1945 ـ يىللار، 1951 — 1954 ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ۋارگاس ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بىلەنلا، ئالدى بىلەن ھەرقايسى سىياسىي كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ھوقۇقنى تەدرىجىي مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. 1930 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە سان پاۋلو مونوپولىستلىرىغا قارشى كونا ـ يېڭى سىياسەتچىلەر، ياش ئوفىتسېرلار ۋە بىر قىسىم ئامما ئۆز ئارا بىرلەشكەنىدى. شۇڭا، ۋارگاس يېڭى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەشتە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، سىياسىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىدى.

ۋارگاس ئاساسىي نىشانىنى يەرلىك مونوپول كۈچلەرنى ئاجىزلىتىپ، مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشكە قاراتتى. بىرازىلىيە ئۆزۈندىن بۇيان بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ھەرقايسى ئىشتاتلاردىن تەشكىللەنگەن ئورتاق گەۋدە دېگەن تۈزۈك ئىدى. ۋارگاس ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تۈپ قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، ئۇنى 1891 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، فېدېراتسىيە پارلامېنتى ۋە ھەرقايسى ئىشتاتلىق، شەھەرلىك قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى مەركەزگە يىغدى؛ مەركىزىي فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن باشلىقلارنى ئەسلىدىكى ئىشتات باشلىقلىرىنىڭ ئورنىغا قويدى، يەرلىكنىڭ بەزى ھوقۇقلىرىنى مەركەزگە ئۆتكۈزۈۋالدى؛ يېڭى مەمۇرىي رايونلارنى تەسىس قىلىپ، بەزى كۈچلۈك ئىشتاتلارنىڭ ئومۇمنىڭ يەرلىرىنى ۋە تەبىئىي بايلىقلىرىنى تىزگىنلىۋېلىشنى ئازايتتى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى قوراللىق كۈچلەرنى دۆلەت ئارمىيەسىگە قوشۇۋالدى. ئۇ يولغا قويغان تەدبىرلەر سان پاۋلو ئىشتاتىدا توپىلاڭ پەيدا قىلدى. سان پاۋلودىكى مونوپول كۈچلەر گۇرۇھى بىرازىلىيە ھاكىمىيىتىنى ئۇزاقتىن بۇيان تىزگىنلەپ كەلگەچكە، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇشنى خالىمىدى. ئۇلار مەركەز ئەۋەتكەن ئىشتات باشلىقى بىلەن قارشىلىشىپ، ۋارگاسنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىپ، ئاساسىي قانۇن چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى ھەم 1932 ـ يىلى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. ۋارگاس ھۆكۈمىتى زور قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇردى. توپىلاڭچىلار سان پاۋلو شەھىرىدە ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن تۆت ئاي تىركەشكەندىن كېيىن، ئامالسىز تەسلىم بولدى. ۋارگاس يەنە ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، ھەربىي قوشۇندىكى ئىنتايىن رادىكال ئىسلاھاتچى تەشكىلاتلارنى يوقاتتى.

1934 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بىرازىلىيە يېڭى ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىندى، پارلامېنت ۋارگاسىنى رەسمىي پىرېزىدېنت سايلىدى، بۇنىڭ بىلەن «ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت دەۋرى» باشلاندى. 1934 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا، بىرازىلىيەنىڭ فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى بولىدىغانلىقى بېكىتىلىپ، پىرېزىدېنت سايلىمى تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، پىرېزىدېنتنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشكە بولمايدىغانلىقى، پارلامېنتنىڭ كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسىدىن تەشكىللىنىدىغانلىقى، پىرېزىدېنتنىڭ كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ ئاساسىي قانۇن ئاۋامنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى ۋە ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى بېكىتتى. بۇلاردىن باشقا، فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، چەت ئەل كۆچلىرىنىڭ تەسىرىنى تىزگىنلەپ، مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت پەرمانلارنى ۋە كونكرېت تەدبىرلەرنى بېكىتتى.

1934 ـ يىلى، بىرازىلىيە سىياسىي تارىخىدا ئەڭ زور داۋالغۇش بولغان بىر يىل بولدى. دۆلەت ئىچىدە روشەن پەرقلىنىدىغان ئوڭ ـ سول لاگېر پەيدا بولدى. 1932 ـ يىلىلا ياۋروپادىكى فاشىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە، بىرازىلىيەدىكى ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار ياۋروپا فاشىستىك پارتىيەلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەشكىلات ـــ گەۋدە پارتىيەسىنى قۇرغانىدى. ئۇنىڭ رەھبىرى پىلىنىئو سالگادو ئىدى. 1935 ـ يىلى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيدى. ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكىسى خەلق فىرونتى، يەنى مەملىكەتلىك ئازادلىق ئىتتىپاقى ئىدى. بۇ تەشكىلات 1935 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بىرازىلىيە كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى سول قانات ئىتتىپاق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئوڭ ـ سول ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش باشلاندى.

ۋارگاس ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن ئوڭ قانات لاگېر بىلەن بىرلىشىپ، سول قانات لاگېرغا زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. 1935 ــ يىلى 7 ــ ئايدا ھۆكۈمەت مەملىكەتلىك ئازادلىق ئىتتىپاقىغا زەربە بېرىشنى باشلىدى. ھۆكۈمەت «ھەربىي ھالەت قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى ۋەيران قىلىپ، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى مۇسادىرە قىلدى، ئارخىپلىرىنى تەكشۈردى ھەم رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ تۈرمىگە قامىدى. كوممۇنىستلار ناتال، رېسفې ۋە رىئو قاتارلىق جايلاردا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئادىمى ئاز بولغاچقا مەغلۇپ بولدى.

ھۆكۈمەت سول قانات لاگېرنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئوڭ قانات لاگېردىكىلەر خۇشال بولۇپ، ھوقۇق تارتىشىش پۇرسىتىنى كۈتتى. ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، ۋارگاسنىڭ ۋەزىپە ئۆتۈش مۇددىتى 1938 ــ يىلى توشۇپ، شۇ يىلى سايلام ئۆتكۈزۈلەتتى. ئوڭ قانات لاگېردىكىلەر تولۇق ئىشەنچ بىلەن سايلامدا ۋارگاسنى مەغلۇپ قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. ئەمما، ۋارگاس «بالايىئاپەت خاراكتېرىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش» ۋە «بىرازىلىيەنى كوممۇنىزمنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش» نى باھانە قىلىپ، 1937 ــ يىلى 11 ــ ئايدا پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، 1934 ــ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى بىكار قىلىپ، مۇستەبىتلىك تۈسى قويۇق بولغان يېڭى ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى ھەمدە «يېڭى دۆلەت» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

1937 ــ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن ئۈچ ھوقۇقنىڭ ئايرىلىش پىرىنسىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پرېزىدېنتنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى ئاتالمىش «بىرىكمە تۈزۈم» نى يولغا قويدى، يەنى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى پارلامېنت، دۆلەت ئىقتىسادى كومىتېتى ۋە پرېزىدېنت بىرلىكتە يۈرگۈزۈپ، پارلامېنتنىڭ

هوقۇقى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىلدى. پرېزىدېنت پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش، قانۇن ئېلان قىلىش ۋە كېيىنكى نۆۋەتلىك پرېزىدېنت نامزاتىنى كۆرسىتىش هوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئوخشاش ساندىكى كارخانا خوجايىنلىرى ۋەكىللىرى ۋە ئىشچىلار ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن دۆلەت ئىقتىسادى كومىتېتى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە مەسئۇل بولۇپلا قالماي، يەنە ئىقتىسادىي پەرمانلارنى ئېلان قىلىشقىمۇ هوقۇقلۇق بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، يېڭى ئاساسىي قانۇندا يەنە خەۋەر ـ ئاخباراتلارنى تەكشۈرۈش يولىغا قويۇلۇپ، پارلىق سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرى چەكلىنىدىغانلىقى، ئىش تاشلاش ۋە تىجارەتنى توختىتىشنىڭ جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش قىلمىشى هېسابلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

هالبۇكى، ۋارگاس هۆكۈمىتى ئېلان قىلغان بۇ قويۇق مۇستەبىتلىك تۈسىنى ئالغان يېڭى ئاساسىي قانۇن فاشىستىك ئوڭ قانات كۈچلەرنىڭ پارلامېنت سايلىمى ئارقىلىق قانۇنلۇق ۋاستە بىلەن هاكىمىيەتنى ئىگىلەش مەقسىتىنى بەربات قىلىۋەتتى. يېڭى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، هۆكۈمەت فاشىستىك تەشكىلاتنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ۋارگاس هۆكۈمىتى ئىچكى كابىنېتتا فاشىستلارنىڭ كاتىپىشى سالكادوغا ئەمەل بېرىپ، ئۇنى بەزلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما سالكادو بۇنى رەت قىلدى. چۈنكى، ئوڭ قانات لاگېردىكىلەرنىڭ مەقسىتى دۆلەت هاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىش ئىدى. بەزى فاشىستلار قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، هۆكۈمەت قىلچە يومشاق قوللۇق قىلماي باستۇردى. فاشىستىك تەشكىلات ئاخىرىدا سالكودونىڭ چەت ئەلگە سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل يىمىرىلدى.

قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ۋارگاس هۆكۈمىتى ئوڭ ـ سول قاناتتىكىلەردىن كەلگەن خىرىسنى تۈگىتىپ، هېچقانداق ئۆكتىچى گۇرۇھ بولمىغان سىياسىي سەھنىدە يالغۇز پائالىيەت

قىلدى. ۋارگاس 1938ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى 1943 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامغىچە ئۇزارتتى. 1943 ـ يىلى يەنە جىددىي ھالەت جاكارلاپ، چوڭ سايلامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. ئۇ تاكى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشى بولغۇچە پرېزىدېنت بولدى.

ۋارگاس ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، بىرازىلىيەدە مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت بىر قاتار سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلدى. ئاساسلىقى: قوغداش تاموژنا بېجى يولىغا قويۇلۇپ، مىللىي سانائەت يۆلەندى؛ چەت ئەل كاپىتالىغا چەك قويۇلۇپ، چەت ئەل مەبلىغىدىكى بەزى كارخانىلار دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ دۆلەت يېتەكچى سانائەت ۋە ئاساسىي سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. مۇشۇ تەدبىرلەر يولغا قويۇلغانلىقتىن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا، بىرازىلىيە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قامدىيالايدىغان توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك قاتارلىق يېنىك سانائەتنى، تۆمۈريول، تاشيول، دېڭىز ترانسپورتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مۇئەييەن دەرىجىدە كۆلەملەشكەن ئۇل ئەسلىھەلەرنى، يەنە پولات ـ تۆمۈر، سېمونت قاتارلىق ئاساسىي سانائەت ۋە مېتالچىلىق، خىمىيە قاتارلىق يېڭى سانائەتنى قۇرۇپ چىقتى.

قىسقىسى، ۋارگاس ھۆكۈمرانلىق قىلغان 15 يىل ئىچىدە، بىرازىلىيە جەمئىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئۇ بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان يەر ـ زېمىن، سودا مونوپولىستلىرى بىرازىلىيە ھاكىمىيىتىنى يالغۇز ئىگىلىۋالىدىغان ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىپ، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈردى. 1937 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق ۋارگاس مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك نوپۇزىنى تىكلەپ، مەملىكەت

خاراكتېرلىك سىياسىي پارتىيە قۇرۇش ئارقىلىق ئىشتاتلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك سىياسىي كۈچلەرنى يوقىتىپ، برازىلىيەنى تارقاق ئىشتاتلار گەۋدىسىدىن ھوقۇق مەركەزلەشكەن مىللىي دۆلەتكە ئايلاندۇردى. مۇشۇ ئاساستا، ھۆكۈمەت ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا تەشكىللەش ۋە رەھبەرلىك قىلىش رولىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا برازىلىيەنىڭ سانائەتلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن برازىلىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە برازىلىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن سانائەت دۆلىتىگە ئايلىنىشىغا ئاساس سالدى.

**چىلى خەلق فرونتىنىڭ قۇرۇلۇشى** ئارگېنتىنا، برازىلىيە ۋە چىلى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بولۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى «ئۈچ كۈچلۈك دۆلەت» دەپ ئاتالغانىدى. چىلىنىڭ يەر شەكلى سوزۇنچاق بولۇپ، شىمالىي قىسمى قۇرغاق قاقاسلىق بولسىمۇ، تەبىئىي سېلىترا ۋە مىس زاپىسى ناھايىتى مول ئىدى. ئوتتۇرا قىسمى چوڭ جىلغا بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت، بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى، بۇ جاي بۇرۇندىن «چىلىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى» دەپ نام ئالغانىدى. جەنۇبىي قىسمى يامغۇرلۇق بەلباغ بولۇپ، ئىپتىدائىي ئورمانلار بىلەن قاپلانغانىدى. مۇستەملىكە دەۋرىدە، يېزا ئىگىلىك مىللىي ئىگىلىكنىڭ ئاساسى ئىدى. ئوتتۇرا قىسمىدىكى جىلغىدىن چىققان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى دۆلەتنى تەمىنلەپلا قالماي، چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىناتتى. كۆپ ساندىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئاز ساندىكى جەمەتلەر ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ئومۇملاشقان چوڭ قورۇق ئىگىلىكىنى يولغا قويغانىدى. دېھقانلار بېقىندى دېھقان ياكى ياللانما ئىشچى بولۇپ، قورۇق خوجايىنلىرىغا ئىشلەيتتى. ئۇزۇن

ۋاقىتتىن بۇيان، چىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەركەز بولۇپ كەلگەن بولۇپ، يەر - زېمىن مونوپولىستلىرى چىلىنىڭ هاكىمىيىتىنى تىزگىنلەپ كەلگەنىدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، كانچىلىق تەدرىجىي هالدا دېھقانچىلىق ۋە سودىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىدىكى يېتەكچى كۈچكە ئايلاندى. 1870 - يىلى چىلى دۇنيا مىس بازىرىنىڭ 1/4نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوغۇت ۋە پارتلاتقۇچ دورا ياسايدىغان سېلىترا ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارىغا ئايلاندى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سېلىترانىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئاشقان بولسىمۇ، 20 - يىللارنىڭ باشلىرىدا سەل تۆۋەنلەپ، كېيىن يەنە بىر مەھەل ئاشتى. 30 - يىللاردىن باشلاپ، سۈنئىي سېلىترانىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن سېلىترانىڭ ئېكسپورت مىقدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مىسنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئېشىپ، مىس چىلىنىڭ ئېكسپورت باج كىرىمىدە ناهايىتى زور سالماقنى ئىگىلەپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى.

19 - ئەسىردىن بۇيان، چىلىنىڭ كانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. يەنى، جەمئىيەتتىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى تەركىبلەر مەيدانغا كەلدى، بۇلار شىمالىي قىسىمدىكى كان خوجايىنلىرى ۋە ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتقان شەھەر - بازارلاردىكى سودىگەرلەر ئىدى. ئەمما، يەر - زېمىن مونوپولىستلىرىنىڭ سىياسىينى تىزگىنلىۋېلىش ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولمىدى. پومېشچىكلار كان خوجايىنلىرى ۋە سودىگەرلەر بىلەن جەمەت مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بىرلىشىۋېلىپ، شەھەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتتى.

كانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، چىلىدىكى ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەرلىك چىلىلىقلار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن چىلىدىكى ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر بىلەن ئىشچىلار باشتىن تارتىپلا سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىپ، چىلىنىڭ سىياسىي ساھەسىدە خېلى بالدۇرلا ئوڭ، سول ۋە ئوتتۇرا لاگېرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە، چىلى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئىچىدە پارلامېنت دېموكراتىيەسى تۈزۈمىنى خېلى بالدۇر ئورناتقان دۆلەت ئىدى. چىلىدا 1871 ـ يىلىلا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، پرېزىدېنتنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىشى چەكلەنگەنىدى. 1874 ـ يىلى ئاساسىي قانۇنغا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھۆكۈمەت مىنىستىرلىرىنىڭ پارلامېنت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى كۈچەيتىلىپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى كۈچەيتىلدى ۋە دىنىي جەمئىيەت بىلەن پرېزىدېنتنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشتۇرۇلدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، پارلامېنت 25 ياشتىن ئاشقان ساۋاتلىق ئەرلەرنىڭ سايلام ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. ھۆكۈمەت ھەرخىل سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويدى. 1900 ـ يىلغىچە بەش سىياسىي پارتىيە مەيدانغا كېلىپ، ئۇلار ئاشكارا رىقابەتلەشتى. كۆپ پارتىيە تۈزۈمى بىر تەرەپتىن ھاكىمىيەتنىڭ تىنچ ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشىگە شارائىت ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ دائىم ئالمىشىپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. 1895 — 1925 ـ يىللىرىدا، ئىچكى كابىنېت ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىلىنىڭ سېلىترا ئېكسپورتى

زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، مىس كانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، چىلى ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، چىلى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە دېموكراتىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىدى. 1919 - يىلى ئىشچىلار ھەرىكىتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پۇل پاخاللىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئۆتكۈزدى. 8 - ئايدا يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك نامايىش قوزغىلىپ، يۈزمىڭدىن كۆپرەك نامايىشچى پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. 1920 - يىلىدىكى چوڭ سايلامدا، لىبېراللارنىڭ رەھبىرى، بورژۇئازىيەنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئارتۇر ئالېكساندرو چىلىنىڭ پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى. شۇ چاغدىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كرىزىسكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئالېكساندرو ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىدىغان ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش، ئەر - ئاياللار باراۋەر بولۇش، ئەمگەكچىلەرنى قوغداش دېگەندەك بۇرژۇئا دېموكراتىك خاراكتېرىدىكى شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە قانۇنغا ئاساسەن، بەزى ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىنى ئىشچىلارغا پايدىلىق ئۇسۇلدا بېسىقتۇرۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قانۇنىيلاشتۇرۇپ، ئىشچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالماقچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ ياراشتۇرۇشىغا بويسۇنمىغان ئىش تاشلىغۇچىلارنى باستۇردى. ئالېكساندرونىڭ بۇ تەدبىرى ئوڭ قانات ۋە سول قانات كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئوڭ قانات كونسېرۋاتىپ كۈچلەر ھازىرقى ھالەتنى

ساقلاپ قېلىشنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى قانۇنىيلاشتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار لىبېرالىست كۈچلەر شەھەر ئىشچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن، مونوپول كۈچلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئەمگەكچى ئامما ھۆكۈمەتنىڭ بەزى باستۇرۇش چارىلىرىگە نارازى بولدى. بۇ سەۋەپتىن ئالېكساندرو ھۆكۈمىتى غۇلاپ چۈشەي دەپ قالدى. 1925 ـ يىلى ئالېكساندرو نائىلاج خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. 1927ـ يىلى 5 ـ ئايدا، قاتتىق قول پولكوۋنىك كارلوس ئىبۋانېس پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى.

ئىبۋانېس ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆكتىچىلەرنى، بولۇپمۇ ئىشچىلار رەھبەرلىرىنى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ، پۈقرالارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى چەكلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى رولىنى كۈچەيتىپ، تۆمۈر يول، تاشيول، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى.

1929 ـ يىلىدىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس چىلىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى جىددىي تۆۋەنلەپ، جەمئىيەتتە ھۆكۈمەتكە قارشى كەڭ كۆلەملىك دولقۇن كۆتۈرۈلدى. 1931 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىبۋانېس ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. 1932 ـ يىلى مارمادۇك گرووۋې «سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت» ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى، ئەمما بۇ ھۆكۈمەت ئاران 13 كۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1932 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى سايلامدا، ئارتۇر ئالېكساندرو يەنە پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى.

خەلقنى ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى شۇكى، 2 ـ قېتىم

پىرىنېيىتىلىققا سايلانغان ئالېكساندرو ئىسلاھاتقا قارىغاندا جەمئىيەت تەرتىپىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئېۋانىس ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆكتىچىلەرنى (بولۇپمۇ سولچىلارنى) باستۇردى. ئۇ 1936 ـ يىلىدىكى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە ناھايىتى قاتتىق قول بولۇپ، جىددىي ھالەت جاكارلاپ، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، ئىشچىلار رەھبەرلىرىنى سۈرگۈن قىلىپ، ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولغان تۆمۈر يول تارماقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. خەلقئارالىق نىسبەتەن، ئىسپانىيە فرانكو ھۆكۈمىتىگە ئاشكارا ھېسداشلىق قىلىپ، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى فاشىست كۈچلەرنىڭ چىلىغا سىڭىپ كىرىشىنى قارشى ئالدى ھەمدە گېرمانىيە، ياپونىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى كۈچەيتتى. فاشىست كۈچلەر چىلىدا بارغانسېرى غالجىرلاشتى.

فاشىست كۈچلەرنىڭ تەھدىتى ئالدىدا، 1936 ـ يىلى چىلى كومپارتىيەسى، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى، رادىكاللار پارتىيەسى ۋە ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ خەلق فرونتى تەشكىللىدى ۋە رادىكاللار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى سېلدانى خەلق فرونتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى. چىلى ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى 1936 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قارىمىقىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1200 گە، ئەزاسى 400 مىڭغا يېتەتتى. بىرلىككە كەلگەن بۇ ئىشچىلار تەشكىلاتى خەلق فرونتىنىڭ كۈچلۈك تايانچ كۈچىگە ئايلاندى. خەلق فرونتى «بولكا، ئۆي، كىيىم ـ كېچەك»نى سايلام رىقابىتى شوئارى قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى سايلام رىقابىتى پىروگراممىسىغا كىرگۈزدى. سېلدا 1938 ـ يىلى چىلىنىڭ پىرېزىدېنتلىقىغا سايلىنىپ، غەربىي يېرىم شاردىكى تۇنجى خەلق فرونتى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى.

سىلدا رادىكاللار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ خەلق فرونتى ۋە ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن 4000 ئاۋازغا كۆپ ئېرىشىشتەك ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ، سىياسىي ئىتتىپاق كۆرسەتكەن نامزات گوستاۋ روسنى يېڭىپ پرېزىدېنت بولدى. خەلق فرونتى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، مىللىي سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارغا مالىيە ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسى جەھەتتىن ياردەم بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى. ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتە، ھۆكۈمەت «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش شىركىتى» نى قۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، نېفىت، پولات - تۆمۈر، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇردى. تاشقى سىياسەت جەھەتتە، 1944 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، 1945 - يىلى 4 - ئايدا ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ مەزگىلدە، خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي ئورنىدا بەزى ياخشىلىنىشلار بولۇپ، پۇقرالارنىڭ بەزى ھوقۇقلىرى ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، ئىجتىمائىي سىياسەت جەھەتتە، خەلق فرونتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يېتەكچى كۈچ بولغان رادىكاللار تەرەققىيپەرۋەر بولمىدى، ئۇلار ئىنقىلاب ئارقىلىق چىلىدا ئۇزۇل - كېسىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشنى خالىمىدى.

1941 - يىلى سىلدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، خەلق فرونتى پارچىلىنىشقا باشلىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئامېرىكىنىڭ تەھدىتى ۋە ئازدۇرۇشى بىلەن، 1946 - يىلى تەختكە چىققان رادىكاللار پارتىيەسىدىن بولغان پرېزىدېنت ۋېدېلا ئوڭ قانات كۈچلەر تەرەپكە تەدرىجىي ئېغىپ كەتتى. 1948 - يىلى پارلامېنت قانۇن ماقۇللاپ، كومپارتىيەنى قانۇنسىز



www.uyghurkitap.com

تەشكىلات دەپ جاكارلىدى، بۇ ئوتتۇرىدىكى كۆچلەر بىلەن ئۇلۇغ قانات كۆچلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، سول قانات كۆچلەرگە ھۇجۇم باشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى كۆچلەر بىلەن سول قانات كۆچلەرنىڭ ئىتتىپاقى يىمىرىلدى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، خەلق فىرونتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قىسقىغىنا بىر قانچە يىل ئىچىدە، فاشىستلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋېلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، سول قانات كۆچلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، مونوپول كۆچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. چىلى پىرولېتارلىرى تەشكىللىنىپ ھاكىمىيەتكە ئارىلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ھەرقانداق كۈچ سىقىپ چىقىرىۋېتەلمىدى، بۇ سىياسىي تەشكىلات ئۇزۇن كېيىنكى چىلىنىڭ سىياسىي تەرەققىياتىدىكى بىر مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى ھەمدە 70- يىللاردىكى ئالليېندې ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە ئۆز كارامىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

قىسقىسى، بۇ مەزگىلدە لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ مۇقىملىق دەرىجىسىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۆسۈشى سىياسىي ۋەزىيەتتىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك بولۇپ قالدى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقى مۇستەھكەملىنىپ، سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتقا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى زامانىۋىلىشىش سۈرئىتى مېكسىكا، بىرازىلىيە ۋە چىلىدىن سەل ئاستا بولسىمۇ، ئەمما ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا يەنىلا خېلى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ۋېنېزۇئېلاغا 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىكى نەچچە ئون يىلدا داڭلىق سىياسىيون خۇئان ۋىسېنت گومېز ھۆكۈمرانلىق قىلدى (1908 — 1935). ئۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ، كېيىنكى دۆلەت قۇرۇلۇشىغا يول ئېچىپ

www.uyghurkitap.com

بەردى. ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى سالۋادوردىكى ماكسىميالو ئېرناندېس مارتىنېز (1931 ــ 1944) ۋە گۋاتېمالادىكى خاۋرىخ ئۇبىكو (1931 ــ 1944) نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئۇخشاشلا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينىدى. بۇ سىياسىيونلار كائودىللوئىزمغا قارشى تۇرۇپ، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلدى.

## 4 ـ بۆلۈم لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى

كولومبو ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەن بىرقانچە يۈز يىلدىن بۇيان، لاتىن ئامېرىكىسى ئىزچىل تاشقى كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلدى. ئەڭ دەسلەپتە بۇ قۇرۇقلۇقتا ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاخىرلاشتى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا دەرھال سىڭىپ كىردى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋالماي، ئەكسىچە سىياسىي تەسىر ئارقىلىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغلىشىپ، «پەۋقۇلئاددە جاھانگىرلىك» ياكى «يېڭى مۇستەملىكىچىلىك» سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، بىر تەرەپتىن ئامېرىكا باشقا جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدا زومىگەرلىك تالاشتى، يەنە بىر تەرەپتىن لاتىن ئامېرىكىسى خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياۋروپا،

ئامېرىكىغا بېقىنىپ قېلىش ھالىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى ئەنگلىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغىچە لاتىن ئامېرىكىسى، بولۇپمۇ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاساسەن كونترول قىلدى، ئۇ قەرز پۇل بېرىش، بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش، تاشقى سودىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋېلىشتەك ئۇسۇللار بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىقتىسادىنى تىزگىنلىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىغىچە، ئەنگلىيە مونوپول كاپىتالىستلىرى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە 118 تۆمۈر يول لىنىيەسى، 45 پورت مۇلازىمەت شىركىتى، 112 ئاممىۋى ئىشلار شىركىتى، 25 سېلىترا شىركىتى ۋە 23 نېفىت شىركىتىگە ئىگە بولدى ھەمدە

| 1914 ـ يىلى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك چەت ئەل مەبلىغى (بىرلىكى: مىليون دوللار) | | |
|---|---|---|
| | چەت ئەللىك خۇسۇسىيلار مەبلىغى (ۋە چەت ئەللەر بەرگەن قەرز) | نىسبىتى |
| ئەنگلىيە | 5066 | 51.9 |
| فىرانسىيە | 1013 | 10.4 |
| گېرمانىيە | 367 | 3.8 |
| ئامېرىكا | 1487 | 15.2 |
| باشقىلار | 1821 | 18.6 |
| جەمئىي | 9754 | 100.0 |

ماتېرىيال مەنبەسى: ب د ت لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادى كومىتېتى: «لاتىن ئامېرىكىسىتىكى تاشقى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئەھۋالى» (نيويورك، ب د ت، 1965 ـــ يىلى) 16 ـــ 17 ـ بەتلەر.

تېلېگراف، ئېلېكتىر ۋە سۇچىلىق ساھەسىنى ئاساسەن كونترول قىلىۋالدى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئاساسەن ئەنگلىيە مونوپول كاپىتالىغا بېقىنىپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئارگېنتىنا ھەممىدىن بەكرەك بېقىنىپ قالغان بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورتىنى ئاساسەن ئەنگلىيە كونترول قىلىۋالغان بولغاچقا، ئارگېنتىنا «بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ 5 ـ دومىنىئونى» دەپ ئاتالدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەنگلىيە كاپىتالىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئىقتىسادىدىكى مونوپوللۇق ئورنىنى يۇقىرىقى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەنگلىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشى ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كەلدى. 1823 ـ يىلىلا ئامېرىكا «مونرو خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، «ئامېرىكا قىتئەسى — ئامېرىكا قىتئەسىدىكىلەرنىڭ قىتئەسى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مونرو خىتابنامىسى قارىماققا مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قوراللىق مۇداخىلە قىلىشىغا قارشى تۇرىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تىغ ئۇچى ئەنگلىيەگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنى لاتىن ئامېرىكىسىدىن سىقىپ چىقىرىپ، ئامېرىكىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا قولايلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئامېرىكىنىڭ قارا نىيىتى ئامېرىكا ـ مېكسىكا ئۇرۇشى (1846 — 1848) دا تولۇق ئاشكارىلاندى. ئامېرىكا زورلۇق ۋە ھىيلە ئىشلىتىپ، مېكسىكا زېمىنىنىڭ يېرىمىنى تارتىۋالدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ قىلمىشى مېكسىكا ۋە ئامېرىكىغا يېقىن بولغان ئوتتۇرا ئامېرىكا ھەم جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى دۆلەتلەرنى زىلزىلىگە سالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا يەنە ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى (1898 ـ يىلى) نى قوزغاپ، پۇئېرتو رىكونى تارتىۋالدى ھەمدە كۇبانى ئۆز

«هامىيلىقى» غا ئالدى.

20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ، كارىب رايونىدا خالىغىنىنى قىلدى، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، ئىچكى ئىشلارغا ئارىلىشىش، ھەتتا قوراللىق بېسىۋېلىش ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرۇپ تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، پاناما قانىلىنى قېزىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىسى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولدى. ئامېرىكا ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، خېلى بۇرۇنلا پاناما رايونىدا ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننى تۇتاشتۇرىدىغان قانال قېزىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى. پاناما رايونى ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىغا جايلاشقان بولۇپ، تاكى 1903 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى كولومبىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى بولۇپ كەلگەنىدى. ئامېرىكا پاناما قانىلىنى يالغۇز قېزىش ۋە تەنھا ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، 1903 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كولومبىيە ھۆكۈمىتىنى ئۆزى بىلەن «ھاي ـ ئارلاند شەرتنامىسى» نى تۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. بۇ شەرتنامىدە، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاۋۋال 10 مىليون دوللار بېرىش، ئاندىن ھەر يىلى 250 مىڭ دوللار بېرىش بەدىلىگە قانالنى قېزىش ۋە قانال رايونىنى تىزگىنلەش ھەم موداپىئە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى. كولومبىيە خەلقى بۇ شەرتنامىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا، كولومبىيە كېڭەش پالاتاسى 1903 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بۇ شەرتنامىنى تەستىقلاشنى رەت قىلدى. ئامېرىكا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، پاناما شەھىرىگە ھەربىي پاراخوت ئەۋەتىش بىلەن بىللە پاناما رايونىدىكى بەزى يۇقىرى قاتلام ئەربابلارنى كولومبىيەدىن ئايرىلىپ چىقىدىغان «مۇستەقىللىق ئىنقىلابى»نى قوزغاشقا كۈشكۈرتتى. 1903 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پاناما مۇستەقىللىق جاكارلىدى، 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ

كۈنى ئامېرىكا پانامانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدى. ئارقىدىنلا 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پاناما ئامادول ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ غەرىزى بويىچە، قۇلچىلىق تۈسىدىكى «ئامېرىكا ـ پاناما شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا قانال رايونىنى «مەڭگۈلۈك ئىگىلەش»، «مەڭگۈلۈك ئىشلىتىش»، قانالنى يالغۇز قېزىش، باشقۇرۇش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە پانامانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغىمۇ ئېرىشىۋالدى.

1904 ـ يىلى ئامېرىكا پرېزىدېنتى تېئودور روزۋېلت مونروئىزمنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ «كېڭەيتىپ»، غەربىي يېرىم شاردا «ئامېرىكا مونروئىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزى خالىمىسىمۇ، خەلقئارا ساقچىلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر» دەپ جاكارلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، لاتىن ئامېرىكىسىنى ئامېرىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىغانلىق ئىدى. ئۇ 19 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مونروئىزمدىكى «ئامېرىكا قىتئەسى ـــ ئامېرىكا قىتئەسىدىكىلەرنىڭ قىتئەسى» دېگەن شۇئارنى20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە «ئامېرىكا قىتئەسى ـــ ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىتئەسى» دېگەن شوئارغا ئايلاندۇردى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە لاتىن ئامېرىكىسىنى تالاشقاندىن باشقا، گېرمانىيەمۇ بۇ رايوندا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتتى. گېرمانىيە ئۆزىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا سىڭىپ كىرىش غەرىزىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. 1900 ـ يىلى دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى فون تىلپىس ئىمپېرىيە پارلامېنتى خامچوت كومىتېتىغا: گېرمانىيە بىرازىلىيە دېڭىز قىرغىقىدا دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرۇشى زۆرۈر، دەپ ئۇقتۇردى. يەنە شۇ يىلى گېرمانىيەنىڭ مېكسىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ھۆكۈمەتكە يوللىغان بىر دوكلاتىدا: ئەگەر گېرمانىيە لاتىن ئامېرىكىسىدا بىر پارچە مۇستەملىكە زېمىنغا ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى پۈتكۈل ئافرىقا قۇرۇقلۇقىغا

ئىگە بولغاندىنمۇ زور بولاتتى، دەپ كۆرسەتتى. گېرمانىيە پادىشاھى بۇ دوكلاتقا «بۇ دەل بىزنىڭ مۇشۇ رايوندا نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈدىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى» دەپ تەستىق سالدى. گېرمانىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىشتىن باشقا، لاتىن ئامېرىكىسىغا كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. 1900 - يىلى بىرازىلىيەنىڭ جەنۇبىغا ماكانلاشقان گېرمانىيەلىكلەر 350 مىڭغا، چىلىغا ماكانلاشقان گېرمانىيەلىكلەر 120 مىڭغا يەتتى، ئارگېنتىنا ۋە ئۇتتۇرا ئامېرىكىدىمۇ گېرمانىيە كۆچمەنلىرىنىڭ مەھەللىلىرى قۇرۇلدى. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بۇ كۆچمەنلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى ساقلىشىغا ۋە جارى قىلدۇرۇشىغا ئىلھام بەردى ھەم نېمىس تىلى مەكتەپلىرى ۋە گېرمانىيە دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى. گېرمانىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا ھەربىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشىمۇ دىققەتنى قوزغىدى. 1896 - يىلى گېرمانىيە ئوفىتسېرلىرى چىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەشىقلەندۈردى، 1900 - يىلى گېرمانىيە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، چىلىنىڭ ھەربىي ئىنستىتۇت قۇرۇشىغا ياردەملەشتى. 1914 - يىلىغىچە گېرمانىيە ئارگېنتىنا، بولىۋىيە ۋە پاراگۋايغا ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. گېرمانىيە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشتە ئەنگلىيە بىلەن دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىشنى نەزەردە تۇتۇپلا قالماي، يەنە تىغ ئۇچىنى ئامېرىكىغا قاراتقانىدى. گېرمانىيە پادىشاھى باشتىن - ئاخىر مونىروئىزمنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ غەربىي يېرىم شاردىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بارلىقىنى تەشەببۇس قىلدى.

**ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى ئامېرىكىنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتى ۋە پان ئامېرىكىزمنىڭ تەرەققىياتى** ئامېرىكا

لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قوشنىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئۇنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قاراتقان سىياسىتى بۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن بۇيان، ئامېرىكىنىڭ بۇ رايونغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئوخشاش، يەنى باشقا تاشقى كۈچلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەسىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تازىلاپ، ئامېرىكىنىڭ غەربىي يېرىم شاردىكى رەھبەرلىك ئورنى ۋە كارىب رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئىنقىلابلىرىنى ۋە ئىسلاھاتلىرىنى توسۇش بولدى. بۇ پرىنسىپنى يۈرگۈزۈشتە قوللىنىلغان ۋاستە ۋە سىياسەتلەر پەقەت ئامېرىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە ۋە ياۋروپادىكى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغاچقا، ئامېرىكا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لاتىن ئامېرىكىسىغا سىڭىپ كىردى ھەمدە ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى بېسىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدا زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلىدى. ئالدى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە ئەنگلىيەگە تەدرىجىي يېتىشىۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1929 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا سالغان مەبلىغى ئەنگلىيەنىڭكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا ئەنگلىيەنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. 1950 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەبلىغى 2 مىليارد 300 مىليون دوللار بولغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەبلىغى 6 مىليارد 300 مىليون دوللارغا يەتتى. تاشقى سودا جەھەتتىمۇ ئامېرىكا

بارغانسېرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى سودا سوممىسى % 400 ئېشىپ، لاتىن ئامېرىكىسى سودىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى مونوپول قىلدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئىزچىل داۋاملىشىپ، 1941 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا % 62.4 ۋە % 54 بولدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ خۇسۇسىي شىركەتلىرى لاتىن ئامېرىكىسىدا نۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، بۇ يەرلەردە شېكەر قومۇشى، بانان، قەھۋە ئېكىنزارلىقلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ئامېرىكا بىرلەشمە مېۋە ـ چېۋە شىركىتى بولۇپ، بۇ شىركەت بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى يەتتە دۆلەتتىكى 2 مىليون 800 مىڭ گېكتار يەرنى، يەنى مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ % 28 زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى.

ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى بەزى كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پەقەت قوراللىق ئارىلىشىش ۋە سىياسىي جەھەتتىن تىزگىنلەشنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، دىكتاتورا سىياسىتىگە تايىنىپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئوچۇق ـ ئاشكارا زومىگەرلىك قىلغاندا ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئوبرازىغا نۇقسان يېتىپ قالىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى كەيپىياتىنى ئۆرلىتىپ، ئاقىۋەتتە ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەنپەئەتىگە پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئوبرازىنى ئۆزگەرتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، پىرېزىدېنت تافت تەشەببۇس قىلغان «دوللار دىپلوماتىيەسى» بۇنداق ئۆزگەرتىشنىڭ دەسلەپكى

بېشارىتى ئىدى. تافت: «ھازىرقى دىپلوماتىيە سىياستى چوقۇم سودا مۇناسىۋىتىگە ماس كېلىشى لازىم، بۇ خىل سىياسەتنىڭ ئالاھىدىلىكى دوللارنى مىلتىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتۇر» دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى زومىگەرلىكىنى تىكلەشتە دوللار بىلەن مىلتىقنى تەڭ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، پرېزىدېنت كولدجى ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قاراتقان سىياستىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا زوراۋانلىق قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، دوستانە پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، پرېزىدېنت خوئوۋېرمۇ ئوخشاش تەشەببۇستا بولدى. ئەمما، ئەڭ ئاخىرىدا يېڭى سىياسەتنى تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگىنى 30 ـ يىللاردا تەختكە چىققان پرېزىدېنت فرانكلىن روزۋېلت بولدى، مانا بۇ «ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياستى» ئىدى.

1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى روزۋېلت ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا: «دۇنيا سىياسىي ساھەسىدە، دۆلىتىمنى ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياستىگە ئەمەل قىلدۇرىمەن» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا لاتىن ئامېرىكىسىغا قاراتقان سىياستىنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشىدى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالدى: سىياسىي جەھەتتە، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقىنى تەشەببۇس قىلدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرىنىڭ سودىدا ئۆزئارا ئېتىبار بېرىش كېلىشىمىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇرۇگۋاينىڭ پايتەختى مونتېۋىدېئودا ئۆتكۈزۈلگەن 7 ـ نۆۋەتلىك پان ئامېرىكا يىغىنىدا، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خول روزۋېلت ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا

ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىغا قوشۇلۇپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا «ئارىلىشىش ھوقۇقى» دىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا 1934 ـ يىلى «پلات تۈزىتىلگەن لايىھەسى» نى ئەمەلدىن قالدۇردى، جۈملىدىن كۇبانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئىمتىيازىدىن ۋاز كەچتى، مېكسىكىدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى، نىكاراگۇئا ۋە ھايتىدىن ئىشغالىيەتچى قوشۇننى چېكىندۈردى، پانامانىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى بىلەن «سودىدا ئۆزئارا ئېتىبار بېرىش كېلىشىمى» ئىمزالاپ، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىگە بولغان «ئىقتىسادىي ياردەم» نى كۈچەيتتى. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كۇبا بىلەن تۇنجى سودىدا ئۆزئارا ئېتىبار بېرىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 11 دۆلەت بىلەن مۇشۇنداق كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، روزۋېلت ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتى» ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى ھەقىقىي توسۇپ قالالمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پات ـ پات قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. مەسىلەن، 1933 ـ يىلى كۇبانىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى ماچادو ئاغدۇرۇلۇپ سان مارتىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، روزۋېلت 30 ھەربىي پاراخوت ئەۋەتىپ، بۇ ئىشقا ئارىلاشتى؛ 1934 ـ يىلى ئامېرىكا مەشقلەندۈرگەن نىكاراگۇئا دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى نىكاراگۇئانىڭ مىللىي قەھرىمانى گېنېرال ساندىنونى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئامېرىكا يەنە لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدىكى

ئەكسىيەتچى مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەرنى قوللىدى ۋە يۆلىدى.

روزۋېلىت ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياستى» ئامېرىكا كاپىتالىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى رايونىغا كىرىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئامېرىكا مونوپول مالىيە گۇرۇھلىرىنى زور پايدىغا ئېرىشتۈردى. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1930 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە بولغان توققۇز يىل ئىچىدە، ئامېرىكا مونوپول تەشكىلاتلىرىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە ئېرىشكەن پايدىسى، قەرز پۇل ئۆسۈمى ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن قىلغان كىرىمى 1 مىليارد 310 مىليون دوللارغا يەتكەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىغا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى ئەنگلىيەنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، لاتىن ئامېرىكىسىغا سالغان مەبلىغى ئەنگلىيەنىڭكىگە يېقىنلاشتى. ئامېرىكا مونوپول تەشكىلاتلىرى لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدا نۇرغۇن تۆمۈر كېنى، مىس كېنى، كۈمۈش كېنى، سىنك كېنى ۋە نېفىتلىكنى كونترول قىلىۋالدى.

روزۋېلىت ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياستى» ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشىغا پايدىلىق بولدى. لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ بەزى جەنۇبىي ئامېرىكا دۆلەتلىرى ئۆزلىرى بىلەن بىر قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان ھەم ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئەسلىدىنلا بىرخىل يېقىنچىلىق ھېسسىياتىدا ئىدى. شۇڭا، مونرو خىتابنامىسى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە ئاكتىپ ئىنكاس پەيدا قىلغانىدى. ئەمما، ئامېرىكا لاتىن ئامېرىكىسىدا كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ ئۆز ئوبرازىنى بۇزۇۋالدى. 1880 ــ 1914 ـ يىللىرى ئامېرىكا پۈتكۈل غەربىي

يېرىم شاردىكىلەر ئورتاق ھېسسىياتقا ۋە ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، غەربىي يېرىم شار دائىرىسىدە دۆلەتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇشنى كۆزلىدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جامېس بلايننىڭ تەكلىپى بىلەن تۇنجى نۆۋەتلىك پان ئامېرىكا يىغىنى 1889 ـ يىلى ۋاشىنگتوندا، 2 ـ نۆۋەتلىك يىغىن 1901 ـ يىلى مېكسىكىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇئېنوس ئايرېستا ئۆتكۈزۈلگەن 4 ـ نۆۋەتلىك ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى يىغىنىدا، دائىملىق ئورگان سۈپىتىدە پان ئامېرىكا ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بۇ ئىتتىپاقنىڭ دائىملىق رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەمما، ئامېرىكا مۇشۇ مەزگىلدە لاتىن ئامېرىكىسىدا تاجاۋۇزچىلىق ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەچكە، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ئامېرىكىنىڭ مەقسىتىدىن گۇمانلىنىپ ۋە ئەندىشە قىلىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 30 يىلىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇش خىيالىغا ئانچە قىزىقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخ ـ مەدەنىيەت جەھەتتە لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن ياۋروپانىڭ چەمبەرچاس مۇناسىۋىتى بولغاچقا، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى ھەتتا خەلقئارا ئىتتىپاق ئارقىلىق ياۋروپا بىلەن بىرلىشىپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش خاھىشىدىمۇ بولدى. 1933 ـ يىلى مونتېۋىدېئودا ئېچىلغان 7 ـ نۆۋەتلىك پان ئامېرىكا يىغىنىدا روزۋېلت «ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پان ئامېرىكىزم ئامېرىكا قىتئەسىدە قايتىدىن باش كۆتۈردى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئامېرىكا كۆپ قېتىم پان ئامېرىكا يىغىنىنى ئېچىپ، ئۆز مۇددىئاسى بويىچە لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا بولغان پوزىتسىيەسىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئامېرىكا قىتئەسىدە بارغانسېرى يامراپ كېتىۋاتقان خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي يېرىم شارنىڭ

سىرتىدىن كەلگەن «كوممۇنىزمنىڭ تەھدىتى»گە تاقابىل تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، 1948 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بوگوتادا 9 ـ نۆۋەتلىك پان ئامېرىكا يىغىنىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، تەشكىلىي جەھەتتە سەل تارقاق بولغان «پان ئامېرىكا سىستېمىسى» «ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى تەشكىلاتى»غا ئۆزگەرتىلىپ، ئەسلىدىكى «پان ئامېرىكا ئىتتىپاقى» بۇ يېڭى تەشكىلاتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى قىلىندى. پان ئامېرىكا يىغىنى ۋە ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى تەشكىلاتى ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنى كونترول قىلىدىغان سىياسىي قورالىغا ئايلاندى.

قىسقىسى، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قاراتقان ئىلگىرىكى سىياسەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتى» گە بەزى ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ سىياسەت لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا بەزى ئاكتىپ روللارنى ئوينىدى. ئەمما، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ بۇ سىياسەتنى يۈرگۈزۈشتىكى تۈپ مەقسىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلەش ۋە قوغداش ئىدى. خۇددى ئامېرىكا كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسى فوستېر ئېيتقاندەك: «ئەمەلىيەتتە، ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتى پەقەت كونا جاھانگىرلىكنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىلا بولۇپ، بۇ تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈشتىكى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىدى، ئۇ بىر خىل تۈزۈمنى شەكىللەندۈرۈپ، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى قارىماققا دېموكراتىيەگە ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندەك قىلىسىمۇ، ماھىيەتتە كونتروللۇق ھوقۇقى يەنىلا ئامېرىكىنىڭ قولىدا بولدى». 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىدىكى زومىگەرلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، لاتىن ئامېرىكىسى رايونى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ

ئارقا ھويلىسى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ مۇداخىلە قىلىش ۋە مۇداخىلىگە قارشى تۇرۇش، كونترول قىلىش ۋە كونترول قىلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرەشى كۈنسېرى كەسكىنلەشتى ۋە بۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئون ئىككىنچى باب

# 1929 ــ 1933 ـ يىللاردىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر

## 1 ـ بۆلۈم 1929 ــ 1933 ـ يىللاردىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس

كرىزىسنىڭ پارتلىشى كاپىتالىزم بىر خىل يېڭى ئىجتىمائىي فورماتسىيە، يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈم سۈپىتىدە غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، توسالغۇسىز هالدا دۇنيانىڭ هەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كېڭىيىپ يىلتىز تارتتى. ئەلۋەتتە، يېڭى زامانىۋى مەدەنىيلىكنىڭ هاياتىي كۈچىمۇ، ئىچكى زىددىيىتىمۇ بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارغانسېرى ئىجتىمائىيلىششى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىشى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسلىق زىددىيىتى بولۇپ، بۇ زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنياۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى كرىزىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. كرىزىس ــ كاساتچىلىق ــ ئەسلىگە كېلىش ــ گۈللىنىش دەۋرىيلىنىپ، هازىرقى زامان كاپىتالىزم ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ

قانۇنىيىتىگە ئايلاندى. قايتا ـ قايتا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئېلىپ كەلگەن بۇزغۇنچىلىقى كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنىڭ ئىنكاسى بولسا، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى زىددىيىتى بىلەن ئۆزئارا زىددىيىتىنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ پارتلىشى بولدى، ئەمما شۇ چاغدىكى كىشىلەر بۇ نۇقتىنى ئانچە چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، بىر مەزگىللىك جاپالىق قايتا قۇرۇش ئارقىلىق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى قايتىدىن نورمال قېلىپقا چۈشتى.

20 ـ يىللار كاپىتالىزمنىڭ گۈللىنىش، تۇراقلىشىش ۋە كېلىشىش دەۋرى بولدى ھەم پۈتۈن دۇنيا بويىچە تەرەققىي قىلغان مەزگىلى بولدى. 1926 ـ يىلى ھەرقايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سەۋىيەگە يەتتى. ھەرقايسى ئاساسلىق دۆلەتلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇلار 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان ياۋروپا خەلقىگە غايەت زور ئۈمىد ئاتا قىلىپ، ئۇلار خۇددى 19 ـ ئەسىردىكىگە ئوخشاش نەچچە ئون يىللىق تىنچلىق ۋە گۈللىنىشتىن ھۇزۇرلىنىش خىيالىدا بولدى. ئەمما، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. ئامېرىكىنىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمىنى ئاساسلىق تىرەك قىلغان ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى بۇ گۈللىنىش ۋە مۇقىملىق 1929 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋال كوچىسىدىكى پاي چېكى بازىرىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن تەڭ غايىب بولدى.

چوڭ بوھران تۇيۇقسىز پارتلىدى. 1929 ـ يىلى يازدا ئامېرىكىدىكى ھەممە ساھە گۈللىنىش باسقۇچىدا ئىدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى 1923 ـ 1925 ـ يىللىرى ئوتتۇرىچە 100 بولغان بولسا، 1928 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 110 غا، 1929 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 126 گە ئۆرلىگەنىدى. پاي چېكى بازىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى بولۇۋاتاتتى. 1929 ـ يىلى يازدىكى

www.uygurkitap.com

ئۈچ ئايدا، ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ پاي چېكى 268 دىن 391 غا، ئامېرىكا پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ پاي چېكى 165 تىن 258 گە ئۆرلىگەنىدى. ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى 1929 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تېخى جامائەتكە «ھازىر ئەندىشە قىلىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق، بۇنداق گۈللىنىش ۋەزىيىتى ئىزچىل داۋاملىشىدۇ» دەپ كاپالەت بەرگەنىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپلا، چوڭ بوھران باشلاندى! 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، نيۇيورك پاي چېكى بازىرىدا پاي چېكىنى تۆكمە قىلىپ سېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئادەتتە ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ مىليون پاي چېكنىڭ سودىسى بولاتتى، شۇ كۈنى بىراقلا 12 مىليون 800 مىڭ پاي چېكى بازارغا سېلىندى، كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. پاي چېكنىڭ باھاسى بىر ئاي ئىچىدىلا % 40 چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا پاي چېكى باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى. 1929 ~ 1932 ـ يىللىرى نيۇيوركتىكى 55 پاي چېكى بىرژىسىدا پاي چېكنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 252 دوللاردىن 61 دوللارغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ مەزگىلدە، ئامېرىكا پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ پاي چېكى 262 دىن 22 گە، ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ پاي چېكى 173 تىن 8 گە تۆۋەنلىدى. كرىزىس مەزگىلىدە، پەقەت ئامېرىكىدىلا 5000 بانكا ۋەيران بولدى. كرىزىس خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. 1932 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ پولات ـ تۆمۈر سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ %12 ىنىلا جارى قىلدۇرالىدى. 1933 ـ يىلغا كەلگەندە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە مىللىي دارامەت %50 كە يېقىن تۆۋەنلەپ، تاۋار سودىسىنىڭ 2/3 قىسمى ئازىيىپ كەتتى.

زامانىۋى ئىقتىساد دۇنيا خاراكتېرلىك بولغاچقا، بۇ كرىزىس ھەرقايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. چوڭ كرىزىس شىددەت بىلەن مالىيە تارماقلىرىدىن

سانائەت، يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىغا، ئامېرىكىدىن پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيدى. كرىزىس مەزگىلىدە، كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى % 36 ئازىيىپ كەتتى، دۇنيا سودا سوممىسىنىڭ 2/3 قىسمى كېمىيىپ كەتتى، ئىشسىز قالغان ئىشچىلار 30 مىليونغا يەتتى، نەچچە مىليون ئۇششاق دېھقان ۋەيران بولدى، ئون مىڭدىن ئارتۇق بانكا تاقالدى. پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى.

كرىزىس ئامېرىكا مەبلىغىگە بەكلا تايىنىپ قالغان گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيەگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە شىركەتلىرى چەت ئەللەردىكى قىسقا مۇددەتلىك قەرزنى قايتۇرۇۋالغاچقا، 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاۋستىرىيەدىكى 2/3 قىسىم قەرز ۋە مۈلۈكنى تۇتۇپ تۇرغان ۋېنا بانكىسى قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوقلۇقىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ياۋروپانى زىلزىلىگە سالدى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، گېرمانىيەدىكى تۆت چوڭ بانكىنىڭ بىرى بولغان دامۇستات دۆلەت بانكىسى ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى. بېرلىن ئاكسىيە بىرژىسى تاقالدى. گېرمانىيەنىڭ مالىيە ئەھۋالى ناھايىتى تېز يامانلاشتى. 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە گېرمانىيە دۆلەت بانكىسىدىكى ئالتۇن زاپىسى % 42 ئازىيىپ كەتتى. كرىزىس تاشقى سودىغا ئېغىر ھالدا تايىنىدىغان ئەنگلىيەگە، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتى ۋە تاشقى سودىغا تايىنىدىغان جەنۇبىي ئامېرىكىغا ھەم ئوكيانىيەگە تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى. چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىچىدە، فرانسىيە بۇ كرىزىسنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كېيىن ئۇچرىدى. كاپىتالىزم دۇنياسىنى قاپلىغان بۇ كرىزىس مالىيە ـ كرېدىت ساھەسىدىن باشلىنىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ساھەسىگە كېڭەيدى؛ كاپىتالىستىك ئىگىلىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىدىن باشلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيدى.

ئىلگىرى يۈز بەرگەن كرىزىسلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ كرىزىس ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چېكىنىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، تارقالغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، داۋاملاشقان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئىشسىزلارنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بولدى. ئىلگىرىكى كرىزىسلاردا كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە دۇنيا سودا سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا 7 % تۆۋەنلىگەن بولسا، بۇ كرىزىستا ئايرىم - ئايرىم ھالدا% 36 ۋە 77% تۆۋەنلىدى. يەنە مىسلىسىز پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ۋە سانائەت كرىزىسىغا ماس ھالدا يېزا ئىگىلىك كرىزىسىمۇ يۈز بېرىپ، ئېغىر دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى «ئۇشۇقچىلىقى» كېلىپ چىقىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن چۈشتى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن زور مىقداردىكى مەھسۇلاتلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى. تونىنا - تونىنا كالا سۈتى مىسسىسىپى دەرياسىغا تۆكۈۋېتىلگەچكە، دەريا «كۆمۈش دەريا»غا ئايلىنىپ قالدى، نۇرغۇن بۇغداي - قوناقلار كۆمۈر ئورنىدا يېقىلغۇ قىلىندى. ئەمما، ئىشسىز قالغان دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى ۋە شەھەرلەردىكى ئىشسىزلار ئاچ - زارلىق ئازابىدا قىينالدى. بۇنىڭدىن باشقا، كرىزىس ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىقتىساد ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تېز ئەسلىگە كېلەلمىدى. 1933- يىلىغا كەلگەندە ئاران «ئالاھىدە كاساتچىلىق» مەزگىلىگە كىردى، 1936 - يىلى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئازراق ئەسلىگە كەلدى، ھالبۇكى 1937 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قايتا كرىزىس پارتلىدى.

**كرىزىسنىڭ سەۋەبى** بۇ قېتىملىق چوڭ كرىزىسنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر كرىزىسنى ئەسلىگەندە ساراسىمىگە چۈشىدۇ. بۇ قېتىمقى دۇنيا خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي كرىزىس نېمە سەۋەبتىن كېلىپ چىقتى؟ بۇنىڭغا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىششى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان

خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەتتىن ئىبارەت بۇ كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىددىيىتى سەۋەب بولغاندىن باشقا، ئۇ يەنە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى دۇنيانىڭ كونا ئىقتىسادىي تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. بۇ تەكشىسىزلىك ئامېرىكا تېز سۈرئەتتە ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە قەرزدار قىلغاندا كېلىپ چىقتى. ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئامېرىكىدىن ئالغان ئۇرۇش قەرزلىرىنى تۆلىدى، نۇرغۇن پۇل ئامېرىكىغا ئاقتى، ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيا ئالتۇن زاپىسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا پۇل مۇئامىلە زومىگەرىگە ئايلانغان ئامېرىكا چەت ئەللەرگە زور مىقداردا قەرز بەردى. دۇنيا ئىقتىسادى ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ يۆلەنچۈككە ئېغىر ھالدا تايىنىپ قالدى، بۇ يۆلەنچۈك يىقىلسىلا، پۈتۈن دۇنيا ئىقتىسادى زەربىگە ئۇچرايتتى. چەت ئەلگە بېرىلگەن قەرز قەرزدار دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تىزگىنلەپلا قالماي، ھەقدار دۆلەت ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىنىمۇ زور تەسىرگە ئۇچراتتى. قەرزدار دۆلەتلەر قەرەلى توشقان قەرزلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكىدىن تاۋار ئىمپورت قىلىشنى ئازايتىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ ئامېرىكىنىڭ بەزى ئىگىلىك تارماقلىرىنى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىنى تەسىرگە ئۇچراتتى. چەت ئەل بازارلىرىنىڭ تارىيىشى بىۋاسىتە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ «ئۇشۇقچىلىقى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كاپىتالنىڭ مونوپوللۇق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىشى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى، ھەرقايسى

ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇ خىل زىددىيەت ۋە تەڭپۇڭسىزلىقنى كۈچەيتىۋەتتى. بۇ خىل زىددىيەت دۇنيانىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولغان ئامېرىكىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئامېرىكا ئىقتىسادىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق خۇددى دۇنيا ئىقتىسادىدىكى تەڭپۇڭسىزلىققا ئوخشاشلا ئېغىر بولدى. 20 ـ يىللاردا، ئامېرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، ئىقتىسادى مىسلىسىز گۈللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما يوشۇرۇن خەتەرلىك ئامىللارمۇ ساقلاندى. 1920 ـــ 1929 ـ يىللىرى ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئاران % 2 ئۆستى، ۋاھالەنكى زاۋۇتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى % 55 ئۆستى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئىزچىل تۆۋەنلىگەنلىكى، تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ئىزچىل ئۆسكەنلىكى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى باشقا ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ 40% ىگىمۇ يەتمىدى، ھەتتا ئىقتىساد گۈللەنگەن مەزگىلدىمۇ يېزىلاردا نامراتلار ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىماتىدا ئېغىر تەكشىسىزلىك كۆرۈلدى. 1929 ـ يىلى نامرات ئائىلىلەر پۈتۈن ئامېرىكىدىكى ئائىلىلەرنىڭ 60% ىنى ئىگىلىدى. بۇ نۇرغۇن كاپىتالغا ئىگە مونوپول كاپىتالىستلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى. بىر قۇتۇپتا سېتىۋېلىش كۈچى چەكلىك ئاۋام، يەنە بىر قوتۇپتا زور مەبلەغ سالغۇچى كاپىتالىستلار شەكىللەندى، بۇ خىل ئەھۋال ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى كرىزىسىنىڭ پارتلىشىنى بىۋاسىتە تېزلەتتى.

ئىقتىساد گۈللەنگەنلىكتىن، 20 ـ يىللاردا ئامېرىكىدا پاي چېكى سودىسى ناھايىتى قىزىپ كەتتى. ھايانكەش سودىگەرلەر پاي چېكى سودىسى قىلىپلا قالماي، ئاددىي كىشىلەرمۇ پاي چېكى سودىسى قىلىپ بېيىشقا قىزىقتى، ھۆكۈمەتنىڭ قولايلىق قەرز بېرىش سىياسىتى پاي چېكى سودىسىنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى. 1924 ـ يىلى نيۇيورك ئاكسىيە بىرژىسىدا

تىزىملانغان سومما 27 مىليارد دوللار بولغان بولسا، 1929 - يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە 90 مىليارد دوللارغا يېتىنلاشتى. تارقىتىلغان پاي چېكى سوممىسى جەمئىيەتتىكى مەبلەغدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. پاي چېكى باھاسى ئازراق چۈشسىلا، كىشىلەر قولىدىكى پاي چېكىنى دەرھال سېتىۋېتىدىغان ھالەت شەكىللەندى، بۇنىڭ بىلەن مالىيە - كىرىزىس ئامېرىكا ئىقتىسادىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ چاغدا نۇرغۇن ئامېرىكا بانكىلىرى مۇستەقىل تىجارەت قىلغاچقا، پۇل مۇئامىلە كىرىزىسىغا تاقابىل تۇرغۇدەك مالىيە كۈچى كەمچىل ئىدى. مۇبادا، بىرەر بانكا تاقىلىپ قالسا، ئابۇنتچىلار باشقا بانكىلاردىكى ئامانەت پۇللىرىنى بەس - بەستە چىقىرىۋالاتتى، بۇنداق ئەھۋال پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. 1929 - يىلىنىڭ بېشىدا يۈقىرىقىدەك ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە، بەزى چوڭ بانكىلار ۋە كارخانىچىلار كۆپ مىقداردا پاي چېكى سېتىۋېلىش ئارقىلىق، پاي چېكى باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش ۋەزىيىتىنى كونترول قىلماقچى بولدى. ئەمما، 1929 - يىلى 10- ئاينىڭ 24 - كۈنىگە كەلگەندە پاي چېكىنى تۆكمە قىلىپ سېتىش دولقۇنىنى توسۇش مۇمكىن بولمىدى، كىرىزىس ئاخىر ئامېرىكا ئىقتىسادىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقىدا پارتلىدى.

**كىرىزىسنىڭ كاپىتالىزم دۇنياسىغا بولغان زەربىسى** كاپىتالىزم دۇنياسىغا نىسبەتەن، 1929 — 1933 - يىللاردىكى ئىقتىسادىي كىرىزىس بىر قېتىملىق بالايىئاپەت بولدى، بۇ ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەردە چوڭقۇر ئىجتىمائىي، سىياسىي كىرىزىس ۋە داۋالغۇش يۈز بەردى. كىرىزىس مەزگىلىدە، ئامېرىكىدىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى تەخمىنەن 14 مىليونغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 1/4 ىنى، ئەنگلىيەدىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى 3 مىليونغا يېقىنلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمگەك

كۆچىنىڭ 1/5 ياكى 1/4 ىنى ئىگىلىدى. گېرمانىيەدە ئەمگەكچىلەرنىڭ 2/5 قىسمى پۈتۈنلەي ئىشسىز قالدى، 1/5 قىسمى ۋاقىتلىق ياكى يېرىم كۈنلۈك خىزمەت تاپالىدى، ئىشسىزلارنىڭ سانى 6 مىليونغا يېتىپ، نوپۇسنىڭ يېرىمى نامراتلىققا پېتىپ قالدى. فىرانسىيە يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بولغاچقا، ئىشسىزلارنىڭ سانى 850 مىڭغا يەتتى، ئەمما يېزىلاردا نۇرغۇن يېرىم ئىشسىزلار ۋە يوشۇرۇن ئىشسىزلار پەيدا بولدى. ھەرقايسى دۆلەتلەردە كىشىلەر ئۆچرەتتە تۇرۇپ قۇتقۇزۇش يېمەكلىكى ئالدى، ھەر تەرەپكە قاتراپ خىزمەت ئىزدىدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ھەددىدىن زىيادە ناچارلىشىپ، ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالدى.

كۆپ ساندىكى ئىشسىزلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كرىزىس مەزگىلىدە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئاچ قالغانلار ۋە ئىشسىزلارنىڭ نامايىشلىرى ئۈزۈلمىدى. جەمئىيەتتىكى ئەنسىزلىك شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھەتتا سىياسىي ۋەزىيىتى ئىزچىل مۇقىم دەپ قارىلىپ كەلگەن ئامېرىكىدىمۇ پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈمى زەربىگە ئۇچرىدى. ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقى تەشۋىش ئىچىدە قېلىپ، قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ناچارلاشقان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىيەت ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زور كۈچ بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى قانۇن لايىھەسى ماقۇللاپ، 890 خىل تاۋارنىڭ باج نىسبىتىنى ئۆستۈردى ھەمدە قوغداش تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، بۇ چارە دەرھال زەنجىرسىمان ئىنكاس پەيدا قىلدى. 33 دۆلەت بۇ چارىگە قارشى چىقتى، يەتتە دۆلەت ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى

قوللاندى، فىرانسىيە ئەنگلىيە ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئىمپورت بېجىنى% 60 ئاشۇردى.

يېزا ئىگىلىك كىرىزىسى يۈز بەرگەن دۆلەتلەرمۇ قوغداش تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، خەلقئارا سودىدىكى كىرىم ـ چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. 1931 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 25 دۆلەت ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1932ـ يىلىغا كەلگەندە بۇلار 76 گە يەتتى. 1932ـ يىلى ئەنگلىيە ئوتتاۋادا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە ئەزا دۆلەتلەر يىغىنىنى ئېچىپ، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تاموژنا بېجىدا ئېتىبار بېرىش تۈزۈمىنى بېكىتىشنى قارار قىلدى. فىرانسىيە ئىمپورت تاۋارلارنىڭ مىقدارىغا چەك قويۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تاۋار بازىرىنى قوغدىدى. بۇنىڭ بىلەن شىددەتلىك تاموژنا بېجى جېڭى ۋە بازار جېڭى باشلاندى.

1931 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەڭ ئاۋۋال پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن ئەنگلىيە خەلقئارا سودىغا پايدىلىق دەپ قارالغان، نىسبەتەن مۇقىم بولغان پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدىن ئالدى بىلەن ۋاز كەچتى، بۇنىڭ بىلەن فوند ستېرلىڭنىڭ ئۆچتىن بىر قىسىم كۇرسىنى چۈشۈرۈۋەتتى، ئارقىدىن 20 نەچچە دۆلەتمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدىن ۋاز كەچتى. ئەنگلىيە فوند ستېرلىڭنىڭ دۇنيا پۇلى بولۇش ئورنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1931 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە ئەزا دۆلەتلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، فوند ستېرلىڭ گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. ئەنگلىيەنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بولغان شىۋېتسىيە، دانىيە، پورتۇگالىيە، مىسىر، ئىراق، سىئام (تايلاند)، ئارگېنتىنا، بىرازىلىيەمۇ فوند ستېرلىڭ گۇرۇھىغا قاتناشتى. فوند ستېرلىڭ گۇرۇھىغا ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا فوند

www.uyghurkitap.com

ستېرلىڭ بىلەن ھېسابلىنىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پۇلى بىلەن فوند ستېرلىڭنىڭ ئايرىۋاشلىنىش نىسبىتى مۇقىملاشتۇرۇلدى ھەمدە كۆپ قىسىم تاشقى پېرېۋوت لوندوندا ساقلاندى. ئەكسىچە، فىرانسىيە، گوللاندىيە، ئىتالىيە، بېلگىيە، شىۋېيتسارىيە، پولشا پۇلىنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىنى ساقلاپ قالغان سودا گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاندى. ئامېرىكا فىرانسىيە بىلەن بىر مەزگىل كېلىشىم تۈزۈپ، پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى، ئەمما 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى پارتلىغاندىن كېيىن پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىپ، ئالتۇن ئېكسپورتىنى مەنئى قىلدى، 1934 ـ يىلى دوللارنىڭ كۇرسى 40% چۈشۈپ كەتتى. ئامېرىكا ئۆزىگە قاراشلىق جايلار ۋە فىلىپپىن، كانادا ھەم كۆپ ساندىكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى بىلەن ئامېرىكا دوللىرى گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى، بۇ گۇرۇھنىڭ فۇنكسىيەسى فوند ستېرلىڭ گۇرۇھىغا ئوخشاش ئىدى.

1935ـ يىلىغا كەلگەندە، دۇنيادىكى كۆپ قىسىم رايونلار بەش خىل پۇل رايونىغا، يەنە فوند ستېرلىڭ رايونى، ئامېرىكا دوللىرى رايونى، پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى رايونى، يىن (ياپونىيە پۇلى) رايونى ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاشقى پېرېۋوت تىزگىنلەنگەن رايونغا بۆلۈنۈپ، پۇل جېڭى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى.

بايلىق جەھەتتە، ئىقتىسادىي كۈچى بىرقەدەر زور بولغان ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بايلىقنى ئېچىشنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي رايونلارنى قۇرۇپ، كاۋچۇك، قەلەي قاتارلىق مۇھىم خام ئەشيالارنى چەكلىك مىقداردا ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا خەلقئارا كېلىشىملەرنى تۈزدى. ئەمما، بايلىق مەنبەسى نىسبەتەن كەمچىل بولغان گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر

قورال كۈچىگە تايىنىپ بايلىق مەنبەلىرىنى ئىگىلەپ، ياشاش بوشلۇقىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئاسمىنىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلىدى.

دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەن دۇنياۋى بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى پۇل مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى. كرىزىس مەزگىلىدىكى شىددەتلىك بازار جېڭى، پۇل جېڭى ۋە بايلىق مەنبەسى جېڭىدە، ھەرقايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، مۇقىم بولغان دۇنيا ئىقتىسادىي تەرتىپىنى ئورنىتىپ، كرىزىستىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىدى. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە، 66 دۆلەت لوندوندا خەلقئارا ئىقتىساد يىغىنى ئېچىپ، تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىپ، پۇل مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان كېلىشىم تۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئەمما، ھەممە دۆلەت باشقىلارنى قۇربان قىلىپ ئۆزىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىۋالغاچقا، زىددىيەت ھەل بولمىدى. بىرەر چوڭ دۆلەت كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ھەمكارلىشىشقا ئۈندىمىدى، ئامېرىكىمۇ شۇنداق قىلدى. يىغىن ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك كېلىشىم تۈزۈلمەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تېخىمۇ يامانلىشىپ، كرىزىسنى ئۈزارتىۋېتىپلا قالماي، ھەتتا كرىزىستىن كېيىنكى كاساتچىلىقنىمۇ ئۇزارتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن كرىزىستىن كېيىن 30 ـ يىللاردىكى «ئالاھىدە كاساتچىلىق» يۈز بەردى.

1929 ـــ 1931 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي كرىزىس كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىگە نىسبەتەن بىر قېتىملىق چوڭ زەربە بولدى. كرىزىس قايىنىمىغا كىرىپ قالغان ھەرقايسى

كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كرىزىس ئېلىپ كەلگەن قاتمۇقات قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە سىياسىي ئەنئەنىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، قوللانغان تەدبىرلىرىمۇ ئوخشاش بولمىدى. ئەمما، سىياسەتلەرنى تەڭشىشى ئاساسەن ئوخشاش بولدى، يەنى دۆلەتنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈپ، ئېكسپورتنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى ئىقتىسادنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلدى؛ قەرز پۇل ئېلىش ياكى قوغداش خاراكتېرىدىكى قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ئارقىلىق، ئاساسلىق ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى. شۇنداقلا، ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىپ، ئىشسىزلارنى يۆلىدى. بۇ زۆرۈر تەدبىرلەر مۇقەررەر ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ساھەگە ئارىلىشىش سالمىقىنى كۈچەيتتى، بۇ، كاپىتالىزم تۈزۈمى شەكىللەنگەندىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك چوڭ تەڭشەش بولدى. بۇ قېتىملىق تەڭشەش ئارقىلىق، خۇسۇسىيلار مونوپول كاپىتالىزمى دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

## 2 - بۆلۈم ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلتنىڭ يېڭى سىياسىتى

**كرىزىستىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدەش** ئامېرىكا كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى كېيىن يېتىشىۋالغۇچى بولۇپ، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا تازا بېيىۋالدى. ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى قوللانغانلىقى، مۇقىم كاپىتالنى يېڭىلاش ۋە

ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەبىدىن، 20 ـ يىللاردا راسا گۈللەندى. بۇ گۈللىنىش نۇرغۇن كىشىلەرنى مەڭگۈلۈك مەمۇرچىلىق دەۋرىگە كىرگەندەك مەستخۇش قىلىۋەتتى. 1929 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، يېڭى پىرېزىدېنت خوئوۋېر ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا: «مەن ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسىدىن قىلچىمۇ ئەندىشە قىلمايمەن، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ــ ئارزۇ ـ ئارمانلارغا تويۇنغان پارلاق كەلگۈسى» دېدى. ئەمما، بۇ گۈللىنىش ئۇزۇن يىلمۇ داۋاملاشمىدى. 1929 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كىرىزىس ئالدى بىلەن ئامېرىكىدا پارتلىدى. 1929 ــ 1933 ـ يىللىرى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزم دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى. 1932 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 50% تۆۋەنلەپ، پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىياتى 1913 ـ يىلىدىكى سەۋىيەگە چېكىنىپ كەتتى. 1932 ـ يىلى 86 مىڭ سودا ـ سانائەت كارخانىسى ئىشتىن توختاپ، 1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى 17 مىليونغا يەتتى، خىزمەتتىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى 35% ~ 40 % تۆۋەنلەپ كەتتى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 1929 ـ يىلىدىكىدىن 60 % تۆۋەنلەپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق دېھقان ۋەيران بولدى. مونوپول كاپىتالىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى ھېسابلىنىدىغان پۇل مۇئامىلە كاپىتالىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، 1933 ـ يىلىغىچە 5500 دىن ئارتۇق بانكا تاقىلىپ، مىليونلىغان ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلىغان پۇللىرى شامالغا سورۇلۇپ كەتتى. ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بانكىلاردا ساقلىنىۋاتقان نەق پۇل ئارانلا 6 مىليارد دوللار، ۋاھالەنكى قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئامانەت پۇل 41 مىليارد دوللار بولدى. ۋال كوچىسىدىكى ئاكسىيە بىرژىلىرى ۋە چىكاگودىكى تاۋار بىرژىلىرى سودىنى رەسمىي توختاتتى، پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ، بۇرۇقتۇرما

www.uyghurkitap.com

ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ كرىزىسقا نىسبەتەن، ئامېرىكىنىڭ كارخانا ساھەسى ۋە سىياسىي ساھەسىدىكى رەھبەرلەردە ئېنىق تونۇش كەمچىل بولدى، ئۇلار كرىزىسنىڭ بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى ھەم كرىزىسنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلمەيتتى. پرېزىدېنت خوئوۋېر ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى مۇكەممەل، ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك، دېگەنگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ ئېغىر كرىزىسقا قارىتا خوئوۋېر ھۆكۈمىتى يەنىلا بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1930 - يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى سىموئوت خوللى تاموژنا بېجى قانۇنىنى ماقۇللاپ، مىڭ خىلغا يېقىن تاۋارنىڭ باھاسىنى ئېنىق بېكىتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى قوغدىدى.

ئەمما، سىناپ بېقىش خاراكتېرىدىكى بۇ تىرىشچانلىقلار كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بەرمىدى، بۇ تەدبىرلەرنىڭ بۇنداق چوڭ كرىزىس ۋە ئۇ پەيدا قىلغان بىر قاتار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئىقتىسادىي ۋەزىيەت داۋاملىق يامانلىشىپ، ئىشسىز قالغانلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. تۈمەنلىگەن ئامېرىكىلىقلار خىزمىتىدىن، ئامانەت پۇلىدىن، سۇغۇرتا ھەققىدىن ئايرىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قەرزنى قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمەي، ئولتۇراق ئۆيى ۋە يەر- زېمىنىدىن مەھرۇم قېلىپ، كوچىلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا، قەغەز يەشىك، ئەسكى ياغاچ تاختاي ۋە كونا قاڭالتىردىن ياسالغان كەپە ئۆيلەر ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولۇپ، سەرگەردانلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندى. بۇ كەپە ئۆيلەر رايونىنى كىشىلەر «خوئوۋېر كەنتى» دەپ ئاتىدى.

خوئوۋېر: ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ مەنبەسى ئامېرىكىدا

ئەمەس، بەلكى ياۋروپادا، ئامېرىكىنىڭ مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىشىنىڭ سەۋەبى، ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ بۇ كرىزىسقا چېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. 1931 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ، خوئوۋېر پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈنلا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. خوئوۋېرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 1931 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى 125 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، فېدىراتسىيە يەر ـ زېمىن بانكىسىنىڭ كرېدىت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لايىھەسىنى ماقۇللىدى. كېيىنكى يىلى 7 ـ ئايدا، يەنە رەنگگە قويۇلغان ئولتۇراق ئۆيلەرگە قەرز تولۇقلىمىسى بېرىش ئۈچۈن، كرېدىت بانكىسى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئامانەت بانكىسى، سۇغۇرتا شىركىتى ۋە بىناكارلىق قەرز شىركەتلىرى رەنىلىك قەرز ئالغانلار قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلغا ئېرىشىپ، تۆمەنلىگەن ئامېرىكىلىقلار ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. 1932 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، پىرېزىدېنتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پارلامېنت 1 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى ئالتۇننى ياۋروپالىقلارغا دوللارغا سېتىپ، پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش لايىھەسىنى ماقۇللىدى. ئەمما، ئالتۇن داۋاملىق چەتكە ئېقىپ كېتىپ، پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمى ئىچكى ۋە خەلقئارا سودىنى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئايلىنىشنى ئۆزلۈكىدىن تەڭشىيەلمەيدىغان بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە ئىقتىسادنى بۇرمىسمان شەكىلدە تۆۋەنلىتىپ، كاساتچىلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. 1932 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خوئوۋېر ھۆكۈمىتى پۇل مۇئامىلىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەمكارلىق مەھكىمىسى قۇرۇپ، 500 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى نامىدىن كارخانا، بانكا، سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە قەرز بېرىپ، ئۇلارنى ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن ساقلىدى. ئەمما، بۇ مەھكىمە يەنىلا بانكىلارنىڭ يېڭى مەبلەغكە

بولغان تەلىپىنى قاندۇرالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېرىلگەن قەرز پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى بانكىلار بىلەن ھاۋالە شىركەتلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئېغىر كىرىزىس ئالدىدا، خوئوۋېر ھۆكۈمىتى يەنىلا ھەممە ساھەنى ئەركىن قويۇۋېتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەگە زىيادە ئارىلىشىشىغا قارشى تۇردى، قۇتقۇزۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە تېخىمۇ قارشى تۇردى. خوئوۋېر: قۇتقۇزۇش — يەرلىك خەير - ساخاۋەت ئورگانلىرى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىشى دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇ 1930 - يىلى 10 - ئايدا قوشما ئىشتات جىددىي قۇتقۇزۇش كومىتېتى ۋە نيۇيورك ئىشتاتلىق كېڭەش پالاتا ئەزاسى روبېرت ۋاگنېر (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن) ئوتتۇرىغا قويغان قوشما ئىشتات ئاممىۋى قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ئارقا - ئارقىدىن رەت قىلدى. ئەمما، 1932 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، پۇل مۇئامىلىنى قايتا گۈللەندۈرۈش شىركىتىگە يەرلىك ئاممىۋى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن 1 مىليارد 500 مىليون دوللار قەرز تارقىتىش ھوقۇقى بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىستېمال سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لايىھەسىنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، خوئوۋېر ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى مۇقىم باھادا سېتىۋېلىشنى بەلگىلىدى، ئەمما بۇ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ داۋاملىق چۈشۈپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىدى. خوئوۋېر فېدېراتسىيە دېھقانچىلىق ئىدارىسى ئوتتۇرىغا قويغان قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى ھەرىكەت قوللىنىپ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى تەشەببۇسىنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك كىرىزىسى تەدرىجىي ئېغىرلىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

خوئوۋېر ۋەزىپە ئۆتىگەن 4 ـ يىلىغا كەلگەندە، كىرىزىس يەنىلا داۋاملىق يامراپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى، ئىشسىزلارنىڭ كۆچ كۆرسىتىشى، دېھقانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنىڭ ياردەم پۇل تەلەپ قىلىش نامايىشلىرى ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. خوئوۋېر گەرچە ئىزچىل ھالدا بۇ كىرىزىستىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدەپ، بەزى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما 1928 ـ يىلىدىكى سايلام رىقابىتىدە قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن «ھەممە ساھەنى ئەركىن قويۇۋېتىش — ئامېرىكا تۈزۈمىنىڭ يادروسى، ئامېرىكىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ مەنبەسى» دېگەن كۆز قارىشىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ساھەگە ھەددىدىن ئارتۇق ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى گەرچە ئامېرىكا تارىخىدا مىسلىسىز بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئېغىر كىرىزىسقا نىسبەتەن بۇ تىرىشچانلىقلار ھېچنېمىگە دال بولمىدى. ۋەزىيەت يامانلاشقانسېرى، ئامېرىكا خەلقى خوئوۋېر ھۆكۈمىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتتى، ھەتتا بەزىلەر يۇرگۇزۇلۇۋاتقان تۈزۈمگە بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ يوقاتتى. كىشىلەر 1932 ـ يىلىدىكى سايلامدا ئۆزلىرىگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلالايدىغان پىرېزىدېنتنىڭ سايلىنىشىنى ئارزۇ قىلدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، 1932 ـ يىلىدىكى سايلامدا دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان نامزات روزۋېلت ئومۇمىي سايلامدا % 57 ئاۋاز بىلەن، ئاخىرقى سايلامدا 59 ئاۋازغا قارشى 472 ئاۋاز بىلەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ئامېرىكىنىڭ 32 ـ نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى.

روزۋېلتنىڭ يېڭى سىياستى فىرانكىلىن دېلانو روزۋېلت (1882 — 1945) گوللاندىيەلىكلەرنىڭ پۇشتىدىن بولۇپ، داڭلىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغان. ئۇ ئۇستا ناتىق، شىجائەتلىك سىياسىيون بولۇپ، بۇرۇن دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ياردەمچى مىنىستىرى ۋە نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ 1932 ـ يىلى چيكاگودا دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ پرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەندە، تەنتەنە قىلىشىۋاتقان ۋەكىللەرگە: «مەن سىلەرگە ھەم ئۆزۈمگە شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى، مەن ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن يېڭى سىياسەت يۈرگۈزىمەن» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «يېڭى سىياسەت» دېگەن بۇ سۆز روزۋېلت ھۆكۈمىتىنىڭ كرىزىسقا قارشى سىياسەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالدى.

1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مىلىيونلىغان ئامېرىكىلىقلار رادىيودىن يېڭى پرېزىدېنتنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىنى ئاڭلىدى. 51 ياشلىق بۇ يېڭى پرېزىدېنت ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا: «بىز قورقمىساق بولمايدىغان بىردىنبىر نەرسە ــ قورقۇنچنىڭ ئۆزى»، «مۇبادا دۆلىتىمىز ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە تۇرىۋەرسە، مەن پارلامېنتنىڭ ماڭا كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاخىرقى بىردىنبىر ۋاستە ــ كەڭ مەمۇرىيەت ھوقۇقى بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن، شۇنداق بولغاندىلا، مەن خۇددى تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرگە جەڭ ئېلان قىلغاندەك، جىددىي ئەھۋالغا جەڭ ئېلان قىلالايمەن» دېدى.

ۋەزىپىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، روزۋېلتنىڭ كۆڭلىدە يېڭى سىياسەتنىڭ مۇكەممەل ئىسخېمىسى تېخى شەكىللەنمىگەن بولۇپ، نۇرغۇن يېڭى تەدبىرلەر ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن جىددىي بېكىتىلگەن ئىدى. ئەمما، روزۋېلت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان، يېڭى سىياسەت ئىشلىرىغا جان پىدالىق كۆرسىتىدىغان مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچىلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى بىرقەدەر ئېنىق ئىدى. يەنى، ئۇلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي ھەممە

ساھەنى ئەركىن قويۇۋېتىش نەزەرىيەسىنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش يولىنىڭ ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىللىك پىلانلاش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، خوئوۋېرنىڭ ھەممە ساھەنى ئەركىن قويۇۋېتىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش زۆرۈر ئىدى. ئىقتىسادقا قانداق ئارىلىشىش، قانچىلىك دەرىجىدە ۋە قايسى دائىرىدە ئارىلىشىش مەسىلىسىنى بولسا ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىزدىنىپ قارار قىلىشقا توغرا كېلەتتى. كېيىن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى سىياسەتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىنگلىزچە «ئۈچ R»غا، يەنى قۇتقۇزۇش (Relief)، گۈللەندۇرۇش (Recover) ۋە ئىسلاھات (Reform)قا يىغىنچاقلاندى.

يېڭى سىياسەتكە ئائىت ئەڭ دەسلەپكى بىر يۈرۈش مۇھىم قانۇن ـ پەرمانلار 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ماقۇللاندى، شۇڭا بۇلار ئامېرىكا تارىخىدا «يۈز كۈنلۈك يېڭى سىياسەت» دەپ ئاتالدى.

يېڭى سىياسەت كىرىزىس ئەڭ ئېغىر بولغان پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى تەرتىپكە سېلىشتىن باشلاندى. روزۋېلت ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بانكىلارنى بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى، ئارقىدىنلا پارلامېنت ئالاھىدە يىغىن ئېچىپ، روزۋېلتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە خوئوۋېر ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىقىدىكى ۋەزىپىسىدىن بوشىنىش ئالدىدا تۇرغان بەزى خىزمەتچىلەر بىرلىكتە بېكىتكەن جىددىي بانكا قانۇنىنى مۇزاكىرە قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بۇ قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاپ، پرېزىدېنتنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى. قانۇن لايىھەسىنى بۇنداق بىردەك پىكىر بىلەن تېز سۈرئەتتە ماقۇللاش ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەل قەلبى لەرزىگە كەلدى. بۇ قانۇن لايىھەسى پرېزىدېنتقا

بەزى بانكىلارنى تەھقىقلەپ، تۆلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان باذ-كىلارنىڭ تىجارەت باشلىشىغا يول قويۇش ھوقوقىنى بەردى. 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى روزۋېلت تۇنجى قېتىم تام ئوچاق بېشىدا سۆز قىلىپ، خەلققە بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ بىخەتەر ئى-كەنلىكى ھەققىدە كاپالەت بەردى. 6 - ئايدا گىراس - ستېگول قانۇنى ماقۇللاندى. بۇ قانۇندا، فېدېراتسىيە ئامانەت بانكىسىنىڭ بانكىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلىقى، مەب-لەغ سېلىش بانكىلىرى بىلەن سودا بانكىلىرى ئايرىپ تاشلى-نىپ، بانكىلارنىڭ ھايانكەشلىك پائالىيەتلىرىگە چەك قويۇلىدى-غانلىقى بەلگىلەندى. شۇنداقلا، فېدېراتسىيە ئامانەت سۇغۇرتا شىركىتى قۇرۇپ، 5000 دوللاردىن تۆۋەن ئامانەتنى سۇغۇر-تىلاندۇرۇپ، ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش قارار قىلىندى.

1934 - يىلى يەنە ئاكسىيە سودىسى قانۇنى ماقۇللىنىپ، ئاكسىيە سودىسى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئاكسىيە سودىسىنى باشقۇرۇش، ئاكسىيە سودىسىدىكى ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىنى توسۇش، بانكىلار يىغى ئاكسىيە تارقاتقاندا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئاۋامغا چوقۇم ئېلان قىلىش تەلەپ قىلىندى. بۇ قانۇن لايىھەلىرى دۆلەت ئىچىدىكى پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ تەرتىپىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتۇردى.

خەلقئارادا ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1933 - يىلى 3 - ئايدا ئالتۇن ئېكسپورتىنى توختىتىش جاكارلاندى، 4 - ئايدا پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىش جاكارلاندى. 1934 - يىلى 1 - ئايدا ئالتۇن زاپىسى قانۇنى ماقۇللىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالتۇننى مالىيە مىنىستىرلىقى كونترول قىلىش، ئالتۇن ئوبوروتىنى مەنئى قىلىپ، ئالتۇننى خەلقئارا سودىنىڭ ۋە قەغەز پۇل تارقىتىش ھەم پۇل ئامانىتىنىڭ زاپاس پۇلى قىلىش بەلگىلەندى. يەنە ئالتۇن بىلەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ

سىلىشتۇرما باھاسىدا بىر ئۇنسىيە ئالتۇن 35 ئامېرىكا دوللىرى بولۇش، ئامېرىكىنىڭ دۇنيا بازىرىدىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش بېكىتىلدى.

يېڭى سىياسەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى يېزا ئىگىلىكىنى تەڭشەش بولدى. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىكىنى تەڭشەش قانۇنى ماقۇللاندى. بۇ قانۇندا، بىرىنچىدىن، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېمەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئۇن زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە قۇشخانا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش بېجىنى ئۆستۈرۈپ، تېرىلغۇ يەرلىرى كېمەيتىلگەن دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ھۆكۈمەت تولۇقلىما بېرىش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ۋە سېتىۋېلىش كۈچىنى 1909 ـــ 1914 ـ يىللاردىكى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش بەلگىلەندى. يېزا ئىگىلىكىنى تەڭشەش تەدبىرىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى كونترول قىلالماسلىق ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلدى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، 1932 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە دېھقانچىلىق ساپ كىرىمى 50 % ئاشتى، قەرزدار دېھقانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازايدى. ئەمما، تېرىلغۇ يەرلەرنى كېمەيتىشتىن كېلىپ چىققان ئەمەلىي زىيان ئىستېمالچىلارغا يۈكلەپ قويۇلدى. تېرىلغۇ يەرلەرنى كېمەيتىش جەريانىدا، ئەڭ كۆپ پايدا ئالغانلار يەنىلا چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى خوجايىنلىرى بولۇپ، نۇرغۇن دېھقانلار يەرلىرىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قورسىقى تويمايۋاتقان بولسىمۇ، كۆپ مىقداردىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇق

uyghurkitap.com

چۈشۈرگەن ئامېرىكا دېھقانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ھېنرى ۋاللاتېسمۇ «ئۆسۈۋاتقان زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈش، ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە پۈتۈنلەي خىلاپ قىلمىش» دېدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە بۇنداق بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى ھەرساھەنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى، 1936 - يىلى ئالىي سوت مەھكىمىسى بۇ قانۇننى ئىناۋەتسىز دەپ جاكارلىدى.

ئېغىر كىرىزىسقا پاتقان سانائەت ساھەسىمۇ دەرھال تەرتىپكە سېلىش، تەڭشەشكە موھتاج ئىدى. 1936 - يىلى 6 - ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتى سانائەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش قانۇنىنى ماقۇللىدى. روزۋېلت بۇنى «ئامېرىكا پارلامېنتى چىقارغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئەھمىيەتلىك قانۇن» دېدى. بۇ قانۇننىڭ ئاساسىي مەقسىتى، ئادىل رىقابەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئارقىلىق، ھەرقايسى ساھەلەردىكى كارخانىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، سانائەت ساھەسىنىڭ تەشكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى سودا گۇرۇھلىرى ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. مۇشۇ مەقسەتتە «مەملىكەتلىك قايتا گۈللەندۈرۈش مەھكىمىسى» قۇرۇلدى، بۇ مەھكىمە دۆلەت، كارخانا خوجايىنلىرى ۋە ئىشچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، ئادىل رىقابەتلىشىش قائىدىلىرىنى تۈزۈش، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى، مەھسۇلاتنىڭ باھاسى، سېتىلىش دائىرىسىگە ئائىت قائىدىلەرنى بېكىتىشكە مەسئۇل بولدى. بۇ قائىدە - تۈزۈملەرنى قوبۇل قىلغان كارخانىلارغا بىردەك «بىز ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز» دېگەن خەتلەر بېسىلغان، كۆك بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەلگە تارقىتىپ بېرىلدى، تەخمىنەن 2 مىليون خوجايىن ئادىل رىقابەتلىشىش تۈزۈمىنى قوبۇل قىلدى. سانائەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش قانۇنىغا ئاساسەن، تىرىستقا قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ مونوپولىيەنى چەكلەش ھوقۇقى ۋاقىتلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يەنە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا ئاممىۋى

قۇرۇلۇش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، تۇرلۇك ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ سانى ئازايتىلدى.

كىرىزىس جەريانىدا كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ زىددىيىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، سانائەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش قانۇنىنىڭ 7 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا: «ئىشچىلارنىڭ تەشكىللىنىش ھوقۇقى بار، ئۇلار ۋەكىل سايلاپ خوجايىنلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ‹كوللېكتىپ توختام› تۈزسە بولىدۇ؛ خوجايىنلارنىڭ ئىشچىلارنىڭ بىرەر تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقىنى ياللاش شەرتى قىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ؛ خوجايىنلار ئەڭ يۇقىرى ئىش ۋاقتى بىلەن ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى بېكىتىشى، بالا ئىشچى ياللاپ ئىشلەتمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەندى.

ئادىل رىقابەتلىشىش تۈزۈمى زاۋۇتلارنى رىقابەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ مەھسۇلات باھاسى ۋە ئىش ھەققىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كارخانىلارنى قوغداپ قالدى. ئەمما، بۇنىڭ ئادەتتىكى بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا پايدىسى بولمىدى. كىرىزىس ئېغىرلاشقان ھالقىلىق پەيتتە، بۇ تۈزۈم مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىدى. ئىقتىسادىي ئەھۋال ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن بولسا، خوجايىنلار بۇ تۈزۈمگە كوللېكتىپ قارشى چىقتى. 1935 ـ يىلى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىدىن باشقا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ تۈزۈمگە قارشى تۇردى، 1935 ـ يىلى ئالىي سوت مەھكىمىسى سانائەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش قانۇنىنى ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ دەپ قاراپ، ئىجرا قىلىشنى توختىتىشنى جاكارلىدى.

يېڭى سىياسەتنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق مەزمۇنى قۇتقۇزۇش

خىزمىتى بولدى. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پارلامېنت جىددىي قۇتقۇزۇش قانۇنىنى ماقۇللاپ، فېدېراتسىيە جىددىي قۇتقۇزۇش مەھكىمىسىنى قۇردى، كېيىن بۇ مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىگە روزۋېلتنىڭ قابىل مەسلىھەتچىسى خوپكىنىس رىياسەتچىلىك قىلدى. خوپكىنىس ئۆزىنىڭ قالتىس تەشكىللەش ئىقتىدارىنى جارى قىلىپ، قۇتقۇزۇش پۇللىرىنى ھەرقايسى ئىشتاتلارغا تەقسىملىدى. كېيىنكى يىلى نوقۇل ھالدىكى قۇتقۇزۇشنى «خىزمەت بېرىپ قۇتقۇزۇش» قا ئۆزگەرتىپ، ئىشسىزلارغا ئاممىۋى خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى بېرىپ، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى قوغداپ، كەڭ ئالقىشقا سازاۋەر بولدى.

خىزمەت بېرىپ قۇتقۇزۇش سىياسىتى يۈز كۆنلۈك سىياسەت مەزگىلىدە ماقۇللانغان ئاممىۋى قۇرۇلۇش قىلىش ۋە تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش قانۇنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ئەرلەر كۆچەت تىكىش، سۇ توسمىسى ياساش، ئورمانلىقتا كەتكەن ئوتلارنى ئۆچۈرۈش، ئىھاتە ئورمانلىقى بەرپا قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، ھەر يېرىم يىلدا 250 مىڭ كىشى ھەربىي ئىشتات بويىچە تەشكىللىنىپ ئەمگەك قىلدى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشۇنداق لاگېردىن 1500 ى قۇرۇلدى. ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرى، تەخمىنەن 2 مىليون ياش مۇشۇنداق ئەمگەكلەرگە قاتناشتى. 1935 ـ يىلى پارلامېنت 4 مىليارد 500 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، ئاممىۋى قۇرۇلۇشنى كۆپەيتتى. پەقەت خوپكىنىس رىياسەتچىلىك قىلغان قۇرۇلۇش ئىدارىسىلا 1936 ـ يىلى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆتۈشمە تاشيول، تەنتەربىيە سارىيى، گۈزەل سەنئەت سارىيى، دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون ئادەمنى سېلىپ ئىشلەتتى. يېڭى سىياسەت مەزگىلىدە، كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان تەبىئىي بايلىقنى ئېچىش قۇرۇلۇشى

تېنىسسى دەرياسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى بولدى. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، پارلامېنت ماكون ساھىلى ۋە تېنىسسى دەرياسى ۋادىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پەرمانىنى ماقۇللىدى. بۇ پەرمانغا ئاساسەن، تېنىسسى دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، توپراقنى ياخشىلاش، سۇ تىرانسپورتىنى راۋاجلاندۇرۇش، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش بېكىتىلدى، بۇ قۇرۇلۇشلار يېڭى سىياسەتنىڭ ئەڭ نادىر نەتىجىسى بولۇپ قالدى. قۇرۇلۇش باشلانغاندىن كېيىن، تېنىسسى رايونىدىكى توك ئىشلىتەلەيدىغان دېھقان ئائىلىلىرى 10% دىن 90% كە يەتتى. ئىقتىسادى قالاق بۇ رايوندا يېڭىچە تۈرمۇش باشلاندى.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، كرىزىس مەزگىلىدە ئۆتكۈرلەشكەن ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئامېرىكىنى پاراۋانلىقنى كۈچەيتىش يۆنىلىشىگە قاراپ مۇھىم بىر قەدەم تاشلاتتى. 1935 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، پارلامېنت ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇنىنى ماقۇللاپ، ئىشسىزلار، ياشانغانلار، مېيىپلارنى مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەشنى قارار قىلدى. بۇ قانۇندا، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغان مېيىپلارغا قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىش، يېشى 65 تىن ئاشقان پېنسىيونېرلارغا ئەسلىدىكى ئىش ھەققى بويىچە، ھەر ئايدا 85 ~ 110 دوللار كۈتۈنۈش پۇلى بېرىش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىنىڭ يېرىمىنى ئىشچىلار بىلەن خوجايىنلار ئۈستىگە ئېلىش، قالغان يېرىمىنى قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئېلىش بەلگىلەندى. بۇ پەرمان بىلەن 1935 ـ يىلى ماقۇللانغان چوڭ شىركەتلەردىن ئاشما باج ئېلىش پەرمانى قوشۇلۇپ، ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى پەرقنى خېلى كىچىكلەتتى، بۇ قانۇن ـ پەرمانلار جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولدى.

ھەممە ساھەنى ئەركىن قويۇۋېتىش سىياسىتىنى ياقلايدىغان، يېڭى سىياسەتكە دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارايدىغان ئالىي سوت

مەھكىمىسى 1935 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سانائەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش قانۇنىنى ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ دەپ جاكارلاپ، بۇ قانۇندىكى ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئائىت 7 ـ ماددىنىڭ 1 ـ تارمىقىنىمۇ ئىجرا قىلىشتىن توختاتتى. بۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كەسكىن قارشىلىقىنى قوزغىدى. روزۋېلت: ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ قوللىشى بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، يېڭى سىياسەتمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەشمۇ تەسكە چۈشىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، پارلامېنت «ۋاگنېر قانۇنى»نى، يەنى «مەملىكەتلىك ئەمگەك مۇناسىۋىتى قانۇنى» نى ماقۇللاپ، بىكار قىلىنغان سانائەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش قانۇنىنىڭ 7 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بۇ قانۇندا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ئىشچىلارنى ئىشتىن بوشىتىش، ئۇلارنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈش قىلمىشلىرىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكى، ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى، خوجايىنلارنىڭ ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىغا ئارىلىشىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقى، ئۇلارنىڭ ئىشچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ھەم كوللېكتىپ توختام تۈزۈشنى رەت قىلىشىغا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ قانۇنغا ئاساسەن، ئەمگەك مۇناسىۋىتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىشچىلار بىلەن خوجايىنلارنىڭ دەۋالىرى بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ قانۇن روزۋېلتنىڭ ئەمگەك سىياسىتىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولۇپ، يېڭى سىياسەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرى ئىدى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئىقتىسادنى قايتا گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1938 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، پارلامېنت يەنە ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ۋە ئەڭ يۇقىرى ئىش ۋاقتى ھەققىدىكى قانۇننى

ماقۇللىدى. بۇ قانۇندا، ھەر ھەپتىلىك ئىش ۋاقتى 40 سائەت بولۇش، يەتتە يىلدىن كېيىن ھەر سائەتلىك ئىش ھەققى 40 سېنتتىن تۆۋەن بولماسلىق بەلگىلەندى. بۇ قانۇن، شۈبھىسىزكى، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولدى.

يېڭى سىياسەتكە باشتىن ـ ئاخىر سىڭگەن مەركىزىي مەزمۇن ئىقتىسادنى قايتا گۈللەندۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىدى، ئەمما 1935 ـ يىلىنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى مەركىزىي سىياسەتنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولمىدى. 1933 ـ يىلى ئېغىر كرىزىس ۋە ئۈمىدسىز كەيپىياتقا قارىتا، كەسكىن ئىقتىسادىي تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، كرىزىسنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئېغىر كرىزىس پەيدا قىلغان جاراھەتلەر داۋالاندى. 1935 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىقتىساد مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كېلىپ ئاۋامنىڭ كەيپىياتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى ئىختىلاپلار كۈنسېرى كۈچىيىپ، ئىقتىسادنى تىزگىنلەش خاھىشى سۇسلاشتى. شۇڭا، 1935 ـ يىلىدىن كېيىن، يېڭى سىياسەتنىڭ مەزمۇنى ئۇزاق مەزگىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە بۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا، يېڭى سىياسەتنى يۈرگۈزۈۋاتقانلار دەسلەپكى مەزگىلدە ئەمەل قىلغان بازارنى كونترول قىلىش نەزەرىيەسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، كاينىس تەلىماتىنى تېخىمۇ روشەن قوبۇل قىلىپ، قوشما ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشى، يېڭى قائىدە ـ تۈزۈم بېكىتىش، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مايىل بولدى. 1939 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياۋروپا ئاسمىنىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلاپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتى دىپلوماتىيە سىياسىتىگە بۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن يېڭى سىياسەت دەۋرى ئاخىرلاشتى.

**يېڭى سىياسەتكە باھا** 1933 — 1939 ـ يىللىرى روزۋېلت ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن تۈرلۈك يېڭى سىياسەتلەر ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە

www.uyghurkitap.com

دېگۈدەك چېتىلدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىنى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش، كىرىزىس ئېلىپ كەلگەن يامان ئاقىۋەتلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېنىكلىتىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، بەزىلىرى كاپىتالىزمنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك نىشانىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. گەرچە روزۋېلت ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى يېڭى سىياسەتنى ئومۇمىيۈزلۈك دەلىللىمىگەن ھەم مۇكەممەل نەزەرىيە ئاساسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يېڭى سىياسەتتە ئىپادىلەنگەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىش خاھىشى روشەن بولدى. ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىشنى كۈچەيتىش، ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە ماس كەلمەيدىغان ھالقىلارنى قىسمەن تەڭشەش، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات جەريانىدىكى سەلبىي تەسىرلەرنى چەكلەپ ئىقتىسادنى تېخىمۇ راۋان تەرەققىي قىلدۇرۇش — يېڭى سىياسەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تۈپ نىشانى بولدى.

يېڭى سىياسەت ئىقتىسادىي كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە جىددىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ سىياسەتنىڭ بىۋاسىتە ئۈنۈمى ئامېرىكىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زور ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قېلىپ، كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقى بولدى. 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئامېرىكىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي ساھەلىرىدىكى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇقىم ئۆرلىدى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1933 ـ يىلىدىكى 141 مىليارد 500 مىليون دوللاردىن 1939 ـ يىلى 204 مىليارد 900 دوللارغا يەتتى، ئىشسىزلارنىڭ سانى 12 مىليوندىن 1939 ـ يىلى 8 مىليونغا تۆۋەنلىدى. يېڭى سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى مىليونلىغان كىشىلەرنى خىزمەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ،

ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە ئىجتىمائىي تەقسىماتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىدى؛ مونوپول كاپىتالىنىڭ بىخەتەر ۋە ئۇنۇملۇك ھالدا يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، نامرات ئىشسىزلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيەسىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ، كىرىزىس مەزگىلىدە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇپ، ئامېرىكىنى كەسكىن ئىجتىمائىي داۋالغۇشتىن ساقلاپ قالدى.

بۇ چوڭ كىرىزىس گۈللەنگەن مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەۋلاد ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن بىر چوڭ زەربە بولدى. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان كەڭ دائىرىلىك ئىشسىزلىق، ئۆچرەتتە تۇرۇپ قۇتقۇزۇش بويۇملىرىنى ئېلىش، ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈش ئامېرىكا خەلقىنى نىمە قىلىشىنى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. كىرىزىس ئۇلارنىڭ ئۆز ئىستىقبالى ۋە قىممەت قارىشىغا بولغان ئىشەنچىسىنى زەربىگە ئۇچراتتى، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ تۈزۈمى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ تەۋرىتىپ قويدى. ئاۋامدىكى بۇ خىل كەيپىيات فاشىزم ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىمكان يارىتىپ بەردى. كىرىزىس ئەڭ ئېغىرلاشقان مەزگىلدە، ئامېرىكىدا «ئاق چاپانلىقلار ئۇيۇشمىسى» ۋە «قارا چاپانلىقلار ئۇيۇشمىسى» دېگەندەك فاشىستىك تەشكىلاتلار پەيدا بولدى. يېڭى سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى كىرىزىسنى يېنىكلىتىپلا قالماي، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ دۆلەت تۈزۈمىگە بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، فاشىزمنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمگە بولغان تەھدىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالدى، بۇلار كېيىن ئامېرىكىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئاساس سالدى.

تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يېڭى سىياسەت ئامېرىكىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئىسلاھات

يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدى. ئاپەت خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي كرىزىس ئالدىدا، يېڭى سىياسەت ئالدىنقى ئۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەر چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ھەممە ساھەنى ئەركىن قويۇۋېتىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا كەڭ كۆلەمدە ئارىلىشىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەردى. يېڭى سىياسەتنى يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئامېرىكىنىڭ ئەنئەنىسى، تۈزۈمىنى قوغداپ قېلىش ئىدى. بۇ سىياسەت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەپ، ئامېرىكىنى دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمى يولىغا باشلاپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئاساسەن بېكىتىپ بەردى.

## 3 ـ بۆلۈم كرىزىس مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە

**ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كرىزىسقا قارشى تەدبىرلىرى** 1929 ـ يىلى ۋال كوچىسىدىكى پاي چېكى بازىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن باشلانغان دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس 1930 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەنگلىيەگە يېتىپ كەلدى. 1932 ـ يىلى ياز ـ كۈز ئارىلىقىدا ئەنگلىيەدە كرىزىس ئەڭ ئېغىر باسقۇچقا كىردى. 20 ـ يىللاردا ئەنگلىيەدە باشقا دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلمىگەنىدى، ئۇزاق داۋاملاشقان ئىشسىزلىق مەسىلىسى كرىزىس تەسىرىدە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر خىزمەت تېپىشتىن

ھېچقانداق ئۈمىد يوق ئەھۋال ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. 1929 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئەنگلىيەدىكى ئىشسىزلار 1 مىليون 326 مىڭ بولغان بولسا، 1930 ـ يىلى 12 ـ ئايغا كەلگەندە 2 مىليون 500 مىڭغا يەتتى. 1931 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە ئىشسىزلارنىڭ سانى 3 مىليوندىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىدى. كرىزىسنىڭ ئەنگلىيە يېزا ئىگىلىكىگە بولغان زەربىسى بىرقەدەر ئېغىر بولدى، 1930 — 1932 ـ يىللاردا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى 34% چۈشۈپ كېتىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېغىر ھالدا تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كرىزىس دۇنيا بازىرىغا ئېغىر ھالدا تايىنىپ قالغان ئەنگلىيە تاشقى سودىسىغىمۇ زور زىيان سالدى. ئېكسپورت سودىسى كېمىيىپ، خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمدا تۈنجى قېتىم پاسسىپ بالانس كۆرۈلدى، 1931 ـ يىلى خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمدىكى پاسسىپ بالانس 100 مىليون فوند ستېرلىڭغا يېتىپ، فوند ستېرلىڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى مۇقىم ئورنى قاتتىق تەۋرىنىپ قالدى.

1925 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى سايلامدا مەغلۇپ بولۇپ، ماك دونالدنىڭ لىيبورىستلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. يېڭى ھۆكۈمەت ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە شىركەتلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى ۋە بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ئىشسىزلارغا قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ماك دونالد ھۆكۈمىتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كرىزىسنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلەلمەي، پەقەت ئەنئەنىۋى سىياسەتلەر ئىچىدىن چىقىش يولى ئىزدەپ، خامچوت قىزىل رەقىمى پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق تەدبىرنى قوللىنىشنى رەت قىلدى. كرىزىس ئالدىدا، ھۆكۈمەت خىراجەتنى قىسقارتىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى ئازايتىپ،

ۋاستىلىك باجنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ تەدبىرلەر خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، 1931 - يىلى 8 - ئايدا لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئىستېپا بەردى. ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى V نىڭ تەلىپى بىلەن، ماك دونالد كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ، لىبېراللار پارتىيەسى ۋە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى قاتناشقان ئاتالمىش «مىللىي ھۆكۈمەت» تەشكىللىدى. بۇ يېڭى ھۆكۈمەت بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. ئەمما، ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولغان قەغەز پۇلنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇش دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ، كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاساسلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى بولدى. نەتىجىدە بىر فوند ستېرلىڭنىڭ قىممىتى 4.86 ئامېرىكا دوللىرىدىن 3.4 ئامېرىكا دوللىرىغا تۆۋەنلەپ، فوند ستېرلىڭنىڭ كۇرسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى، فوند ستېرلىڭنىڭ خەلقئارا بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئېكسپورتنى كۆپەيتىشكە توغرا كەلدى. كۇرسى چۈشكەن فوند ستېرلىڭنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە ئەزا دۆلەتلەر ۋە باشقا بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن فوندستېرلىڭ گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. بۇ دۆلەتلەر ئۆز ئارا سودىلاشقاندا فوندستېرلىڭ بىلەن ھېسابات قىلدى. 1932 - يىلى ئوتتاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ئىمپېرىيە يىغىنىدا، ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ دومىنىئونلىرى فوند ستېرلىڭ گۇرۇھىغا ئەزا بەزى دۆلەتلەر ئۆز - ئارا سودىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزۈش، خەلقئارا بازاردا ئەنگلىيەنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن بولغان رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاموژنا بېجىدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىلەن گەرچە فوند ستېرلىڭنىڭ ئالتۇن بىرلىكى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما فوند ستېرلىڭ دۇنيا سودا ئوبوروتىدا40% ~ 50% ئۈلۈشنى ئىگىلىدى.

ئېغىر يېزا ئىگىلىك كىرىزىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، ئامال قىلىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، چەت ئەل يېمەكلىكىگە بولغان تايىنىشچانلىقنى يېنىكلەتتى. 1931 ـ يىلى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى قانۇنىنى ماقۇللاپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بازىرىنى قايتىدىن تەشكىللىمەكچى بولدى. ئەمما، يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارنى تىزگىنلەش قىيىن بولغانلىقتىن، ئەركىن سودا شارائىتىدا، ئاشلىقنىڭ باھاسى دۇنيا بازىرىدىكى تېخىمۇ تۆۋەن ئاشلىق باھاسىنىڭ تەسىرى ۋە كونتروللۇقىغا ئۇچرىدى. دۆلەت ئىچىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا چەك قويۇشقا توغرا كەلدى. ئەنگلىيە دۆلەت ئىچىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بازىرىنى قوغداش ئۈچۈن، 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 — 40 ـ يىللىرىدىن بۇيان يولغا قويۇپ كەلگەن ئەركىن سودا سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، قوغداش تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. 1932 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، «ئىمپورت بېجى قانۇنى» نى ماقۇللاپ، ئاز ساندىكى ئىمپورت تاۋارلاردىن باشقا، بارلىق ئىمپورت تاۋارلىرىدىن 10% تاموژنا بېجى ئېلىشنى، ئەنگلىيە تاۋارلىرىغا قارىتا كەمسىتىش تەدبىرلىرىنى قوللانغان دۆلەتلەرنىڭ تاۋارلىرىدىن بولسا 100 % تاموژنا بېجى ئېلىشنى بەلگىلىدى. ئىمپورت بېجى قانۇنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تاشقى سودىدىكى ئېغىر پاسسىپ بالانس ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش بولدى.

سانائەتتە، ئەنگلىيەنىڭ ھەرقايسى سانائەت تارماقلىرىنىڭ

www.uygurkitap.com

تەرەققىياتى تەكشىسىز ئىدى. توقۇمىچىلىق، كۆمۈر قېزىش، پولات تاۋلاش، كېمىسازلىق قاتارلىق سانائەتلەر 19 ـ ئەسىردە دۇنيا بازىرىغا ماسلىشىش ئېھتىياجىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلارنى تەڭشەش ۋە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپتىن تەڭشەش ئېلىپ باردى. بىرىنچىدىن، تاشيول، تۆمۈر يول، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى قاتارلىق ئاممىۋى ساھەلەرگە بولغان باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇردى؛ ئىككىنچىدىن، كۆمۈر قېزىش، پولات تاۋلاش، كېۋەزچىلىك، كېمىسازلىق ساھەسىدىكىلەر بىلەن مەھسۇلاتنىڭ باھاسى، مىقدارى، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى قاتارلىقلارنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، نېفىت قېزىشنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش لايىھەسىنى ماقۇللىدى.

1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلىرىدا ياخشىلىنىش بولدى، ئەمما ئىشسىزلىق مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر بولدى. 1931 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مىللىي ھۆكۈمەت ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپلا ئىشسىزلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى 10% قىسقارتىپ، ھۆكۈمەت چىقىمىنى تېجىدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا «نامراتلارنى ئېنىقلاش قانونى» نى يولغا قويۇپ، ھەر يىللىق ئىشسىزلار ياردەم پۇلىدىن 30 مىليون فوند ستېرلىڭنى قىسقارتتى، بۇنىڭدىن ئىشچىلار نارازى بولۇپ قوزغىلىپ كۈرەش قىلدى. 1930 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ سانى 300 مىڭغا، 1931 ـ يىلى 500 مىڭغا يەتتى. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لوندوندا 150 مىڭ ئىشچى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى تۇردى، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىشچىلار كۆپ قېتىم «ئاچ قالغانلار قوشۇنى» نى تەشكىللەپ پايتەختكە باردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1926 ـ يىلىدىكى ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاشنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن

قورقۇپ، 1935 ـ يىلى ئىشسىزلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى قايتىدىن بېكىتتى. ئىشسىزلىق مەسىلىسى ئەسكەر قوبۇل قىلىش يولىغا قويۇلغان ۋە ھەربىي تەييارلىق قايتىدىن تەڭشەلگەندىن كېيىن ئاندىن خېلى ياخشىلاندى.

ئىشسىزلارنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋالى ۋە ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىدىن فاشىستلار ئاسان پايدىلىنىپ كەتتى. ئەنگلىيەدەك مۇشۇنداق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئەنئەنىسى ئىنتايىن كۈچلۈك دۆلەتمۇ فاشىزمنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئۆزىنى تولۇق چەتكە ئالالمىدى. 1932 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سابىق لىبېبورىستلار پارتىيەسىدىن بولغان ۋەزىرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى — سىر ئوسۋالد موسلېي تورلۇك فاشىست تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنگلىيە فاشىستلار ئىتتىپاقىنى قۇردى ۋە ھەرقايسى جايلاردا يەرلىك تەشكىلاتلارنى تەسىس قىلدى. بۇ تەشكىلات «كۆندىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ قوللىشىغا ۋە ئىتالىيەنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ «مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرۇش» ئۇسۇلىنى دورىماقچى بولدى. ئەمما، بۇ تەشكىلاتنىڭ تەسىرى ۋە رولى نىسبەتەن كىچىك بولۇپ، ئەنگلىيە سىياسىيسىغا تەھدىت پەيدا قىلالمىدى. 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، بۇ تەشكىلات لوندوندا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ سىياسەتلىرىنى چەكلەش شوئارلىرىنى توۋلاپ، ساقچىلار ۋە سول قانات ئامما بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەشكىلات قايتا باش كۆتۈرەلمەي، فاشىست كۈچلەر زاۋاللىققا يۈزلەندى.

1935 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغان ماك دونالد ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ستانلىبېي بالدۋىن باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن نېۋىللى

چېمبېرلېن تەختكە چىقىپ ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ھۆكۈمەت ئاتاقتا گەرچە ئىزچىل بىرلەشمە ھۆكۈمەت بولسىمۇ، بالدۋىن، چېمبېرلېن، چېرچىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىن چىققان باش ۋەزىرلەر ئىدى، مۇشۇ مەزگىلدە ئەنگلىيەگە ئاساسەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چېمبېرلېن تەختكە چىققاندا، ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى يامانلىشىپ كەتكەن، ئەنگلىيە ھەربىي ھازىرلىقنى قايتا تەكشۈرۈشقا، ئىچكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت يەنىلا ناچار ئىدى. چېمبېرلېن ماداراچىلىق دىپلوماتىيەسى ئارقىلىق دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلار يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىماقچى بولدى. ئۇ ئىلگىرىكى باش ۋەزىرلەرنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى سۇرۇشتەرمەسلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئەنگلىيە پارلامېنتى ۋە ھۆكۈمىتى چېرچىل باشچىلىقىدىكى گېرمانىيەگە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇش تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى چەتكە قېقىپ، ئاتالمىش «ياۋروپا مەسىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىش» ماداراچىلىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ماداراچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، ياۋروپانىڭ رېئال ھالىتىنى ساقلاش، ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىدى. كونكرېت ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى بولسا، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئەنگلىيەنىڭ بەزى مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇش ئارقىلىق «ئاپەتنى شەرققە باشلاپ»، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ توپ مەنپەئەتىنى قوغداش ئىدى.

چېمبېرلېن هۆكۈمىتى ماداراچىلىق دىپلوماتىيەسى ئارقىلىق ئۇرۇشتىن ساقلانماقچى بولدى، ئەمما بۇ ئۇسۇلنىڭ نەتىجىسى سۈبيېكتىپ ئارزۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى، يەنى گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى بىلەن كۈچ سىنىشىشتا، ئەنگلىيە باشتىن ـ ئاخىر پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. بىر قاتار ماداراچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن، ئەنگلىيە يەنىلا ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ قېلىپ، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خېلى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ماداراچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق ئىجراچىسى بولغان چېمبېرلېنمۇ 1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيە قوشۇنى غەربىي سەپتىن ھۇجۇم قوزغىغاندا، ھاكىمىيەت ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ ئەيىبلەش سادالىرى ئىچىدە «گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى»، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆلدى.

**فرانسىيەنىڭ كرىزىس مەزگىلىدىكى سىياسىي ۋەزىيىتى** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، فرانسىيە گېرمانىيەدىن نۇرغۇن تۆلەم پۇل ئېلىۋالدى. 20 ـ يىللاردا فرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مۇقىم ۋە تەكشى بولۇپ، ئەنگلىيەگە ئوخشاش ئېغىر ھالدا خەلقئارا بازارغا تايىنىپ قالمىدى. ئىشسىزلىق مەسىلىسىمۇ ئەنگلىيەدىكىدەك ئېغىر بولمىدى. شۇڭا، 1929 — 1930 ـ يىللاردا، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەر كرىزىس ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقاندا، فرانسىيە يەنىلا 20 ـ يىللاردىكى گۈللىنىشتىن بەھرىلىنىپ يۈردى. ئەمما، فرانسىيە ئۆزىنىڭ بالايىئاپەتتىن ئامان قالغانلىقىدىن شادلىنىپ يۈرۈۋاتقاندا، كرىزىس ئاستا ـ ئاستا قىستاپ كەلدى. 1930 ـ يىلى 11 ـ ئايدا فرانسىيە ئوستىرىك بانكىسىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن فرانسىيەدە ئىقتىسادىي كرىزىس باشلاندى.

فرانسىيەگە ئىقتىسادىي كرىزىس كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن داۋاملاشتى. 1933 ـ يىلى ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر كرىزىستىن قۇتۇلۇپ ئەسلىگە كېلىۋاتقان

چېغىدا، فرانسىيە ئىقتىسادى 1932 ـ يىلىدىكى قىسقا ۋاقىتلىق ياخشىلىنىشتىن كېيىن يەنە داۋاملىق يامانلاشتى. كىرىزىس 1936 ـ يىلىغىچە داۋاملىشىپ، فرانسىيە ئىقتىسادىغا ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى، نۇرغۇن كارخانا، بانكىلار تاقىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سودا زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇمۇمىي قىممىتى 1929 ـ يىلى 100% بولغان بولسا، 1932 ـ يىلى 69% كە، 1935 ـ يىلى 67.4 % گە چۈشۈپ قالدى. كىرىزىسنىڭ يېنىك سانائەت ساھەسىگە بولغان زەربىسى ئەڭ زور بولۇپ، 1929 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە تەخمىنەن 130 توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋەيران بولدى. كىرىزىس يەنە 1928 ـ يىلىدىن كېيىن ئىزچىل مۇقىم بولۇۋاتقان فرانسىيە مالىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مالىيە كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇۋەتتى، مالىيە قىزىل رەقەمى يىلمۇ يىل ئۆرلەپ، خەلقئارا سودىدىكى پاسسىپ بالانس ئېشىپ كەتتى. ئەمما، كىرىزىس ھارپىسىدا ۋە كىرىزىسنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، چەت ئەللەردىن نۇرغۇن ئالتۇن فرانسىيەگە ئېقىپ كىرگەچكە، باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، فرانسىيەنىڭ بانكا سىستېمىسىدىكى داۋالغۇش ئانچە چوڭ بولمىدى. كىرىزىس فرانسىيە ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نۇرغۇن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى ۋە ئۇششاق سودىگەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. نۇرغۇن دېھقانلار تېرىلغۇ يەرلىرى ۋە مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ، كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئازىيىپ كەتتى. 1935 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى 1 مىليونغا يەتتى. بۇ سان تېخى يېزىلاردىكى نۇرغۇن يوشۇرۇن ئىشسىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى.

فرانسىيە 3 ـ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، سىياسىي ۋەزىيەت ئىزچىل مۇقىم بولماي كەلدى، 3 ـ جۇمھۇرىيەت

قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 65 يىلدا 95 ھۆكۈمەت ئالماشتى. ئىقتىسادىي كرىزىس فرانسىيە جەمئىيىتىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقى ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇشىنى كۈچەيتىۋەتتى. كرىزىس مەزگىلىدە، فرانسىيە ھۆكۈمىتى كرىزىسقا تاقابىل تۇرغۇدەك ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى تېپىپ چىقالماي، پەقەت ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خىراجەتنى تېجەپ، ئىش ھەققىنى كېمەيتىپ، پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى، بۇ ئۇسۇللار فرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، فرانسىيەنى ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇققا پاتۇرۇپ قويدى. ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار كرىزىس يۈكىنى خەلقنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويغاچقا، خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى ئېغىرلاپ كەتتى، بۇرژۇئازىيە سىنىپىمۇ ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ كېچىكىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ھۆكۈمەتكە نارازى بولۇپ، بىر كۈچلۈك مەمۇرىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئارزۇ قىلدى. فاشىزم مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتتا يامراشقا باشلىدى.

كرىزىس مەزگىلىدە، فرانسىيەدە «ئوتلۇق كرېست ئىتتىپاقى»، «فرانسىيە ھەرىكىتى ئىتتىپاقى»، «ياش ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىتتىپاقى»، «فرانسىيە ئىتتىپاقى» دېگەندەك فاشىستىك تەشكىلاتلار پەيدا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە پولكوۋنىك دېلاروك رەھبەرلىكىدىكى ئوتلۇق كرېست ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولدى. بۇ تەشكىلات دەسلەپتە ئۇرۇشتا كرېست ئوردېنغا ئېرىشكەن ئوفىتسېرلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، كېيىن تۈرلۈك رادىكاللارمۇ ئەزا بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. 1934 ـ يىلى باھاردا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى 35 مىڭ بولغان بولسا، 1935 ـ يىلى 200 مىڭغا، 1936 ـ يىلى 450 مىڭغا يەتتى. بۇ فاشىستىك تەشكىلاتلارنىڭ كۆپ قىسمى

پارلامېنت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ھۆكۈمەت بىر خامچۇت ئىسلاھاتى لايىھەسىنى ماقۇللىماقچى بولۇۋاتقاندا، «ستاۋىسكىي ۋەقەسى» يۈز بەردى. فىرانسىيە تەۋەلىكىدىكى بېلوروس ستاۋىسكىي پاي چېكى تارقىتىپ پۇل مۇئامىلە ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نەچچە مىڭ پۇل ئامانەت قويغۇچىنى ۋەيران قىلىش ھېسابىغا ئۆزى 1 مىليارد 500 مىليون فىرانك پايدا ئالدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ مەمۇرىي ساھە، ئەدلىيە ساھەسىدىكى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە پارا بېرىپ، جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلماقچى بولدى. بۇ ئىش ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىكىنى ئاشكارىلاپ، بىر مەزگىل زىلزىلە قوزغىغان سەتچىلىككە ئايلاندى. فاشىستلار بۇنى باھانە قىلىپ پارلامېنت تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئوتلۇق كىرىېست ئىتتىپاقىنىڭ 20 مىڭ ئەزاسى پارلامېنت بىناسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، جۇمھۇرىيەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. مۇشۇ جىددىي پەيتتە، پارىژ ئىشچىلىرى نامايىش قىلىپ، ئىشچىلار ۋە ساقچىلار بىلەن توپىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى، بۇنىڭ بىلەن فاشىستلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستى ئىشقا ئاشمىدى. «6 ـ فېۋرال ۋەقەسى» دىن كېيىن، دالادىر ھۆكۈمىتى ئىستىپا بېرىپ، دۇمايگ «مىللىي بىرلىك» ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. بۇ ھۆكۈمەت 1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئىسلاھات پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ تەختتىن چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى كابىنېت ناھايىتى تېز يەڭگۈشلىنىپ، 1936 ـ يىلىدىكى پارلامېنت سايلىمىغىچە ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەر فىرانسىيەنىڭ ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى زادىلا ھەل

قىلالمىدى.

خەلق سېپى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھاتى خەتەرلىك ئىجتىمائىي ۋەزىيەت فىرانسىيەدىكى سول قانات كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشىگە تۈرتكە بولدى. فاشىست كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، «6 ـ فېۋرال ۋەقەسى» دىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى فىرانسىيە سوتسىيالىلار پارتىيەسى بىلەن كومپارتىيە بىرلىكتە فاشىستلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قوزغىدى، بۇ ھەرىكەتكە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 5 مىليون ئىشچى ئاۋاز قوشتى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا، سوتسىياللار پارتىيەسى بىلەن كومپارتىيە فاشىستلارغا قارشى بىر تۈتاش ھەرىكەت قىلىش ئەھدىنامىسى تۈزدى. 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، كومپارتىيەنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارىژدا ھەرقايسى سول قانات پارتىيە ـ گۇرۇھلار قاتناشقان فاشىستلارغا قارشى يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا، فاشىستلارغا ۋە يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىغا قارشى خەلق سېپى تەشكىللەش قارار قىلىندى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈچ چوڭ سول قانات پارتىيە — سوتسىياللار پارتىيەسى، رادىكاللار پارتىيەسى، كومپارتىيە ۋە بىرلىككە كەلگەن باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىنسانىي ھوقۇق ئىتتىپاقى قاتارلىق نەچچە ئون گۇرۇھ خەلق سېپىنى تەشكىللىدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن 2 مىليون كىشى خەلق سېپىنى قوللاپ نامايىش ئۆتكۈزدى. خەلق سېپى ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان قانۇن چىقىرىش، 200 پۇل مۇئامىلە جەمەتىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەنى كونترول قىلىۋېلىشىغا خاتىمە بېرىش، فىرانسىيە بانكىسى ۋە ھەربىي سانائەتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش، تۈرلۈك فاشىستىك تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى ئۆز پىروگراممىسى

www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېكىتتى. بۇ پىروگراممىدا ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىلارنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ فاشىستلارغا، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان پىروگرامما بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 1936 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت سايلىمىدا، خەلق سېپى 610 ئورۇننىڭ 381 ىگە ئېرىشتى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوتسىياللار پارتىيەسىدىن بلۇمنىڭ باشچىلىقىدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق سېپى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

خەلق سېپىنىڭ غەلىبىسى، ئىشچىلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تېزرەك ياخشىلاش ئارزۇسىنى پەيدا قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىشچىلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ جىم ئولتۇرۇۋېلىش شەكلى ئارقىلىق ئىش تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىش تاشلاش دولقۇنى قوزغالدى. بلۇم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزدى. ئۇ ئالدى بىلەن خوجايىنلار ئۇيۇشمىسى ۋە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئۈندەپ، «مارتىفون كېلىشىمى» نى ھاسىل قىلدى بۇ كېلىشىمدە، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى 7% ~ 15% ئۆستۈرۈش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى بارلىق ئىشچىلارغا ۋاكالىتەن خوجايىنلار بىلەن توختام تۈزۈش، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى كېمەيتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ھەپتىلىك ئىش ۋاقتىنى 40 سائەتكە چۈشۈرۈش بەلگىلەندى. بۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قولغا كەلتۈرگەن خېلىلا چوڭ غەلىبە ئىدى. بلۇم يەنە پارلامېنتقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ كوللېكتىپ توختام قانۇنىنى ماقۇللاپ، قانۇن شەكلى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ، كاپىتالىستلار بىلەن

ئىشچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بلۇم ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ساھەگە ئارىلىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ فىرانسىيە بانكىسىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتتى ۋە بىر قىسىم ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. ھۆكۈمەت يەنە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۆششاق سودىگەرلەر ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالاشتۇرۇپ سېتىپ قەرزگە ھېسابلاشنى مەنئى قىلىپ، مەبلەغ قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا ئېتىبار خاراكتېرىدىكى قەرز پۇل بەردى، شۇنداقلا فاشىستىك تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋەتتى.

بلۇم ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ پىروگراممىسىنى «فىرانسىيەنىڭ يېڭى سىياسىتى» دەپ ئاتىدى، فىرانسىيە ئىشچىلىرى خەلق سېپىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنى «يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى» دەپ ئاتاشتى. ئەمما، بلۇمنىڭ ئىسلاھاتى كونسېرۋاتىپلارنى قورقۇنچقا سېلىپ قويدى، ئۇلار بلۇمدىن كېيىن فىرانسىيەدىمۇ بىر لېنىننىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشتى، ھەتتا كاتولىك دىنىدىكى فىرانسىيەنىڭ بىر سولچى سوتسىيالىزمچىنىڭ قولىغا قالغانلىقىغا ئاھ ئۇرۇشتى. ئۇلار ئىسلاھاتنى توسۇش ئۈچۈن، «كاپىتالنى سىرتقا يۆتكەپ»، نۇرغۇن ئالتۇننى چەتئەلگە توشۇپ فىرانكنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئوڭچىلار نىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئوڭچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان مالىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بلۇم پارلامېنتتىن ھۆكۈمەتكە ۋاقىتلىق ھالدا «بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىش» ھوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما كونسېرۋاتىپلار كۆپ بولغان كېڭەش پالاتاسى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق سېپىنىڭ پىروگراممىلىرىنىڭ داۋاملىق ئىجرا قىلىنىشى تەسكە چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

1937 - يىلى 3 - ئايدا، بلۇم خەلق سېپىنىڭ پىروگراممىلىرىنى ئىجرا قىلىشنى «ۋاقىتلىق توختىتىلىدىغانلىقى»نى جاكارلىدى، 6 - ئايدا ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بلۇمدىن كېيىن شاۋتېمپ بىلەن دالادىر تەختكە چىقىپ، فىرانسىيەنىڭ سىياسىيسىنى ئوڭچىل يۆنىلىشكە بۇرىدى. دالادىر ھۆكۈمىتى بلۇمنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، 40 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. ئىشچىلار بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلىغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. خەلق سېپىنىڭ پىروگراممىسى گەرچە تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ فىرانسىيە كىرىزىستا تۇرۇۋاتقان مۇھىم پەيتتە بىر يىل ئىجرا قىلىنىپ، فاشىزمنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىپ، فىرانسىيەنى فاشىزم يولىغا مېڭىشتىن ساقلاپ قالدى.

## 4 - بۆلۈم ياۋروپادىكى ئۇرۇش مەنبەسىنىڭ شەكىللىنىشى

**ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋە ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى**

20 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئاساسەن داۋېس پىلانىدىن كېيىن گېرمانىيەگە كۆپ مىقداردا كىرگەن ئامېرىكا كاپىتالىنىڭ شارائىتىدىن بولدى. 1929 - يىلى ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە تۇرغۇن كاپىتالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، بۇ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ ھازىرقى زامان پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى پۇل مۇئامىلە كىرىزىسىنىڭ تۇنجى تۇركۈمدىكى قۇربانىغا ئايلاندى. گېرمانىيە 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاچقا، بارلىق

مۇستەملىكە زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىدى ھەم تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئىچكى بازىرىنى قوغدىيالمىغانىدى، شۇڭا كرىزىسنىڭ گېرمانىيەگە بولغان زەربىسى ناھايىتى چوڭ بولدى. چەت ئەللەردىكى قەرز ئىگىلىرى قەرز قايتۇرۇشقا مەجبۇرلىغانلىقتىن، نۇرغۇن بانكا ۋە كارخانىلار ۋەيران بولدى، 1931 ـ يىلىلا ئون مىڭدىن ئارتۇق بانكا ۋە كارخانا ۋەيران بولدى. كرىزىس مەزگىلىدە، گېرمانىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يېرىم ھەسسە دېگۈدەك كېمىيىپ، پولات مەھسۇلاتى 73.1%، كۆمۈر مەھسۇلاتى 46%، ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتى 73% تۆۋەنلەپ، ئىشسىزلارنىڭ سانى 7 مىليونغا يېقىنلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىكىدىكى كرىزىسمۇ ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ، نۇرغۇن ئوششاق دېھقانلار ۋەيران بولدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى 30% تۆۋەنلەپ، ئېكسپورتمۇ يېرىمىدىن كۆپرەك ئازىيىپ كەتتى.

مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر كرىزىسقا قارىتا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۈنۈملۈك تەدبىر تاپالمىدى، پەقەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئىچىدىن تەدبىر ئىزدىدى. خىراجەتنى كېمەيتىپ، خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى، قۇتقۇزۇش پۇلىنى ۋە كۈتۈنۈش پۇلىنى قىسقارتىپ، دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى ئۆستۈرۈپ، كاپىتالىستلارنى 10 مىليارد مارك ياردەم پۇلى ۋە قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان گېرمانىيە خەلقى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

ئېغىر كرىزىس ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت كەينى ـ كەينىدىن ئالماشتى. 1928 — 1933 ـ يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت ھۆكۈمەت ئالماشتى،

www.uyghurkitap.com

ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەر مالىيە قىيىنچىلىقى ۋە ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالماي، جەمئىيەت داۋالغۇش ھالىتىدە تۇردى. مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە، گېرمانىيەدىن ئىبارەت بۇ دېموكراتىيە ئەنئەنىسى نىسبەتەن ئاجىز دۆلەتتە، ئاجىز دېموكراتىك تۈزۈلمە ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. پارلامېنت دېموكراتىيەسىدىن ئىبارەت سىياسىي تۈزۈلمە كرىزىسىنىڭ زەربىسىدە غۇلاپ چۈشەيلا دەپ قالدى. دەل مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، گېرمانىيەدە فاشىست كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

گېرمانىيەدىكى فاشىستلار پارتىيەسىنىڭ تولۇق نامى گېرمانىيە مىللىي سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەسى بولۇپ، قىسقارتىلىپ ناتسىستلار پارتىيەسى دەپ ئاتىلاتتى، بۇ پارتىيەنىڭ بايرىقىنىڭ تېگى قىزىل، ئوتتۇرىسىدا ئاق چەمبەر بولۇپ، چەمبەر ئىچىگە قارا رەڭلىك 卐 بەلگىسى چۈشۈرۈلگەنىدى. ھېتلېر: قىزىل رەڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقان سوتسىيالىزمغا، ئاق رەڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە، قارا رەڭ ئارىيانلارنىڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش بۇرچىغا، 卐 بەلگىسى تەربىيە كۆرگەن ئارىيانلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى.

1920 - يىلى، ھىتلېر ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ «25 نوقتىلىق پىروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىروگراممىدا گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ خەلقئارادا ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقى ۋە دۆلەت ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان نارازىلىق ھەم قىساسچىلىق سەۋەب قىلىنىپ، مىللەتچىلىك كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىنى بىكار قىلىپ بۈيۈك گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى قۇرۇش، تېخىمۇ كەڭ زېمىن ۋە مۇستەملىكىلەرگە ئېرىشىش، ماركسىزمنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش تەشەببۇس قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يەر ئىجارىسىنى بىكار قىلىش، يەر - زېمىن ھايانكەشلىكىنى مەنئى

قىلىش، ھايانكەش سودىگەرلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش، بالا ئىشچى ئىشلىتىشنى چەكلەش قاتارلىق تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانلاندى.

1921 - يىلى 10 - ئايدا ھىتلېر جەمئىيەت داشقاللىرى، ئۇرۇشقاق لۈكچەكلەردىن ئاتاكچىلار ئەترىتى تەشكىللىدى. 1925 - يىلى يەنە ئېسئېسچىلار ئەترىتى تەشكىللىدى. بۇلار ئالدى بىلەن ھىتلېرنى قوغدايدىغان قوشۇن بولدى، كېيىن ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى ۋە ھەربىي تەشكىلاتىغا ئايلاندى. 1923 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ھىتلېر فىرانسىيەنىڭ رورغا ئەسكەر چىقارغانلىقى سەۋەبىدىن گېرمانىيە ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىيونخېندىكى بىر پىۋىخانىدا توپىلاڭ كۆتۈردى. توپىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن توققۇز ئاي تۈرمىدە ياتتى. ئۇ تۈرمىدە «مېنىڭ كۈرەشلىرىم» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقتى. بۇ بىر ئافتوبىئوگرافىيەلىك ئەسلىمە بولۇپ، مەسىلىلەر ئىختىيارىي مۇلاھىزە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي ئىدىيەسى بىر قەدەر روشەن ئىدى. بۇ ئىدىيەلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى:

بىرىنچى، «ياشاش ماكانى» نەزەرىيەسىنى كۈچەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، «ھاقارەتلىنىۋاتقان گېرمانىيە پۈتكۈل يەر شارىدا بۇرۇنقىدىنمۇ كەڭ ماكانغا ئىگە بولۇشى كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشاش ماكانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن غەربتىكى ئەشەددىي دۈشمەن فىرانسىيە بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىپ، ئاندىن شەرققە ھۇجۇم قوزغاپ، روسىيەنى ياۋروپا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك، دەپ قارىدى.

ئىككىنچى، ئىرق ئەۋزەللىكى نەزەرىيەسىنى تەرغىب قىلىپ، گېرمان مىللىتى تەڭرىنىڭ ئەركە بالىسى، يەر شارىدىكى ئالىي مىللەت، ئۇلار دۇنياغا خوجا بولۇشى، باشقا مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ يەھۇدىي مىللىتىگە رەھىمسىزلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق

قىلىشى، «ناچار» مىللەتلەرنى چەيلەپ تاشلىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

ئۈچىنچى، «داھىي پىرىنسىپى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەڭ ياخشى دۆلەت تۈزۈمى مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمىدۇر، فىئورېر ھەممىگە مەسئۇل بولۇشى، بارلىق كىشىلەر فىئورېرنىڭ مۇتلەق ھوقۇقىغا بويسۇنۇشى شەرت، دەپ قارىدى.

تۆتىنچى، ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قوراللىق كۈچكە تايىنىپ قۇتۇلۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، «بىز ئەمدى كۆچلۈك ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى ئاياغ ئاستى قىلىنغان زېمىنلارنى ۋەتەن قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغان غايەت زور شەمشەرگە تايىنىشىمىز كېرەك» دەپ قارىدى. ھىتلېرنىڭ قارىشىچە، قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىنىدىغان نىشانلار گېرمانىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا تارتقۇزۇپ قويغان زېمىنلارلا ئەمەس ئىدى، بەلكى «يېڭى گېرمانىيە بۇرۇنقى تېۋتون رىتسارلىرىنىڭ يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، ئۆز شەمشىرى بىلەن خەلقنى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئىگە قىلىپ، مىللەتنىڭ ھەر كۈنلۈك ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك» ئىدى. بۇ كىتاب كېيىن فاشىست گېرمانىيەنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ قالدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 1929 ـ يىلى پارتلىغان ئىقتىسادىي كرىزىس ھىتلېرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان بىۋاسىتە مۇھىم سەۋەب بولىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ھىتلېر ھەر تەرەپكە قاتراپ نۇتۇق سۆزلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ چاغدا گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان، سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ بىر قەدەر مۇقىملىشىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ جار سېلىشى ئانچە تەسىر قوزغىيالمىغانىدى. 1928 ـ يىلىغا كەلگۈچە، ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى 100 مىڭغا يەتمەيتتى، ئۇلار پارلامېنتتىكى 491 ئورۇننىڭ ئاران 12 سىنىلا ئىگىلىگەنىدى.

1929 - يىلى ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلاپ، ئىشچىلارنىڭ يېرىمى ئىشسىز قېلىپ، نۇرغۇن دېھقانلار ۋەيران بولدى. ئوتتۇرا - ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ ھالىمۇ خاراپلىشىپ، تۆنۈگۈنكى بايلار بۈگۈن قاقسەنەم بولۇپ قالدى. ھەتتا بىر بۇ شىددەتلىك بوران - چاپقۇننىڭ زەربىسىدە پاناھ جاي ئىزدەۋاتقان شەھەر - يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئىچىدىن ھەم ھېچنەرسىسى يوق، ئىلاجىسىز ئەھۋالدا قالغان، ھۆكۈمەتكە ئىنتايىن نارازى بولۇۋاتقان، ھازىرقى ئەھۋالنى ياخشىلاشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشسىز ئىشچىلار ۋە ۋەيران بولغان دېھقانلار ئىچىدىن يېڭى ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ تەستە كېلىدىغان بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نەچچە مىڭ ناتسىست تەشۋىقاتچىسىنى ئوتتۇرا - كىچىك شەھەرلەر ۋە كەڭ يېزىلارغا ئەۋەتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ھازىرقى ئەھۋالغا نارازى بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىغا ماس ھالدا قايمۇقتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزىمۇ بىر ئايروپىلاننى ئىجارىگە ئېلىپ، «ئۇچۇپ يۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپ»، ناتسىستلارنىڭ تەشۋىقاتى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتتى.

1930 - يىلى 3 - ئايدا، ناتسىستلار پارتىيەسى «دېھقانلار پىروگراممىسى» نى ئېلان قىلىپ، دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان يەر - زېمىن ھايانكەشلىكىنى توسۇش، يەرنى رەنىگە قويۇش ۋە ئېلىپ - سېتىشنى مەنئى قىلىش، دېھقانلارنىڭ باج - سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ۋە ئۇلارغا قەرز پۇل بېرىش قاتارلىق ئىقتىسادىي ياردەم چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا، يەنە «تېزدىن خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلەش — كرىزىسنى يېڭىش پىروگراممىسى»نى ئېلان قىلىپ، ئىشسىزلارنى ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنى كۆپەيتىش قاتارلىق خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلەش، ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ھەققىدە ۋەدە بەردى. ۋەيران بولغان ئوتتۇرا - كىچىك كارخانا خوجايىنلىرى ۋە

سودىگەرلەرگە قارىتا، مەككار سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، ئىشلىمەي چىشلەيدىغان «ئۆسۈم قۇللۇقى» نى بىكار قىلىپ، تىرىشىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ھاقارەتلىك ئورنىغا نارازى بولۇۋاتقان، قەلبىدىكى مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنى بېسىپ كېلىۋاتقان گېرمانىيەلىكلەرگە قارىتا، ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ۋېرسال شەرتنامىسى ئېلىپ كەلگەن ئار - نومۇسنى يۇيۇپ، بۈيۈك گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىلگىرىكى شان - شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەت بەردى.

مۇشۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى كۆپ ساندىكى گېرمانىيەلىكلەر پىسەنتىگە ئېلىپمۇ قويمايدىغان، نامى چىقمىغان ھىتلېر چوڭ كىرىزىس بولۇۋاتقان پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە، بارغانسېرى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان گېرمانىيەلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنى مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتقۇزىدىغان نىجات يولتۇزىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ نەزىرى ھىتلېرغا ئاغدى. 1929 — 1933 - يىللاردىكى كىرىزىس مەزگىلىدە، ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى 150 مىڭدىن 1 مىليونغا كۆپەيدى.

1930 - يىلىدىكى چوڭ سايلامنىڭ نەتىجىسى گېرمانىيە ۋە ياۋروپانى لەرزىگە كەلتۈردى. پارلامېنتتا كومپارتىيەنىڭ ئورۇن سانى 54 تىن 77 گە، ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ئورۇن سانى 12 دىن 107 گە كۆپەيدى. بۇ نەتىجە، ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ زەربىسىدە گېرمانىيە جەمئىيىتىدە سول قانات كۈچلەر راۋاجلىنىش بىلەن بىللە، ئوڭ قانات كۈچلەرنىڭمۇ شىددەت بىلەن راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەن ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى خىرىسقا دۇچ كەلدى، جۇمھۇرىيەت خەۋپ ئىچىدە قالدى!

جۇمھۇرىيەت كىرىزىسى ۋە ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ تەختكە چىقىشى ھىتلېر كۆپلىگەن سايلىغۇچىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى باستى. 1930 - يىلىدىكى سايلامدىن كېيىن، مونوپول بۇرژۇئازلارمۇ ھىتلېرغا باشقىچە نەزەردە قارايدىغان بولدى. ھىتلېر بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا ھالقىلىق رول ئوينايدىغان مونوپول بۇرژۇئازلارغا يېقىنلاشتى. 1931 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ھىتلېر پىكاپقا ئولتۇرۇپ پۈتۈن گېرمانىيەنى كېزىپ، كارخانا ساھەسىدىكى مۇھىم ئەربابلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. 1931 - يىلى 1 - ئايدا، ھىتلېر دۇسېلدورف كارخانىچىلار كۇلۇبىدا كېلوبو، ھوگىنبېرگ قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق چوڭ كارخانىچى ۋە بانكىرغا ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ پىروگراممىسىنى چۈشەندۈردى. ئۇ نۇتقىدا، ئىقتىسادىي ساھەدە شەخسىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىگەنگە ئوخشاش، سىياسىي ساھەدىمۇ شەخسىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش كېرەك، دېدى. كارخانا ساھەسىدىكىلەرگە شەخسىي مال - مۈلۈك ۋە كارخانىچىلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھەرگىز چېقىلمايدىغانلىقىنى قايتا - قايتا بىلدۈرۈپ، گېرمانىيەدىكى ماركسىزمنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا ۋەدە بەردى. يەنە ئىرق ئەۋزەللىكى نەزەرىيەسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، يېڭى ياشاش ماكانىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەيداندىكى بارلىق كارخانىچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياڭراتتى. ئۇلار ھېتلىر بىلەن ئاسانلا پۈتۈشۈپ قالدى. كىرىزىس داۋالغۇشلىرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان گېرمانىيە مونوپول بۇرژۇئازلىرى ھىتلېرنى قوللاش ھەم كومپارتىيەنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، داۋالغۇۋاتقان ئىچكى سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدىغان، ھەم چەت ئەللەردىن تېخىمۇ كەڭ ياشاش ماكانىنى

www.uyghurkitap.com

ئىگىلەپ، خام ئەشيا مەنبەسى ۋە مەھسۇلات بازىرىنى كېڭەيتكىلى بولىدىغان يامان ئەمەس تالالاش، دەپ قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناتسىست فاشىستلىرى بىلەن مونوپول بۇرژۇئازلارنىڭ بىۋاسىتە ئىتتىپاقى شەكىللىنىشكە باشلىدى. مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، 1930 ــ 1932 ـ يىللىرى، مونوپول كاپىتالىستلار ناتسىستلارغا 70 ~ 90 مىليون مارك ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن.

ھاكىمىيەتنىڭ تۆۋرۈكى ــ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى بولغاچقا، ھىتلېر مۇ ئارمىيەنى تېزرەك ئۆز يېنىغا تارتىشقا تىرىشتى. 1930 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ ئۈچ نەپەر ئوفىتسېرى ئارمىيە ئىچىدە ناتسىستلار ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىش دېلوسىغا چېتىلىپ قېلىپ سوتقا تارتىلدى، ھىتلېر شەخسەن ئۆزى سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بەردى. سوتتا، ئۇ ئاڭلىغۇچىلارغا قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىگە قارشى چىقمايدىغانلىقىغا، مۇبادا ناتسىستلار پارتىيەسى تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت باشقۇرسا، گېرمان مىللىتىنىڭ بوينىغا سېلىنغان ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ كۈچىنى زورايتىدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى گېرمانىيە ئارمىيەسىدە ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان تار مىللەتچىلىك ھېسسىياتى ۋە مىللىي قىساسكارلىق كەيپىياتىنى قايتىدىن قوزغىۋەتتى، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ ئەسلىدىكى ناتسىستلار ئىدىيەسىدىن ھەزەر ئەيلەش پىسخىكىسى ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراش پوزىتسىيەسى بىر قاتلا ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھىتلېر ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىققان ھەربىي تەشكىلات ــ ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ئاتاكىچىلار ئەترىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئارمىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

ھەتلېر بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ھوقۇقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېقىنلىشىۋاتقاندا، جۇمھۇرىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن كىرىزىسنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. 1930 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى سايلام ناتسىستلار پارتىيەسىنى 2 ـ چوڭ پارتىيەگە ئايلاندۇردى. بۇ نەتىجە پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقلار تۈزۈمىنى بۇزۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن پارلامېنت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى بولغان ھەر قايسى پارتىيەلەر پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا كابىنېت تەشكىللەپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈدىغان پىرىنسىپ مەۋجۇت بولماي قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، كاتولىك دىنى مەركىزى پارتىيەسىدىن بولغان بىرونىڭ ھۆكۈمىتى پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي، پۈتۈنلەي پىرېزىدېنت ھىندېنبۇرگنىڭ جىددىي پەرمانلىرىغا تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. بۇنداق جىددىي پەرمانلار 1930 ـ يىلى بەش قېتىم، 1931 ـ يىلى 44 قېتىم، 1932 ـ يىلى 66 قېتىم جاكارلاندى. پارلامېنت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى ۋە مەشغۇلاتى بۇزۇلغانلىقتىن، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ تىكلىنىشىگە پايدىلىق پۇرسەت يارىتىلدى.

1932 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شەرقىي پرۇسسىيە يەر پەرمانى مەسىلىسىدە پىرېزىدېنت بىلەن باش مىنىستىر ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى يۈز بەردى. پىرېزىدېنت ھىندېنبۇرگنىڭ تەلىپى بىلەن باش مىنىستىر بىرونىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش مىنىستىر پاپېن كاتولىك دىنى مەركىزى پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1932 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يېڭى سايلام ئۆتكۈزدى، سايلامدا ناتسىستلار پارتىيەسى يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلىپ، % 37.4 ئاۋازغا ئېرىشتى، پارلامېنتتىكى ئورۇن سانىمۇ 1930 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى 107 دىن 230 غا ئۆرلەپ،

پارلامېنتتىكى 1 ـ چوڭ پارتىيەگە ئايلاندى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى 133 ئورۇنغا، كومپارتىيە 89 ئورۇنغا ئېرىشتى.

ھىتلېر شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ چوڭ پارتىيەنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى. ھىندېنبۇرگ ئۇنى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىششقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، تولۇق مەمۇرىيەت ھوقۇقىنى تەلەپ قىلدى. بۇ، ھىندېنبۇرگنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. كوممۇنىستلار بىلەن ناتسىستلار بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشماي، ھۆكۈمەت پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەچكە، پارلامېنت سىياسىي تۈزۈلمىسى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، باپېن پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، 1932 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يەنە پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى سايلامدا، ناتسىستلار پارتىيەسى 2 مىليون ئاۋازدىن ئايرىلىپ قالدى، پارلامېنتتىكى ئورنىنىڭمۇ 34 ى كېمىيىپ كەتتى. كومپارتىيە بولسا يەنە 750 مىڭ ئاۋازغا ئېرىشىپ، پارلامېنتتىكى ئورنىمۇ 89 دىن 100 گە ئۆرلىدى.

ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ بۇ قېتىمقى سايلامدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى ھىتلېرنى قاتتىق قايغۇغا پاتۇردى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ بولدى، مونوپول بۇرژۇئازلارمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇلار مۇبادا ناتسىستلار پارتىيەسى گۇمران بولسا، ناتسىستلار ئېرىشكەن نەچچە مىليون ئاۋازغا سولچىلار ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە مەنپەئەتى تەھدىتكە ئۇچراشتىن ئەنسىرىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھالقىلىق پەيتتە مونوپول بۇرژۇئازلار ناتسىستلار پارتىيەسىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەردى. ناتسىستلار نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بولۇپ مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدى. ئارقىدىن ساخىت، تىسون، كېلوبو، سىمىنز قاتارلىق چوڭ كاپىتالىستلار ھىندېنبۇرگقا بىرلەشمە



www.uygurkitap.com

ئىمزالىق خەت يېزىپ، «ئەڭ چوڭ مىللىي ھەرىكەت گۇرۇھىنىڭ داھىيسى» ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەپ، مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق تىكلەشنى تەلەپ قىلدى. مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ قوللىشى ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلۇپ، خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئۆڭشىۋېلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولدى.

ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، باپېن يەنىلا ناتسىستلار پارتىيەسى بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولغان بولسىمۇ، ھىتلېرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى ۋە ئۆزى سىقىپ چىقىرىلىپ تەختتىن چۈشۈپ كەتتى. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گېنېرال شلېيچېر باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەندى. ئۇ ناتسىستلار پارتىيەسىنى پارچىلاپ، ناتسىست پارلامېنت ئەزالىرىنى يېنىغا تارتىپ، ناتسىست سولچىلىرىنىڭ داھىيسى ستراسسېرنى مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەش ئارقىلىق، پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقلارنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئەمما، ھىتلېرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ئورۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقلارنىڭ قوللىشى بولمىسا، ئۇ مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق تىكلىيەلمەيتتى. 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، چوڭ بانكىر فون شرودېرنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، ھىتلېر بىلەن باپېن كاتولىك دىنى مەركىزى پارتىيەسى بىلەن ناتسىستلار پارتىيەسى بىرلەشمە ئىچكى كابىنېت تەشكىللەش كېلىشىمىنى تۈزدى. ھىتلېر كاتولىك دىنى مەركىزى پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ ئىچكى كابىنېتتا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشىغا قوشۇلدى. ۋاھالەنكى، مۇشۇ سىياسىي سودا شلېيچېرنى 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ھىندېنبۇرگ ھىتلېرغا ئىچكى كابىنېت تەشكىللەش ھوقۇقى بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

**ناتسىستلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى شۇنداق**

قىلىپ، ھىتلېر خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك «قانۇنلۇق» ۋاستە بىلەن تەختكە چىقتى. ئەمما، ئىچكى كابىنېتتا ناتسىستلارنىڭ ئۈچلا ئەزاسى بولغاچقا، ھىتلېر بۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى، شۇڭا، ئۇ بىر پارتىيە دىكتاتورلۇقىدىكى شەخسىي مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش يولىغا قاراپ ماڭدى.

ھىتلېر ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا، گېرمانىيە ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 14 يىلدىن بۇيان نۇرغۇن زىيانلارنى تارتتى، بۈگۈنكى گېرمانىيە ناتسىستلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك، دېدى. ئارقىدىن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىشى ئۈچۈن، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قايتىدىن سايلام ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

يېڭى پارلامېنت سايلىمىدا ئالدىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھىتلېر ئالدى بىلەن كومپارتىيە ۋە سول قانات كۈچلەرگە ئوت ئاچتى. 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئۇ گېرمانىيە كومپارتىيىسىنىڭ نامايىش ئۆتكۈزۈشىنى مەنئى قىلىپ، گېرمانىيە كومپارتىيىسىنىڭ بېرلىندىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنى پېچەتلىدى. ئاخبارات ساھەسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گېزىت چىقىرىشنى ۋە ئاشكارا يىغىلىش ئۆتكۈزۈشنى ۋاقىتلىق مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى. بۇ بۇيرۇقتا، «دۆلەت ئورگانلىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە داھىينى تىللايدىغان، كەمسىتىدىغان گېزىتلەر ۋە يىغىلىشلار چوقۇم نازارەت قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇلار دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتلىق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن، كومپارتىيىنىڭ تەشۋىقات ـ نەشرىيات ئورگانلىرىلا ئەمەس، بەلكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە كاتولىك دىنى مەركىزى پارتىيىسىنىڭ گېزىت چىقىرىش ھوقۇقىمۇ بىكار قىلىندى. سايلام ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، بارلىق ئاخبارات ئورگانلىرى، ھەتتا رادىيو ئىستانسىسىمۇ

ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن ناتسىستلار پارتىيەسى جامائەت پىكرىنى تېزگىنلىۋالدى.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، ناتسىستلار پارتىيەسى كىشىنى چۆچۈتىدىغان پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. بۇ ئوتنى ئەسلىدە ئاتاكىچىلار ئەترىتى بىلەن ئېسئېسچىلار ئەترىتى گوللاندىيەلىك لۇبېت دېگەن كىشىنى كۈشكۈرتۈپ قويغۇزغانىدى. ھىتلېر بىلەن گورىڭ بۇ ۋەقەنى كومپارتىيەگە ئارتىپ، كومپارتىيەنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلدى. گېرمانىيە كومپارتىيەسىنىڭ داھىيسى تېلمان ۋە گېرمانىيەدە تۇرۇۋاتقان بولغارىيە كومپارتىيەسىنىڭ رەھبىرى دىمىتىروفنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت مىڭدىن ئارتۇق كوممۇنىست قولغا ئېلىندى. 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ھىتلېر «دۆلەت ۋە خەلقنى قوغداش پەرمانى» نى ئېلان قىلىپ، جىددىي ۋەزىيەتنى باھانە قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەمدە دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ۋە ئوت قويۇش جىنايىتىگە بېرىلىدىغان مۇددەتسىز قاماق جازاسىنى ئۆلۈم جازاسىغا ئۆزگەرتىپ، تېررورلۇق ۋەزىيىتى پەيدا قىلدى.

ھەممە جاينى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ۋەزىيەتتە، 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى پارلامېنتتا 120 ئورۇنغا، كومپارتىيە گەرچە ئوت قويۇش ۋەقەسىدە تۆھمەت چاپلىنىپ زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ يەنىلا 81 ئورۇنغا ئېرىشتى. ناتسىستلار پارتىيەسى بارلىق ئىپلاس ۋاستىلەرنى قوللىنىپ 288 ئورۇنغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئومۇمىي ئورۇن سانىنىڭ% 44 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھىتلېر يەنە بىر قېتىم سىياسىي نەيرەڭ ئىشلىتىپ، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە قىلچە پەرۋا قىلماي، كومپارتىيەنىڭ پارلامېنتتىكى ئورۇن سانىنى ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلدى

ھەمدە كاتولىك دىنى مەركىزى پارتىيەسى بىلەن سودىلاشتى. كاتولىك دىنى مەركىزى پارتىيەسى ناتسىستلار پارتىيەسىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ ئورۇن سانىنى 52.5% كە يەتكۈزدى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئىچكى كابىنېتتا بەزى مىنىستىرلىقلارنى ئىگىلەشتەك پايدىغا ئېرىشتى.

1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناتسىستلار پارتىيەسى پارلامېنتنى «ھوقۇق بېرىش قانۇنى» نى ماقۇللاشقا مەجبۇرلىدى. ئاۋاز بېرىشتىن ئىلگىرى، بارلىق كوممۇنىست پارلامېنت ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلاندى. بۇ قانۇندا، باش مىنىستىرغا پارلامېنتتىن ھالقىپ ئىچكى ئىشلار ۋە دىپلوماتىيەگە ئائىت بارلىق مەسىلىلەردە ئۆز ئالدىغا پەرمان چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلەتتى. بۇ ھىتلېرغا تۆت يىللىق مۇستەبىتلىك ھوقۇقى بېرىشتىن دېرەك بېرەتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇ پارلامېنت، ھەتتا پىرېزىدېنتنىڭ ھەرقانداق نازارىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان مۇستەبىت بولالايتتى. نەتىجىدە بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈمى ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ھىتلېر بارلىق مەمۇرىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇ سىياسەت يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى ۋە ھەربىي قوشۇننى پۈتۈنلەي ناتسىستلاشتۇرۇش ئىدى. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ھىتلېر «ھەرقايسى ئىشتاتلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش پەرمانى» نى ئېلان قىلدى. بۇ پەرماندا، پىرۇسسىيەدىن باشقا ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ پارلامېنتى سايلام ئۆتكۈزمەيلا ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيە پارلامېنتى بىلەن بولغان بىردەكلىكىنى ساقلىغىلى بولاتتى. بۇ پەرماندا يەنە ئىشتات

ھۆكۈمەتلىرىگە ئۆز پارلامېنتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەيلا تۈرلۈك نىزاملارنى ئېلان قىلىپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تەڭشەش ھوقۇقى بېرىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يەنە ھەرقايسى ئىشتاتلارنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش خۇسۇسىدىكى 2 ـ پەرمان ئېلان قىلىندى، بۇنىڭدا ئىمپېرىيە تەيىنلىگەن ھەيئەتلەر ئىمپېرىيەنىڭ ۋاكالەتچى ئەمەلدارلىرى سۈپىتىدە ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولىغا ئالىدۇ، ئۇلار ئىمپېرىيەنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئىشتات ھۆكۈمىتىدىكىلەرنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەندى. شۇنداق قىلىپ، ھەرقايسى ئىشتات ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇقىمۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا، ئەمەلىيەتتە ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناتسىستلار ھۆكۈمىتى يەنە «دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈلمىسىنى قايتا تۈرغۇزۇش پەرمانى»نى ئېلان قىلىپ، ئۆز كەسپىدە ئىقتىدارى بولمىغان ياكى ئارىيان ئەمەسلەرنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى ھەم مۇشۇنى باھانە قىلىپ ناتسىست ئەمەسلەرنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى بىرقەدەر يۇقىرى ئورۇنلاردىن سىقىپ چىقىرىۋەتتى.

ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ناتسىستلار ھۆكۈمىتى يەنە بارلىق پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ پائالىيىتىنى مەنئى قىلىپ، ناتسىستلار پارتىيەسىدىن باشقا پارتىيەلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چەكلىدى. گېرمانىيە كومپارتىيەسى 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى سايلامدىن كېيىن يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتى. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىدە ئىزچىل 1 ـ چوڭ پارتىيە بولۇپ كېلىۋاتقان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە مىللىي خەلق پارتىيەسى، دۆلەت پارتىيەسى، خەلق پارتىيەسى، كاتولىك دىنى

مەركىزى پارتىيەسى قاتارلىق بۇرژۇئا سىياسىي پارتىيەلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەركىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 5 ـ ئايدىلا تارقىتىۋېتىلدى. ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قۇرۇلغان «گېرمانىيە ئەمگەكچىلەر فرونتى»غا قاتنىشىشقا مەجبۇر بولدى. بۇرژۇئا پارلامېنت دېموكراتىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان كۆپ پارتىيە تۈزۈمى مانا مۇشۇنداق جۇمھۇرىيەت ئاتاقتا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغدا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى، ناتسىستلار پارتىيەسى گېرمانىيەنىڭ سىياسىي ئىرادىسىنىڭ بىردىنبىر نامايەندىسى بولۇپ قالدى.

ھەربىي قوشۇننى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى. ئاتاكىچىلار ئەترىتى ئەسلىدە ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ قوراللىق كۈچى بولۇپ، ھىتلېرنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ھىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن بۇ ئەترەتنىڭ كۈچى ناھايىتى تېز زورىيىپ كەتتى، بۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى روم ئۆز تۆھپىسىدىن كۆرەڭلەپ، ئاتاكىچىلار ئەترىتى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىش غەرىزىدە بولدى. ئاتاكىچىلار ئەترىتى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى قارشىلىشىپ قالغاندا، ھىتلېر دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنى يېنىغا تارتىش، شۇنداقلا ناتسىستلار تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزى بىلەن قارشىلىشىش ئېھتىمالى بولغان كۈچلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنى قوللىدى. 1934 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ھىتلېر شەخسەن ئۆزى ئېسئېسچىلارنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن مىيونخېنغا بېرىپ، رومغا ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغىماقچى بولدى دېگەن بەتنامنى چاپلاپ، ئۇنى قولغا ئالدى ھەمدە سوراق قىلمايلا ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە ئاتاكىچىلار ئەترىتىنىڭ 1500 ئاتامانىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ياتلارنى يوقىتىش ھەرىكىتى ھەربىي ساھەدىن سىياسىي

ساھەگە كېڭەيدى، ھىتلېرنىڭ سىياسىي رەقىبى، ناتسىستلار پارتىيەسىدىكى سول قاناتلارنىڭ داھىيسى ستراسسېر ۋە سابىق باش مىنىستىر شېلىچېر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ھىتلېرنىڭ چاڭگىلىدىكى پارلامېنت «فىئورېر قانۇنى» نى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن بويىچە، پرېزىدېنت بىلەن باش مىنىستىر پرىنسىپ جەھەتتە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھوقۇق بىرگەۋدىلەشتۈرۈلگەن فىئورېر پرىنسىپى شەكىللەندۈرۈلدى. ئەتىسى ھىندېنبۇرگ ئۆلدى. ھىتلېر ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا دۆلەتنىڭ بارلىق ئالىي ھوقۇقلىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن دۆلەت باشلىقىغا ئايلاندى. ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ماسلىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناتسىستلار بىر قوللۇق پىلانلىغان «پۈتۈن خەلق ئاۋاز بېرىش» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ دۆلەت ۋە خەلق ئىرادىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدىغان شەخسكە ئايلاندى. ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى ئېغىر ئۇيقۇغا پېتىپ، ھوقۇق مەركەزلەشكەن تۈزۈلمە ئورنىتىلىپ، 3 ـ ئىمپېرىيە شەكىللەندى.

ھىتلېرنىڭ ۋاقىتىنچە مەقسىتىگە يېتىشىگە نۇرغۇن ئامىللار تۈرتكە بولدى. 1929 ـ يىلى باشلانغان ئىقتىسادىي كرىزىس ھىتلېر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت بولدى. كرىزىس گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنى چوڭقۇر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىپ، ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ھۆكۈمەتكە قارىتا كۈچلۈك نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا قىلدى. ئۇلار نەزىرىنى ھىتلېرغا تىكىپ، بىر قابىل كۈچنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ۋېرسال سىستېمىسى گېرمانىيەگە زۇلۇم سېلىپ، گېرمانىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك مىللىي قىساسكارلىق ھېسسىياتىنى قوزغىدى. مىسلى

كۆرۈلمىگەن كىرىزىس مىسلى كۆرۈلمىگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ئېلىپ كەلگەندە، بۇ خىل ھېسسىيات مۇقەررەر ھالدا ئەسەبىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە مىللىي قىساسكارلىق روھى بىلەن ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشقا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈش ئۆز ئارا گىرەلىشىپ، نورمال ئىجتىمائىي قانۇن ـ قائىدىلەر باشقۇرالمايدىغان بىرخىل كۈچ شەكىللەندۈردى. ئەسەبىي ئۇنسۇرلار بۇنداق ئاممىۋى كەيپىيات ۋە ئىجتىمائىي كۈچتىن ئاسانلا پايدىلىنىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيەنىڭ دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسى ئەزەلدىنلا ئاجىز بولۇپ، ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندا، گېرمانىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابى باستۇرۇلغاندا قۇرۇلغانىدى. جۇمھۇرىيەت دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئوڭچىللار ۋە سولچىللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلدى، سولچىلار ئۇنى ئىنقىلاب باستۇرۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان مەھسۇلات دەپ قارىسا، ئوڭچىلار ئۇنى ئىنقىلابتىن بۆلۈنۈپ چىققان مەھسۇلات دەپ قارىدى ھەمدە ئۇنى ھاقارەتلىك ۋېرسال شەرتنامىسىگە باغلىۋالدى. يەنە كېلىپ پىرۇسسىيەچە ھازىرقى زامان ئىگىلىكىگە ئۆتۈش يولىدا، يونكېر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قالدۇق كۈچلىرى زور دەرىجىدە ساقلىنىپ قالدى. كونا سىنىپلار ئۈستىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنقىلاب قىلىنمىغاچقا، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش سۈرئىتى ئاستا بولۇپ قالدى. جەمئىيەتتە تايانچ كۈچ شەكىللەنمەي، ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنى قوللايدىغان مۇقىم ھەم كۈچلۈك بۇرژۇئا سىياسىي پارتىيەسى بارلىققا كەلمىدى. كىرىزىس ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ، ئەسلىدىنلا ئۇلى ئاجىز جۇمھۇرىيەت قۇرۇلمىسى يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

گېرمانىيەدىكى سولچى كۈچلەر ھېسابلىنىدىغان گېرمانىيە

كومپارتىيەسى ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ناتسىستلار تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆلارنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئېھتىماللىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمىدى. گەرچە بۇ ئىككى پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، فاشىستلارغا قارشى كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كومپارتىيە شۇ چاغدىكى گېرمانىيەدىكى 1 ـ چوڭ پارتىيە بولغان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىشكە ئېتىبارسىز قاراپ، بۇ پارتىيەنىڭ بەزى ئۇسۇللىرىنى ئەيىبلىدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىمۇ كومپارتىيەگە دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراپ، ناتسىستلارغا قارشى ئۇنۇملۇك بىرلىك سەپ قۇرمىدى. 1932 ـ يىلىدىكى پرېزىدېنت سايلىمىدا، ھىندېنبۇرگ پرېزىدېنت نامزاتلىقىغا يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىلدى، ناتسىستلار پارتىيەسى ھىتلېرنى، كومپارتىيە تېلمانىنى كۆرسەتتى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى كومپارتىيەنىڭ «ھىندېنبۇرگنى سايلىغانلىق ھىتلېرنى سايلىغانلىق، ھىتلېرنى تاللىغانلىق ئۇرۇشنى تاللىغانلىق» دېگەن ئەسكەرتىشلىرىگە قۇلاق سالماي، ھىندېنبۇرگنى سايلاپ، ناتسىستلارنىڭ تەختكە چىقىشىغا مۇھىم شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ھىتلېر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، ئاخىرىدا مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىقتى. ئۇ تەختكە چىقىپلا گېرمانىيەگە، ياۋروپاغا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە غايەت زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.

**فاشىستلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشى ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىشى** ناتسىستلار تەختكە چىققاندا دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس ئازراق پەسەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى ياشاش ماكانى تارتىۋېلىش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، ناتسىستلار پارتىيەسى ھەدەپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىپ،

ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىنىش يولىغا ماڭدى.

ھىتلېر ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1933 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «قورۇق مىراسخورلۇقى قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇندا، 7.5 گېكتاردىن 125 گېكتارغىچە يېرى بولغان دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئارىيان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى لازىم، ئۇلارنىڭ ئۆز يېرىنى بۆلۈۋېتىشىگە ياكى سېتىۋېتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، پەقەت چوڭ ئوغۇلنىڭ مىراسخورلۇق قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ قانۇن يېزىلاردا ناتسىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئوتتۇرا، ئوششاق دېھقانلارنى پەيدا قىلىپ، ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى كېڭەيتتى. شەھەرلەردە، ھىتلېر تېز سۈرئەتلىك تاشيول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، ئايرودۇرۇم ۋە ھەربىي گازارما سېلىش، تۇپراقنى ياخشىلاش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق بىر تەرەپتىن گېرمانىيەدىكى ئېغىر ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كېيىنكى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە، ناتسىستلار ھۆكۈمىتى بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، فاشىستىك دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، بۇ ئامېرىكىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان غەيرىي شەكىلدىكى دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمى ئىدى. 1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىنى كونترول قىلىدىغان ئالىي ئورگان ـــ گېرمانىيە ئىقتىساد باش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، بۇ ئۇيۇشما مونوپول كاتتىباشلار بىلەن ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن تەشكىللەندى. 1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، بۇ تەشكىلات «گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ ئورگانىك قۇرۇلۇشى نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، دۆلەت ئىقتىسادىي تارماقلار ۋە يەرلىك

سىستېما ئارقىلىق، خۇسۇسىيلار كارخانىلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىدۇ، كارخانىلارنىڭ خام ئەشيا تەقسىم قىلىشى ۋە مال زاكاس قىلىشى دۆلەت تەرىپىدىن قاتتىق تىزگىنلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن مونوپول كاپىتال ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئىگىلىكىنى ھەربىي ئىگىلىككە ئۆزگەرتىش تېزلىتىلدى. كارخانا ئىشچىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناتسىستلار ھۆكۈمىتى يەنە «پۇقرالارنىڭ ئەمگەك تەرتىپى قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، كارخانا خوجايىنلىرى كارخانىلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق رەھبىرى، ئىشچىلار بولسا ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەزالىرى، ئىشچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ، دەپ بېكىتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ناتسىستلار ھۆكۈمىتى يەنە «گېرمانىيە يېمەك ـ ئىچمەك باشقۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ، دېھقانلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۆۋەن باھادا دۆلەتكە سېتىپ بېرىشى كېرەك، دەپ بېكىتتى. ھۆكۈمەت مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى قاتتىق تىزگىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىمۇ دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى.

1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ھىتلېر گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى ياشاش ماكانىنى كېڭەيتىش، گېرمانىيە ئىقتىسادى چوقۇم ئۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، ناتسىستلار ھۆكۈمىتى «تۆت يىللىق پىلان ئىشخانىسى» نى قۇرۇپ، گورىڭنى كونكرېت مەسئۇللۇققا تەيىنلەپ، «گېرمانىيە ئىقتىسادىنى تۆت يىل ئىچىدە ئۇرۇشقا تاقابىل تۇرغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش» نى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش سالمىقى كۈنسېرى كۈچەيدى،

خەلق ئىگىلىكى ھەربىيلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تېز ئىلگىرىلىدى.

1933 — 1939 - يىللىرىدا، گېرمانىيەنىڭ ئىستېمال بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىشى 43% ئاشتى، ھەربىي لازىمەتلىكلەر سانائىتى بولسا 11.3 ھەسسە ئاشتى. بارلىق سانائەت تارماقلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، ئىستېمال بۇيۇملىرى سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ نىسبىتى 1928 — 1929 - يىللىرىدىكى 31% تىن 1934 — 1935 - يىللىرى 25% كە، 1937 — 1939 - يىللىرى 17% كە چۈشتى. ھەربىي ھازىرلىقلار چىقىمى يىلمۇ يىل ئۆرلەپ، 1936 - يىلى 1934 - يىلىدىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشتى، 1939 - يىلى 30 مىليارد ماركقا يەتتى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇنقى 1939 - يىلى، گېرمانىيەنىڭ ھەربىي قورال - ياراغ ئىشلەپچىقىرىشى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى گېرمانىيە بىرقانچە يىل ئىچىدىلا ھەربىي جەھەتتە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇرۇش قوزغاشقا ماددىي شارائىت ھازىرلىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەربىيلىشىشتىن باشقا، ناتسىستلار ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ فاشىستىك دىكتاتۇرىنى كۈچەيتتى. ناتسىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن كۈندىن باشلاپلا يەھۇدىيلارنى چەتكە قاقتى. 1933 — 1935 - يىللىرى تۈرلۈك پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ تىجارەت قىلىشىنى، دۆلەت مەمۇرى بولۇشىنى، ھەتتا گېرمانىيە پۇقراسى بولۇشىنى، گېرمانىيەلىكلەر بىلەن توي قىلىشىنى مەنئى قىلدى. 1938 - يىلىدىن باشلاپ ناتسىستلار ھۆكۈمىتى زوراۋانلىق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، يەھۇدىيلارنى چەت ئەللەرگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىدى. 1938 - يىلى 11 - ئايدا يەھۇدىيلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت

قوزغاپ، يەھۇدىي چېركاۋلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يەھۇدىيلارنىڭ ماگىزىنلىرىنى چېقىپ، مەشھۇر «خىرۇستال كېچە»، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ دۇكان ـ ماگىزىنلىرىنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. زوراۋانلىق تۈپەيلىدىن سانسىزلىغان يەھۇدىيلار ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولدى ۋە ئېچىنىشلىق ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى گېرمانىيەدە، بارلىق ئىلغار مەدەنىيەت تەقىپ قىلىنىپ، ئىلغار ئىدىيەدىكى كىتابلار كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. بارلىق مەدەنىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ناتسىستلار ئىدىيەسىگە ماس كېلىشى تەلەپ قىلىندى. گېزىت، مۇزىكا، كىنو، رادىيو، خەۋەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گېبېلس باشچىلىقىدىكى «گېرمانىيە مەدەنىيەت باش ئۇيۇشمىسى»نىڭ نازارىتى ئاستىدا بولدى. گېزىتكە بېسىلغان خەۋەرلەر، ھەتتا ماقالىلەرنىڭ تېمىسىمۇ ناتسىستلار پارتىيەسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. ناتسىستلارنىڭ تىزگىنى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان گېزىت ـ رادىيولار ناتسىستلارنىڭ «ئىرق ئەۋزەللىكى»، «ياشاش ماكانى نەزەرىيەسى» ۋە باشقا ئۇرۇش نەزەرىيەلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالدى. ئىرقچىلىق نەزەرىيەسى مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق دەرسى قىلىپ بېكىتىلدى، مەكتەپلەرمۇ ھەربىي مەشىق بازىسىغا ئايلاندۇرۇلدى. گېرمانىيە ياشلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ناتسىستلار «ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، بارلىق گېرمانىيە ياشلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇرۇش تەربىيەسى ۋە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ باردى.

ياشاش ماكانىنى تارتىۋېلىش ۋە ياۋروپاغا خوجا بولۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ناتسىستلار تەختكە چىققاندىن باشلاپلا ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى. 1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھىتلېر گېرمانىيەنىڭ «ھەربىي ھازىرلىقلاردا باراۋەر بولۇش» تەلىپى

قانائەتلەندۇرۇلمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، جەنۇۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش يىغىنىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى، ئاندىن خەلقئارا ئىتتىپاقتىن چېكىندى. بۇ، گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق نازارىتىنى قوبۇل قىلماي، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىنىش يولىغا ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. دەرۋەقە، 1935 - يىلى 3 - ئايدا، ھىتلېر ۋېرسال شەرتنامىسىدىكى ئېنىق بەلگىلىمىلەرگە پەرۋا قىلماي، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى. 1935 - يىلى 6 - ئايدا، ئوڭۇشلۇق ھالدا ئەنگلىيە بىلەن ئەنگلىيە - گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسى كېلىشىمىنى ئىمزالىدى، كېلىشىمدە گەرچە ئەنگلىيە - گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ نىسبىتى 35:100 قىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ تونناژى ئوخشاش ئىدى. بۇ كېلىشىم ھىتلېرنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنى قايتىدىن قوراللاندۇرۇشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. 1936 - يىلى ھىتلېر رېيىن رايونىغا قوشۇن كىرگۈزۈپ، غەربىي تەرەپنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان لوكارنو ئەھدىنامىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. فىرانسىيە مۇشۇ سەۋەبتىن ئىككى يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، ھىتلېر مۇشۇنى باھانە قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش مۇددىتىنى ئىككى يىلغا ئۆزگەرتتى.

كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ناتسىست فاشىستلىرى بارلىق مىللىي ئىگىلىك كۈچلىرىنى ۋە خەلق كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر قايسى تەرەپلەردىن تېز ئۇرۇش قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك سىياسەتنى تۈزدى. ئۇلار فىرانسىيە ۋە ئۇنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى

ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنى ئاساسلىق دۈشمەن دەپ قارىغاچقا، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى بىلەن ھاۋا ئارمىيەسىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى بېكىتتى. 1936 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىللىق تەييارلىق ئارقىلىق، گېرمانىيە بەش بىرونېۋىك دىۋىزىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 103 قۇرۇقلۇق ئارمىيە دىۋىزىيەسى، 3200 تانكا، 4093 ھەربىي ئايروپىلان، 57 سۇ ئاستى پاراخوتى، 22 قوغلىغۇچى پاراخوت، توقۇز ئوكيان چارلاش پاراخوتى، ئالتە بىرونېلىق ئوكيان چارلاش پاراخوتىغا ئىگە بولدى. گەرچە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كۈچى ئەنگلىيەنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي ھەربىي كۈچى قوشنا دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە يەنە ياۋروپا بويىچە، ھەتتا دۇنيا بويىچە ساناقلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

گەرچە گېرمانىيە قەستەن ئۇرۇش قوزغاش نىيىتىدە رەقىبى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەدىن ئاۋال ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ بەزى تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىر قېتىملىق دۇنياۋى ئۇرۇش قىلىشقا زۆرۈر بولىدىغان بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولالمىغانىدى. گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش قوزغاشتىكى مەقسەتلىرىدىن بىرى بايلىق مەنبەسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بايلىق مەنبەسىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلىش بولۇپ، بايلىق مەنبەسى مەسىلىسى ئەڭ باش قاتۇرىدىغان مەسىلە ئىدى. كۆمۈردىن باشقا، ئۇرۇشقا زۆرۈر بولىدىغان نېفىت، كاۋچۇك ۋە تۈرلۈك كان مەھسۇلاتلىرى تولىمۇ كەمچىل ئىدى. گەرچە ھىتلېر ئۇرۇشقا لازىملىق خام ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىشنى كېڭەيتكەن ھەمدە ئىستراتېگىيەلىك خام ئەشيالارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىدىغان بىرىكمە ماي، بىرىكمە كاۋچۇك، سۈنئىي پاختا ـ يۇڭ ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنى سىناق قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان بولسىمۇ،

ئەمما بايلىق مەنبەسى مەسىلىسىنى يەنىلا ھەل قىلالماي، كۆپ ساندىكى ئىستراتېگىيەلىك خام ئەشيالارنى يەنىلا ئىمپورت قىلىشقا مۇھتاج بولدى. فاشىست گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى بىلەن چەكلىك ئەمەلىي كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يېشەلمەسلىكى ئاخىرىدا فاشىستلارنىڭ غولاپ چۈشۈشىنى تېزلەتتى.

## 5 ـ بۆلۈم ئاسىيادىكى ئۇرۇش مەنبەسىنىڭ شەكىللىنىشى

**ئىقتىسادىي كرىزىس زەربىسىدىكى ياپونىيە** ياپونىيە كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى كېيىن يېتىشىپ چىققان نوچى بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىدا سانائەت ئىنقىلابىنى تاماملاپ، تېز سۈرئەتتە مونوپول كاپىتالىزمغا ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيادىكى كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر قاتارىغا قوشۇلدى. ئەمما، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇرۇش جەريانىدا غەلىتە شەكىلدە گۈللەنگەن ياپونىيە ئىقتىسادى ناھايىتى تېزلا كرىزىسقا پېتىپ قالدى. 1923 ـ يىلى كرىزىس ئازراق پەسىيىپ، ئىقتىسادتا ئۆرلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆرلەش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولدى. 20 ـ يىللاردا باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەندە، ياپونىيەدە كاساتچىلىق بولۇۋاتاتتى.

1929 ـ يىلىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ياپونىيەگە توسقۇنسىز ھالدا باستۇرۇپ كىرىپ، كاساتچىلىق بولۇۋاتقان ياپونىيە ئىقتىسادىغا يېڭى زەربە ئېلىپ كەلدى. 1930 ـ يىلى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى 1929 ـ يىلىدىكىدىن 3% ئەتراپىدا تۆۋەنلىدى، 1931 ـ يىلى بولسا 1929 ـ يىلىدىكىدىن 50% تۆۋەنلەپ كەتتى. دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسلىق سەككىز خىل

تاۋارنىڭ باھاسى 1930 ـ يىلى 1929 ـ يىلىدىكىدىن 37% چۈشۈپ كەتتى. ياپونىيە زېمىنى تار، بايلىقى كىچىك، بايلىق مەنبەسى كەمچىل بولغاچقا، تاشقى سودىسىنىڭ كېمىيىشى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. 1931 ـ يىلى ئىقتىسادىي كىرىزىس ئەڭ ئېغىرلىشىپ، شۇ يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1929 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا ئۈچتىن بىر قىسىم تۆۋەنلەپ، ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرى 50% ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىلا جارىي قىلدۇرالىدى. باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە قارىغاندا، ياپونىيە بىر يىل بۇرۇن كىرىزىسنىڭ خەتەرلىك باسقۇچىغا كىردى.

كىرىزىس مەزگىلىدە ياپونىيەدىكى ئىشسىز ئىشچىلارنىڭ سانى ئۈچ مىليونغا يېتىپ، خىزمەتتىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ 33% تىن ئارتۇق تۆۋەنلەپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ كىرىمىمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ئىلگىرىكى 700 يىندىن 130 يىنغا چۈشۈپ قالدى. دېھقانلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى يەرلىرىدىن ئايرىلىپ، نۇرغۇن جايلاردا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، تۇركۈملىگەن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى.

ئېغىر كىرىزىس ئالدىدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كىرىزىسنىڭ يۈكىنى خەلقنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويدى. خاماگۇچى ئىچكى كابىنېتى (1929 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1931 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشتا پۇل ئوبوروتىنى قىسقارتىش، ئىش ھەققىنى كېمەيتىپ ئەمگەك سىجىللىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق «سانائەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش» چارىسى بىلەن تاۋارلارنىڭ تەننەرخىنى چۈشۈرۈپ، خەلقئارا بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئېكسپورتنى كېڭەيتتى. 1929 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1931 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، خاماگۇچى ئىچكى كابىنېتى ئايرىم ـ

ئايرىم ھالدا «سانائەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش پىروگراممىسى» ۋە «ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى ئاشۇرۇش، ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا مەجبۇري ھالدا كارتېل قۇرۇپ چىقىش، ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويۇش، ئوتتۇرا ـ ئۇششاق كارخانىلارنى شاللاش، چوڭ مالىيە ماگناتلىرىنىڭ ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. مالىيە سىياسىتى جەھەتتە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى دەسلەپتە پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى. 1931 ـ يىلى ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر پۇلنىڭ ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، ياپونىيە ئىنوكاي تسۇيوشى ئىچكى كابىنېتى پەرمان چۈشۈرۈپ ئالتۇن ئېكسپورتىنى مەنئى قىلىپ، پۇل ئوبوروتى سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېمىيىپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش، ئىشلەپچىقىرىشنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى يەنە «ھەربىي لازىمەتلىكلەر پۇل ئوبوروتى» سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ھەربىي لازىمەتلىكلەر پۇل ئوبوروتى دېگەنلىك پۇل ئوبوروتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي چىقىمىنى ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى زاكاز قىلىشىنى كۆپەيتىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئىگىلىكىنى ھەربىيلەشتۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. 1931 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى 6 مىليارد 700 مىليون يېن زايوم تارقىتىپ، پۇل ئوبوروت مىقدارىنى 900 مىليون يېن ئاشۇردى. شۇ مەزگىلدە، ياپونىيەنىڭ ھەربىي ئىشلار خامچوتى ئەسلىدىكى ئومۇمىي خامچوت چىقىمىنىڭ 33% يدىن 69% ىگە ئۆرلىدى.

كىرىزىس مەزگىلىدە، مەيلى ئېلېكتىر، خىمىيە، ئايروپىلان ياساش كەسپىدىكى يېڭى مالىيە ماگناتلىرى ياكى پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش، كۆمۈر قېزىش ۋە كېمىسازلىق كەسپىدىكى كونا مالىيە ماگناتلىرى بولسۇن، ھەممىسى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە تېخىمۇ تايىنىپ، ھەربىي ئىشتاب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئىشتابنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ھەربىي ئىشلارغا ئالاقىدار يېڭى سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. بۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بىر تەرەپتىن، ياپونىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، خەلق ئىگىلىكى ھەربىي ئىشلەپچىقىرىش يۆنىلىشىگە بۇرۇلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلاردا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، كونا ـ يېڭى مالىيە ماگناتلىرى بىلەن ھەربىي ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىش خاھىشى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. بۇنىڭ بىلەن مىلىتارىستلار بىلەن مالىيە ماگناتلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زىچ بىرلىشىپ، بۇ ياپونىيە تارىخىدا «مىلىتارىستلار بىلەن مالىيە ماگناتلىرىنىڭ بىرلىشىشى» دەپ ئاتالدى. بۇ «بىرلىشىش» مىلىتارىزم ئەنئەنىسى ئەسلىدىنلا قويۇق بولغان ياپونىيە جەمئىيىتىنى تېخىمۇ مىلىتارىستلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ياپونىيەنىڭ ئۇرۇش قوزغاش يولىغا مېڭىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى.

خەلقئارادا كەسكىن رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئېكسپورتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى سېتىپ چىقىرىش سىياسىتىنى قوللاندى. سېتىپ چىقىرىش سىياسىتى دېگەنلىك خەلقئارا بازاردىكى باھانىڭ تۆۋەنلىكى ۋە قايچىسىمان پەرقىگە قارىماي، تاۋارلارنى ئەرزان باھادا ئېكسپورت قىلىپ، خەلقئارا بازارنى تالىشىش دېگەنلىك ئىدى. 30 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە يىلىدا، مۇشۇ سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۆۋەن

پاھالىق ياپونىيە تاۋارلىرى ھەدەپ ياۋروپا، ئامېرىكا بازارلىرىغا ئېقىپ كىرىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قانۇن چىقىرىش ۋاستىسى ئارقىلىق ياپونىيە تاۋارلىرىنىڭ كىرىشىنى توسۇپ، ئۆز دۆلىتىدىكى بازارنى قوغداشقا مەجبۇر قىلدى.

ياپونىيە ھۆكۈمىتى يولغا قويغان ھەربىي لازىمەتلىكلەر پۇل ئوبوروتى سىياسىتى ياپونىيە خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. كىرىزىس مەزگىلىدە، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش كۈرەشلىرى ئۈزۈلمىدى، پەقەت 1931 ـ يىلىلا 2415 قېتىم ئىش تاشلاش يۈز بەردى، يېزىلاردىمۇ «ئىجارىكەشلەر ماجىراسى» دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاۋشيەن ۋە تەيۋەن خەلقىمۇ ئىزچىل قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى. بۇلار ياپونىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى لەرزىگە سالدى.

ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ فاشىستلىشىشى ياپونىيە كۈچلۈك مىلىتارىزم ئەنئەنىسى ۋە فېئودالىزم قالدۇقلىرى ساقلانغان جاھانگىر دۆلەت بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياپونىيەدە فاشىستىك تەشكىلاتلار پەيدا بولدى. ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان فاشىستىك تەشكىلات كىتا ئىككى رەھبەرلىكىدىكى «نائۇسون ئۇيۇشمىسى» بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭدىن «كوجى ئۇيۇشمىسى»، «قارا ئەجدىھا ئۇيۇشمىسى» «بۈيۈك ياپونىيە پارتىيەسى» قاتارلىق فاشىستىك تەشكىلاتلار ئايرىلىپ چىقتى. ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلىغاندىن كېيىن، «رادىكال ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۇيۇشمىسى»، «كامىتاكى ئۇيۇشمىسى»، «دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيەسى» قاتارلىق خىلمۇ خىل فاشىستىك تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى. بۇنداق تەشكىلاتلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىرقانچە يۈزگە يەتتى.

بۇنداق ئاممىۋى فاشىستىك تەشكىلاتلار مىلىتارىزم

ئىدىيەسى بىلەن ئوڭ قانات كۇچلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت قۇرۇشنى، ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ياپونىيەنى يادرو قىلغان «ئاسىيا ئىتتىپاقى» قۇرۇشنى تەرغىب قىلاتتى. بۇ تەشكىلاتلار ئەل ئارىسىدىكى خېلى قۇدرەتلىك فاشىستىك كۈچ ھېسابلىناتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ تەشكىلى چېچىلاڭغۇ بولغانلىقى، ئورتاق پىروگراممىسى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بىر - بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى سۇس بولۇپ، ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى قىيىن ئىدى. شۇڭلاشقا، تەسىر كۈچىمۇ ئاجىز بولۇپ، ياپونىيەنىڭ فاشىستلىشىش ھەرىكىتىدە ئاساسلىق رول ئوينىيالمايتتى.

ھەربىي ئىشتاب ئەل ئارىسىدىكى فاشىستىك تەشكىلاتلارغا ئوخشاشمايدىغان، تەسىر كۈچى ئەڭ زور فاشىستىك كۈچ ئىدى. ھەربىي ئىشتاب ياپونىيە ھاكىمىيىتىدىكى ھەربىي تارماق بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش ئىشتابى، دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋازارىتى، دېڭىز ئارمىيە ۋازارىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1889 - يىلىدىكى ياپونىيە ئىمپېرىيەسى ئاساسىي قانۇنىدا، ھەربىي قوشۇنغا تېننو باشچىلىق قىلىدۇ، تېننوغا ياردەملىشىپ ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان ھەربىي ئىشتاب بىۋاسىتە تېننوغا قارايدۇ، ئىچكى كابىنېتنىڭ ھەربىي ئىشتابنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. 1904 — 1905 - يىلىدىكى ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھەربىي ئىشتابنىڭ كۈچى تېز زورىيىپ، تەدرىجىي بىر سىياسىي كۈچنى شەكىللەندۈرۈپ، دائىم ھۆكۈمەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بولۇۋالدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خارا تاكاشى تۇنجى سىياسىي پارتىيە ئىچكى كابىنېتىنى تەشكىللىگەندە، ھەربىي ئىشتابنىڭ كۈچى سەل ئاجىزلىدى. ئەمما، بەزى ئوتتۇرا تەبىقىدىن كېلىپ چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار

بىلەن ئوتتۇرا ـ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوفىتسېرلار بىرلىشىپ ھەرىكەت پىروگراممىسى تۈزۈپ، «ئىچىيوكاي»، «ساكۇراكاي» قاتارلىق فاشىستىك تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. ئاگاتا ياما، ئوكامورا نېيجى، توجو خېدىكى قاتارلىقلار بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئايانچىلىرى ئىدى. بۇ تەشكىلاتلار «شوگنات ئىسلاھاتچىلىرى» ۋە «ئوفىتسېر ئىسلاھاتچىلار» دىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپكە بۆلۈندى. بۇ ئىككى مەزھەپ «ھەربىيلەر ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلار» دەپ ئاتالدى. ئۇلار پادىشاھپەرەسلىكنى كۆككە كۆتۈرۈپ، «ھەربىيلەرنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشى يوللۇق ئىش» دەپ قاراپ، «سىياسىي پارتىيە ياپونىيە خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى» دەپ جاكارلاپ، سىياسىي پارتىيە ئىچكى كابىنېتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقنى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇرۇشنى تەرغىب قىلدى.

30 ـ يىللاردىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ياپونىيەنىڭ ئىچكى ـ تاشقى زىددىيەتلىرىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ نارازىلىقى ھەممە يەرنى قاپلىدى. فاشىستلار ئاممىنىڭ بۇ كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، «مالىيە ماگناتلىرى ۋە سىياسىي پارتىيەلەرنى يوقىتايلى»، «مانجۇرىيە ۋە موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلايلى»، «ئىشچىلار بىلەن ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرەيلى» دېگەندەك شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى تەشۋىقاتلار ئەل ئارىسىدىكى فاشىستىك كۈچلەرنى زورايتىۋەتتى، ھەربىيلەر ئىچىدىكى فاشىستىك كۈچلەرمۇ شىددەت بىلەن زورايدى. ئۇلار خەلقنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ چىرىك ـ ئىقتىدارسىزلىقىغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، پارلامېنت تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ھەربىي ئىشتابنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ، سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇلار ھەربىيلەر ئىچىدە «دۆلەتنى ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئاتالمىش «دۆلەتنى

ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن، ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەردى.

1930 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھەربىي ئىشتابنىڭ قوللىشى بىلەن، فاشىستىك تەشكىلات «ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئەزالىرى باش ۋەزىر خاماگۇچىغا قەست قىلدى، ئۇ ئېغىر يارىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى. 1931 ـ يىلى ۋاكاتسۇكى ئىچكى كابىنېتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، ھەربىي ئىشتابتىكى فاشىستىك تەشكىلات «ساكوراكاي» نىڭ ئەزالىرى 3 ـ ئايدا ۋە 10 ـ ئايدا ئىككى قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشنى پىلانلاپ، فاشىست ئوگاكى ئېبسى ۋە ئاراكى ساداۋنى تەختكە چىقىرىشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمما پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىگەچكە مەغلۇپ بولدى. 1931 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋاكاتسۇكى ئىچكى كابىنېتى مالىيە كرىزىسىنى ھەل قىلالماي تەختتىن چۈشتى. مەسلەكداشلار ئۇيۇشمىسى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەپ، ئىنوكاي تىسۇيوشى باش ۋەزىر، فاشىست ئاراكى ساداۋ قورۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھەربىي ئىشتابنىڭ كۈچى خېلىلا زورايدى. ئەمما، ھەربىي ئىشتابتىكى فاشىستلار ئاشكارا فاشىستىك دىكتاتۇرا ئورنىتىشنى كۆزلەپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى.

1931 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ھەربىي ئىشتابتىكى فاشىستىك تەشكىلات «ئىچيوكاي» ۋە «ساكوراكاي» تارقىتىۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەربىيلەر ئىچىدىكى فاشىستلار بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاراكى ساداۋ باشچىلىقىدىكى پادىشاھپەرەسلەر بولۇپ، ئۇلار تېررورلۇق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، تېنونى مەركەز قىلغان ھەربىي ئىشتابنىڭ فاشىستىك

مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزۇپ، شىمال تەرەپتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ مەزھەپ ئوتتۇرا - تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى ئاياغ قىلغاچقا، ياش ئەزىمەتلەر مەزھىپى دەپ ئاتالدى. بۇ مەزھەپتىكىلەر يېڭى مالىيە ماگناتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. يەنە بىر مەزھەپتىكىلەر بىر تۇتاش ئىدارە قىلىش تەرەپدارلىرى دەپ ئاتالدى، ئۇلار ئوگاكى ئېسى ۋە توجو خىدېكى باشچىلىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. بۇ مەزھەپتىكىلەر كونا مالىيە ماگناتلىرى ۋە بيۇروكرات ئاقسۆڭەكلەرنى تىرەك قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۈزلىنىپ قانۇنلۇق ۋاسىتە بىلەن ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەپ، «كۈچلۈك ھەربىي دۆلەت» قۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى فاشىستلاشتۇرۇپ، سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشنى تېزلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نىشانى جوڭگو بىلەن جەنۇبىي ئوكيان ئىدى.

1932 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ياش ئەزىمەتلەر مەزھىپىدىكى دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنى ئاساس قىلغان فاشىستلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، باش ۋەزىر سارىيى، ساقچى ۋازارىتى، مەسلەكداشلار ئۇيۇشمىسى باش ئىشتابى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، باش ۋەزىر ئىنوكاي تسۇيوشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ توپىلاڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ زەربىسىدە ياپونىيەنىڭ سىياسىي پارتىيە ئىچكى كابىنېتى دەۋرى ئاياغلاشتى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى، چاۋشيەننىڭ سابىق باش ۋالىيسى سائىتو باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئىشتابتىكىلەر، بيۇروكراتلار ۋە سىياسىي پارتىيە ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالمىش «بىرلىككە كەلگەن»، سىياسىي پارتىيەلەردىن ھالقىغان مىلىتارىستلار - بيۇروكراتلار ئىچكى

كابىنېتى تەشكىللەندى، بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ھاكىمىيىتى ھەربىي ئىشتابنىڭ قولىغا ئۆتۈشكە باشلىدى.

فاشىستلىشىش جەريانىدا، ھەربىي ئىشتابنىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق تىكلەش ھەققىدىكى تەشەببۇسنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ھەربىي ئىشتابتىكى ئىككى فاشىستىك مەزھەپ، يەنى پادىشاھپەرەسلەر بىلەن بىر تۈتاش ئىدارە قىلىش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى كەسكىنلەشتى. 1934 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پادىشاھپەرەسلەرنىڭ رەھبىرى ئاراكى ساداۋ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىنكى يىلى 7 ـ ئايدا پادىشاھپەرەسلەرنىڭ يەنە بىر داڭلىق ئەربابى كاۋاساكى سابۇرونىڭ مائارىپ باش تەپتىشلىك ۋەزىپىسىمۇ ئېلىپ تاشلاندى. پادىشاھپەرەسلەر بۇنى بىر تۈتاش ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ يادرولۇق ئادىمى، ھەربىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ناگاتا ياما ئۆز قولى بىلەن پىلانلىغان، دەپ قارىدى. 8 ـ ئايدا ياش ئەزىمەتلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېر ئائىزاۋا سابۇرو ناگاتا ياماني ئۆز ئىشخانىسىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. پادىشاھپەرەسلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، بىر تۈتاش ئىدارە قىلىش تەرەپدارلىرى پادىشاھپەرەسلەرنىڭ تايانچ كۈچى بولغان 1 ـ دىۋىزىيەنى توكيودىن «مانجۇرىيە ـ موڭغۇلىيە» گە يۆتكىمەكچى بولدى. پادىشاھپەرەسلەر بۇ دىۋىزىيە يولغا چىقىشتىن بۇرۇن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئۆزلىرى بارلىق ھوقۇقلارنى ئىگىلىگەن ھەربىي مۇستەبىت ھاكىمىيەت تىكلىمەكچى بولدى.

1936 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاراكى ساداۋ باشچىلىقىدىكى 1500 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر يېڭى مالىيە ماگناتلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى. ئۇلار باش ۋەزىر سارىيى ۋە بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تۇرالغۇسى، ساقچى ۋازارىتى قاتارلىق جايلارغا

www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم قىلىپ، سابىق باش ۋەزىر سائىتو ۋە تاكاخاشى، ۋاتانابې قاتارلىق ۋەزىرپە ئۆتەۋاتقان ئىچكى كابىنېت ۋەزىرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار باش ۋەزىر ئوكادو كېيسۇكىنى خاتا تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ كاتىپىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە، ئۇ ئامان قالدى. توپىلاڭچىلار باش ۋەزىر سارىيى، پارلامېنت كېڭەش زالى، قورۇقلۇق ئارمىيە ۋازارىتى، قورۇقلۇق ئارمىيە باش ئىشتابى قاتارلىق ئورۇنلارنى بىرقانچە كۈن ئىشغال قىلىۋېلىپ، پادىشاھپەرەسلەرنى ئاساس قىلغان ھەربىيلەر فاشىستىك ئىچكى كابىنېتىنى تەشكىللىمەكچى بولدى. ئەمما ھەربىي ئىشتابتىكى بەزى فاشىست كاتتىباشلار سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ تېننولۇق تۈزۈمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن، دېڭىز ئارمىيەسىدىكى كاتتىباشلارمۇ سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ مۇستەبىتلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، سىياسىي ئۆزگىرىش قوللاشقا ئېرىشەلمەي، 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى باستۇرۇلدى. ئاراكى ساداۋ، كاۋاساكى سابورو ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشقا بىۋاسىتە قاتناشقان 80 نەپەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرغا جازا ھۆكۈم قىلىنىپ، 17 نەپىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھپەرەسلەرنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، توجو خىدېكى باشچىلىقىدىكى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىش تەرەپدارلىرى ئارمىيە ئىچىدە رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى.

بىر تۇتاش ئىدارە قىلىش تەرەپدارلىرى مىتسۇئى، مىتسۇبىشى، سۇمىتومو، ياسۇدا قاتارلىق تۆت چوڭ كونا مالىيە ماگناتىنىڭ قوللىشى بىلەن، 1936 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سابىق دىپلوماتىيە ۋەزىرى فاشىست خىروتا كوكى باشچىلىقىدىكى ئىچكى كابىنېتنى تەشكىللىدى. خىروتا كوكى ئىچكى كابىنېتى ھەربىي ئىشتابنىڭ گېپىدىن چىقماي، شۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، بۇ كابىنېت قورۇلغاندىن

كېيىن ياپونىيە ھاكىمىيىتىنىڭ فاشىستلىشىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېزلەشتى. 1936 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھەربىي ئىشتابنىڭ تەلىپىگە بىنائەن خىروتا كوكى ئىچكى كابىنېتى ھەربىي ئىشتابتىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇھەربىي ئىشتابنىڭ ئىچكى كابىنېتنى تىزگىنلىشىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، ئىچكى كابىنېت ھەربىي ئىشتابنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، خىروتا كوكى ئىچكى كابىنېتى پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيەنىڭ كابىنېت تەشكىللەش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارلامېنتنى ئىچكى كابىنېتنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى، ھەربىي ئىشتاب ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئىچكى كابىنېتنى كونترول قىلىدىغان بولدى. خىروتا كوكى ئىچكى كابىنېتىنىڭ قۇرۇلۇشى ياپونىيە ھەربىيلىرىنىڭ فاشىستىك دىكتاتورلۇقىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى.

ياپونىيە ھاكىمىيىتىنىڭ فاشىستلىشىشى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە ھاكىمىيىتىنىڭ فاشىستلىشىشى بىلەن پەرقلەندى. بۇ جەريان گېرمانىيەدىكىگە ئوخشاش بىر فاشىستىك پارتىيە ياكى فاشىستىك تەشكىلاتنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھەربىي ئىشتابتىكى فاشىستلارنىڭ مالىيە ماگناتلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا بىر قاتار سىياسىي، ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ھاكىمىيەتنى تەدرىجىي قولىغا ئېلىشى ئارقىلىق تاماملاندى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ھاكىمىيىتىنىڭ فاشىستىك مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ئايلىنىشى ئەمەلگە ئاشتى.

**يىراق شەرق ئۇرۇش مەنبەسىنىڭ شەكىللىنىشى** ياپونىيە بىر ئارال دۆلىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىگىلىكى چەت ئەللەرنىڭ بايلىق مەنبەسىگە ۋە خەلقئارا بازارغا ئېغىر ھالدا تايىنىپ قالغانىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق بېقىندىلىق ياپونىيە

جاھانگىرلىرىنى خوشنا رايونلار ياكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيادىكى باشقا رايونلارغا بېقىنمايدىغان بۈيۈك ياپونىيە ئىمپېرىيەسى قۇرۇشقا ئۈندەپ تۇراتتى.

جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى ياپونىيە ئۇزۇندىن بۇيان كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان بىر پارچە لوق گۆش ئىدى. بۇ رايوننىڭ يېرى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، تەبىئىي بايلىقى مول بولۇپ، تۆمۈر ۋە كۆمۈر زاپىسى كۆپ ئىدى. ئىلگىرى ياپونىيە بۇ رايوندا بەزى ئىمتىيازلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. 1927 - يىلى «شەرق يىغىنى» ئېچىلغاندىن كېيىن، ياپونىيە شەرقىي شىمالدا ئىزچىل غوۋغا چىقىرىپ، شەرقىي شىمالدىكى يەرلىك ھۆكۈمرانلارنى جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزىگە بېقىنىدىغان قىلماقچى بولدى. ئەمما، 1928 - يىلى شەرقىي شىمالنىڭ باشلىقى جاڭ شۆلياڭ ياپونىيە بىلەن چەك - چېگرا ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇرۇش قوزغاشتىن يانمىدى.

ياپونىيە ھەربىي ئىشتابىدىكى فاشىستلار ئۇرۇش قوزغاش جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار «مانجۇرىيە - موڭغۇلىيە ياپونىيەنىڭ جان تومۇرى»، «مانجۇرىيە - موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى چوقۇم قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك» دەپ جار سالدى. ھەربىي ئىشتاب يەنە ئاتالمىش «مانجۇرىيە - موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» نى باھانە قىلىپ، ئۇرۇش ئەسەبىيلىكىنى قۇترىتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى مۆتىدىل ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق ياپونىيەنى فاشىستلاشتۇرۇشقا ئالدىرىدى.

1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ياپونىيە ھەربىي ئىشتابىدىكى فاشىستلارنىڭ بىۋاسىتە پىلانلىشى بىلەن، ياپونىيە كانتون ئارمىيەسى دۇنيانى لەرزىگە سالغان «18 - سېنتەبىر

ۋەقەسى» نى پەيدا قىلىپ، 24 سائەت ئىچىدىلا شىنياڭ بىلەن چاڭچۈننى بېسىۋالدى، 100 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ياپونىيە زېمىنىنىڭ 2.5 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان پۈتكۈل شەرقىي شىمالنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ياپونىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسى «ئاپتونومىيە»، «مۇستەقىللىق» ئويۇنىنى ئويناپ، 1932 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قورچاق «مانجۇرىيە دۆلىتى» نى قۇردى. ياپونىيە بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، 1932 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەنە شاڭخەيدە «28 ـ يانۋار ۋەقەسى» نى پەيدا قىلىپ، جۇڭگو خەلقى ۋە ئارمىيەسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىدى. ياپونىيە ئارمىيەسى تەييارلىقى كەمچىل بولغاچقا، «شاڭخەي ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدا توختىماي ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، «تاڭگو كېلىشىمى»، «خې يىڭچىن ـ ئۇمېزو كېلىشىمى» قاتارلىق بىر قاتار كېلىشىملەر ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ خېبېي، چاخار ئۆلكىسىنى كونترول قىلىۋالدى.

«26 ـ فېۋرال ۋەقەسى» دىن كېيىن تەختكە چىققان خىروتا كوكى دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندىلا، يەنى 1935 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىلا جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياسەتنىڭ ئۈچ پرىنسىپىنى، يەنى جۇڭگودىن ياپونىيەگە قارشى بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە «مانجۇرىيە دۆلىتى» نى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە كومپارتىيەگە ئورتاق قارشى تۇرۇش، جۇڭگو ـ ياپونىيە دوستلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ۋە دىپلوماتىيەسىنى كونترول قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. خىروتا كوكى ئىچكى كابىنېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي ئىشتابىنىڭ ئىرادىسى بويىچە فاشىستلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپلا قالماي، تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنىمۇ تېزلەتتى.

www.uyghurkitap.com

1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، خىروتا كوكى ئىچكى كابىنېتى «يېڭى مالىيە سىياسىتى» پىروگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، دۆلەت مالىيەسىنىڭ ئالدى بىلەن دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. بۇنداق مالىيە سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتوموبىل، نېفىت، ئاشلىق قاتارلىق ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك لازىمەتلىكلەرنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىشى، ياپونىيەنىڭ ئۇرۇش قوزغاش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

1936 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، خىروتا كوكى ئىچكى كابىنېتى باش ۋەزىر، دىپلوماتىيە ۋەزىرى، مالىيە ۋەزىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى ۋە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى قاتارلىق بەش ۋەزىر قاتناشقان يىغىن ئېچىپ، «دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى» نى ماقۇللاپ، «ئىمپېرىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى» ئۈچۈن «سىرتقا قارىتا پۇختا قەدەم بىلەن كېڭىيىش»، «ئىمپېرىيەنىڭ شەرقىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش» ئۈچۈن ياپونىيە، مانجۇرىيە، جۇڭگودىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «جەنۇب تەرەپتىكى دېڭىز ـ ئوكيانغا قاراپ تەرەققىي قىلىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى قېتىم جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشى ئىدى. يىغىندا يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىش، دېڭىز ئارمىيەسىدىن ئامېرىكىنىڭ غەربىي تىنچ ئوكياندىكى دېڭىز ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىپ، ياپونىيەنىڭ بۇ رايوندىكى دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق جەنۇبىي ئوكيانغا كېڭىيىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش تەلەپ قىلىندى. «دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى» قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ شىمالغا يۈرۈش

قىلىش، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش تەشەببۇسىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ، ياپونىيەنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى جەنۇب ۋە شىمالغا تەڭ يۈرۈش قىلىشتەك تەلۋىلەرچە نىيىتىنى ئىپادىلەپ بەردى.

«دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى» دىكى نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كېڭەيمىچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى بېكىتكەن ئەسكەر كۆپەيتىش پىلانى ۋە دېڭىز ئارمىيەسى بېكىتكەن ھەربىي پاراخوت ياساش پىلانىنى زور كۈچ بىلەن ئىجرا قىلدى. 1936 ــ 1937 ـ يىللىرى ھەربىي خىراجەت چىقىمى ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 46% نى، 1937 ـ يىلى ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا سېلىنغان مەبلەغ سانائەتكە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 61.7% نى ئىگىلىدى. 1931 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانى 230 مىڭ بولغان بولسا، 1937 ـ يىلغا كەلگەندە 450 مىڭغا كۆپەيدى. شۇ يىلى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئىشتاتى 25% دىن ئارتۇق كۆپەيتىلدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئارمىيە ئىچىدە ساموراي روھى ۋە تېننوغا سادىق بولۇپ ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيەسىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، ئارمىيەنى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇردى.

1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. شەرق ۋە غەربتىكى بۇ ئىككى فاشىستىك دۆلەت كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئۆزئارا بىرلىشىپ، دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش كۈرىشىنى باشلىدى.

1937 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، تېننو، ھەربىي ئىشتاب ۋە مالىيە ماگناتلىرى بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغان كونوئې فۇمىمارو ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا، ئۆزى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىك ئىدىيەسىنى قايتا تەكىتلەپ، ئىچكى كابىنېتنىڭ

ۋەزىپىلىرىدىن بىرى «خەلقئارا ئادالەت»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۇنيا زېمىنى ئادىل تەقسىم قىلىنمىسا ئادالەت ئۇزۇل ـ كېسىل بولمايدۇ، «خەلقئارا ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئۇسۇلى بايلىق مەنبەلىرىگە ئېرىشىش ئەركىنلىكى، تاۋارلارنى سېتىپ چىقىرىش ئەركىنلىكى، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا زۆرۈر بولىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش ئەركىنلىكىدۇر» دېدى. ئۇنىڭچە، خەلقئارا ئادالەت تېخى ئىشقا ئاشمىغاچقا، ياپونىيەنىڭ چوڭ قورۇقلۇقتا تاجاۋۇز قىلىشى يوللۇق ھېسابلىناتتى. ئۇ تەختكە چىققاندىن باشلاپ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، «يېڭى دۆلەت تۈزۈلمىسى» نى ئورنىتىپ، ئۇرۇش قوزغاشقا تەييارلىق قىلىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، يەنى كونوئې فۇمىمارو كابىنېت تەشكىللەپ 37 كۈن ئۆتكەندە، ياپونىيە فاشىستلىرى ئۇزۇندىن بۇيان پىلانلىغان جۇڭگوغا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى ئاخىر قوزغىدى. «مۇقەددەس ئۇرۇش قىلىش»، «ئۈچ ئاي ئىچىدە جۇڭگونى مۇنقەرز قىلىش» شۇئارى ئاستىدا ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئالدى بىلەن شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە جەنۇبىي جۇڭگونىڭ كەڭ يەرلىرىنى بېسىۋالدى. جۇڭگو ئارمىيەسى ۋە خەلقى باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ياپونىيەنىڭ تېز جەڭ قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش قارا نىيىتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل بىتچىت قىلدى.

ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئارقا سەپنى مۇقىم قىلىش ئۈچۈن، 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كونوئې فۇمىمارو ئىچكى كابىنېتى «دۆلەت ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، «پۈتۈن دۆلەتتىكىلەر ھەرىكەتكە كېلىپ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش»نى تەشۋىق قىلدى ھەم «پەۋقۇلئاددە مەزگىلدىكى مالىيە ـ ئىقتىساد» نى قوللاش نامى بىلەن «مۇھىم سانائەت تارماقلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش

قانۇنى»، «ھەربىي لازىمەتلىكلەر سانائىتىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، ئىقتىسادىي تارماقلارنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇرۇش يولىغا سالدى. يەنە ھەربىيلەر، مونوپول كاپىتالىستلار ۋە پارلامېنتتىكى سىياسىي پارتىيىلەر ئىچىدىكى ئەڭ قابىل ۋەكىللەردىن ئون كىشىنى ۋاقىتلىق كابىنېت ئەزالىقىغا سايلاپ، چوڭ لاگېر شەكىللەندۈرۈپ، ھەربىيلەرنىڭ ئىچكى كابىنېتتىكى ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيەنىڭ ئۇرۇش ماشىنىسى تولۇق ھەرىكەتكە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئون ئۈچىنچى باب

# 30 ـ يىللاردىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت

## 1 ـ بۆلۈم 30 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكى ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيەسى

ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيەگە مادارايچىلىق قىلىشى 1929 ــ 1933 ـ يىللاردىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ ئېغىر زەربىسى ئاستىدا، ياپونىيە جاھانگىرلىكى كرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەۋەككۈلچىلىك يولىغا مېڭىپ، ئاۋۋال جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلدى.

ياپونىيە بۇرۇندىن «مانجۇرىيە ـ موڭغۇلىيە» (جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇل رايونى) نى «ھاياتلىق لىنىيەسى» دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ياپونىيەنىڭ بۇ رايوندا زور ئىقتىسادىي، سىياسىي مەنپەئەتى بار ئىدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1930 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ پۈتكۈل ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىن كىرگۈزگەن ماددىي ئەشيالىرىنىڭ سوممىسى 11% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 76% ماش ـ پۇرچاق، 64% كۆمۈر ۋە 46% چويۈن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئىمپورت قىلىنغانىدى.

جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى يەنە ياپونىيەنىڭ مۇھىم مەبلەغ سېلىش سورۇنى ۋە تاۋار سېتىش بازىرى بولۇپ، ياپونىيەنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا سالغان مەبلىغى ئۇنىڭ چەت ئەلگە سالغان مەبلىغىنىڭ %54 نى، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بۇ رايونغا سالغان ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ %73 نى ئىگىلەيتتى. ياپونىيەنىڭ بۇ رايونغا چىقارغان تاۋارلىرىنىڭ سوممىسى ئۇنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %8 نى ئىگىلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى ياپونىيەنىڭ شىمالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە جەنۇبتا پۈتكۈل جۇڭگونى ھەم شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى ئىگىلىشىدىكى «كۆۋرۈك» ئىدى. شۇڭا، «مانجۇرىيە ـ موڭغۇلىيە» دىكى «پەۋقۇلئاددە مەنپەئەتى»گە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ياپونىيەنىڭ رۇسىيە ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدىن بۇيانقى تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي ئىستراتېگىيەلىك نىشانى بولۇپ كەلگەنىدى. 1927 ـ يىلى ياپونىيە تاناكا ئىچكى كابىنېتى «شەرق يىغىنى» نى ئاچتى. يىغىننىڭ مەزمۇنى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈش ئىدى. يىغىن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى «پەۋقۇلئاددە رايون» قاتارىغا كىرگۈزۈپ، «مانجۇرىيە ـ موڭغۇلىيە» نى «جۇڭگو تېررىتورىيەسى» دىن ئايرىۋېتىشنىڭ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1929 ـ يىلى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلىغاندىن كېيىن، ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ جۇڭگونى تالىشىشى كۈچەيدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە كاپىتالى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا ھەدەپ كىردى. 1928 ـ يىلى فېڭتيەن سىستېمىسىدىكى مىلىتارىست جاڭ زولىن پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان جاڭ شۆلياڭ «شەرقىي شىمالنىڭ بايراق ئالماشتۇرىدىغانلىقى» نى جاكارلاپ، ئامېرىكا پەرەس جاڭ جيېشى ھۆكۈمىتىگە بويسۇندى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ تۇرتكىسىدە، جاڭ

شۆلياڭ ياپونىيەنىڭ شەرقىي شىمالدىكى بەزى ئىمتىيازلىرىنى چەكلەپ، ئامېرىكا مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ غەربىي مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى ياساپ، شەرقىي شىمالنىڭ قاتناش - ترانسپورت باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى ياپونىيە تىزگىنلىۋالغان جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى بىلەن رىقابەتلەشتۈرمەكچى بولدى. فېڭتيەن سىستېمىسىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىش ياسىشى ياپونىيەنىڭ شەرقىي شىمالدا ياپونپەرەس ھاكىمىيەتنى يۆلەپ، بۇ رايوننى «پەۋقۇلئاددە رايون»غا ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى بەربات قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە شەرقىي شىمالنى قوراللىق بېسىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. شۇنداقلا، جۇڭگوغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ئۆز دۆلىتىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي كرىزىسنى پەسەيتمەكچى بولدى.

1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپونىيە كانتون ئارمىيەسى ئالدىن بېكىتىلگەن پىلان بويىچە شېنياڭنىڭ شىمالىدىكى ليۇتياۋخۇ كەنتى ئەتراپىدىكى جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولىنىڭ بىر بۆلىكىنى پارتلىتىۋېتىپ، ئارقىدىن «جۇڭگو ئارمىيەسى تۆمۈريولنى پارتلىتىۋەتتى ھەم ياپونىيە مۇھاپىزەتچى قىسمىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى» دەپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، بۇنى باھانە قىلىپ جۇڭگو شەرقىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ بازىسى بولغان شىمالىي چوڭ گازارمىغا ۋە شېنياڭ شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل شەرقىي شىمالغا ھۇجۇم قىلدى. جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ياپونىيە ئارمىيەسى ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالدى. 1932 - يىلى 3 - ئايدا ياپونىيە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى پۇيىنى يۆلەپ تەختكە چىقىرىپ، قورچاق مانجۇرىيە

دۆلىتىنى قۇردى. شۇ يىلى 1 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى شاڭخەيگە ھۇجۇم قىلدى. كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى رېخې ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى ھەم ئۇنى «قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى» گە قوشۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە ئارمىيەسى چاخار ئۆلكىسىنىڭ شىمالى ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىغە بېسىپ كىردى. 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى سۈييۈەن ئۆلكىسىگە بېسىپ كىردى. جۇڭگو ئارمىيە ـ خەلقى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شاڭخەي، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئېغىزلىرى، چاخارنىڭ شىمالى ۋە سۈييۈەندە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى ھەم شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارىتا، بىر تەرەپتىن، بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىگە زىيان سالغاچقا، ياپونىيەنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەشكە ئۇرۇندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە كېلىپ ئاساسىي تەرەپتىن تاجاۋۇزچىلىققا يول قويىدىغان ماداراچىلىق سىياسىتىنى قوللاندى.

18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى چاقىرتىپ، بۇ ۋەقەدىن ئىنتايىن «ھەيران قالغانلىقى» نى بىلدۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو، ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرىگە نوتا تاپشۇرۇپ، بۇ ۋەقەدىن ئىنتايىن «ئەپسۇسلانغانلىقى»، «ئەنسىرىگەنلىكى»نى، جۇڭگو، ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ «ئۆز ئارمىيەلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قايتا ئۇرۇشۇشتىن ساقلىنىشى»نى، «تىنچ ئۇسۇل بىلەن ئىختىلاپنى ھەل قىلىش»نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاكى 1932 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى جىنجۇنى ئىگىلەپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ زور مەنپەئەتى بار شىمالىي جۇڭگوغا

www.uyghurkitap.com

تەھدىت سالغاندىن كېيىنلا ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيەسى ئاندىن سەل چىڭىدى. 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ستىمسون جۇڭگو، ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرىگە ئوخشاش مەزمۇندىكى نوتا يوللاپ، ئامېرىكىنىڭ 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى قورال كۈچى بىلەن ئۆزگەرتىلگەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنىڭ ھالىتىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، يەنىلا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ سىياسەت خاراكتېرلىك باياناتى تارىختا «ستىمسونىزم» ياكى «ئىنكارچىلىق» دەپ ئاتالدى. ستىمسون نوتا يوللاپ ئەتىسى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى يەنە قوشۇمچە بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنىڭ «مانجۇرىيە» دىكى قانۇنلۇق شەرتنامە ئاساسىدىكى ھوقۇقىغا قىلچە تەگمەيدىغانلىقىنى ھەم ۋەقەنى ھەل قىلىشنىڭ ھەرقانداق چارىسىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ چارىنىڭ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى ھوقۇقىغا دەخلى قىلماسلىقىنى جاكارلىدى.

18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى، جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقتا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى شى جاۋجىغا خەلقئارا ئىتتىپاق كېڭەشىگە ئەرز سۇنۇش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، خەلقئارا ئىتتىپاق كېڭىشىدىن ھەرىكەت قوللىنىپ، «تىنچلىققا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ۋەزىيەتنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك» نى ھەم ۋەقەدىن بۇرۇنقى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئومۇمەن جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى ۋەقەنى ھەل قىلىش ئۈمىدىنى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ «ئادىل كېلىشتۈرۈشى» گە باغلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقىدىكى خەلقئارا ئىتتىپاق جۇڭگو ۋە ياپونىيەگە ئوخشاش مەزمۇندىكى تېلېگرامما يوللاپ، ئىككى

تەرەپنىڭ بارلىق توقۇنۇشنى توختىتىپ، دەرھال قوشۇن چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تېلېگراممىدا ھەق ـ ناھەق ئايرىلماي، تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇچرىغۇچى بىلەن تاجاۋۇز قىلغۇچى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ شۈبھىسىزكى ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا يان باسقانلىق ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاق كېڭەشى قارار ماقۇللاپ، ياپونىيەنىڭ ئۆز مۇھاجىرلىرىنىڭ «ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» شەرتى ئاستىدا «قوشۇننى تېزدىن تۆمۈريول رايونى دائىرىسىگە چېكىندۈرۈش»نى ھەم «زېمىن ئىگىلەش نىيىتى يوقلۇقى»نى ئىزھار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇ قارارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، يەنە «جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقىي شىمالدىكى ياپون مۇھاجىرلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ قوشۇن چېكىندۈرۈشنى رەت قىلىپ، ئەكسىچە داۋاملىق ئەسكەر كۆچەيتىپ، ئىشغالىيەت رايوننى كېڭەيتتى. 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاق كېڭەشى يەنە قارار ماقۇللاپ، ياپونىيەنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن بۇرۇن قوشۇن چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ۋاھالەنكى، ياپونىيە بۇنى رەت قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاق كېڭەشى قايتا قارار ماقۇللاپ، «9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى قارارنى تەكىتلەپ»، بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا ئەۋەتىپ ۋەزىيەتنى تەكشۈرۈشنى بېكىتتى. 1932 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئۆمەكتىكىلەر ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپتى، ئۆمەك باشلىقى ئەنگلىيەلىك لىتتون بولدى. ئەمەلىيەتتە ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق پاكىت بولۇپ، تەكشۈرۈشنىڭ

زادىلا ھاجىتى يوق ئىدى. بۇنىڭدا روشەنكى جاھانگىرلىك مەقسىتى بار ئىدى.

1932 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تەكشۈرۈش ئۆمىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا كەلدى. يېرىم يىلغا يېقىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 10 ـ ئايدا خەلقئارا ئىتتىپاق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا شەرقىي شىمالنىڭ جۇڭگونىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىپ، ياپونىيەنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ «قانۇنلۇق قوغدىنىش» ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىندى. ياپونلارنىڭ «مانجۇرىيە دۆلىتى» «مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان» دېگەن قارىشىغا رەددىيە بېرىلىپ، ياپونىيە ئارمىيەسى «تاجاۋۇزچىلىق بىلەن جۇڭگوغا تەۋە بولغان كەڭ زېمىننى بېسىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بۇ رايون جۇڭگونىڭ باشقا قىسمىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇۋالغان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. يەنە ياپونىيە «مانجۇرىيە» نى بېسىۋالغانلىقىغا ھەم ئۇيەردە يەرلىك ئاھالىلەرگە ماس كەلمەيدىغان تۈزۈمنى ئورناتقانلىقىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. ئەمما، دوكلاتتا يەنە جۇڭگونىڭ ياپونىيە بە ماللىرىنى چەكلىشى «جۇڭگو ـ ياپونىيە توقۇنۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى»، «سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كوممۇنىزمنىڭ تەۋەتتىكى تارقىلىشى» شەرقىي شىمال مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى «نېگىزلىك مۇھىم ئامىل» دەپ كۆرسىتىلىپ، جۇڭگودىكى ئىنقىلاب ھەرىكىتى «ياپونىيەنى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا بەكرەك زىيانغا ئۇچراتقان» دېيىلدى. يەنە «ھازىرقى ھالەتنى ئەسلىگە قايتۇرۇش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئەمەس»، «مانجۇرىيەنىڭ ھازىرقى تەشكىلىنى ساقلاش ۋە ئېتىراپ قىلىشمۇ ئوخشاشلا مۇۋاپىق ئەمەس»، شۇڭا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ساقلاپ قېلىنىشى، ئەمما شەرقىي شىمال چەت ئەللەرنىڭ قوغدىشىدىكى «يۇكسەك ئاپتونومىيە»گە ئېرىشىشى، ياپونىيەنىڭ شەرقىي شىمالدىكى پەۋقۇلئاددە



www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتى ئېتىراپ قىلىنىشى، ئاپتونوم ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقىغا ياردەملىشىشكە مۇئەييەن ساندا چەت ئەللىك مەسلىھەتچىلەر ئەۋەتىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياپونلار مۇھىم سالماقنى ئىگىلىشى، جۇڭگو، ياپونىيە قوشۇنلىرى شەرقىي شىمالدىن چېكىنىپ، چەت ئەللىك ئىنستىرۇكتورلار ھەمدەم بولغان ئالاھىدە ژاندارما قىسمى تەرتىپىنى قوغدىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىندى. روشەنكى، دوكلاتتا ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ھەم ياپونىيەگە مادارا قىلىپ، ھەم ئانچە - مۇنچە نەپ كۆزلەپ، ياپونىيە يالغۇز ئىگىلىۋالغان شەرقىي شىمالنى كۆچلۈك دۆلەتلەر ئورتاق باشقۇرىدىغان مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇش غەرىزى ئەكس ئەتكەنىدى.

لىتتوننىڭ دوكلاتى جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ياپونىيەمۇ قولىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ھەربىي ھۇجۇمنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا شەنخەيگۈەننى ئىگىلەپ، ئارقىدىنلا رېخېغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئەھۋال دوكلاتنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان خەلقئارا ئىتتىپاق يىغىنىنى تەڭلىكتە قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاق يىغىنى قارار ماقۇللاپ، لىتتوننىڭ دوكلاتىدىكى پىكىرنى ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىپ، «مانجۇرىيە دۆلىتى»نى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ياپونىيەنىڭ «مانجۇرىيە»دىن قوشۇن چېكىندۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ، «ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى يىراق شەرقتە تىنچلىق ئورنىتىش توپ فاڭجېنى بىلەن خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ پىكرىنىڭ پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى» دەپ، خەلقئارا ئىتتىپاقتىن چېكىنگەنلىكىنى جاكارلىدى.

ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن يەنە ھەدەپ جەنۇبقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، شىمالىي جۇڭگوغا بېسىپ كىرىپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى

مەنپەئەتكە ئېغىر زىيان سېلىپ، ئۇلار بىلەن بولغان زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، «ئەنگلىيە توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ھەرقانداق شەكىل بىلەن ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىمزالىغان ئەھدىنامىنى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلىشىنى ئەنگلىيەگە قارشى چىققانلىق دەپ قارايدۇ» دەپ تەكىتلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكىمۇ ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، «باشقا ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە قانۇنلۇق مەنپەئەتكە چېتىلىدىغان ئەھۋالدا، ھەر قانداق دۆلەت باشقا ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز غەرىزىگە يېتەلەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونىيە جۇڭگوغا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز قىلدى. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ، كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى يادرو قىلىپ، پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى باشلىدى.

ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىشى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىگە شۈبھىسىز زىيان يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا «قاراپ بېقىش ۋە تاقەت قىلىش» سىياسىتىنى قوللاندى. 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېل «خەلقئارا سىياسەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى توغرىسىدىكى باياناتى» نى ئېلان قىلىپ، ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئەيىبلەپ كەتمەي، پەقەت دارىتمىلاپ گەپ قىلىپ، «تىنچلىقنى ساقلاش»، «سىياسەت يۈرگۈزۈشتە قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتىمۇ



www.uyghurkitap.com

خىلىنىڭ باياناتىغا «قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى». ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، روزۋېلىت ياپونىيەگە بېسىم چۈشۈرۈش ھەم دۆلەت ئىچىدىكى يەككىچىلەرنىڭ ئىنكاسىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەشھۇر «ئايرىۋېتىش خۇسۇسىدىكى نۇتقى»نى ئېلان قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى «مۇداپىئە بەلبېغى» قۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارنى «ئايرىپ تاشلاش» نى مۇراجىئەت قىلدى. ۋاھالەنكى، روزۋېلىتنىڭ نۇتقى يەككىچىلەرنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن روزۋېلىت دەرھال پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، جازالاشتىن «ۋاز كېچىش»نى بىلدۈردى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېمبېرلىنمۇ ياپونىيەگە ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزمەسلىكنى قايتا - قايتا ئىپادىلىدى. 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاق يىغىنى قارار ماقۇللاپ، پەقەتلا «جۇڭگونى ھەققانىيەت جەھەتتىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى».

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرزى ۋە خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن 1937 - يىلى 11 - ئايدا «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» نى تۈزگەن دۆلەتلەر بىريۇسسېلدا يىغىن ئاچتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. ياپونىيە يىغىنغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. يىغىندا جۇڭگو ۋەكىلى ياپونىيەنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاشنى تەلەپ قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن جۇڭگوغا ھەربىي ياردەم بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. بۇ تەلەپلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاخىرىدا يىغىن پەقەت «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى»دە بېكىتىلگەن پىرىنسىپلارغا ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلەپ، جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى تەرەپنىڭ دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرەر كونكرېت تەدبىرىنى بەلگىلىمىدى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ ياپونىيەنى جازالاشنى خالىماسلىقىغا

سىياسىي سەۋەبتىن باشقا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى خالىماسلىقىمۇ سەۋەب بولغانىدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە بىلەن قىلىدىغان سودىسىنىڭ سوممىسى ئۇنىڭ يىراق شەرق سودا سوممىسىنىڭ 42% نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياپونىيەگە سالغان مەبلىغى ۋە ياپونىيە بىلەن قىلىدىغان سودىسى جۇڭگوغا سالغان مەبلىغى ۋە جۇڭگو بىلەن قىلىدىغان سودىسىنىڭ 2 ــ 3 ھەسسىگە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئۇرۇشتىن بېيىيدىغان ئامېرىكا كاپىتالىستلىرى ياپونىيەنى جازالاشقا قارشى ئىدى. جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ياپونىيەگە ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالارنى داۋاملىق سېتىپ بېرىپ، ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قان بىلەن تەمىنلىدى. 1937 ـ يىلى ياپونىيە ئىمپورت قىلغان ھەربىي ئەشيالار ئىچىدە ئامېرىكىدىن كىرگۈزگەن مىس 92% نى، ئاپتوموبىل ۋە ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى 91% نى، نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى 60% نى، كېرەكسىز پولات ـ تۆمۈر 59% نى، ماشىنا ـ ئۈسكۈنە ۋە ئىستانوك 48% نى، چويۈن 41% نى ئىگىلىدى. 7 ـ ئىيۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە چىقارغان ئىستراتېگىيەلىك ھەربىي ئەشيالىرىنىڭ سوممىسى ياپونىيەنىڭ ئومۇمىي سەرپىيات سوممىسىنىڭ 92% ىگە يەتتى. ئەنگلىيەنىڭ ياپونىيەگە تەمىنلىگەن ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالىرىنىڭ سوممىسى ئامېرىكىنىڭكىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇردى. 1938 ـ يىلى ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ دومىنىئونلىرىنىڭ ياپونىيەگە چىقارغان ماددىي ئەشيالىرىنىڭ سوممىسى ياپونىيەنىڭ ئومۇمىي ئىمپورت سوممىسىنىڭ 20.79% نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي ئەشيالارنىڭ سوممىسى 17% نى ئىگىلىدى. بۇ خۇسۇستا ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ستىمسون ئېتىراپ

قىلىپ: «ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى دۆلىتىمىزنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى، يەنە كېلىپ بىزنىڭ ياردىمىمىز شۇنداق مۇھىم، شۇنداق ئۈنۈملۈك بولدى، ئەگەر ياردەم ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، بۇ تاجاۋۇزچىلىق توختاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى» دېگەنىدى. ياپونىيەدەك مۇشۇنداق بايلىقى كەمچىل بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇيىنى ۋاقتىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزگەن بولسا، ئۇ بۇ كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرالمايتتى.

**ئىتالىيەنىڭ ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا يول قويۇشى** ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئىتالىيە فاشىستلىرى كېڭەيمىچىلىك قىلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇلار بالقان يېرىم ئارىلى ۋە دوناي دەرياسى ۋادىسىدا ئۆز كۈچىنى زورايتىپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا غوجا بولۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزنى «ئىتالىيەنىڭ كۆلى»گە ئايلاندۇرماقچى بولدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ياۋروپادا كېڭەيمىچىلىك قىلىش پىلانى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيەنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ۋاقىتىنچە ئىشقا ئاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاساسلىق نەزىرىنى ئافرىقىغا تىكىپ، ئالدى بىلەن ئۆز مۇستەملىكىنى يەنىلا ساقلاپ كېلىۋاتقان ئېفىيوپىيەنى بېسىۋېلىشنى قارار قىلدى.

ئېفىيوپىيە ئافرىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىن قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا بارىدىغان قاتناش يولىنى تىزگىنلەپ تۇرغان، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، يەنە كېلىپ مول تەبىئىي بايلىققا ئىگە ئىدى. ئىتالىيە ئەگەر ئېفىيوپىيەنى بېسىۋالسا ئۆزىگە قاراشلىق سومالى بىلەن ئېرىترىيەنى تۇتاشتۇرۇپ، شەرقىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىچىلىك بازىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى ئەنگلىيەنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بازىغا ئايلاندۇرالايتتى، شۇنداقلا ئەنگلىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىن ھىندى

ئوكيانغا تۇتىشىدىغان «دېڭىز لىنىيەسى»گە تەھدىت سالالايتتى. ئېفىيوپىيە تەۋەسىدىكى تانا كۆلى نىل دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئېفىيوپىيەنى تىزگىنلىگەندە نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى سۇدان ۋە مىسىرنىڭ سۇچىلىق سىستېمىسىنى تىزگىنلىگىلى بولاتتى.

1934 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىتالىيە ئارمىيەسى ۋارۋار رايونىدا چېگرا توقۇنۇشى پەيدا قىلىپ، ئېفىيوپىيەگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. ئېفىيوپىيە خەلقئارا ئىتتىپاق كېڭىشىگە ئەرز سۇنۇپ، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى تىزگىنلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئەنگلىيە، فىرانسىيە كونتروللۇقىدىكى خەلقئارا ئىتتىپاق «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنى قوللىنىپ، «ۋارۋار ۋەقەسىدە تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانمىدى» دەپ جاكارلىدى. فىرانسىيە ئىتالىيە بىلەن يېقىنلىشىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيەنىڭ بىرلەشمە سېپىنى قۇرۇپ، گېرمانىيەنىڭ تەھدىتىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. 1935 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى فىرانسىيە ئىتالىيە بىلەن رىم كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەرنى تەڭشەش ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىم بويىچە ئىتالىيە فىرانسىيەگە قاراشلىق تۇنىسقا بولغان زېمىن تەلىپىدىن ۋاز كېچىدىغان ھەم فىرانسىيەنىڭ ئېفىيوپىيەدىكى پەۋقۇلئاددە مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىدىغان، فىرانسىيە جىبۇتى ـ ئەددىس ـ ئەبەبە تۆمۈريولىنىڭ 20% پېيىنى ئىتالىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان بولدى. فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لاۋال مۇسسولىنىغا يوشۇرۇن بېشارەت بېرىپ، فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتالىيەنىڭ ئېفىيوپىيەنى بېسىۋېلىش غەرىزىگە توسقۇنلۇق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ماك دونالدمۇ مۇسسولىنىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن چاغدا: «سىلەر ھەرىكەت قوللانغاندا تاكتىكىغا

سەل دىققەت قىلساڭلار، بىز ئاربلاشمايمىز» دېدى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنى قوللىنىشى ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدى. ۋارۋار ۋەقەسىدىن كېيىن ئىتالىيە شەرقىي ئافرىقىدىكى ئەسكەرلىرىنى ھەدەپ كۆپەيتىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ھارپىسىغىچە ئۆزىگە قاراشلىق سومالى ۋە ئېرىترېيەدە 300 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر توپلىدى. 1935 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىتالىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا ئېفىيوپىيەگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئېفىيوپىيە ئارمىيەسى ۋە خەلقى پادىشاھ خايلې سېلاسسې I نىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. گەرچە ئىتالىيە ئارمىيەسى ھەربىي جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ھەممىلا جايدا ئېفىيوپىيە ئارمىيەسى ۋە خەلقىنىڭ قەيسىرانە قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ناھايىتى ئاستا ئىلگىرىلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مۇسسولىنى دېبونونى تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئىتالىيە ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتاب باشلىقى مارشال بادوگلىئونى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.

ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەت ئىتالىيەنىڭ ياۋۇزلارچە تاجاۋۇزچىلىقىنى بەس ـ بەستە ئەيىبلەپ، ئۇنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا خەلقئارا ئىتتىپاق مەمۇرىي پالاتاسى ئامالسىز 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىتالىيەنى تاجاۋۇزچى دەپ ئەيىبلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا ئىتتىپاق يەنە قارار ماقۇللاپ، ئىتالىيەگە مالىيە جەھەتتىن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازا يۈرگۈزۈشنى جاكارلىدى. ئەمما، ئىتالىيە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نېفىت قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالارنى توشۇش چەكلىنىدىغان بۇيۇملار قاتارىغا كىرگۈزمىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىتالىيەنىڭ شەرقىي ئافرىقىدا پەقەت ئىككى ئايلا

www.uyghurkitap.com

يەتكۈدەك زاپاس نېفىتى بار بولۇپ، ئەگەر ئىقتىسادىي جازا نېفىت توشۇشنى چەكلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلغان ئىتالىيە ئارمىيەسىنىڭ ئايروپىلانلىرى، تانكىلىرى ناھايىتى تېزلا پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيەمۇ سۈۋەيش قانىلىنى قامال قىلمىدى. دېڭىز ئارمىيەسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ئىتالىيەدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدىغان ئەنگلىيە ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتا ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى تەمىنات لىنىيەسىنى ئۈزۈۋېتىپ، سۈۋەيش قانىلىنى قامال قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلغان ئىتالىيە ئارمىيەسىنى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قوياتتى. كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇكى، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ جازاسى ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا توپتىن توسقۇنلۇق قىلمىدى.

1935 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فىرانسىيە باش مىنىستىرى لاۋال ۋە ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى خارې «خارې ـ لاۋال كېلىشىمى» دەيدىغان بىر كېلىشىمنى تۈزۈپ چىقتى. كېلىشىمدە ئېفىيوپىيە ئوگادېن ئۆلكىسى ۋە تىگرې ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 60 مىڭ كىۋادرات مىل زېمىنىنى ئىتالىيەگە بۆلۈپ بېرىش، بۇنىڭ ھېسابىغا ئىتالىيە ئېرىترىيەدىكى تەخمىنەن 3000 كىۋادرات مىل كېلىدىغان بىر كارىدورنى ۋە ئۇ يەردىن ئاسساب پورتىغا تۇتىشىدىغان بىر ئېغىزنى ئېفىيوپىيەگە ئايرىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېفىيوپىيە ئۆزىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ئىتالىيەگە بىر «ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى» تەمىنلەپ بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خايلې سىلاسسې ئېفىيوپىيە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ساتىدىغان بۇ كېلىشىمنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ: «ئېفىيوپىيەلىكلەرنىڭ قارىشىدا بۇ تەكلىپلەر خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە

چۆرۈپ تاشلىغانلىق، ئۇ ئېفىيوپىيەنىڭ زېمىنىنى پارچىلاش ۋە مۇستەقىللىقىنى يوقىتىش ھېسابىغا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئىستەيدۇ»، «بۇ تەكلىپلەر ئاساسىدا مەسىلىنى ھەل قىلىش تاجاۋۇزچىلىقتا ئىلھام بەرگەنلىك ۋە خەلقئارا ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ». «ئېفىيوپىيەنىڭ مەنپەئەتى ھازىر خەۋپكە ئۇچرىدى، بىزگە نىسبەتەن بۇ ھەرقانداق ئويلىشىشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەپ جاكارلىدى. بۇ كېلىشىم ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭمۇ ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭمۇ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ، ئاقىۋەت خارىي بىلەن لاۋال ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى.

خەلقئارا ئىتتىپاق بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئورۇنسىز يول قويۇش سىياسىتى ئىتالىيەنى غەمدىن خالاس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1936 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىتالىيە ئارمىيەسى ئەددىس ـ ئەبېبەگە يېڭى ھۇجۇم قوزغاپ، ئېفىيوپىيەنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىنى رەھىمسىزلەرچە بومباردىمان قىلدى. شۇنداقلا، خەلقئارا ئەھدىنامىنى ئاشكارا دەپسەندە قىلىپ، ھۇجۇمدا كۆپلەپ زەھەرلىك گاز ئىشلەتتى. دۈشمەننىڭ غالجىرلارچە ھۇجۇمى ئالدىدا ئېفىيوپىيە ئارمىيەسى گەرچە باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاقىۋەتتە مەغلۇپ بولدى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىتالىيە ئارمىيەسى ئەددىس ـ ئەبېبەنى ئىگىلىدى. خايلې سېلاسسې ئەنگلىيەگە قېچىپ كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىتالىيە ئېفىيوپىيەنى قوشۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىتالىيە ئېفىيوپىيە، ئېرىترىيە ۋە سومالىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە قاراشلىق شەرقىي ئافرىقىنى شەكىللەندۈردى. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن خەلقئارا ئىتتىپاق قارار ماقۇللاپ، 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىتالىيەگە قارىتىلغان جازانى بىكار قىلىشنى جاكارلىدى.

**گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيەنىڭ ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا قوراللىق**

ئارىلىشىشى ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىسپانىيەدە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئەمگەكچىلەر باش ئىتتىپاقى قاتارلىق دېموكراتىك كۈچلەر خەلق سېپىنى تەشكىللىدى. 2 ـ ئايدا خەلق سېپى پارلامېنت سايلىمىدا غەلىبە قىلىپ، خەلق سېپى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. يېڭى ھۆكۈمەت خەلق سېپىنىڭ پىروگراممىسىغا ئاساسلىنىپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن چوڭ كەچۈرۈم ئېلان قىلىپ سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بەردى. يەر ئىسلاھاتى قىلىپ 700 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەرنى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بەردى. كاتالونىيەنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قانۇنى تۈرغۈزۈپ، بەزى ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋەتتى. ئىسپانىيەدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك قىلىپ، گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا جۇمھۇرىيەتنى ئاغدۇرىدىغان قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى.

1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ماراكەش ۋە كانارى تاقىم ئاراللىرىدا تۇرۇشلۇق ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيەسى فىرانكو ۋە مولا قاتارلىق قوماندانلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. توپىلاڭ تېزلا ئىسپانىيەگە يامرىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ۋە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كۆپىنچە قىسىملىرى ھەم ماراكەشلىكلەردىن تەشكىللەنگەن «چەت ئەل قوشۇنى» توپىلاڭغا قاتناشتى. فىرانكو ۋە مولانىڭ قوماندانلىقىدىكى توپىلاڭچى ئارمىيە ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۆلكىلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، جەنۇبتىن ۋە شىمالدىن مادرىدقا قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ جۇمھۇرىيەتنى بىراقلا يوقاتماقچى بولدى.

توپىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن ئىسپانىيەدىكى ھەر ساھە، ھەر

قاتىلامدىكى خەلق بەس ـ بەستە قولىلىرىغا قورال ئېلىپ جۇمھۇرىيەتنى قوغداشقا ئاتلاندى. ئىككى كۈن ئىچىدىلا 300 مىڭ ئادەم خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى بولغان خەلق مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىگە قاتناشتى. بۇنىڭ بىلەن مادرىد، بارسېلونا قاتارلىق چوڭ ـ ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى توپىلاڭچىلار ناھايىتى تېزلا تىنچىتىلىپ، توپىلاڭچى ئارمىيە پەقەت جەنۇبتىكى ئاندالۇسىيە ئۆلكىسى ۋە شىمالدىكى گالسىيە، ناۋاررې، كونا كاتېرىيە ۋە ئاراگون ئۆلكىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇردى. سانائەت مەركەزلىرى، سىياسىي مەركەزلەر، ئاساسلىق پورتلار ۋە غول قاتناش لىنىيەلىرىنى پۈتۈنلەي جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى كونترول قىلدى. نەتىجىدە توپىلاڭچى ئارمىيەنىڭ تېز جەڭ قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىش پىلانى تارمار بولدى.

توپىلاڭ مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەندە، گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا قوراللىق ئارىلاشتى. 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇلار ماراكەشكە ئايروپىلان ئەۋەتىپ، فىرانكونىڭ توپىلاڭچى ئارمىيەسىنى ئىسپانىيەگە توشۇشىغا ياردەملەشتى ھەم تانكا، ئايروپىلان، زەمبىرەك قاتارلىق تۈرلۈك ئېغىر ـ يېنىك قوراللارنى ئىسپانىيەگە يۆتكەپ، توپىلاڭچى ئارمىيەگە ياردەم بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنتىزىم قوشۇن چىقىرىپ ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىگە بىۋاستە ھۇجۇم قىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، گېرمانىيە، ئىتالىيە ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا فىرانكوغا جەمئىي 1650 ئايروپىلان، 2700 زەمبىرەك، 1150 تانكا ۋە بىرونېۋىك، 100 مىڭ تال مىلتىق، 7 مىليون 500 مىڭ پاي توپ ئوقى بەرگەن ھەم 1939 ـ يىلىغىچە ئىسپانىيەگە جەمئىي 200 نەچچە مىڭ ئەسكەر چىقارغان. گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ قوراللىق مۇداخىلىچىلىكى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى خاراكتېرىگە ئىگە قىلدى.

گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيەگە قورال لىق مۇداخىلە قىلىشتا يالغۇز ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىپ، ئىسپانىيەنىڭ مول بايلىقىنى تارتىۋېلىشنىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، يەنى ئاتلانتىك ئوكياندىن ئوتتۇرا دېڭىزغا ئۆتىدىغان جەبىلتارىق بوغۇزىنى ئىزگىلەپ، ئەنگلىيەنىڭ يىقىن شەرققە ۋە ئاسىياغا بارىدىغان مۇھىم دېڭىز يولىنى ئۈزۈپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئىستراتېگىيەلىك بازىلىرىغا تەھدىت سېلىپ، ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. گېرمانىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسپانىيە جەڭگاھى يەنە ئۇنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەسى، تاكتىكىسى ۋە يېڭى قورال ـ ياراغلىرىنى سىناق قىلىدىغان مەيدان ئىدى. بۇ خۇسۇستا گېرمانىيە گېنېرالى رېچناۋ 1938 ـ يىلى: «گېرمانىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىسپانىيە ئۇرۇشىنىڭ ئالىي مەكتىپى»، بۇ «تىنچ شارائىتتا ئەسكەرلەرنى ئون يىل مەشىقلەندۈرگەندىنمۇ پايدىلىق» دېگەنىدى.

گەرچە گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ ئىسپانىيەگە قورال لىق مۇداخىلە قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك نىشانى ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيە، فىرانسىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى خەلق ئىنقىلابىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئىسپانىيە خەلق سېپى ھەرىكىتىنىڭ ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە يامرىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ھەم گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ ئىسپانىيەگە قىلغان مۇداخىلەسىنىڭ «گېرمانىيە رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكىزمغا قارشى ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ تۇنجى جېڭى»گە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن، فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارىتا «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنى قوللاندى. 1936 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئۆزئارا نوتا ئالماشتۇرۇپ، ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش



www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن «بارلىق قورال ـ ياراغلار، ئوق ـ دورىلار، ئۇرۇش ئەشيالىرى ۋە قۇراشتۇرۇلغان ياكى چۇۋۇۋېتىلگەن ئاۋىياتسىيە ۋاستىلىرى ھەم ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە ھالدا ئىسپانىيە، ئىسپانىيەگە قاراشلىق جايلار ياكى ئىسپانىيەگە قاراشلىق ماراكەشتىكى مەلۇم مەنزىلگە توشۇشنى چەكلەش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتى كۈچكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگە كەلگەندە جەمئىي 27 دۆلەت «ئارىلاشماسلىق كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن فىرانسىيەنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لوندوندا «ئىسپانىيەنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، ئەنگلىيە مالىيە ۋەزىرى موررىسون ئۇنىڭ رەئىسى بولدى. «ئارىلاشماسلىق كېلىشىمى» دە، ئىسپانىيەگە قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي ئەشيالارنى چىقىرىشنى چەكلەش، ئىسپانىيەگە توشۇلىدىغان قورال ـ ياراغلارنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىنى مەنئى قىلىش بەلگىلەندى. كېيىن يەنە چەت ئەللىك پىدائىيلارنىڭ ئىسپانىيەگە بېرىشىنى چەكلەش كېلىشىمى تۈزۈلدى. ئىسپانىيەگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىۋاتقان گېرمانىيە، ئىتالىيەمۇ «ئارىلاشماسلىق كېلىشىمى» نى تۈزۈشكە قاتناشتى، ئەمما يەنىلا داۋاملىق فىرانكوغا قورال ـ ياراغ ۋە موداخىلىچى قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ئەنگلىيەلىك دىپلومات جېففرى تومپىسون بۇ ھەقتە ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا مۇنداق دېگەنىدى: «گېرمانىيەنىڭ ‹گېرمانىيە› ناملىق كىچىك ئۇرۇش پاراخوتى ۋە قوغلىغۇچى پاراخوتلىرى فىرانكونىڭ ئايروپىلانلىرىغا بومباردىمان قىلىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن رازۋېدكا ماتېرىياللىرىنى تەمىنلەپ بەردى. بۇ پاراخوتلارنىڭ ھەممىسى ‹ئارىلاشماسلىق› كومىتېتىنىڭ خاس بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن مەخسۇس بايراقنى ئېسىۋالغانىدى. بىز ئىزچىل شۇنداق ئويلىدۇقكى، بۇ بەلگىنى

ئىجاد قىلغان كىشى چوقۇم نومۇسسىزلارچە يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا ئىگە بولسا كېرەك». كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاتالمىش «ئارىلاشماسلىق» ئەمەلىيەتتە پەقەت ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورال - ياراغقا ئېرىشىشىنى چەكلەش، فرانكو توپىلاڭچى ئارمىيەسىنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۈزۈلدۈرمەي قورال - ياراغقا ئىگە بولۇشىنى قوللاش ئىدى. «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتى ئەمەلىيەتتە فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا يول قويدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ فرانكو توپىلاڭچى ئارمىيەسىنىڭ تاشقى ياردەمگە ئېرىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن «ئارىلاشماسلىق كومىتېتى» غا قاتناشتى. ئەمما، ئەھۋالنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، 1936 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئىسپانىيە قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى ۋە ئىسپانىيە خەلقى ئۇچرىغان روشەن ئادالەتسىز ۋەزىيەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ... سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىلاشماسلىق كېلىشىمىنى تۈزگەن ھەرقانداق بىر دۆلەتتىنمۇ بەكرەك بۇ كېلىشىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ» دەپ رەسمىي جاكارلىدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1936 - يىلى 10 - ئايدىن 1937 - يىلى 8 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە جەمئىي 496 ئايروپىلان، 332 تانكا ھەم نۇرغۇن بىرونېۋىك، زەمبىرەك، پىلىموت، مىلتىق تەمىنلەپ بەرگەن. شۇنداقلا، ئىسپانىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتكەن. ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىمۇ ئاشلىق، دورا، قورال - ياراغ ۋە ئىئانە پۇل توپلاپ، ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىگە ياردەم بەردى. 54 دۆلەتتىن كەلگەن 40 مىڭ پىدائىيدىن تەشكىللەنگەن خەلقئارا كالوننا ئىسپانىيە خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ

قىلدى. يەنە 20 مىڭ چەت ئەللىك پىدائىي داۋالاش ئەترىتى ۋە ياردەمچى ئەترەتتە خىزمەت قىلدى. خەلقئارا كالوننانىڭ تەخمىنەن 10 مىڭ جەڭچىسى ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

فىرانكو توپىلاڭچى ئارمىيەسى گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا 1936 ـ يىلى كۈزدە پۈتكۈل غەربىي رايونلارنى ئىگىلەپ، مۇلا قوماندانلىقىدىكى توپىلاڭچى ئارمىيە بىلەن ئۇچرىشىشقا تۇتۇنۇپ، پايتەخت مادىرىدنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتە سوتسىياللار پارتىيەسىدىن بولغان كاۋاللېرو 1936 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. كوممۇنىستىك پارتىيەدىكىلەرمۇ ھۆكۈمەتكە قاتناشتى. يېڭى ھۆكۈمەت بىر قاتار ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. جۈملىدىن ئاسىي پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى؛ كاپىتالىستلارنىڭ تاشلىۋەتكەن زاۋۇتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىشچىلار كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى؛ ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ خەلق ئەسكەرلىرىنى مۇنتىزىم قوشۇنغا ئۆزگەرتىپ، ئارمىيە ئىچىدە سىياسىي كومىتېت قۇردى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كەڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەردى.

1936 ـ يىلى 10 ـ ئايدا توپىلاڭچى ئارمىيە فىرانكونى ئىسپانىيەنىڭ «ئالىي باشلىقى» قىلىپ سايلاپ، تۆت يولغا بۆلۈنۈپ مادىرىدقا يۈرۈش قىلىپ، 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مادىرىدنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. قوماندان مۇلا تۆت كالوننا بىلەن مادىرىدقا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى، «بەشىنچى كالوننا» نىڭ شەھەردە ئۆزىنى قارشى ئالىدىغانلىقى ھەققىدە لاپ ئۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «بەشىنچى كالوننا» ساتقۇن ۋە جاسۇسلارنىڭ ئاتالمىسى بولۇپ قالدى. ئىسپانىيە خەلقى

خەلقئارا كالونىنانىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا باتۇرانە ھالدا مادرىدنى قوغداش ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. مادرىدتىكى 90% كوممۇنىست ئالدىنقى سەپكە ئۆزىنى ئاتتى. 1936 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە مادرىدتىكى ئارمىيە ـ خەلق قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، توپىلاڭچى ئارمىيەنىڭ ھۇجۇمىنى كۆپ قېتىم تارمار قىلدى.

1937 ـ يىلى خەلق سېپى ئىچىدىكى ھۆكۈمەتسىز سىندىكا ـ لىزمچىلار ۋە تروتسكىچىلار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ـ نى بىردەك دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، يېزىلاردا كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ ـ لەر رەت قىلىنغاندىن كېيىن، 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇلار بارسېلونادا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈردى. توپىلاڭ گەرچە ئۇزاققا قالمايلا بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىيەتنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ سولچىل ئەزاسى نېگىرىن ھۆ ـ كۈمەت تەشكىللىدى. يېڭى ھۆكۈمەت ھەربىي سانائەت ئىشلەپچى ـ قىرىشنى تەرتىپكە سېلىپ، توپىلاڭ كاتتىباشلىرىنى جازالاپ، تروتسكىچى تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋېتىپ، يەر ئىسلاھاتىنى يە ـ نىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

1938 ـ يىلى ئەتىيازدا توپىلاڭچى ئارمىيە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى، 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا توپىلاڭچى ئارمىيە شىمالدىكى ئاراگون مۇداپىئە لىنىيەسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شەرقىي شىمالدىكى كاتالونىيە بىلەن جۇمھۇرىيەتنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. ئارقىدىنلا بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ بارسىلونا ۋە ۋالونسىيەگە ھۇجۇم قىلدى. جەڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى 7 ـ ئايدا ئېبرو دەرياسى ۋادىسىدا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۈچ ئايدىن ئارتۇق جاپالىق جەڭ قىلىپ 80 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتى. ئەمما، ئادەم كۈچى،

ماددىي كۈچنى ۋاقتىدا تولۇقلىيالمىغانلىقتىن ئامالسىز مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. 12 ـ ئايدا توپىلاڭچى ئارمىيە ۋە مۇداخىلىچى ئارمىيە 20 نەچچە دىۋىزىيە ئەسكىرى كۈچ بىلەن كاتالونىيەگە ھۇجۇم قوزغىدى. 1939 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كاتالونىيە قولدىن كەتتى. 250 مىڭ كىشىلىك جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى فىرانسىيە چېگراسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قورالسىزلاندۇرۇلدى. 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە «ئارىلاشماسلىق»تىن ئىبارەت ساختا سىياسىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ، فىرانكو ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەركىزىي سەپ قوماندانى كاسادو ۋە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ ئوڭچىل ئەزاسى بېستارو مادرىدتا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، نېگىرىن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ فىرانكودىن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، فىرانكو سۆھبەتلىشىشنى رەت قىلىپ، كاسادودىن تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مادرىد قولدىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل سەككىز ئاي داۋاملاشقان ئىسپانىيە خەلقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. ئىسپانىيەدە فىرانكونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى تىكلەندى.

**ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇش سىياستى** 30 ـ يىللاردا ئامېرىكىدا يەككىچىلىك ئەۋج ئالدى، يەككىچىلەر ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى توقۇنۇشلاردىن نېرى تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، باشقا قىتئەلەردىكى ئۇرۇشقا ئارىلىشىش ۋە قاتنىشىشقا قارشى تۇردى. ئۇلار ئامېرىكا خەلقىنىڭ يېڭى ئۇرۇشقا كىرىشىپ قېلىشىنى خالىماسلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، پارلامېنتىنىڭ تۇنجى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى ماقۇللىشىغا تۈرتكە بولدى.

1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى دىپلوماتىيە كومىتېتى يەككىچى نىگىي رەئىسلىكىدىكى

قورال ـ ياراغ تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، قورال ـ ياراغ سودىگەرلىرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈردى. بۇ كومىتېت كۆپ قېتىم كەڭ دائىرىلىك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئېچىپ، نەچچە يۈز بەت كېلىدىغان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلىپ، قورال ـ ياراغ سودىگەرلىرىنىڭ ئۇرۇشتا زور پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇشتا ئەنگلىيە، فرانسىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. نىگىي: «ئۆتكەنكى ئۇرۇشتا بىز نىشانىمىزنىڭ يېرىمىغىمۇ يېتەلمىدۇق» دەپ خىتاب قىلدى. نىگىينىڭ كومىتېتىنىڭ پائالىيىتى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ياۋروپا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرىدىغان يەككىچىلىك كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئامېرىكا خەلقىنى كەسكىن بىتەرەپ تۇرۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىقلا ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېل: نىگىينىڭ پائالىيىتى «يەككىچىلەرگە ئىلھام بېرىپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى تۈنجى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى مەيدانغا چىقاردى» دېدى. ئامېرىكا پارلامېنتى ئۇزاق مەزگىللىك مۇنازىرىدىن كېيىن 1935 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، يەنى ئىتالىيە ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ ھارپىسىدا تۈنجى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇ قانۇندا: «ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغاندا ياكى ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتقاندا، پرېزىدېنتنىڭ بۇ ئىشنى جاكارلىغىنىدىن كېيىن ئومۇمەن ھەربىي قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ياكى ھەربىي ئەشيالارنى ئامېرىكىنىڭ ياكى ئامېرىكىغا قاراشلىق جايلارنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ياكى بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ ھەرقانداق پورتىغا ياكى ئورۇشۇۋاتقان دۆلەتلەر پايدىلىنىۋاتقان ھەرقانداق بىتەرەپ دۆلەتنىڭ پورتىغا توشىغانلار بىردەك قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان

دەپ قارىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. يەنە ئامېرىكا پاراخوتلىرىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرگە ھەربىي بۇيۇملارنى توشۇپ ئاپىرىشى ۋە ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ پاراخوتلىرىغا چىقىپ سەپەر قىلىشى چەكلەندى. ئەمما، ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ماددىي بۇيۇملارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى چەكلەنمىدى. بۇ قانۇننىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى ئالتە ئاي قىلىپ بېكىتىلدى. پىرېزىدېنت روزۋېلت بۇ قانۇنغا ئىمزا قويغاندا، رايون ئايرىماي قورال ـ ياراغ توشۇشنى مەنئى قىلىش ئېھتىمال تەتۈر نەتىجە بېرىپ، ئامېرىكىنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتتى.

1935 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىتالىيە ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى روزۋېلت «بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنى»غا ئاساسلىنىپ، ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپكە ھەربىي قورال ـ ياراغ توشۇشنى چەكلەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋاھالەنكى، بۇ چەكلەش خام ئەشيا ۋە ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالارنى توشۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقتىن، ئۇ سانائەتتە خېلى تەرەققىي قىلغان ئىتالىيەگە خېلى پايدىلىق بولدى، ھەربىي ساناائەتتە تېخى مەيدانغا كەلمىگەن ئېفىيوپىيەگە بولسا پايدىسىز بولدى. چۈنكى، ئىتالىيە ئامېرىكىدىن كىرگۈزگەن خام ئەشيا ۋە ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيادىن پايدىلىنىپ، قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرالايتتى. ئەمما، ئېفىيوپىيە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ زامانىۋى قورال ـ ياراغلارنى ئىشلەپچىقىرالمايتتى. جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېل ئاخىر 1935 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، «ھەققانىي توشۇشنى چەكلەش»نى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرگە سېتىپ بېرىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ سانىنى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدىن

ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى بەلگىلەپ، ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرگە نېفىت ۋە مىس قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالارنى سېتىپ بېرىشنىڭ بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنىڭ روھىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. ئەمما، ئامېرىكا «ھەققانىي تۇشۇشنى چەكلەش» نى كەسكىن ئىجرا قىلمىدى. 11 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ ئىتالىيەگە ئېكسپورت قىلغان نېفىتى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە، ئىتالىيەگە قاراشلىق شەرقىي ئافرىقىغا ئېكسپورت قىلغان نېفىتى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. روزۋېلتمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىپ: «بىز بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى ئىجرا قىلغاندا ئىنتايىن ئادالەتسىزلىك قىلغان بولۇشىمىز، يەنى ئەمەلىيەتتە تاجاۋۇزچىلارغا ياردەم بېرىپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغۇچىلارغا ياردەم بەرمىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن» دېدى.

1936 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇنجى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنىڭ مۇددىتى توشقاندا، ئامېرىكا پارلامېنتى يەنە دەرھاللا ئىككىنچى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى ماقۇللاپ، تۇنجى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتىنى يەنە 14 ئاي ئۇزارتتى ھەم ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرگە قەرز پۇل بېرىشنى چەكلەش بەلگىلىمىسىنى بېكىتتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە پىرېزىدېنتقا چەت ئەللەرنىڭ ئۇرۇش ھالىتىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھەم بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى يولغا قويۇش ياكى يولغا قويماسلىقىنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى بەردى.

1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىسپانىيەدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ، گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى ئىسپانىيەگە قوراللىق مۇداخىلە قىلدى. 8 ـ ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى ئىسپانىيەگە توشۇشنى چەكلىدى. 9 ـ ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مېكسىكا كاردېناس ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىگە قورال ـ ياراغ چىقىرىش

توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلدى. 1937 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتاسى ئىسپانىيەگە قورال ـ ياراغ توشۇشنى چەكلەش ھەققىدىكى بىرلەشمە قارارنى ماقۇللاپ، «مۇشۇ قارار تەستىقلانغان كۈندىن باشلاپ ئىسپانىيەدە ئىچكى ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە ھەر قانداق قورال ـ ياراغ، ئوق دورا ياكى ھەربىي ئۈسكۈنىلەرنى ئامېرىكىنىڭ ياكى ئامېرىكىغا قاراشلىق جايلارنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئىسپانىيەگە توشۇشقا ياكى ئىسپانىيەدىكى دۈشمەنلىشىۋاتقان ھەرقانداق بىر تەرەپكە تەمىنلەشكە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلىدى. بۇ قارار شۇ كۈنىلا تەستىقلاندى. 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتى ئۈچىنچى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى، يەنى مەڭگۈلۈك بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇ قانۇندا ئالدىنقى ئىككى قانۇندا بېكىتىلگەن بەلگىلىمىلەردىن باشقا يەنە مەزكۇر قانۇننىڭ ئىچكى ئۇرۇش يۈز بەرگەن دۆلەتلەرگە تەتبىقلىنىدىغانلىقى بەلگىلىنىپ، پرېزىدېنتقا ئۇرۇش ھالىتىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بەلگىلەش ھوقۇقى، شۇنداقلا قورال ـ ياراغلار ۋە ھەرقانداق ماددىي بۇيۇملارنى ئۆزئارا ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرگە ياكى ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىۋاتقان دۆلەتلەرگە چىقىرىشنى چەكلەش ھوقۇقى بېرىلدى. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇش سىياسىتى فرانكونىڭ توپىلاڭچى ئارمىيەسىگە پايدىلىق بولۇپ، ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە پايدىسىز بولدى. چۈنكى:

بىرىنچىدىن، ئامېرىكا فرانكو توپىلاڭچى ئارمىيەسىنىڭ ئۆزىدىن نېفىت ۋە تۇرلۇك يېقىلغۇلارنى سېتىۋېلىشىنى چەكلىمىدى، ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە توپىلاڭچى ئارمىيەنىڭ ئامېرىكىدىن سېتىۋالغان نېفىت ۋە يېقىلغۇلىرى يىلسېرى ئېشىپ، 1936 ـ يىلى 344 مىڭ توننىغا، 1937 ـ يىلى 420 مىڭ توننىغا،

1938 ـ يىلى 478 مىڭ توننىغا، 1939 ـ يىلى 620 مىڭ توننىغا يەتكەن. توپلاڭچى ئارمىيەنىڭ ئېھتىياجلىق نېفىتىنىڭ 75% تىن كۆپرەكىنى ئامېرىكا نېفىت شىركەتلىرى تەمىنلەپ بەرگەن.

ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا توپلاڭچى ئارمىيەنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولغان گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ ئۆزىدىن قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىشىنى چەكلىمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى ئارقىلىق توپلاڭچى ئارمىيەنىڭ قولىغا ئۈزۈلمەي تېگىپ تۇردى. بۇ ھەقتە روزۋېلت: «فرانكونىڭ ئايروپىلانلىرى بارسېلونا پۇقرالىرىنى ئامېرىكىدا ياسالغان بومبىلار بىلەن بومباردىمان قىلدى، بۇ بومبىلار ئامېرىكىلىق سودىگەرلەرنىڭ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ياكى گېرمانىيە شىركەتلىرىگە سېتىپ بېرىشى بىلەن ئىسپانىيەدىكى فرانكونىڭ قولىغا تەگكەن» دېگەن بولسا، فرانكو: «ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنى بىز مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىغان قانۇن» دېدى.

ئامېرىكىنىڭ 30 ـ يىللاردىكى ئىككى قېتىملىق قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشتا بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى يۈرگۈزگەنلىكىدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇش سىياسىتى ئەمەلىيەتتە فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكىگە يول قويۇش سىياسىتى، ئامېرىكىچە ماداراچىلىق سىياسىتى ئىدى.

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدىكى دىپلوماتىيە سىياسىتى** 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋېلىپ، ناتسىستلار پارتىيەسى گېرمانىيەدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، ئۇرۇشنىڭ ئىككى مەنبەسى شەكىللىنىپ، ئۇرۇش خەۋپى مىسلىسىز كۈچەيدى. گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە دۇنيا خەلقىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنىگە ئايلىنىپ، ئۇلار بىلەن فاشىستىك

تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادىكى ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلاندى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئەركىنلىكنى، تىنچلىقنى سۆيىدىغان ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئالدىدىكى ئورتاق ۋەزىپە ئۆزئارا بىرلىشىپ فاشىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ھەرىكىتىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇكسىز تۇتاشتۇرۇۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى توسۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش بولۇپ قالدى. دۇنيادىكى يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسى ۋە تاكتىكىسىنى تەڭشىدى، يەنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكىنىڭ سوۋېتكە قارشى يېڭى قوراللىق مۇداخىلىنى پىلانلىشىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى توسۇشتىن ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ فاشىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشقا ئۆتۈپ، گېرمانىيەنىڭ ۋېرسال سىستېمىسىنىڭ چۈشىكىنى بۇزۇشىنى قوللاشتىن خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ فاشىستلارغا قارشى كۈرىشىنى قوللاشقا ئۆتۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئورتاق كۈرەش يولىغا سالدى.

فاشىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكى ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشىدى. 1933 — 1935 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىسپانىيە، ۋېنگرىيە، رومىنىيە، چېخوسلوۋاكىيە، بۇلغارىيە، ئالبانىيە كولۇمبىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1933 - يىلى 11 - ئايدا ئامېرىكا بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ خەلقئارا ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ،

خەلقئارادىكى ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ۋە فاشىستىك تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرىلەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە، فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكى ئالدىدا چوقۇم قوش تەرەپلىك ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ رايون خاراكتېرلىك، كۆپ تەرەپلىك ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزۈپ، كوللېكتىپ بىخەتەرلىك سىستېمىسى بەرپا قىلىش زۆرۈر ئىدى. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيە، بېلگىيە، چېخسلوۋاكىيە، پولشا ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر قاتناشقان گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ئورتاق ساقلىنىدىغان رايون خاراكتېرلىك كېلىشىم تۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولدى. ياپونىيە، گېرمانىيە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقىپ ۋېرسال سىستېمىسى يىمىرىلەي دەپ قالغاندا، فرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتنىشىپ، بۇ خەلقئارا تەشكىلاتقا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىشنى ئۈمىد قىلدى. فرانسىيەنىڭ تەشەببۇسى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا 1934 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاققا ئەزا 30 دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاق ئۈچكە قارشى 38 ئاۋاز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىپ دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇشىنى ماقۇللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىدىغان چاغدا باياناتا ئېلان قىلىپ، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ يۇرگۈزۈپ كېلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك ماندات‌لىق

ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ھەم خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتلىك قارارلىرى ۋە ئۆزى ئىمزا قويىغان شەرتنامىلەرگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بارزو سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ كوللېكتىپ بىخەتەرلىك سىستېمىسى قۇرۇپ فاشىست گېرمانىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى ئورتاق چەكلەشنى تەشەببۇس قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سوۋېت ئىتتىپاقى، فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئۆزئارا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا «شەرق ئەھدىنامىسى» نىڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى، لايىھەدە ئۆزئارا بىر سىستېمىنى ھاسىل قىلغان ئىككى ھەمكارلىق كېلىشىمىنى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە، پولشا، چېخسلوۋاكىيە، ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا، فىنلاندىيەنىڭ ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئەھدىنامىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، فىرانسىيەنىڭ ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئەھدىنامىسىنى ئىمزالاش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، باشقا دۆلەتلەر دەرھال ھۇجۇمغا ئۇچرىغان دۆلەتكە ھەربىي ياردەم بېرىش، سوۋېت ئىتتىپاقى لوكارنو ئەھدىنامىسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئەھدىنامىنىڭ كېپىل دۆلىتى بولۇش، فىرانسىيە شەرق ئەھدىنامىسىنىڭ كېپىل دۆلىتى بولۇش بەلگىلەندى. فاشىست گېرمانىيە بۇ ئەھدىنامىنىڭ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى چۈشەپ قويىدىغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلىپ، 1934 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالاشنى رەت قىلدى. ئارقىدىن رومىنىيە، پولشامۇ بۇنىڭغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. ئەنگلىيە دەسلەپتە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا ئۇنى قوللىدى. 10 ـ

ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بارزو مارسېلدا زىيارەتكە كەلگەن يۇگوسلاۋىيە پادىشاھى ئالېكساندىرنى قارشى ئالغىلى چىققاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرق ئەھدىنامىسىنى تۈزۈش سۆھبىتى توختاپ قالدى.

1935 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى گېرمانىيە ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ گېرمانىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنى چەكلەش توغرىسىدىكى ماددىسىغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭدىن فىرانسىيە قاتتىق چۆچۈدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيەگە قارشى تۇرۇش ساداسىمۇ قايتىدىن ئەۋجگە چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شەرق ئەھدىنامىسىنى تۈزگىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، 1935 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە رەسمىي ھالدا ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزۈش تەكلىپىنى بەردى. 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى فىرانسىيەگە شەرتنامىنىڭ لايىھەسىنى تاپشۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فىرانسىيە «فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى فىرانسىيە «ھەرقانداق بىر ياۋروپا دۆلىتىنىڭ سەۋەبسىز تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغاندا»، ئىككى دۆلەت «دەرھال ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بۇ يەردىكى «ياۋروپا دۆلىتى» دېگەن سۆزنى فىرانسىيە ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالماسلىق ئىدى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېخسلوۋاكىيە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامىنىڭ مەزمۇنى فىرانسىيە، سوۋېت

ئىتتىپاقى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش شەرتنامىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت قوشۇمچە كېلىشىمدە فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغۇچى دۆلەتلەرگە ياردەم بەرگەندىلا شەرتنامە تۈزگۈچى دۆلەتلەر ئاندىن ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ ماددا چېخسلوۋاكىيەنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇ ھەقتە پىرېزىدېنت بېنىس: بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت چېخسلوۋاكىيەنىڭ «ئۆز سىياسىتىنىڭ يۆنىلىشىنى شەرقتىن غەربكە بۇراشنى خالىمايدىغانلىقى»نى، «ئۆز ئالدىغا رۇسىيە بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالىمايدىغانلىقى»نى بىلدۈرۈپ قويۇش، دېدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ماددا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزى يالغۇز گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ قالماسلىق ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ «ئاپەتنى شەرققە باشلاش» سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرغۇزماسلىق ئارزۇسىنىمۇ ئەكس ئەتكۈزگەنىدى.

بۇ ئىككى ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئەسلىدە گېرمانىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى چەكلەشتە مۇھىم رول ئوينىيالايتتى. چۈنكى، ئۈچ دۆلەت ئەگەر ھەقىقىي بىرلەشسىلا گېرمانىيەگە نىسبەتەن شەرق، غەربتىن قىسىپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرەلەيتتى. يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى گېرمانىيەنىڭكىدىن ئېشىپ كېتەتتى. ئەمما، فىرانسىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش سەمىمىيىتى يوق ئىدى. فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىشىش شەرتنامىسى ئىمزالىغان شۇ ئايدا، فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لاۋال ۋارشاۋادا پولشا پىرېزىدېنتى پىلسۇدىسكىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقاندا، گورىڭغا ئاشكارا ھالدا: فىرانسىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىر «كۆلكىلىك ئويۇن»، ھەمكارلىق شەرتنامىسى قەدىرلەشكە ئەرزىمەيدىغان بىر قۇرۇق قەغەز، دېدى. ئۇ يەنە پولشا دىپلوماتىيە مىنىستىرى

بېكقا: فىرانسىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىشىش شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشىدىكى مەقسەتنى فىرانسىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن دېگەندىن كۆرە، گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىنلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دېگەن تۈزۈك، دېدى. فىرانسىيەنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەسى تۈپەيلىدىن شەرتنامە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى.

**گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىستىك گۇرۇھىنىڭ شەكىللىنىشى**

گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئوخشاشلا فاشىست دۆلەتلەر بولۇپ، ھەممىسىلا رېئال ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ئۈچلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىك يولىدا تەدرىجىي تىل بىرىكتۈرۈشى ۋە ئىتتىپاقلىشىشىدىكى سىياسىي ئاساس ئىدى.

30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى، گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۆتكۈر مەنپەئەت توقۇنۇشى بار ئىدى. ئىتالىيە بالقاننى ئىگىلەپ، شەرقىي ئافرىقا ۋە قىزىل دېڭىزنى تىزگىنلەپ، ئوتتۇرا دېڭىزنى «ئىتالىيەنىڭ كۆلى» گە ئايلاندۇرۇپ، «بۈيۈك رىم ئىمپېرىيەسى»نى قايتا قۇرۇش غەرىزىدە ئىدى. بۇ گېرمانىيەنىڭ ياۋروپاغا، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزى بىلەن چىقىشالمايتتى. بۇ زىددىيەت ئاساسلىقى ئادرىئاتىك دېڭىزى، بالقان، دوناي دەرياسى ۋادىسى، بولۇپمۇ ئاۋستىرىيەنى تالىشىش مەسىلىسىدە روشەن ئىپادىلەندى. ئاۋستىرىيە ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ مەركىزى بولۇپ، ھىتلېر بۇرۇندىن گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيەنى قوشۇۋېتىش نىيىتىدە بولغانىدى. ئىتالىيەمۇ ئاۋستىرىيەدە ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولغان بولۇپ، ئىزچىل ئاۋستىرىيەدىن ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە دەپ قاراپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ھىتلېرنىڭ ئاۋستىرىيەنى يۇتۇۋېلىش نىيىتىدىن ئىنتايىن ھوشيار بولۇپ كەلگەنىدى.

ناتسىستلار پارتىيەسى گېرمانىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئىتالىيە 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن بىللە بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگىرىيە «رىم كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ، ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىرقاتار بەلگىلىمىلەرنى بېكىتتى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھىتلېر ئاۋستىرىيەدىكى ناتسىستچى ئونسۇرلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، باش مىنىستىر دولفوسنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋستىرىيەنى قوشۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئىتالىيە بۇنىڭغا دەرھال كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ تۆت دىۋىزىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىتالىيە ـ ئاۋستىرىيە چېگراسىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، ھىتلېرنىڭ ئاۋاستىرىيەگە بېسىپ كىرىشكە تەييارلىنىشىدىن ھوشيار تۇردى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەنە ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن بىللە بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، «1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاكارلانغان ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاش توغرىسىدىكى خىتابنامە يەنىلا تولۇق كۈچكە ئىگە بولىدۇ ھەم ئۇ داۋاملىق ئۈچ دۆلەتنىڭ ئورتاق سىياسىتىنىڭ ئاساسى بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى. 1935 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گېرمانىيە ئومۇميۈزلۈك ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قاتتىق خەۋپكە ئۇچراتتى. 4 ـ ئايدا ئىتالىيە ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيە ستىرېسادا يىغىن ئېچىپ، ياۋروپا مەسىلىسىگە ئائىت قارار ماقۇللاپ، «ئاستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلىش داۋاملىق ئۈچ دۆلەتنىڭ ئورتاق سىياسىتىنىڭ ئاساسى بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى.

www.uyghurkitap.com

گېرمانىيە، ئىتالىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلەتكەن ئاچقۇچ ئىتالىيەنىڭ ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلىشى ۋە گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ بىرلىشىپ ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا قوراللىق ئارىلىششى بولدى. ئىتالىيە ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە كۈچسىز جازالاش ھەرىكىتىنى قوللاندى. گېرمانىيە بولسا ئىتالىيەنى ئاشكارا قوللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىتالىيەمۇ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى ۋە تەسىر دائىرىسىنى تارتىۋېلىش مەسىلىسىدە گېرمانىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن گېرمانىيەنىڭ ئاۋسترىيەنى قوشۇۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ مۇناسىۋىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ ئىسپانىيەگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىشى ئىككى تەرەپنىڭ مەيدانىنى يەنىمۇ يېقىنلاشتۇردى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىككى دۆلەت ئۇرۇشنى كېڭەيتىش يولىدا تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىشىپ، دېموكراتىك دۆلەتلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

1936 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىتالىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى كىئانو تەكلىپكە بىنائەن بېرلىنغا زىيارەتكە بېرىپ ھىتلېر ۋە گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى نېيئورات بىلەن سۆھبەتلەشتى. 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىككى دۆلەت بىر مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى. كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: گېرمانىيە ئىتالىيەنىڭ ئېفىيوپىيەنى قوشۇۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئىتالىيە ئېفىيوپىيەدە گېرمانىيەگە ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىش، ئىككى دۆلەت دوناي دەرياسى ۋادىسى ۋە بالقان رايونىدا تەسىر دائىرە بۆلۈشۈۋېلىش؛ ئىسپانىيەدىكى فرانكو ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىگە

ئورتاق پوزىتسىيە تۇتۇش؛ مۇھىم خەلقئارالىق مەسىلىلەردە ئورتاق قاڭچىن قوللىنىش؛ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ھاۋا ئارمىيەسىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇسسولىنى مىلاندا نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ كېلىشىم «يېڭى دەۋرنىڭ باشلانغانلىقى»نىڭ بەلگىسى، «رىم بىلەن بېرلىن ئوق مەركەزلىرى»، ياۋروپادىكى دۆلەتلەر مۇشۇ «ئوق مەركىزى» نى چۆرىدەپ ھەمكارلىششى كېرەك، دېدى. «بېرلىن ـ رىم ئوق مەركىزى» دېگەن ئاتالغۇ مانا مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىقتى. گېرمانىيە ـ ئىتالىيە «ئوق مەركەزلىرى»نىڭ شەكىللىنىشى فاشىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق گۇرۇھى قۇرۇش يولىدا مۇھىم بىر قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى.

گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە يېقىنلىشىپ «ئوق مەركىزى» نى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەمۇ تىل بىرىكتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈردى. 1936 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا، ياپونىيەنىڭ گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى گېرمانىيە تەرەپ بىلەن سىياسىي ئىتتىپاقداشلىق ئەھدى تۈزۈش توغرىسىدا سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. «26 ـ فېۋرال» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپونىيە تېخىمۇ فاشىستلاشتى، تاشقى ئىشلار ۋازارىتى ھەربىي ئىشتاب بىلەن مۇناسىۋىتىنى تەڭشىگەندىن كېيىن گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىگە گېرمانىيە تەرەپ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تېزلىتىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا گېرمانىيە ياپونىيەگە «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى»نىڭ لايىھەسىنى رەسمىي تاپشۇردى. 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىككى دۆلەت «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى»نى رەسمىي ئىمزالىدى. كېلىشىمدە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، «پۈتۈن دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا تەھدىت

سالدى» دەپ قارىلىنىپ، «كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەر كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئۇقتۇرىدۇ ھەم زۆرۈر مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىش توغرىسىدا ئۆزئارا كېلىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زىچ ھەمكارلىشىدۇ»، «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىچكى تىنچلىقى تەھدىتكە ئۇچرىغان ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە بۇ كېلىشىمنىڭ مەقسىتى بويىچە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىدۇ ياكى ئۇ دۆلەتنى بۇ كېلىشىمگە قاتنىشىشقا ئورتاق تەكلىپ قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بۇ كېلىشىمنىڭ يەنە بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان مەخپىي قوشۇمچە ھۆججىتى بولۇپ، قوشۇمچە ھۆججەتتە: «كېلىشىم تۈزگەن بىر دۆلەت سەۋەبسىز ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۇجۇمىغا ياكى ھۇجۇم تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق ھەرقانداق ھەرىكەتنى قوللانمايدۇ»، «كېلىشىم كۈچكە ئىگە مەزگىلدە كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى دۆلەت قارشى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بۇ كېلىشىمنىڭ روھىغا خىلاپ بولغان ھەرقانداق سىياسىي شەرتنامىنى تۈزمەيدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

«كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى» سوۋېت ئىتتىپاقىغىلا قارىتىپ قالماستىن، بەلكى ئاساسلىقى غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرگە قارىتىلغانىدى. گېرمانىيە، ياپونىيەنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۇرۇش بايرىقى ئاستىدا كېلىشىم ئىمزالاشتىكى مەقسىتى، غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بالدۇرلا بىۋاسىتە تىركىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىدى. رىببېنتروپ كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن: «بىز كۆرۈنۈشتە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاساسلىق دۈشمەن قىلدۇق،

ئەمما ئەمەلىيەتتە پوتونلەي ئەنگلىيەنى ئاساسلىق دۈشمەن قىلىمىز» دېدى. ھىتلېر بولسا ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا: «مەن چوقۇم... بولشېۋىكىزمنىڭ ئەرۋاھىدىن پايدىلىنىپ، ۋېرسال سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەرنى چەكلەيمەن، ئۇلارنى گېرمانىيەنىڭ قىزىل ئاپەتكە قارشى تۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ قورغان ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىمەن، بۇ بىزنىڭ كىرىزىستىن ئۆتۈشىمىز، ۋېرسال شەرتنامىسىدىن قۇتۇلۇشىمىز ۋە قايتىدىن قوراللىنىشىمىزدىكى بىردىنبىر چارە» دېدى.

ھىتلېر ئىتالىيەنى «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى»گە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مۇسسولىنىنى گېرمانىيەگە زىيارەتكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ مۇسسولىنىنى «دەۋرنىڭ ئازسانلىق يېتۈك ئەربابلىرىدىن بىرى»، «تارىخ ئۇنى سىناپ بولالمايدۇ، ئۇ ئۆزى تارىخنى يارىتىدۇ» دەپ ماختاپ ئۇچۇردى. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىتالىيە «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى»گە قاتناشتى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە ئۈچ دۆلەت كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى تۇرۇش شوئارى ئاستىدا ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، «بېرلىن ـ رىم ـ توكيو ئوق مەركىزى» نى شەكىللەندۈردى.

فاشىستىك تاجاۋۇزچىلىق گۇرۇھى قۇرۇش ھىتلېرنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى قوزغاشقا تەييارلىنىشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. ئۇ بۇرۇن: «ئىتتىپاقنىڭ مەقسىتى ناۋادا ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسا، بۇنداق ئىتتىپاقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى، قىممىتى بولمايدۇ، بىزنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشىمىز ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن» دېگەنىدى. فاشىستىك تاجاۋۇزچىلىق گۇرۇھىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى دۇنيا ئۇرۇشى خەۋپى كۈنسېرى يېقىنلاشتى.

# 2 ـ بۆلۈم جاھانگىرلارنىڭ مېيۇنخېن سۇيىقەستى

گېرمانىيەنىڭ ئاۋستىرىيەنى قوشۇۋېلىشى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ماداراچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ھىتلېر ۋېرسال شەرتنامىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش تەدبىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشقا ئاشۇردى. يەنە كېلىپ فاشىستىك تاجاۋۇزچىلىق گۇرۇھى شەكىللەنگەنلىكتىن، ئۇ «بۈيۈك گېرمانىيە» قۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىپ، ياۋروپانىڭ مەركىزىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئاۋۋال ئاۋستىرىيە ۋە چېخسلوۋاكىيەنى ئىگىلەشنى قارار قىلدى.

1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كاپىتالىزم دۇنياسىدا يەنە بىر قېتىم ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەردى. بۇنىڭ بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سانائەت مەھسۇلات مىقدارى 16% تۆۋەنلەپ، ئىشسىزلار 18 مىليونغا يەتتى. فاشىستىك دۆلەتلەر ئۆز ئىقتىسادىنى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى يولغا سېلىۋالغانلىقتىن، ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىدى. ئەمما، ئۇلاردا يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتى بۇزۇلۇش، ھەربىي سانائەت غەيرىي تەرەققىي قىلىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. ئىقتىسادىي كرىزىس جاھانگىر دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بازار ۋە خام ئەشيا بازىرى تالىشىش كۈرىشىنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، فاشىستىك دۆلەتلەرنىڭ دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈش يولىدىكى تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. دەل مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا گېرمانىيە يېڭى دۇنيا ئۇرۇشى قوزغاشقا تەييارلىنىش باسقۇچىغا كىردى.

1937 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ھىتلېر ئاساسلىق ھەربىي، مەمۇرىي كاتتىباشلار قاتناشقان مەخپىي ھەربىي،

ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، ئۆزى شەخسەن ياۋروپا ئۇرۇشى قوزغاشقا تەييارلىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ: «گېرمانىيەنىڭ ئىستىقبالى پۈتۈنلەي ياشاش بوشلۇقىنى قانداق ھەل قىلىشقا باغلىق»، «بۇ ياشاش بوشلۇقى يىراق ئافرىقا ياكى ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلەردە ئەمەس، بەلكى گېرمانىيەنىڭ يېنىدىكى ياۋروپانىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا»، «ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1943 ــ 1945 ـ يىللىرى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك»، «ئەگەر فىرانسىيە ئېغىر ئىچكى نىزاغا دۇچار بولسا ياكى باشقا بىر دۆلەتنىڭ ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قالسا، ئۇنداقتا 1943 ــ 1945 ـ يىللاردىن بۇرۇن ھەرىكەت قوللىنىش لازىم»، «بىزنىڭ بىرىنچى نىشانىمىز... غەربتىكى جەڭدە يان تەرەپتىن كېلىدىغان تەھدىتنى تۈگىتىش ئۈچۈن بىرلا ۋاقىتتا چېخسلوۋاكىيە ۋە ئاۋستىرىيەنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ قېتىمقى يىغىن ناتسىست گېرمانىيەنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاشقا تەييارلىنىشىدىكى مۇھىم بىر قەدىمى بولدى.

ئاۋستىرىيەنى قوشۇۋېلىش ھىتلېرنىڭ ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تۇنجى قەدىمى ئىدى. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا ھەم چېخسلوۋاكىيەنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقىلى ھەم شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، بالقانغا بارىدىغان يولىنى راۋانلاشتۇرغىلى بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئاۋستىرىيەدە 7 مىليون ئاھالە بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن نېمىس تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئىدى. ھىتلېر بۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ مىللىي شوۋىنىزمنى ھەدەپ قۇترىتىپ ئاۋستىرىيەدىكى فاشىستىك تەشكىلاتلارنى كۈچەپ يۆلىدى. 1934 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھىتلېر ئاۋستىرىيەدىكى فاشىست ئۇنسۇرلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، باش مىنىستىر دولفوسنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋستىرىيەنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، ئەنگلىيە،

فىرانسىيە، ئىتالىيەنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يەنە ھىتلېرنىڭ بىر سىنىقى ئىدى. چۈنكى، ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسى ۋە ساينىت گېرمان شەرتنامىسىنىڭ ھەممىسىدىلا گېرمانىيە ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ قېتىمقى سىناق ئارقىلىق ھىتلېر پەقەت پۇرسەت كۈتۈپ ئاۋستىرىيەگە تاجاۋۇز قىلىشقا يېڭى شارائىت ھازىرلاش زۆرۈرلۈكىنى بىلىۋالدى.

ئىتالىيە ئېفىيوپىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن ھىتلېر ئىتالىيەنىڭ ئېفىيوپىيەنى قوشۇۋېلىشىنى ئېتىراپ قىلىش ھەم ئىتالىيە بىلەن بىللە ئىسپانىيەدىكى فىرانكونىڭ توپىلاڭچى ئارمىيەسىنى قوللاش ئارقىلىق ئىتالىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاخىر «بېرلىن ـ رىم ئوق مەركىزى»نى شەكىللەندۈرۈپ، ئىتالىيەنى گېرمانىيەنىڭ ئاۋستىرىيەنى قوشۇۋېلىشىغا ماقۇل كەلتۈردى.

ئەنگلىيەدە 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تەختكە چىققان چېمبېرلېننىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى گېرمانىيەگە ھەدەپ مادارا قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇلار ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ زېمىن توغرىسىدىكى ماددىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئوتتۇرا ياۋروپادا گېرمانىيەنىڭ قىسمەن زېمىن تەلىپىنى قاندۇرۇپ، شەرقىي ياۋروپانى گېرمانىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىپ بەرگەندىلا ياۋروپانىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ماداراچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە ئاسانلىق يارىتىش ئۈچۈن چېمبېرلېن تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىنى ئالماشتۇرۇپ، ھىتلېرنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىگە قاتتىق

ھوشيار بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىپپسنىڭ ئورنىغا گېرمانىيە پەرەس خېندېرسوننى قويۇپ، ئۇنىڭدىن «ناتسىستلار ھۆكۈمىتى بىلەن كۆچلۈك ھەمكارلىشىش»نى تەلەپ قىلدى. خېندېرسون ناتسىست گېرمانىيەگە ئىنتايىن خۇشامەت قىلىپ، «دۇنيادا ھېچكىم گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيەدەك ياۋروپانىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ»، «ئاۋستىرىيە گېرمانىيەگە قوشۇلۇپ كېتىشى كېرەك» دېدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ «ناتسىستپەرەس باش ئەلچى» دەپ نام چىقاردى. 1937 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چېمبېرلېن ئۆزىنىڭ يېقىنى، مۆھۆردار ۋەزىر خالىفاكسنى گېرمانىيەگە زىيارەتكە ئەۋەتتى. خالىفاكس ھىتلېر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشتىكى «تۆھپىسى»نى ھەدەپ ماختاپ، «فېيۇرېر گېرمانىيەدىلا زور تۆھپە يارىتىپ قالماي، بەلكى ئۆز دۆلىتىدىكى كوممۇنىزمنى يوقىتىش ئاساسىدا كوممۇنىزمنىڭ غەربىي ياۋروپاغا قاراپ يامرىشىنى توستى، شۇڭا گېرمانىيە غەربنىڭ بولشېۋىكىزمغا قارشى قالقىنى دەپ تەرىپلىنىشكە ھوقۇقلۇق» دېدى. ھىتلېر ۋېرسال شەرتنامىسى بېكىتكەن رېئال ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ: «ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ خاتالىقلىرىنى چوقۇم تۈزىتىش لازىم، ئەنگلىيەمۇ ئىلگىرى مۇشۇنداق رېئالىزملىق روھ بويىچە ئۆز تەسىرىنى باشتىن ـ ئاخىر ئىپادىلەپ كەلگەن»، «قالغان بارلىق مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلارنى ھامان يۈز بېرىدىغان ياۋروپا تەرتىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دائىر مەسىلىلەر دېيىشكە بولىدۇ، يەنى بۇ مەسىلىلەر دانزىگ، ئاۋستىرىيە ۋە چېخسلوۋاكىيەگە قارىتا ئېيتىلغان، ئەنگلىيە پەقەت بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تىنچ يول بىلەن ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ» دېدى.

چېمبېرلېننىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئارقىلىق ھىتلېر ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيەنىڭ

ئوتتۇرا ياۋروپادىكى كېڭەيمىچىلىككە قورال كۈچى بىلەن قارشى تۇرمايدىغانلىقىغا، فىرانسىيەنىڭمۇ ئەنگلىيەنىڭ قوللاش كاپالىتىگە ئېرىشەلمىسە گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندى. مۇشۇ ۋاقىتتا، فىرانسىيە باش مىنىستىرى شاۋتېمپمۇ گېرمانىيە ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشكەندە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گېرمانىيە ئاۋستىرىيەنى قوشۇۋېلىش غەرىزىنى بېرلىنغا زىيارەتكە كەلگەن ئامېرىكىنىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىرېيىدقا ئاشكارا ئېيتقاندىمۇ، ئامېرىكا ھېچقانداق قارشى ئىنكاس بىلدۈرمىدى. بۇنىڭ بىلەن ھىتلېر ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكىنىڭ بوش تۇرىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئاۋستىرىيەنى يۇتۇۋېلىش پۇرسىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەندى.

1938 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ھىتلېر ئاۋستىرىيە باش مىنىستىرى شۇشنىگنى بېرىختېسگادىن تېغىدىكى داچىسىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بىر «كېلىشىم لايىھەسى»نى تاپشۇرۇپ، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋستىرىيەدىكى ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، قاماققا ئېلىنغان بارلىق ناتسىستچىلارنى قويۇپ بېرىشنى، ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ تەشۋىق ـ تەرغىبات ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى، شۇنداقلا ئاۋستىرىيە ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ كاتتىبېشى سېيس ئىنچۇئارتنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى. ھىتلېر شۇشنىگقا تەھدىت سېلىپ: «سىز بۇ ھۆججەتكە شۇ پېتى قول قويۇپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە تەلىپىمنى قاندۇرۇشىڭىز كېرەك، بولمىسا مەن دەرھال ئاۋستىرىيەگە قوشۇن تارتىمەن» دېدى. شۇشنىگ ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ قارشىلىق قىلماقچى بولۇپ، «مەن سىزنىڭ ئاۋستىرىيەگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن،

ئەمما باش مىنىستىر ئەپەندى شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، مەيلى بىز خالايلى ـ خالىمايلى، بۇنداق قىلىش قان تۆكۈلۈشتىن دېرەك بېرىدۇ، بىز بۇ دۇنيادا تەنها ئەمەس، بۇنداق ھەرىكەت قوللىنىش ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن» دېدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ: «دۇنيادا ھېچكىمنى مېنىڭ قارارىمنى ئىجرا قىلىشىمنى توسۇپ قالالايدۇ دەپ ئويلىماڭ، ئىتالىيەنى دېسىڭىز، مۇسسولىن مەن بىلەن بىر دەك پىكىردە، بىز ئىككى دۆلەتنىڭ ئىنتايىن قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتى بىزنى بىر مەيداندا تۇرغۇزغان، ئەنگلىيەنى دېسىڭىز، ئەنگلىيە ئاۋستىرىيە ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى مىدىرلىتىپ قويمايدۇ» دېدى. ھىتلېرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا شوشنىگ ئاخىر باش ئېگىشكە مەجبۇر بولىدى. 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، سېيس ئىنچۇئارت قاتارلىق ناتسىستچىلار ھۆكۈمەتتە مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناتسىستچىلار چوڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ، 1934 ـ يىلى باش مىنىستىر دولفوسنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن قاتىلمۇ قويۇپ بېرىلدى.

مۇتەررز بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئەھۋالدا ئاۋستىرىيە خەلقى مۇتەررزلىكتىن قۇتۇلۇش دولقۇنىنى قوزغىدى. ۋېينا قاتارلىق جايلاردىكى مىليونلىغان كىشى ھۆكۈمەتكە تەلەپنامە سۇنۇپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شوشنىگ 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ياقلاش ـ ياقلىماسلىقى ئۈستىدە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گېرمانىيە ئاۋستىرىيەگە ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىشنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، شوشنىگنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشنى، سېيس ئىنچۇئارتنى ھۆكۈمەت باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى. ئاۋستىرىيە

پرېزىدېنتى ۋىلھېلىم مىكلاس ناتسىستچىلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا بۇ تەلەپلەرنى تولۇق قوبۇل قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە گېرمانىيە ئارمىيەسى چېگرادىن ئۆتۈپ ئاۋستىرىيەگە كىردى. ئەتىسى سېيىس ئىنچۇئارت ھۆكۈمىتى ئاۋستىرىيەنى گېرمانىيەگە قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھىتلېر ئاۋستىرىيەنىڭ گېرمانىيە بىلەن «بىرلىشىشى» ھەققىدىكى ھۆججەتكە ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋستىرىيە گېرمانىيەنىڭ بىر ئۆلكىسىگە — شەرق ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ، سېيىس ئىنچۇئارت ئۆلكە باشلىقى بولدى.

گېرمانىيە ئاۋستىرىيەنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە ئېتىراز بىلدۈردى. ھىتلېر ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھەقىقىي قوغداش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلگەچكە، كەسكىن ھالدا گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە مۇناسىۋىتى «گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئىچكى ئىشى، باشقىلارغا مۇناسىۋەتسىز» دەپ جاكارلاپ، ئۇلارنىڭ ئېتىرازىنى رەت قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى ئاۋستىرىيەنىڭ گېرمانىيەگە قوشۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ، ئاۋستىرىيەدىكى ئەلچىخانىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كونسۇلخانا تەسىس قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ناتسىست گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى لىتۋىنوف بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق «ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يۈز بەردى»، «ئۇ تاجاۋۇزچىلارغا قوشنا 11 دۆلەتكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ياۋروپاغا، ھەتتا ياۋروپانىڭ سىرتىدىكى دۆلەتلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ»، «بۇنىڭدىن يېڭى خەلقئارا توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى باشقا چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە دەرھال خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ

ئىچىدە ياكى سىرتىدا زوّروّر تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالايدۇ»، «ئىش ئەتىگە قالسا كېچىكىمىز، ئەمما بارلىق دوّلەتلەر، بولۇپمۇ چوڭ دوّلەتلەر تىنچلىقنى كوللېكتىپ قوغداش مەسىلىسىدە قەتئىي كەسكىن مەيداندا تۇرسىلا، بۇگۈنمۇ ھېلىھەم ئۈلگۈرىمىز» دېدى. بىراق، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر بىر پاي ئوق چىقارمايلا، ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىمايلا ئاۋسترىيەنى يۇتۇۋېلىپ، ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئوڭۇشلۇق باستى.

سودېتېن رايونى مەسىلىسى ۋە ماي كىرىزىسى ھىتلېر ئاۋسترىيەنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن تاجاۋۇزچىلىق نىشانىنى چېخسلوۋاكىيەگە قاراتتى.

چېخسلوۋاكىيە ياۋروپانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، سانائەتتە تەرەققىي قىلغان، بايلىقى مول ئىدى. گېرمانىيەنىڭ داڭلىق ئۇرۇشپەرەس ۋەزىرى بىسمارك: «كىم بوھېمىيەنى تىزگىنلىسە، شۇ ياۋروپانى تىزگىنلىيەلەيدۇ» دېگەنىدى. ناتسىست گېرمانىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چېخسلوۋاكىيە ھەم بالقانغا كېڭىيىشتىكى باش ئىستىھكام، ھەم شەرقىي ياۋروپاغا ئىلگىرىلەش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى ئالدىنقى بازا بولۇپ، ياۋروپاغا خوجا بولۇشتىكى ئېگىلىمەي بولمايدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك جاي ئىدى.

چېخسلوۋاكىيە كوّپ مىللەتلىك دوّلەت بولۇپ، 15 مىليون نوپۇسى ئىچىدە چېخلار ۋە سلوۋاكلار 9 مىليون 500 مىڭنى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 5 مىليون 500 مىڭنى ئىگىلەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانلار 3 مىليون 200 مىڭنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، كوّپىنچىسى سودېتېن رايونىغا ماكانلاشقانىدى. ھىتلېر چېخسلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلىشتا ئالدى بىلەن مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ سودېتېن رايونىنى ئىگىلەشنى

نىشانلىدى. 1933 ـ يىلى ئۇ سودېتېن رايونىدا ناتسىستچى كونراد خانلېيىننى يۆلەپ «سودېتېن گېرمان پارتىيەسى»نى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆزۈكسىز قوبۇل قىلالمايدىغان تەلەپلەرنى قويۇپ، چېخسلوۋاكىيەدە داۋاملىق جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا باھانە تېپىشقا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

1938 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خانلېيىن سودېتېن گېرمان پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سەككىز نۇقتىلىق پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سودېتېن رايونىدا تولۇق «ئاپتونومىيە» نى يولغا قويۇشنى، بارلىق ئەمەلدارلارنى گېرمانلاردىن تەيىنلەشنى، قامالغان ناتسىست سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشنى، ھۆكۈمەتنىڭ فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، گېرمانىيە بىلەن «بىردەك» دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى خانلېيىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ناتسىست سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشكە قوشۇلدى، ئەمما سودېتېن رايونىدا تولۇق «ئاپتونومىيە»نى يولغا قويۇشنى رەت قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خانلېيىن ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلىشىشنى توختىتىپ، گېرمانىيەگە باردى، ھىتلېر دەرھال چېخسلوۋاكىيەگە قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىپ، 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۆت موتورلاشقان دىۋىزىيەسىنى گېرمانىيە ـ چېخسلوۋاكىيە چېگراسىغا يۆتكەپ، چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىنى قورال كۈچى بىلەن باش ئەگدۈرمەكچى بولدى. ئەمما، چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ فاشىستلارغا قارشى نارازىلىق ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە دەرھال قىسمەن ھەربىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئارمىيەسى چېگرادا ئۆز ئارا تىركىشىپ، ۋەزىيەت بىردىنلا كەسكىنلىشىپ كەتتى. مانا بۇ

چېخسلوۋاكىيەدىكى ئاتالمىش «ماي كىرىزىسى» ئىدى.

چېخسلوۋاكىيە ئاۋستىرىيەگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتا خېلى ياخشى شارائىتقا ئىگە ئىدى. بىرىنچىدىن، سانائىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى كاپىتالىزم دۇنياسىدا 7 ـ ئورۇندا تۇراتتى؛ ئىككىنچىدىن، خېلى تەرەققىي قىلغان ھەربىي سانائىتى ۋە خېلى مۇكەممەل دۆلەت مۇداپىئە سىستېمىسى بار بولۇپ، قوراللىرى خىل، ساپاسى يۇقىرى 35 قۇرۇقلۇق ئارمىيە دىۋىزىيەسى، چېخسلوۋاكىيە ـ گېرمانىيە چېگراسىدا مۇستەھكەم تاغ ئىستىھكامى — «چېخسلوۋاكىيە ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيەسى» بار ئىدى. ئۇ «ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ناتسىستلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قورغان» دەپ ئاتالغانىدى؛ ئۈچىنچىدىن، زېمىنى ياۋروپانىڭ مەركىزىدە، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بولۇپ، خەلقئارادا قوغداشقا ئېرىشكەن، ياۋروپادا ئەڭ ئىشەنچلىك شەرتنامە كاپالىتىگە ئىگە بولغان دۆلەت دەپ قارىلاتتى، جۈملىدىن 20 ـ يىللارنىڭ بېشىدا چېخسلوۋاكىيە، رومىنىيە، يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانىدى. ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى 1935 ـ يىلى چېخسلوۋاكىيە فىرانسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى ئىمزالىغان بولۇپ، فىرانسىيە ـ چېخسلوۋاكىيە شەرتنامىسىدە «بىر تەرەپ سەۋەبسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا، يەنە بىر تەرەپ دەرھال ياردەم بېرىدۇ» دەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ـ چېخسلوۋاكىيە شەرتنامىسىدە «چېخسلوۋاكىيە ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا فىرانسىيە ياردەم بەرسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى دەرھال ياردەم بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ ئىككى شەرتنامىنى قوللاش ئۈچۈن 1935 ـ يىلى فىرانسىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى

ئىمزالىغانىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ناۋادا گېرمانىيە چېخسلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلسا، فىرانسىيە شەرتنامىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغان ھەم ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتىگە تايىنىدىغانلا بولسا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، چېخسلوۋاكىيە ئورتاق ھالدا گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنەتتى.

«ماي كىرىزىسى» يۈز بەرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بايانات ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ـ چېخسلوۋاكىيە ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، چېخسلوۋاكىيەگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە بولسا ئامال قىلىپ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان چېخسلوۋاكىيە ـ گېرمانىيە قوراللىق توقۇنۇشىنى بېسىقتۇرۇشقا ئالدىرىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ناتسىست گېرمانىيەگە قورال كۈچى ئىشلىتەمەسلىكنى ئاگاھلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن چېخسلوۋاكىيەنى يول قويۇشقا مەجبۇرلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى پاننا ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەگەر گېرمانىيە ئارمىيەسى چېخسلوۋاكىيە چېگراسىدىن ئۆتسە، فىرانسىيە دەرھال ئۆز ئىتتىپاقدىشىغا ياردەم بېرىدۇ، دەپ جاكارلىدى. دالادىر گېرمانىيە باش ئەلچىسىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا ئۇستىلىدىكى ھەربىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ بۇ ھۆججەتكە ئىمزا قويۇش ـ قويماسلىقىم پۈتۈنلەي جانابىڭىزغا باغلىق» دېدى. ئەنگلىيە: ناۋادا فىرانسىيە ئۆزىنىڭ شەرتنامىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋەقەنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، دەپ جاكارلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا گېرمانىيە ئارمىيەسى باش ئىشتابىمۇ

گېرمانىيە ئارمىيەسى قارشىلىقسىز شارائىتتا ئاۋسترىيەگە يۈرۈش قىلالىغىنى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى سەپتە، ھەتتا ئۈچ سەپتە جەڭ قىلالمايدۇ، دەپ ئەسكەرتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ھىتلېر ئامالسىز پەسكويغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولۇپ، گېرمانىيە ـ چېخسلوۋاكىيە چېگراسىدىكى قوشۇننىڭ چېكىنىشىنى بۇيرۇپ، خانلېينغا چېخسلوۋاكىيەگە قايتىپ ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلىشىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيدا قىلغان «ماي كىرىزىسى» بەربات بولدى.

**مىيونخېن كېلىشىمى ۋە چېخسلوۋاكىيەنىڭ مۇنقەرز بولۇشى** «ماي كىرىزىسى» دىن كېيىن ھىتلېر «يېشىل لايىھە» دېيىلىدىغان چېخسلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىشنى بۇيرۇپ، «يېقىن ئارىدا ھەربىي ھەرىكەت ئارقىلىق چېخسلوۋاكىيەنى تارمار قىلىش»، ھەرىكەتنى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1938 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن باشلاش قارارىغا كەلدى. ئۇ چېخسلوۋاكىيەنى ئوڭۇشلۇق بېسىۋېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەدەپ ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە پوپوزا قىلدى. «ماي كىرىزىسى» مەزگىلىدە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە گەرچە قاتتىقراق پوزىتسىيەدە بولغان بولسىمۇ، ئەمما مادارا قىلىش پوزىتسىيەسىدىن ۋاز كەچمىدى. ئەنگلىيە ۋەقەگە ئارىلىشىپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈپ ئىككىنچى كۈنى، دىپلوماتىيە ۋەزىرى خالىفاكس فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى پىپپىسقا فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشۈش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيەگە تۇتقان ئاگاھلاندۇرۇش پوزىتسىيەسىنى بەك كۆپتۈرۈۋەتمەسلىكنى ئەسكەرتتى. پىپپس: ئەنگلىيە فىرانسىيە ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى مەڭگۈ ئادا قىلىدۇ، ئەمما بۇ «ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ (فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن) بىللە دەرھال بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ چېخسلوۋاكىيەنى

قوغداپ، گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ» دېدى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چېمبىرلىن ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى لورد رۇنسىماننى پىراگاغا ئەۋەتىپ، ئۇنى چېخسلوۋاكىيە هۆكۈمىتى بىلەن سودېتېن گېرمان پارتىيەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «شەخسىي كېلىشتۈرگۈچى» قىلدى. بۇ، نامدا كېلىشتۈرۈش بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە چېخسلوۋاكىيە هۆكۈمىتىنى يول قويۇشقا مەجبۇرلاش ئىدى. فىرانسىيە بولسا ئەنگلىيە ئوتتۇرىغا قويىدىغان سودېتېن مەسىلىسىنى هەل قىلىشقا ئائىت هەرقانداق پىلاننى «قوبۇل قىلىدىغانلىقى ۋە قوللايدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ بېسىمى ئاستىدا، چېخسلوۋاكىيە هۆكۈمىتى ئاخىر سودېتېن رايونىدا «ئاپتونومىيە» نى يولغا قويۇشقا قوشۇلدى. ئەمما، بۇنداق يول قويۇش تاجاۋۇزچىلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرالمىدى. سودېتېن مەسىلىسى پەقەت هىتلېرنىڭ پۈتكۈل چېخسلوۋاكىيەنى يۇتۇۋېلىشىدىكى بىر باهانىسى ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى هىتلېر نيۇرنبورگدىكى ناتسىستلار پارتىيەسى قۇرۇلتىيىدا نۇتۇق سۆزلەپ، «پەرۋەردىگار 7 مىليون چېخنى 3 مىليون 500 مىڭ گېرماننى نازارەت قىلىش، بوزەك قىلىش، هاقارەت قىلىشقا ياراتقان ئەمەس»، «چېخسلوۋاكىيە دېگەن بۇ دۆلەت ۋېرسال سىياسىيونلىرى ئاپىرىدە قىلغان بىر غەلىتە تۆرەلمە» نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا ئاپتونومىيە ئارقىلىق ماجىرانى هەل قىلىش روشەنكى كۇپايە قىلمايدۇ، دەپ جار سالدى. شۇ كۈنى سودېتېن گېرمان پارتىيەسىدىكىلەر توپىلاڭ كۆتۈردى، ئەمما چېخسلوۋاكىيە هۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. خانلېين گېرمانىيەگە قېچىپ كەتتى. گېرمانىيە ئارمىيەسى يەنە گېرمانىيە ـ چېخسلوۋاكىيە چېگراسىغا توپلىنىپ، چېخسلوۋاكىيەدىكى «سېنتەبىر كرىزىسى» نى پەيدا قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چېمبېرلىن «مەسىلىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش چارىسى»نى تېپىش ئۈچۈن گېرمانىيەگە بېرىپ ھىتلېر بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە ھىتلېر ھەيۋە كۆرسىتىپ پوپۇزا قىلىپ، سودېتېن رايونىنى گېرمانىيەگە بۆلۈپ بېرىشنى رەسمىي تەلەپ قىلدى. چېمبېرلىن ئۆزىنىڭ بۇ تەلەپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى، ئەمما قايتىپ بېرىپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە فىرانسىيە بىلەن مەسلىھەتلىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى لوندوندا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، چېخسلوۋاكىيەنىڭ ھىتلېرنىڭ زېمىن تەلىپىنى قاندۇرۇشىنى بىردەك قارار قىلدى. ئەتىسى ئەنگلىيە، فىرانسىيە چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە بىرلەشمە نوتا تاپشۇرۇپ، چېخسلوۋاكىيەنىڭ گېرمانلار 50% تىن ئاشىدىغان رايونلارنى گېرمانىيەگە بۆلۈپ بېرىشىنى، «ناۋادا بۇ رايونلارنى دەرھال گېرمانىيەگە ئايرىپ بەرسە، ئۆز تىنچلىقى ۋە جانىجان مەنپەئەتىنىڭ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقى» نى ئۇقتۇردى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ بۇ نوتىسى چېخسلوۋاكىيە خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە جاۋاب نوتا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يولسىز تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەھەردە ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ چېخسلوۋاكىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى پىرېزىدېنت بېنىسنى كارىۋىتىدىن ئويغىتىپ، ئۆز ھۆكۈمەتلىرى نامىدىن ئۇنىڭغا ئەسلىدىكى جاۋاب نوتىسىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى، ئەگەر ئۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ تەكلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلمىسا، چېخسلوۋاكىيەنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئۇرۇشقا جاۋابكار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا «ئەنگلىيەنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدىغانلىقى»نى، «فىرانسىيەنىڭمۇ شەرتنامىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا

قىلمايدىغانلىقى»نى ئېيتتى. جاھانگىرلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى ئاخىر تىز پۈكۈپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى بىلدۈردى. شۇ كۈنى كەچتە پىرېزىدېنت بېنېس خەلققە قىلغان سۆزىدە: «بىزنىڭ باشقا تاللىشىمىز قالمىدى، چۈنكى بىز تاشلىۋېتىلدۇق» دېدى.

ئېغىر مىللىي كىرىزىستىن چېخسلوۋاكىيە خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ ـ تاشتى. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پىراگادا 250 مىڭ كىشى نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەتتىن ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنى سودېتېن رايونىغا كىرگۈزمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. ۋەتەنپەرۋەر ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھاچا ھۆكۈمىتى ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، گېنېرال سىرلوفنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ تۈرتكىسىدە مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلدى.

چېخسلوۋاكىيە خەلقى ۋەتەننى قوغداشقا تەييارلىنىۋاتقان دەل مۇشۇنداق پەيتتە، 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چېمبېرلىن ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ تەكلىپىنى ئېلىپ گېرمانىيەگە بېرىپ، گېدېسبۇرگدا ھىتلېر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئۆزىچە بۇ قېتىم سىياسىي سودىمىز پۈتىدۇغۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما، نەپسى تويماس ھىتلېر: ئالدىنقى بىرنەچچە كۈندىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن ئەمدى بۇ پىلاننىڭ كېرىكى قالمىدى دەپ، يەنە يېڭى تەلەپنى، يەنى سودېتېن رايونىدىكى گېرمانلار 50% تىن ئاشىدىغان جايلارنى گېرمانىيەگە ئايرىپ بېرىپلا قالماي، باشقا جايلارنىڭ تەۋەلىكىنىمۇ پۇقرالار ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق بېكىتىشنى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم زېمىنلارنى پولشا، ۋېنگرىيەگە بۆلۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 9 ـ

ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۇ چېخسلوۋاكىيەنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن بۇرۇن سودېتېن رايونىنى پۈتۈنلەي ئايرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىنغان بىر نوتىنى ۋە گېرمانىيە ئارمىيەسى ھەربىي ئىشغالىيەت يۈرگۈزىدىغان جايلارنىڭ دائىرىسى كۆرسىتىلگەن بىر خەرىتىنى چېمبېرلىنغا تاپشۇردى. چېمبېرلىننىڭ ئۆتۈنۈشى ئارقىلىق ھىتلېر ئاخىر «ھاياتىدا ئاز ئۇچرايدىغان يول قويۇش پوزىتسىيەسى»نى تۇتۇپ، سودېتېن رايونىنى پۈتۈنلەي ئايرىپ بېرىشنىڭ ۋاقىت چېكىنى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قىلىشقا قوشۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چېمبېرلىن لوندونغا قايتىپ، چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە ھىتلېرنىڭ تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن چېخسلوۋاكىيە خەلقى قاتتىق غەزەپلىنىپ، كۈچلۈك نارازىلىق دولقۇنى قوزغاپ، ھۆكۈمەتتىن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چېخسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، ھىتلېرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم مەملىكەت مىقياسىدا ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك قوزغىدى.

چېخسلوۋاكىيە ناتسىست گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى چېخسلوۋاكىيەگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى. جۈملىدىن شەرتنامىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن غەربىي چېگراسىغا 30 پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى توپلاشنى قارار قىلدى ھەم ھاۋا ئارمىيەسى ۋە تانكا قىسىمىغا ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈشنى بۇيرۇدى. يەنە فىرانسىيە، چېخسلوۋاكىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئىشتابلىرىنىڭ دەرھال ئۇچرىشىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىكى قاتتىق قوللۇقلارمۇ ھىتلېرغا تېز يۈكۈنۈشكە قارشى تۇردى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئەنگلىيە،

فىرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىمۇ پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى فىرانسىيە ھۆكۈمىتى: ناۋادا چېخسلوۋاكىيە ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، فىرانسىيە شەرتنامىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئەتىسى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى: ئەگەر فىرانسىيە چېخسلوۋاكىيەگە ياردەم بەرسە، ئەنگلىيە «فىرانسىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ» دەپ بايانات ئېلان قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنگلىيە فىلوتى سەپەرۋەرلىككە كەلدى. لوندوندا ھاۋا مۇداپىئە ئاكوپلىرى قېزىلىپ، ئاھالىلەرگە زەھەرلىك گازدىن ساقلىنىش ماسكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. فىرانسىيەدىمۇ قىسمەن سەپەرۋەرلىك يولغا قويۇلدى. لوندون، پارىژدا ئاھالىلەر تارقاقلاشتۇرۇلدى. ئومۇمەن ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى خۇددى ئۇرۇش دەرھاللا پارتلايدىغاندەك كەيپىيات پەيدا قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز خەلقىگە ناۋادا ھىتلېر بىلەن مۇرەسسە قىلمىسا، ئۇرۇشنىڭ دەرھال يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئەمەلىيەتتە ماداراچىلىق سىياسىتىنى ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈش ئىدى. ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چېمبېرلىن رادىيودا نۇتۇق سۆزلەپ: «مەيلى بىز كۈچلۈك قوشنىنىڭ تەھدىتىدە قالغان بىر كىچىك دۆلەتكە قانچىلىك ھېسداشلىق قىلايلى، مۇشۇنى دەپلا ھېچنېمىگە قارىماي بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنى بىر مەيدان چوڭ ئۇرۇشقا پاتۇرۇپ قويالمايمىز»، «ئەگەر مەن پايدىسى بار دەپ قارىسام، قىلچە ئىككىلەنمەي گېرمانىيەگە 3 ـ قېتىم زىيارەتكە بېرىشقا تەييارمەن» دېدى. شۇ كۈنى ئۇ چېخسلوۋاكىيە پىرېزىدېنتى بېنىسقا ئىككى قېتىم تېلېگراما يوللاپ، ئۇنىڭغا گېرمانىيەلىكلەرنىڭ «مەلۇم چەكلىك ھەربىي ئىشغالىيىتى»نى قوبۇل قىلىشنى، «ئەگەر بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرمىسا، چېخسلوۋاكىيە قوراللىق تاجاۋۇزچىلىققا ۋە پارچىلىنىشقا

ئۇچراشتىن باشقا چىقىش يولى يوقلۇقى» نى ئۇقتۇردى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۇ يەنە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھىتلېر ۋە مۇسسولىنىغا خەت يېزىپ، دەرھال ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، چېخسىلوۋاكىيە بەش دۆلەت قاتناشقان خەلقئارا يىغىن ئېچىپ، چېخسىلوۋاكىيە مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ھىتلېرغا يازغان خېتىدە: «مەن سىزنىڭ ئورۇنسىزلا ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى پەيدا قىلىدىغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن» دېدى. 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلتمۇ ھىتلېر ۋە بېنىسقا خەت يېزىپ، ئۇلارنى سۆھبەتلىشىشكە ئۈندىدى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇ يەنە ھىتلېر ۋە مۇسسولىنىغا خەت يېزىپ، دەرھال چېخسىلوۋاكىيە ماجىراسىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر قاتناشقان خەلقئارا يىغىن ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھىتلېر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مىيۇنخېندا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى.

1938 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 — 30 ـ كۈنلىرى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە تۆت دۆلەت باشلىقلىرى — چېمبېرلىن، دالادىر، ھىتلېر ۋە مۇسسولىن مىيۇنخېندا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىنمىدى. چېخسىلوۋاكىيە ۋەكىللىرىمۇ يىغىنغا قاتنىشالماي، پەقەت ھۆكۈمنى كۈتۈپ ئولتۇردى. يىغىندا مۇسسولىن بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ ئەمەلىيەتتە گېرمانىيە تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، پەقەت ئىتالىيەنىڭ نامىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. چېمبېرلىن بىلەن دالادىر بۇ تەكلىپنى دەرھال قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە تۆت دۆلەت بۇ تەكلىپ ئاساسىدىكى بىر كېلىشىمنى، يەنى «چېخسىلوۋاكىيەنىڭ سودېتېن رايونىنى گېرمانىيەگە بۆلۈپ

بېرىشى توغرىسىدىكى كېلىشىم» (قىسقارتىلىپ مىيونخېن كېلىشىمى دېيىلىدۇ) نى ماقۇللىدى. كېلىشىمدە: چېخىسلوۋاكىيە پىرىنسىپ جەھەتتىن سودېتېن رايونىنى ۋە ئاۋسترىيە بىلەن تۇتىشىدىغان جەنۇبىي قىسمىدىكى رايوننى بارلىق قورۇلۇش ۋە ئەسلىھەلەر بىلەن قوشۇپ گېرمانىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ گېرمانىيە ئارمىيەسى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ باسقۇچ بويىچە گېرمانلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان رايونلارنى ئىشغال قىلىدۇ؛ گېرمانلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان ـ ئىگىلىمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمىغان رايونلارنى ئاۋۋال تۆت دۆلەت ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان خەلقئارا ئاپپارات باشقۇرۇپ، ئاندىن پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ئۇ رايونلارنىڭ تەۋەلىكى بېكىتىلىدۇ؛ خەلقئارا كومىتېت ئەڭ ئاخىرىدا چېگرانى بەلگىلەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كېلىشىمنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىدە: ئەنگلىيە، فرانسىيە چېخىسلوۋاكىيەنىڭ يېڭى چېگراسىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە چېخىسلوۋاكىيە تەۋەسىدىكى پولەك ۋە ۋېنگىرلار مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن چېخىسلوۋاكىيەنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، چېخىسلوۋاكىيە ۋەكىللىرى يىغىن زالىغا چاقىرىپ كېلىنىپ، چېمبېرلىن ئۇلارغا كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ بەردى ھەم بىر خەرىتىنى ئۇلارغا بېرىپ دەرھال ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇدى. 9 ـ ئايدا 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن چېخىسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى قاتتىق بېسىم ئاستىدا ھاقارەتلىك، مىيونخېن كېلىشىمىنى قوبۇل قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، چېخىسلوۋاكىيە ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان خەلقئارا كومىتېت گېرمانلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان ـ

ئىگىلىمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمىغان رايونلارنىمۇ پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويمايلا بىۋاسىتە گېرمانىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە بىر ئەسكەرمۇ ئىشلەتمەيلا چېخسلۇۋاكىيەنىڭ 110 مىڭ كىۋادرات مىل كېلىدىغان زېمىنىنى ۋە تەڭدىن ئارتۇق سانائەت كۈچىنى تارتىۋالدى. نەتىجىدە چېخسىلوۋاكىيە پارچىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئە لىنىيەسى پۈتۈنلەي گۇمران بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چېمبېرلىن هىتلېر بىلەن «ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە خىتابىنامىسى»نى ئىمزالاپ، «ئىككى دۆلەت خەلقى ئەمدى ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشنى ئويلىمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئۇ ميۇنخېندىن لوندونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ «خىتابنامە» نى كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ: «زامانىمىزدىكى تىنچلىق ئاللىقاچان كاپالەتكە ئىگە بولدى» دېدى. 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى فىرانسىيەمۇ گېرمانىيە بىلەن ئوخشاش خىتابنامە ئىمزالاپ، ئىككى دۆلەت «تىنچلىقنى ۋە ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى مەڭگۈ ساقلايدۇ»، ئىككى دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى چېگراسىنىڭ «ئېنىق بېكىتىلگەن چېگرا» ئىكەنلىكىنى «قەتئىي ئېتىراپ قىلىدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىتابنامىلەر پەقەتلا بىر قۇرۇق قەغەز ئىدى.

ميۇنخېن يىغىنى ۋە ميۇنخېن كېلىشىمى خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلىپ، چوڭ دۆلەتلەر كىچىك دۆلەتلەرگە خوجا بولىدىغان، ئاجىز، ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ مۇرەسسە قىلىدىغان بىر قېتىملىق سودا مادار اچىلىق سىياسىتىنىڭ پەللىگە چىققانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى بولدى.

ميۇنخېن يىغىنى ۋە ميۇنخېن كېلىشىمى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاش قەدىمىنى تېزلەتتى، كېلىشىم ئىمزالىنىپ 21 كۈندىن كېيىنلا هىتلېر چېخسلوۋاكىيەدىن

www.uyghurkitap.com

ھېساب ئېلىش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى. 1938 ـ يىلى 10 ــ 11 ـ ئايلاردا گېرمانىيە ئارمىيەسى سودېتېن رايونىنى ئىگىلىدى. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پۈتۈن چېخسلوۋاكىيەنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، چېخسلوۋاكىيەنىڭ مول كان بايلىقى ۋە تەرەققىي قىلغان سانائەتتى پۈتۈنلەي گېرمانىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ كەلگۈسىدە گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىكى 30 نەچچە دىۋىزىيەلىك ئىتتىپاقچى قوشۇنى ئازىيىپ، گېرمانىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

## 3 ـ بۆلۈم ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتى ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى

ئۇرۇشنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تەڭشىلىشى مىيۇنخېن يىغىنى ۋە مىيۇنخېن كېلىشىمى فاشىستىك دۆلەتلەرنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاش نىيىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گېرمانىيە پولشاغا دانزىگنى قايتۇرۇۋېلىش ھەم پولشا كارىدورىدا بىر تۆمۈريول ۋە بىر تاشيول ياساپ، بۇ يوللاردا ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇش تەلىپىنى قويدى. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھىتلېر پۈتكۈل چېخسلوۋاكىيەنى بېسىۋالدى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى لىتۋادىكى مېمېلنى ئىگىلىۋالدى. 3 ـ

ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۆ قورۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەسىگە دانزىگنى ئىگىلەش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى. 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گېرمانىيە ئىتالىيە بىلەن «پولاتتەك ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: ناۋادا بىر تەرەپ تاشقى تەھدىتكە ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ؛ ناۋادا بىر تەرەپ باشقا بىر دۆلەت ياكى بىرنەچچە دۆلەت بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، يەنە بىر تەرەپ دەرھال بارلىق ھەربىي كۈچى بىلەن قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋادىن ياردەم بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى دۇنيا ئۇرۇشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا قالدى.

مىيۇنخېن يىغىنىدىن كېيىنكى ھىتلېرنىڭ بىرقاتار تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىيىتىدە گېرمانىيەگە ئىنتايىن پايدىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ مەنپەئەتىگە قاتتىق زىيان سالدى. مىيۇنخېن سىياسىتى جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئەنگلىيە، فىرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ھىتلېرنىڭ ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەمەس، غەربكە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخباراتقا ئىگە بولدى. ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىكى مۇشكۈل ۋەزىيەت ئاستىدا، چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى مۇرەسسە قىلىپ يول قويۇشنىڭ ھىتلېرنى تاجاۋۇزچىلىقتىن ۋاز كەچتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، ئەنگلىيەنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى ساقلاش ئۈچۈن چوقۇم دىپلوماتىيە سىياسىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، گېرمانىيەگە مۇرەسسە قىلىش، يول قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى چەكلەش ۋە توسۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. گېرمانىيە چېخسىلوۋاكىيەنى بېسىۋېلىپ ئۈچىنچى كۈنى، يەنى 1939 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چېمبېرلىن بىرمىڭخامدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئەمدى

www.uyghurkitap.com

ھىتلېر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بۇرۇن« بىزنىڭ چېگرامىز رېيىندا » دەپ، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپادا مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئۆزىنى تارتقان بولسا، ئەمدىلىكتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، «ئەنگلىيە شەرقىي جەنۇبى ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايدۇ، ئەگەر ھىتلېر ئىغۋاگەرچىلىك قىلسا، ئەنگلىيە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنى توسىدۇ ۋە چەكلەيدۇ» دېدى. 3 ـ ئاينىڭ 21 ــ 22 ـ كۈنلىرى ئەنگلىيە، فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى لوندوندا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ئۆزئارا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى خالىفاكىس: «ناتسىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ تۇرىدىغانلا بولسا، ياۋروپانىڭ تىنچلىقىدىن ئۈمىد بولمايدۇ» دېدى. ئىككى دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى بىردەك گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇشۇشتا پولشا ئىنتايىن مۇھىم تۇتىدۇ، دەپ قارىدى. فىرانسىيە ناۋادا ئۇرۇش پارتلاپلا قالسا، ئەنگلىيەنىڭ مەلۇم مۇددەتتە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە بۇ تەلەپكە ماقۇل بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا نوتا ئالماشتۇرۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزئارا ياردەم بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئىككى دۆلەت گەرچە رەسمىي ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ئىمزالىمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى. 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چېمبىرلىن فىرانسىيە، پولشا ھۆكۈمەتلىرى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن پولشاغا بىخەتەرلىك كاپالىتى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەنگلىيە پولشا بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزۈپ، يەككە تەرەپلىك كاپالەتنى قوش تەرەپلىك ھەمكارلىققا ئۆزگەرتتى. فىرانسىيەمۇ فىرانسىيە ـ پولشا

ئىتتىپاقداشلىقىغا سادىق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە رومىنىيە ۋە گىرېتسىيەگە بىخەتەرلىك كاپالىتى بەردى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەنگلىيە تۈركىيە بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىش كېلىشىمى تۈزدى. كېيىن فىرانسىيەمۇ تۈركىيە بىلەن ئوخشاش كېلىشىم تۈزدى. ئەنگلىيە يەنە گوللاندىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بىخەتەرلىك كاپالىتى بەردى. ئەنگلىيەمۇ، فىرانسىيەمۇ ئوخشاشلا ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئەنگلىيە پارلامېنتى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىنى ماقۇللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سىياسەت جەھەتتە، چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى قاتتىق قوللۇقلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەرقانداق شەكىلدە ھەمكارلاشماسلىق پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى. ۋاھالەنكى، ئەنگلىيە، فىرانسىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چېمبېرلىن بىلەن دالادېر ماداراچىلاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى تەڭشىشى ئىنتايىن چەكلىك بولدى.

مىيۇنخېن سۈيقەستى روشەن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ياۋروپانىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىكىگە قىلىنغان بىر ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت ئىدى. مىيۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن تاجاۋۇزچىلىق خەۋپى پەيدىنپەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ، غەرب دۆلەتلىرى ھەدەپ «رۇسىيە ئارمىيەسى ئاجىز، كۈچسىز»، «ھىتلېر شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئۇكرائىنانى ئىگىلەيدۇ» دەپ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، ستالىننىڭ ئەنگلىيە، گېرمانىيەنىڭ بىرلىشىۋېلىش خەۋپىگە بولغان ھوشيارلىقىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. ياۋروپادا كوللېكتىپ بىخەتەرلىك ئورنىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىق مەغلۇپ بولۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە بار كۈچى بىلەن ھىتلېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نىشانىنى شەرققە بۇراۋاتقان ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى

دىپلوماتىيە سىياسىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تەڭشەپ، گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىشنى پەيدىنپەي دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ستالىن ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) نىڭ 18 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا «ھوشيارلىقنى ساقلاپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ دۆلىتىمىزنى توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم» دەپ تەكىتلىدى①.

مىيۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى بۇنداق تەڭشىشى، 1939 ـ يىلى ئۇرۇش پارتلاش ھارپىسىدىكى ياۋروپا سەھنىسىدە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتى ئەنگلىيە، گېرمانىيە مەخپىي سۆھبىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە سۆھبىتىدىن ئىبارەت ئۈچ گىرەلەشمە دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئۈچ سۆھبەتنىڭ مەقسىتى ئوخشىمايدىغان، مەزمۇنى زىت بولۇپ، مەيلى قايسىلا سۆھبەت ئۇتۇق قازانسۇن، ئوخشاشلا ياۋروپا، ھەتتا دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا ئىنتايىن ئوخشىمايدىغان تەسىرلەرنى كۆرسىتەتتى.

**ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى** 1939 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى ۋە ھەربىي كېلىشىم تۈزۈش خۇسۇسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ ھەممە كىشى كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىنتايىن مۇھىم بىر سۆھبەت ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش ـ بولماسلىقى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى توسۇپ قېلىش ـ قالالماسلىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

---

① ستالىن: «پارتىيەنىڭ 18 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسىگە دائىر دوكلات»، «ستالىن تاللانما ماقالىلىرى» 1 ـ قىسىم 220 ـ بەت.

ئۈچ دۆلەت رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن دەسلەپكى سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەنگلىيە گېرمانىيەنىڭ رومىنىيەگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخباراتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رومىنىيە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا، رومىنىيە، تۈركىيە قاتناشقان خەلقئارا يىغىن ئېچىپ، گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئورتاق ھەرىكەت قوللىنىپ چەكلەشنى مۇزاكىرە قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئەمما، بۇ تەكلىپنى ئەنگلىيە رەت قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەنگلىيە فىرانسىيە، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا ئورتاق خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ياۋروپادا بىرەر دۆلەت تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىسىلا، تۆت دۆلەت دەرھال تاجاۋۇزچىلىققا ئورتاق قارشى تۇرۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشنى جاكارلاش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەتىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ تەكلىپنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە پولشانىڭ بۇنىڭغا قوشۇلمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، «خىتابنامە مەسىلىسى ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى» دېدى.

4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزۈش توغرىسىدىكى رەسمىي سۆھبەتنى باشلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەككە ھالدا باياناتى ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشنا پولشا، رومىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەر گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ ياردەم تەلەپ قىلسىلا، دەرھال ياردەم بېرىشكە ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغاندا ياردەم بېرىش توغرۇلۇق ۋەدە بەرمىدى. شۇ كۈنى

فىرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا باراۋەر پىرىنسىپ ئاساسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىش، يەنى فىرانسىيە ناۋادا پولشا، رومىنىيەگە ياردەم بېرىش سەۋەبىدىن گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقى دەرھال فىرانسىيەگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ناۋادا پولشا، رومىنىيەگە ياردەم بېرىش سەۋەبىدىن گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، فىرانسىيەمۇ دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم ۋە مەدەت بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ئۈچ دۆلەتنىڭ ئون يىللىق مۇددەتتىكى ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسىنى تۈزۈش تەكلىپىنى بەردى. شەرتنامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئۈچ دۆلەتتىن بىرەر دۆلەت گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغاندا، باشقا دۆلەتلەر دەرھال ھەربىي ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ياردەملەرنى بېرىش؛ ئۈچ دۆلەت بالتىق دېڭىزى بىلەن قارا دېڭىز ئارىلىقىدىكى جايلارنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشنا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئورتاق كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۈچ دۆلەت تېزلىكتە يۇقىرىقى ئەھۋالدا ھەربىي ياردەم بېرىشنىڭ كۆلىمى ۋە شەكلىنى بېكىتىش؛ ئۈچ دۆلەت بىرلا ۋاقىتتا ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى ۋە ھەربىي كېلىشىم ئىمزالاش؛ ئۈچ دۆلەتتىن بىرەر دۆلەت گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا گېرمانىيە بىلەن مۆرەسسەلەشمەسلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە بۇ تەكلىپكە ئۇزاققىچە جاۋاب بەرمىدى، پەقەت 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا، ئەنگلىيە ئاندىن جاۋاب قايتۇردى. جاۋابتا، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە بېلگىيە، پولشا، رومىنىيە، گىرېتسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ئۇرۇشقا كىرىشىپ قالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەرھال ياردەم بېرىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەمما بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە-

نىڭ ياردەم بېرىش ـ بەرمەسلىكى تىلغا ئېلىنمىغانىدى. 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ئۆز تەكلىپىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى باراۋەرسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى تەكلىپ ئاساسىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزۈشتە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەنگلىيەدە ھاكىمىيەت ئىچى ـ سىرتىدىكىلەر چېمبېرلىننىڭ پوزىتسىيەسىدىن ئىنتايىن نارازى بولدى. چېرچىل ئۇنىڭغا تەئەددى بىلەن: «مەن روسىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا نېمە توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم... شۈبھىسىزكى، روسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى «ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقى» قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان... مەن ئۇ تەكلىپنىڭ ھېچبىر پايدىسىز يېرىنى كۆرمىدىم... ئەگەر سىز ئۇرۇشتا روسىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا (بۇ ئەڭ چوڭ سىناق ۋە ئەڭ زور ئىش) تەييارلانغان بولسىڭىز، بىز كاپالەت بەرگەن پولشا، رومىنىيەنى قوغداشتا روسىيە بىلەن بىرلىشىشكە ھازىرلانغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا يەنە نېمە ئۈچۈن ھازىرلا روسىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتىن قورقىسىز؟ مۇشۇ ۋاقىتتا ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ئۆزىلا ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى توسۇپ قالالايدۇ» دېدى. مەملىكەت بويىچە %92 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ناتسىست گېرمانىيەگە قارشى تۇرۇشنى ياقىلىدى. لوندوندىكى ئاھالىلەر نامايىش ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى تەلەپ قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى، يەنى ئاتالمىش «پولات تەك ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىغاندىن كېيىن، پولشا كىرىزىسى ئېغىرلىشىپ، ئۇرۇش خەۋپى كۈچەيدى. 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۈچ دۆلەت ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسىنىڭ لايىھەسى توغرىسىدىكى

بىر تەكلىپنى تاپشۇردى. بۇ تەكلىپتە، ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەككە هالدا رومىنىيە، پولشاغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى توغرىسىدىكى تەلىپىدىن ۋاز كېچىپ، ئۈچ دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزۈشكە قوشۇلغان بولۇپ، بۇ شۈبهىسىزكى بىر ئىلگىرىلەش ئىدى. ئەمما، تەكلىپتە يەنىلا بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر ئۈچ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن، ئۈچ دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق يۈز بەرگەندە بېرىدىغان ياردىمىنىڭ شەكلى ۋە كۆلىمىمۇ بېكىتىلمىگەن بولۇپ، پەقەت دەرهال «كېڭىشىش» بەلگىلەنگەنىدى. 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسىنىڭ يېڭى لايىھەسىنى تاپشۇردى. بۇ لايىھەدە، ئۈچ دۆلەت بېلگىيە، پولشا، گىرېتسىيە، تۈركىيە، رومىنىيە، لاتۋىيە، ئېستونىيە ۋە فىنلاندىيەگە بىخەتەرلىك كاپالىتى بېرىش، باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندا ياردەم تەلەپ قىلسىلا، ئۇلارغىمۇ ياردەم بېرىش بەلگىلەنگەنىدى.

سۆھبەتنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئۈچ دۆلەت «يىراقتا تۇرۇپ ئۆزئارا نوتا ئالماشتۇرۇش» نىڭ ئورنىغا بىۋاستە ۋەكىل چىقىرىپ موسكۋادا سۆزلىشىشنى قارار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەتنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرىنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەنگلىيە پەقەتلا بىر مەھكىمە باشلىقىنى ئەۋەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈچ دۆلەت سۆھبىتى موسكۋادا رەسمىي باشلاندى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ۋەكىللىرى ئۈچ دۆلەت ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر بىۋاستە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندا ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە

قوشۇلغان، ئەمما «ۋاسىتىلىك تاجاۋۇزچىلىق»قا ئۇچرىغاندا ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى رەت قىلغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلار ۋاسىتىلىك تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندىمۇ ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپ بۇ مەسىلىدە كېلىشەلمەي، سۆھبەت يەنە قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەيلا دەرھال ھەربىي سۆھبەتنى باشلاش تەكلىپىنى بەردى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ سۆھبەتكە دۆلەت مۇداپىئە خەلق كومىسسارى مارشال ۋوروشىلوف باشچىلىقىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ئالىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى چىقارغان بولسىمۇ، ئەنگلىيە پەقەتلا بىر تولۇق ھوقۇقى بولمىغان پېنسىيەگە چىققان دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالىنى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى، فىرانسىيە بولسا بىر كورپۇس قوماندانى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. يەنە كېلىپ ئۇلار 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاران موسكۋاغا يېتىپ كەلدى. سۆھبەت 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن تارتىپ باشلاندى. سۆھبەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى گېرمانىيەگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنىڭ كونكرېت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 136 قۇرۇقلۇق ئارمىيە دىۋىزىيەسى ۋە نۇرغۇن ھاۋا ئارمىيە قىسمىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پىلاندا: ئەگەر تاجاۋۇزچىلار ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى سالىدىغان ئەسكىرىي كۈچىنىڭ 70% نگە توغرا كېلىدىغان ئەسكىرىي كۈچىنى جەڭگە سېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پولشا چوقۇم جەڭگە قاتنىشىش ھەم 40 ــ 45 دىۋىزىيەلىك ئەسكىرىي كۈچنى غەربىي چېگراسىدا جەڭگە قاتناشتۇرۇش؛ ئەگەر تاجاۋۇزچىلار پولشا ۋە رومىنىيەگە ھۇجۇم قوزغىسا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە چوقۇم بارلىق قوراللىق كۈچىنى

جەڭگە سېلىش، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ جەڭگە سالىدىغان ئەسكىرىي كۈچىگە باراۋەر كېلىدىغان ئەسكىرىي كۈچىنى جەڭگە قاتناشتۇرۇش؛ ئەگەر تاجاۋۇزچىلار فىنلاندىيە، لاتۋىيە ۋە ئېستونىيە ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلسا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا ئالدىنقى سېپىدە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى سالىدىغان ئەسكىرىي كۈچىنىڭ 70% ىگە توغرا كېلىدىغان ئەسكىرىي كۈچىنى جەڭگە سېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پولشامۇ جەڭگە قاتنىشىش بەلگىلەنگەنىدى. ۋاھالەنكى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋەكىللىرى پەقەت ھەربىي ھەمكارلىقنىڭ نىشانى ۋە پىرىنسىپى ئۈستىدىلا گەپ سېتىپ، كونكرېت لايىھە ئۈستىدە گەپ قىلماي، كونكرېت ھەربىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىدى. ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى قايتا ـ قايتا سۈيلەۋەرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ۋەكىللىرى ئاندىن ئەنگلىيەنىڭ پەقەت بەش پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى ۋە بىر موتورلاشقان دىۋىزىيە چىقىرالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئورتاق چېگراسى بولمىغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى پەقەت پولشا ۋە رومىنىيە زېمىنىدىن ئۆتەلىگەندىلا، ئاندىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، پولشا، رومىنىيەگە ياردەم بېرەلەيتتى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى پولشا، رومىنىيە ھۆكۈمەتلىرىدىن ئۇرۇش ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، پولشا، رومىنىيە بۇنى رەت قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فىرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، فىرانسىيە ـ پولشا ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى پەش قىلىپ، پولشادىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقتىمۇ، پولشا بۇنى يەنىلا رەت قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ۋاز كېچىشنى زادىلا

خالىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەربىي سۆھبەتمۇ ئوخشاشلا قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋوروشىلوف يىغىننى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. شۇ كۈنى كېچىدە گېرمانىيە رىببېنتروپنىڭ موسكۋاغا بېرىپ «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆت ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتى بەربات بولدى. بۇ سۆھبەتنىڭ مەغلۇپ بولۇشى غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇش يولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي بىكار كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. غەربىي ياۋروپا جەمئىيىتى ئۇرۇشنى چەكلەش ۋە ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى.

**ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە مەخپىي سۆھبىتى** ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە، ئەنگلىيە گېرمانىيە بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1939 ـ يىلى 5 — 7 ـ ئايلاردا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى ئەنگلىيەگە زىيارەتكە كەلگەن گېرمانىيەلىك خوئېنلوۋ بىلەن ئەنگلىيە ـ گېرمانىيەنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە قايتىدىن سۆھبەتلىشىشى خۇسۇسىدا كۆپ قېتىم ئۇچراشتى، 6 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش سانائەت مەسلىھەتچىسى ۋىلسون گېرمانىيەنىڭ «تۆت يىللىق پىلان»ىنىڭ مەخسۇس خادىمى ۋالتات بىلەن لوندوندا مەخپىي سۆھبەتلىشىپ، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى خالىفاكىس قاتارلىقلار گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ

ئەمەلدارى سولىز بىلەن سۆھبەتلەشتى. سولىز: ئەنگلىيە «شەرقىي ياۋروپانى قوغداش مەسىلىسىدە گېرمانىيىگە يول قويۇشنى ھەقىقەتەن خالىسا، گېرمانىيە شەرقىي ياۋروپا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە ئەركىن ئىش كۆرەلەيدۇ»، چېمبېرلىن «باش ۋەزىر بولغاندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ياۋروپا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى پەقەت بېرلىن، لوندوننىڭ قول تۇتۇشىدا دەپ قاراپ كەلدى» دېدى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ 21 ـ كۈنلىرى ۋىلسون ۋە ئەنگلىيە تاشقى سودا ۋەزىرى خۇدسون ۋالتات بىلەن لوندوندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۆھبەتلەشتى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەنگلىيە لىبېرالىستلار پارتىيەسى مەسلىھەتچىسى بۇكستون گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى كولت بىلەن مەخپىي كېڭەشتى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋىلسون گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دىكسون بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە ئۇ ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىشىش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گېرمانىيە ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىش؛ ئەنگلىيە شەرقىي ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبى ياۋروپانى گېرمانىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىش؛ ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ۋە ئۆزئارا مۇداخىلە قىلىشماسلىق كېلىشىمى تۈزۈش؛ ناۋادا ھەمكارلىق ئىشقا ئاشسا ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى توختىتىپ، پولشا، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى كاپالەت بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىنى بىكار قىلىپ، فىرانسىيەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ فىرانسىيە ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسىدىن ۋاز كەچتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. دىكسون شۇ كۈنى بېرلىنغا دوكلات يوللاپ: «بۇ يەردە بىر ئەۋزەللىك كۆرۈلۈۋاتىدۇ، قارىشىمچە، ئەنگلىيەنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان باشقا دۆلەتلەر بىلەن قىلغان ئالاقىسى پەقەتلا گېرمانىيە بىلەن

ھەقىقىي مۇرەسسە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىر ۋاستىسى، ناۋادا ئەنگلىيە ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ۋە تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەرزىيدىغان مەقسىتىگە يەتسىلا، يەنى گېرمانىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلسىلا، بۇ ئالاقىلىرىنى پۈتۈنلەي توختىتىدۇ» دېدى.

ئەمما، تۆت ئاي داۋاملاشقان ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە مەخپىي سۆھبىتى ئاخىرىدا يەنىلا مەغلۇبىيەت ئاياغلاشتى. چۈنكى، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتنى كېلىشتۇرۇش تەس ئىدى. بىرىنچىدىن، ئەنگلىيە گېرمانىيە بىلەن تەسىر دائىرە بۆلۈشۈشنى ئويلىغان بىلەن ناتسىست گېرمانىيە پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇشنى نىشانلىغان بولۇپ، ئەنگلىيە بىلەن تەڭ ئولجا بۆلۈشۈشكە ھەرگىز قوشۇلمايتتى. ئىككىنچىدىن، ھىتلېر ئاۋۋال پولشانى ئېلىش، ئاندىن ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئاللىقاچان بېكىتىپ بولغان بولۇپ، بۇ چاغدا ئەنگلىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتە پەقەتلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۆھبىتىنى بۇزۇش، شۇنداقلا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنى داۋاملىق بىخۇدلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. روشەنكى، ئۇنىڭ سۆھبەتلىشىش سەممىيىتى يوق بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز پىلانىنى بۇزۇپ ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزمەيتتى. ئۈچىنچىدىن، گېرمانىيە چېخسلوۋاكىيەنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئەنگلىيەدە ماداچىلىققا قارشى ئېقىم ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇنداق سىياسىي كەيپىيات چېمبېرلىننىڭ يەنە «مىيۇنخېن ئويۇنى» نى ئوينىشىغا يول قويمايتتى.

ئەنگلىيە، گېرمانىيە مەخپىي سۆھبىتى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى بولۇپ، ئەنگلىيە، گېرمانىيە سۆھبىتىنىڭ ئاخىرىدا ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالماسلىقى،

گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نەپسىنىڭ ئەنگلىيە ماداراچىلىرى يول قويالايدىغان چەكتىن بەكلا ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ئەنگلىيە، گېرمانىيەنىڭ زىددىيىتىنىڭ زادىلا كېلىشمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا مۇقەررەر ھالدا تىركىشىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

**سوۋېت ئىتتىپاقى - گېرمانىيە سۆھبىتى ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى** 1939 - يىلى 3 - ئايدا گېرمانىيە چېخسلوۋاكىيەنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم خەتەرلىك خەلقئارا ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى: بىرىنچىدىن، گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىق نىشانىنى پولشاغا قارىتىپ، ئۇرۇش ئوتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگراسىغىچە يامراشقا باشلىدى؛ ئىككىنچىدىن، شەرقتە ياپونىيە 1939 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، نومىنخان ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ياپونىيە ئارمىيەسى بىلەن شىددەتلىك قىسمەن ئۇرۇش قىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى ماداراچىلىق سىياسىتىدىن تولۇق ۋاز كەچمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەرقانداق شەكىلدە ھەمكارلاشماسلىق پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى؛ تۆتىنچىدىن، ھىتلېر ياۋروپاغا خوجا بولۇشتا، ئاۋۋال شەرققە، ئاندىن غەربكە، ھۇجۇم قىلىسمۇ ياكى ئاۋۋال غەربكە، ئاندىن شەرققە ھۇجۇم قىلىسمۇ بولاتتى. ئۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ھەربىي تەييارلىقىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھەم گېرمانىيەگە يۇمشاق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاۋۋال ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا ئىككى سەپتە تەڭ جەڭ قىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا زور دەرىجىدە يول قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىتەرەپ مەيداندا تۇرغۇزماقچى بولدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە، فىرانسىيە-

نىڭ ئاپەتنى شەرققە باشلاش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، ئاۋۋال گېرمانىيە بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈ- چۈن، گېرمانىيەگە قاراتقان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ياخ- شىلاش خۇسۇسىدىكى دىپلوماتىيە سىنىقىدا جانلىق تەدبىر قوللاندى. جۈملىدىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن سۆھبەت ئۆت- كۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە بىلەنمۇ مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

1938 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1939 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىلدىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا گېرمانىيە بىلەن سودا ـ قەرز كېلىشىمى تۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەنىدى. 1939 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا بېرىپ دىپلوماتىيە ئىشلىرى كاتىپى ۋېزساك بىلەن كۆرۈشكەندە، «ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىختىلاپ ئىتالىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ سوۋېت، گېرمانىيە مۇناسىۋىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقى كېرەك» دېدى. 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى رىببېنتروپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى شولنېبرگقا: گېرمانىيەنىڭ «ئۇكرائىناغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش نىيىتىنىڭ زادىلا يوقلۇقى»نى، مەيلى پولشا مەسىلىسى قانداقلا ھەل قىلىنسۇن «رۇسىيەنىڭ مەنپەئەتىنى كۆپرەك ئويلىشىدىغانلىقى»نى، شۇنداقلا «ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە جەھەتتە ھېچقانداق ئەمەلىي پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى يوق دەپ قارايدىغانلىقى» نى، «ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتىش ۋە نورماللاشتۇرۇشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكى»نى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېنىق بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە

ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلار بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈۋېلىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئاق لايىھە»نى يولغا قويۇش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ئالدىراۋاتقان ھىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا بەكرەك يول قويۇشنى قارار قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرى كاتىپى ۋېزساك سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى شۇلىنبېرگقا بىر مەخپىي خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن مولوتوفنىڭ گېرمانىيەنىڭ شەرق سىياسىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەنلىكىگە بولغان ئىنكاسىنى بىلىپ بېقىشنى، ناۋادا مولوتوف يۇمشاپ قالسا، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇنىڭغا «مەيلى پولشا مەسىلىسى قانداقلا تەرەققىي قىلسۇن، گېرمانىيەنىڭ... سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى، ئەگەر بالتىق دېڭىزى رايونى مەسىلىسىدە سۆھبەت ئوڭۇشلۇق داۋاملاشسا، گېرمانىيەنىڭ يەنە بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى تەڭشەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بالتىق دېڭىزى رايونىدىكى زور مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى»نى بىلدۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى رىببېنتروپ شۇلىنبېرگقا تېلېفون بېرىپ: «گېرمانىيە سوۋېت ـ گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ... بالتىق دېڭىزىدىن قارا دېڭىزغىچە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بىرمۇ مەسىلە يوق، بۇنىڭدىن چوقۇم ئىككىلا تەرەپ رازى بولىدۇ» دېدى. شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئۈمىد باغلاپ يۈرەتتى. شۇڭا، گېرمانىيەگە يەنىلا

سوغۇق پوزىتسىيە تۇتتى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گېرمانىيە تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىلىرىگە: پەقەت ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرى گېرمانىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىمى تۈزۈلسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى رىببېنتروپ شولنبېرگقا: گېرمانىيە ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئاللىقاچان «بىر تارىخىي بۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەنلىكى»نى، ئۆزىنىڭ «فېئورېرنىڭ نامىدا فېئورېرنىڭ پىكرىنى ستالىن ئەپەندىگە يەتكۈزۈپ» «گېرمانىيە ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئاخىرقى ھېسابىتا ھەل قىلىنىشىغا ئاساس سېلىش ئۈچۈن» شەخسەن «موسكۋاغا بېرىپ قىسقىغىنا زىيارەتتە بولۇشقا تەييارلانغانلىقى» نى مولوتوفقا بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئېيتتى. بۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي سۆھبىتىنىڭ باشلانغىنىغا ئۈچ كۈنمۇ بولمىغاچقا، مولوتوف بەزى سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بۇنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شولنبېرگ يەنە مولوتوف بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا گېرمانىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكە ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىللە بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مولوتوف ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋاب نوتىسىنى تاپشۇرۇپ، ئاۋۋال سودا ـ قەرز كېلىشىمى تۈزۈش، ئاندىن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈپ، بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئورتاق كاپالەتلىك قىلىش تەكلىپىنى بەردى ھەم گېرمانىيەنىڭ ياپونىيەگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا بېسىم چۈشۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە سودا ـ قەرز كېلىشىمى تۈزدى. 8

– ئاينىڭ 20 – كۈنى ھىتلېر شەخسەن ئۆزى ستالىنغا تېلېگراممىا يوللاپ، رىببېنتروپنىڭ ئەڭ كېچىككەندىمۇ 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى موسكۋاغا بېرىپ شەرتنامە تۈزۈشكە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي سۆھبىتى «چېگرادىن ئۆتۈش ھوقۇقى» مەسىلىسى سەۋەبىدىن قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، رىببېنتروپنىڭ موسكۋاغا كېلىپ سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇشنى قارار قىلدى. 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى رىببېنتروپ ھىتلېر ئۆز قولى بىلەن بەرگەن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ موسكۋاغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەم شۇ كۈنى كەچتە مۇددىتى ئون يىل بولغان «سوۋېت ئىتتىپاقى – گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى.

شەرتنامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «شەرتنامە تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ يەككە ھالدا ياكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ بىر – بىرىگە ھەرقانداق شەكىلدە قوراللىق ھەرىكەت، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى ياكى ھۇجۇم قوزغىماسلىققا كاپالەت بېرىدۇ»، «ناۋادا بىر تەرەپ ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالسا، يەنە بىر تەرەپ ئۇ دۆلەتنى ھەرقانداق شەكىلدە قوللىمايدۇ»، «ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەتلىرى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، پىكىرلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر – بىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلايدۇ»، «ھەرقانداق بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق دۆلەت گۇرۇھىغا قاتناشمايدۇ».

بۇ شەرتنامىگە يەنە بىر مەخپىي كېلىشىم قوشۇمچە

قىلىندى. كېلىشىمدە ئىككى تەرەپنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى تەسىر دائىرىسى بەلگىلىنىپ، مۇنداق دېيىلدى: «ناۋادا بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىگە (فىنلاندىيە، ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتىۋا) مەنسۇپ رايونلاردا زېمىن ئۆزگىرىشى ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، لىتىۋانىڭ شىمالىي چېگراسى گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ پاسىلى بولىدۇ»، «ناۋادا پولشاغا مەنسۇپ رايونلاردا زېمىن ئۆزگىرىشى ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، نارۋا دەرياسى، ۋېستولا دەرياسى ۋە سان دەرياسى گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ پاسىلى بولىدۇ»، «شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ بىسارابىيەدىكى مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. گېرمانىيە ئۆزىنىڭ بۇ رايون بىلەن ھېچقانداق سىياسىي پايدا ــ زىيان مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى جاكارلايدۇ.»

«سوۋېت ئىتتىپاقى ــ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى خەلقئارا ۋەزىيەتكە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ «ئاپەتنى شەرققە باشلاش» سۈيىقەستىگە بولغان ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ۋاقىتىنچە ئۇرۇشتىن ساقلاندى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن بىللە كوللېكتىپ تىنچلىق ئورنىتىش تىرىشچانلىقىدىن ۋاز كېچىپ، دۇنيا خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناھايىتى پاسسىپ رول ئوينىدى. ئۇ فاشىست تاجاۋۇزچىلارغا بولغان تونۇشىنى خىرەلەشتۈرۈپ، تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراشنىڭ چەك ــ چېگراسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، فاشىزمغا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىمۇ ئاقىۋەتتە گېرمانىيەنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىدى. شەرتنامىگە قوشۇمچە قىلىنغان مەخپىي كېلىشىمدىكى تەسىر

دائىرە بۆلۇشۇۋېلىش ئۇسۇلى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىپلا قالماي، خەلقئارا قانۇنىنىڭ ئاساسىي مىزانىغىمۇ خىلاپلىق قىلدى، ئۇ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلىدىغان زوراۋانلىق قىلمىشى بولدى. گېرمانىيە فاشىزمىغا قارشى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈۋېلىپ، بۇ ئارقىلىق شەرق ـ غەرب ئىككى سەپتە تەڭلا جەڭ قىلىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ، پولشاغا بېسىپ كىرىش، دۇنيا ئۇرۇشى قوزغاشقا پايدىلىق شارائىت ياراتتى.

www.uyghurkitap.com

ئون تۆتىنچى باب

# 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېرمانىيەنىڭ پولشاغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن باشلىنىپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياپونىيەنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، نەق ئالتە يىل داۋاملاشتى. ئۇ فاشىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئېستراتېگىيەلىك ھۇجۇم قوزغىشى، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا تىركىشىپ تۇرۇشى ۋە فاشىستلارغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئېستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا فاشىستىك ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇشى بىلەن نەتىجىلەندى.

بۇ ئۇرۇش كۆلەم جەھەتتە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر قېتىملىق مىسلىسىز ئۇرۇش بولدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاساسلىق جەڭگاھ ياۋروپا بولغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگولۇقلار ئۇنى «ياۋروپا ئۇرۇشى» دەپ ئاتىغانىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى بولسا پۈتۈن دۇنياغا يامراپ، دۇنيادىكى 60 نەچچە دۆلەتنى، بەشتىن تۆت قىسىم ئاھالىنى ئۆز قايىنىمىغا سۆرەپ كىردى. ئۇ ھەقىقىي بىر مەيدان دۇنياۋى ئۇرۇش بولدى، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ دۇنيا تارىخى مۇساپىسىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

## 1 ـ بۆلۈم ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى ۋە دەسلەپكى باسقۇچى

گېرمانىيەنىڭ پولشاغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئەنگلىيە، فرانسىيەنىڭ گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى 1939 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچتە پولشا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ سىياقىدا ياسىنىۋالغان بىر بۆلەك گېرمانىيە ئېسئېسچىلىرى پولشا چېگراسىغا يېقىن جايدىكى گېرمانىيەنىڭ چېگرا بازىرى — گلېيۋىتسىغا «تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ»، بۇ يەردىكى رادىيو ئىستانسىسىنى «ئىگىلەپ»، ئارقىدىن پولەك تىلىدا گېرمانىيەگە قارشى باياناتنى ئېلان قىلىپ، «دۈشمەنلەردىن — گېرمانىيەدىن ھېساب ئالىدىغان پەيت كەلدى» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىتلېر گېرمانىيەنىڭ «تاجاۋۇز»غا ئۇچرىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىگە 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پولشاغا ھۇجۇم قوزغاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. نەتىجىدە پولشا مەجبۇرەن ئۇرۇشقا كىرىشتى. شۇ كۈنى ئەنگلىيە، فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى گېرمانىيەگە نوتا تاپشۇرۇپ، پولشاغا ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىشنى، قوشۇننى چېكىندۈرۈشنى، بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ «پولشا ئالدىدا ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيىتىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئادا قىلىدىغانلىقى»نى ئۇقتۇردى. ئەمما، گېرمانىيە بۇنىڭغا زادىلا پەرۋا قىلمىدى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فرانسىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ھىندىستان، دومىنىئونى ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى، كانادامۇ ئارقا ـ ئارقىدىن گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە گېرمانىيە 57 دىۋىزىيە ئەسكىرىي كۈچىنى، يەنى تەخمىنەن 1 مىليون 500 مىڭ

ئەسكەر، 2500 تانكا، 2300 ئايروپىلانىنى ئىشقا سېلىپ، جەنۇب ـ شىمال ئىككى يولدىن پولشاغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. شۇ ۋاقىتتا پولشانىڭ تەخمىنەن 1 مىليون ئەسكىرى، 800 دىن كۆپرەك تانكىسى، 400 دىن كۆپرەك ئايروپىلانى بولۇپ، كۈچى ئاجىز ئىدى. يەنە كېلىپ، 42 دىۋىزىيە ئەسكىرىي كۈچى ئىچىدە ھەقىقىي ئۇرۇشقا يارايدىغىنى 30 دىۋىزىيەدىن ئاشمايتتى. زاپاس قوشۇنى يىغىلىپ بولالمىغان، نۇرغۇن ئۇچقۇچىلىرى ئايرودورۇمغا كېلىپ بولالمىغانىدى. گېرمانىيە ئارمىيەسى چاقماق تېزلىكىدە جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئاۋۋال نۇرغۇن ئايروپىلان چىقىرىپ، پولشانىڭ ئايرودۇرۇملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ قىسىم ئايروپىلانلارنى ۋەيران قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك مەركەزلەر، قاتناش تۈگۈنلىرى ۋە قوماندانلىق ئاپپاراتلىرىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى، ئاندىن گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەلەر تانكىلارنى باشلامچى قىلىپ، ئاۋىياتسىيە قىسمىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ھۇجۇمغا ئۆتتى. پولشا ھۆكۈمىتى ئارمىيە، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، گېرمانىيە ئارمىيەسىگە تەڭ كېلەلمەي، ئىككى كۈن ئىچىدىلا 1 ـ سەپتىكى ئەسكىرىي كۈچى تارمار بولدى.

گېرمانىيە ئارمىيەسى پولشا ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۆسۈپ ئۆتكەندىن كېيىن كۈنىگە 50 — 60 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن پولشانىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، جەنۇب ـ شىمال ئىككى يولدىن ۋارشاۋاغا قىستاپ كەلدى. 9 ـ ئاينىڭ 6 — 7 ـ كۈنلىرى جەنۇبىي يولدىكى گېرمانىيە ئارمىيەسى بوكنىڭ باشچىلىقىدا كراكوۋنى ئىگىلىدى. شىمالىي يولدىكى گېرمانىيە ئارمىيەسى رۇندىستېرنىڭ باشچىلىقىدا پولشا كارىدورىنى ئىگىلەپ، ۋىسلا دەرياسىدىن ئۆتتى. 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىككى يولدىكى ئارمىيە بىرېست ـ لىتوۋسكتا ئۇچراشتى. پولشا ھۆكۈمىتى

مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قېلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋارشاۋادىن چېكىنىپ، ئاۋۋال رومىنىيە ئارقىلىق پارىژغا، ئاندىن لوندونغا كەتتى. ۋارشاۋادىكى ئارمىيە ـ خەلق تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا قەيسەرلىك بىلەن گېرمانىيە ئارمىيەسىگە قارشى تۇردى. گېرمانىيە ئارمىيەسى تاكى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن بۇ ھىمايىچىسىز يېتىم شەھەرنى ئىشغال قىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ياۋروپادا 5 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان پولشا مانا مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىتتىلا گۇمران بولدى.

پولشانىڭ تېزلا گۇمران بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا تەنھا جەڭ قىلغانلىقى، ھېچقانداق سىرتقى ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. پولشانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ شۇ چاغدا غەربىي سەپتە 110 دىۋىزىيەگە يېقىن ئەسكىرىي كۈچى بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ ئۇ يەردە پەقەتلا 23 دىۋىزىيەسى بار ئىدى. ناۋادا شۇ چاغدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە غەربىي سەپتە ھۇجۇم قوزغىغان بولسا، گېرمانىيە ئارمىيەسى ئىككى سەپتە تەڭ جەڭ قىلىشتەك قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇقەررەر گېرمانىيەگە پايدىسىز بولاتتى. ئەمما، ئەنگلىيە، فىرانسىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە جەڭ قىلمىدى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇرۇش پارتلىغاندىن تارتىپ 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھىتلېر غەربىي سەپتە ھۇجۇمنى قانات يايدۇرغۇچە بولغان يەتتە ئاي ئىچىدە غەربىي سەپتە ھېچقانداق چوڭ ھەربىي ھەرىكەت بولماي، ئىككى تەرەپ ئارمىيەلىرى پەقەت بىر ـ بىرىنى چارلاپ، بەزىدە كىچىكرەك دائىرىدە توقۇنۇشتى ۋە بىر ـ بىرىنى توپقا تۇتۇشتى، ئۇرۇش تارىخىدىكى بۇ غەلىتە ھادىسە «غەلىتە ئۇرۇش» ياكى «يالغان ئۇرۇش»، «جىمجىت ئۇرۇش» دەپ ئاتالدى. بۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان

ماداراچىلىق سىياسىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەجبۇرەن ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ھەقىقىي ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالماي، پولشانىڭ ھالاك بولۇشىغا قاراپ تۇرۇشى، ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىگە بالا ئېلىپ كەلدى.

**غەربىي سەپتىكى ئۇرۇش ۋە فىرانسىيەنىڭ تەسلىم بولۇشى** ھىتلېر ئەنگلىيە، فىرانسىيە غەربىي سەپتە «غەلىتە ئۇرۇش» نى پەيدا قىلغان يەتتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ شىددەت بىلەن ھەربىي تەييارلىقنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي كۈچىنى غەربىي سەپكە يۆتكىۋالدى. گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 156 دىۋىزىيەگە يېتىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. غەربىي سەپكە توپلانغان ئارمىيە 136 دىۋىزىيەگە يېتىپ، كەڭ كۆلەمدە فىرانسىيەگە بېسىپ كىرىشكە تەييارلاندى. ئەمما، ھىتلېر ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال چاقماق تېزلىكىدە شىمالىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىپ، دانىيە ۋە نورۋېگىيەنى ئىگىلەشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى شۇ ئىدىكى، بىرىنچىدىن، دانىيە، نورۋېگىيەنى ئىگىلىگەندە، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنى قامال قىلىشىنى بەربات قىلىپ، گېرمانىيە ھەربىي پاراخوتلىرىنى توسالغۇسىز ھالدا شىمالىي دېڭىز ۋە ئاتلانتىك ئوكيانىغا كىرگۈزۈپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكىدەك ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قامالىغا ئۇچراشتىن ساقلىغىلى بولاتتى؛ ئىككىنچىدىن، دانىيە، نورۋېگىيەنى ئىگىلىگەندە، نورۋېگىيەنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدا دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە بازىسى قۇرۇپ ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، بۇ ئارقىلىق شىمالدىن ئەنگلىيەگە تەھدىت سالغىلى بولاتتى؛ ئۈچىنچىدىن، دانىيە، نورۋېگىيەنى ئىگىلىگەندە شىۋېتسىيەنىڭ تۆمۈر رۇدىسىنىڭ گېرمانىيەگە بىخەتەر توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا

شىۋېتسىيە گېرمانىيەگە تۆمۈر رۇدىسى تەمىنلەپ بېرىدىغان مۇھىم دۆلەت بولۇپ، گېرمانىيە ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلىدا سەرپ قىلغان 1500 توننا تۆمۈر رۇدىسىنىڭ 1100 توننىسىنى شىۋېتسىيەدىن كىرگۈزگەنىدى. بۇ تۆمۈر رۇدىلىرى قىشتا ئاساسەن نورۋېگىيەنىڭ شىمالىدىكى پورتلاردىن دېڭىز ئارقىلىق گېرمانىيەگە يەتكۈزۈلەتتى. 1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە فىنلاندىيەنى قوللىغان بولۇپ، فىنلاندىيە شىۋېتسىيەگە تۇتىشىدىغانلىقتىن، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ فىنلاندىيەدىن شىۋېتسىيە، نورۋېگىيەگە كىرىپ، شىۋېتسىيەنىڭ تۆمۈر رۇدىلىرىنى ئىگىلەپ، شىمالدىن گېرمانىيەگە تەھدىت سېلىش ئېھتىمالى ھىتلېرنى ئەنسىرىتىپ قويغانىدى. شۇڭا، ھىتلېر ئالدىن قول سېلىپ، دانىيە، نورۋېگىيەنى ئىگىلەش ئويىغا كەلگەنىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن بۇرۇن دانىيە ياۋروپادىكى ماجىرالارغا ئارىلاشمىغان بولۇپ، تېخى 1939 ـ يىلى گېرمانىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئەمما، فاشىست گېرمانىيە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، 1940 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سەھەردە دانىيەگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇپ، «ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىسى»نى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەم ئارقىدىنلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن دانىيە ھۆكۈمىتى شۇ كۈنى تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلاپ، «گېرمانىيەنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بىتەرەپ تۇرۇش»قا قوشۇلدى.

دانىيەگە ھۇجۇم قىلغان كۈنى گېرمانىيە دېڭىز فىلوتى يەنە نورۋېگىيەنىڭ ھەرقايسى مۇھىم پورتلىرىغا ھۇجۇم قوزغاپ، غەربتىكى نورۋىك، پېرگېن ۋە جەنۇبتىكى كىرىستىننىنى ئىگىلىدى. ۋاھالەنكى، پايتەخت ئوسلوغا ھۇجۇم قىلغاندا نورۋېگىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ،

بىرنەچچە پاراخوتىدىن ئايرىلىپ ۋاقتىنچە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، گېرمانىيە پاراشۇتچى قىسمى چاققانلىق بىلەن ئۇسلونى ئىگىلىدى. نەتىجىدە نورۋېگىيەنىڭ سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، مىللەت خائىنى چۇيىسلىڭ قورچاق ھۆكۈمەت باشلىقى بولدى. نورۋېگىيە پادىشاھى تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ شىمالغا چېكىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەرگە داۋاملىق تىركىشىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. نورۋېگىيە ئارمىيەسىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا زەربە بېرىشىنى قوللاش ئۈچۈن ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئارمىيەسى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن نورۋېگىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقتى. گېرمانىيە غەربىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئارمىيەسى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى نورۋېگىيەدىن چېكىنىپ چىقتى. 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى نورۋېگىيە پادىشاھى ۋە ھۆكۈمىتى لوندونغا كەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى پۈتۈن نورۋېگىيەنى ئىشغال قىلدى.

نورۋېگىيەدىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشماستىنلا ھىتلېر 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى غەربىي سەپتە گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ قاتارلىق بىتەرەپ تۇرۇۋاتقان ئۈچ كىچىك دۆلەتكە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. ھىتلېرنىڭ بۇ دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىشى ھەم ئۇنىڭ ياۋروپاغا خوجا بولۇش پىلانىنىڭ بىر قىسمى، ھەم ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. دەل گېرمانىيە ئارمىيەسى غەربىي سەپتە ھۇجۇمغا ئۆتكەن شۇ كۈنى، ماداراچىلىق سىياسىتىنىڭ ۋەكىلى چېمبېرلىن ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرلىكىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، گېرمانىيەگە قاتتىق سىياسەت قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان چېرچىل باش ۋەزىر بولۇپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى، لېيبورىستلار پارتىيەسى ۋە لىبېراللىستلار پارتىيەسىدىكىلەردىن تەركىب تاپقان

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چېرچىل تۆۋەن پالاتادا نۇتۇق سۆزلىگەندە، فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «سىلەر سىياسىتىڭ نېمە، دەپ سورىساڭلار، مېنىڭ سىياسىتىم تەڭرى بىزگە بەرگەن بارلىق ئىقتىدار ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنى ئىشقا سېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مۇدھىش ۋە پاجىئەلىك جىنايى تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ئەشەددىي زوراۋانلىققا قارشى دېڭىزدا، قۇرۇقلۇقتا ۋە ھاۋادا جەڭ قىلىش؛ مەقسىتىمنىڭ نېمە، دېسەڭلار، بىرلا سۆزكى، غەلىبە قىلىش، قانچىلىك بەدەل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش...» دېدى. ئۇ چېمبېرلېننىڭ ماداراچىلىق سىياسىتىنى ئۆزگەرتتى. ھالبۇكى ئۇ تەختكە چىققان چاغدا دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن ئىدى.

1940 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا گېرمانىيە ئارمىيەسى غەربىي سەپتە 136 دىۋىزىيە، 2580 تانكا، 3284 ئايروپىلان توپلاپ، ئۇلارنى ئۈچ گورۇپپىۋوي ئارمىيەگە بۆلدى. بۇنىڭدا شىمالىي يولدىكى 28 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان B گورۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ ۋەزىپىسى گوللاندىيە چېگراسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، پۈتۈن گوللاندىيە زېمىنىنى ۋە بېلگىيەنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلەپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكىدەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى جەلپ قىلىش؛ جەنۇبىي يولدىكى 17 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان C گورۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ ۋەزىپىسى ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيەسىگە يالغاندىن ھۇجۇم قىلىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنى تۇتۇپ تۇرۇش؛ ئوتتۇرا يولدىكى 44 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان A گورۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ ۋەزىپىسى لىيۇكسىمبۇرگ ۋە بېلگىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاردېن تېغىدىن ئۆتۈپ ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ بېرىش ئىدى. بۇ دەل ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى ئىدى. يەنە 47 دىۋىزىيە زاپاس

قوشۇن سوۋېتنىڭ ھۇجۇمى بىلەن رايونغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 147 دىۋىزىيە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەنىڭ 10 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسى بار ئىدى. ھالبۇكى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قوماندانلىق ئىشتابى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى كونا قائىدىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى چوقۇم بېلگىيەنىڭ تۈز كەتكەن ئوتتۇرا قىسمى بولىدۇ دەپ خاتا پەرەز قىلىپ، كۆپ قىسىم كۈچىنى سىدانىڭ غەربىدىكى فىرانسىيە - بېلگىيە چېگراسىغا توپلاپ، فىرانسىيە - بېلگىيە چېگراسى ۋە فىرانسىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۆلكىلەرگە 51 دىۋىزىيە ئورۇنلاشتۇردى. يەنە بىر قىسىم كۈچىنى ماگنوت مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ ئارقىسى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى گېرمانىيە - شىۋېتسارىيە چېگراسى تەرەپكە ئورۇنلاشتۇردى. ئاردىن تېغىغا يۈزلىنىپ تۇرىدىغان سىدان ۋە دىنانت ئارىلىقىدىكى چېگراغا بولسا ھېچقانچە كۈچ ئورۇنلاشتۇرمىدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەھەردە گېرمانىيە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمنى باشلىدى. ئالدى بىلەن نۇرغۇن ئايروپىلان چىقىرىپ گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى 72 ئايرودۇرۇمنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلىپ، نەچچە يۈز ئايروپىلاننى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئارقىدىنلا گېرمانىيە پاراشۇتچىلار قىسمى چاقماق تېزلىكىدە گوللاندىيە ئارمىيەسى ۋە بېلگىيە ئارمىيەسىنىڭ ئارقا سېپىدىكى ئايرودۇرۇملارنى، كېچىكلەرنى، كۆۋرۈكلەرنى ۋە مۇھىم تايانچ نۇقتىلارنى ئىگىلىدى. بۇلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا B گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ يەر يۈزى قىسمى گوللاندىيە، بېلگىيەنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قوزغىدى. 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گوللاندىيە ئايال پادىشاھى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى لوندونغا قېچىپ كەتتى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گوللاندىيە تەسلىم بولدى. A گۇرۇپپىۋى ئارمىيە 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاردېن رايونىغا توسۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. گېرمانىيە ئارمىيەسى ھۇجۇمغا ئۆتكەن كۈنى ئاران 300 مىڭ ئاھالىسى بار ليۇكسېمبۇرگ ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولدى. گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ موتورلاشقان قىسمى كۈتمىگەن يەردىن بېلگىيە ـ ليۇكسېمبۇرگ چېگراسىدىكى ئاردېن رايونىدىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ تېزلىكتە ئىلگىرىلەپ، ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئاردېن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ماس دەرياسىدىن ئۆتتى، 15 ـ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئارقىدىن فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنى بويلاپ تېزلىكتە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، 20 ـ كۈنى ئامىيېننى، 22 ـ كۈنى بۇرنىنى، 28 ـ كۈنى كالايىنى ئىگىلەپ، بىۋاستە ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزىغا قىستاپ كېلىپ، فىرانسىيەنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە بېلگىيە تەۋەسىدىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە ئارمىيەسى بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئارقا سېپىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بېلگىيە تەسلىم بولدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ 400 مىڭغا يېقىن ئەسكىرى دونكىركتىكى ئىنتايىن تار ئۈچ بۇرجەك جايغا قاپسىلىپ قېلىپ، ئالدى تەرەپتە دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزغا، ئارقا تەرەپتە تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيەسىگە دۇچ كەلدى. ناۋادا بۇ ۋاقىتتا گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ بىرونېۋىك قىسمى بىرقەدەم ئىلگىرىلىسىلا دونكىرك پورتىنى قامال قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيەگە چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتەلەيتتى. ئەمما، مۇشۇ ۋاقىتتا ھىتلېر A گۇرۇپپىۋى ئارمىيەگە ۋاقىتىنچە توختاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى تېپىلغۇسىز پۇرسەتكە ئېرىشىپ، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ياساپ، دونكىرك مۇداپىئە چەمبىرىكىنى مۇستەھكەملەپ،

چېكىنىشكە شارائىت هازىرلىيالايدىغان ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىتقا ئىگە بولدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوت، قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە ئادەتتىكى يەلكەنلىك كېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 850 پاراخوت، كېمىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، چېكىندۈرۈش خىزمىتىگە سالدى. 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە ئەنگلىيە، فىرانسىيە ماتروسلىرى ۋە كېمىچىلىرى گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ شىددەتلىك بومباردىمان قىلىشى، ئوققا تۇتۇشىغا قارىماي توققۇز كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق تىرىشىپ، 338 مىڭ ئەسكەرنى ئەنگلىيە بوغۇزى ئارقىلىق ئەنگلىيەگە چېكىندۈرۈپ كەلدى. يەقەت ئارقا تەرەپنى ھىمايە قىلىشقا قالغان 40 مىڭ فىرانسىيەلىك ئەسكەرلا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. بۇ قېتىملىق چوڭ چېكىندۈرۈش ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ تارىخىدىكى بىر قېتىملىق كاتتا نەتىجە بولۇپ، ئۇ «دونكىركتىكى مۆجىزە» دەپ ئاتالدى. بۇ قېتىملىق چوڭ چېكىندۈرۈشنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئەنگلىيە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، قايتىدىن قوراللىنىپ داۋاملىق جەڭ قىلىپ، كېيىن فاشىست گېرمانىيەنى مەغلۇپ قىلىشقا ئاساس سالدى. بۇ قېتىملىق «مۆجىزە» ھىتلېرنىڭ بىرمەھەل بۇيرۇق چۈشۈرۈپ جەڭ يۈرۈشىنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقىدىن يۈز بەرگەن بولۇپ، ناتسىستلارنىڭ داڭلىق تانكا قىسىم قوماندانى مانىستېيىن ئۇرۇشتىن كېيىن يازغان «قولدىن كەتكەن غەلىبە» دېگەن ئەسلىمىسىدە قاتتىق ئېچىنغان ھالدا: «دونكىركتىكى سەۋەنلىك ھىتلېر ئۆتكۈزگەن ئەڭ زور خاتالىق بولدى» دەپ يازدى.

1940 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچى بىلەن فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى 400 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى جەڭ سېپىدە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى ۋېيگاند 1 مىليوندىن ئارتۇقراق ئەسكەرنى توپلاپ سۇم دەرياسى

ۋە ئانىنا دەرياسى بويىدا «ۋېيگاند مۇداپىئە سىپىي» نى بەرپا قىلغان بولسىمۇ، ئۈچ كۈن بولمايلا تارمار بولدى. گېرمانىيە ئارمىيەسى پارىژغا قىستاپ كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىتالىيە توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پارىژدىكىلەر ئامالسىز شەھەرنى مۇداپىئە قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەتىسى گېرمانىيە ئارمىيەسى پارىژنى ئىشغال قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پېتائېن رېنائۇلىتنىڭ ئورنىغا فىرانسىيەنىڭ باش مىنىستىرى بولدى. ئىككىنچى كۈنى پېتائېن ھۆكۈمىتى قارشىلىشىشنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ بەلگىلىشى بويىچە 1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى فىرانسىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەسلىمنامىگە ئىمزا قويغان كومپىيگنې ئورمانلىقىدىكى شۇ ۋاگوندا، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ناتسىست گېرمانىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. كېلىشىمدە: فىرانسىيەنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمىدىكى سانائەت تەرەققىي تاپقان رايونلىرى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىشغالىيەت رايونى بولىدۇ، ئىشغالىيەتچى ئارمىيەنىڭ خىراجىتىنى فىرانسىيە ئۈستىگە ئالىدۇ، ئىشغال قىلىنمىغان رايونلار پېتائېن ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، مەركىزى ۋىشى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ئۇنداقتا، 3 مىليون كىشىلىك قۇدرەتلىك ئارمىيەگە ئىگە، ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك قۇرۇقلۇق ئارمىيە دۆلىتى دەپ ئاتالغان فىرانسىيە نېمە ئۈچۈن بىر زەربىگە پايلىماي قىسقىغىنا ئالتە ھەپتە ئىچىدىلا مەغلۇپ بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

بىرىنچىدىن، فىرانسىيە دالادىيې ھۆكۈمىتى ئۇزاق مەزگىل

ماداراچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىغا بولغان ئىدىيەۋى ۋە ھەربىي تەييارلىقنى پۇختا قىلمىدى، گەرچە 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما جەڭ قىلماي جىم تۇرۇۋېلىپ، ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلەتمىدى. 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رېنائۇلت باش مىنىستىر بولغاندا، دالادېر يەنىلا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى بولۇپ، ماداراچىلىق تۇمانلىرى يەنىلا تارقىمىدى.

ئىككىنچىدىن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى پاسسىپ مۇداپىئەلىنىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، گېرمانىيەنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىگە خاتا ھۆكۈم قىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى فىرانسىيە گېرمانىيەنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن شىۋېتسارىيەدىن بېلگىيەگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ماگىنوتنىڭ نامىدا ئاتالغان بىر مۇداپىئە لىنىيەسى بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇنى يېمىرىلمەس مۇداپىئە لىنىيەسى سۈپىتىدە كۆرۈپ، ھەتتا ساقلىغۇچى ئەسكەرلەر تاقايدىغان مىس ئىزناكقا «دۈشمەن ئۆتۈشنى ئويلىمىسۇن» دېگەن خەتنى ئويدۇرغان، بۇ مۇداپىئە لىنىيەسىگە تايىنىپ خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە، فىرانسىيە قوماندانلىق ئىشتابى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم يۆنىلىشى بېلگىيەنىڭ تۈز، تەكشى كەتكەن ئوتتۇرا قىسمى بولىدۇ دەپ خاتا مۆلچەرلەپ، يوللىرى خەتەرلىك ئاردىن تېغىنى دۈشمەن ئالالمايدىغان تەبىئىي توسۇق دەپ قاراپ، بۇ يەردىكى مۇداپىئەگە ئېتىبار بەرمىگەنىدى. ئەمما، گېرمانىيە ئارمىيەسى دەل مۇشۇ مۇداپىئەسى ئاجىز رايوندىن فىرانسىيەنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ رولىنى بىكار قىلىۋەتتى.

ئۈچىنچىدىن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ماشىنىلاشقان

قىسمىنىڭ زامانىۋى ئۇرۇشتىكى رولىغا سەل قاراپ، تانكا، ئايروپىلان قاتارلىق زامانىۋى قوراللارنى ئىشلەپچىقىرىشتا گېرمانىيەدىن ئارقىدا قالدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئارمىيەسى ئۇرۇشتا هاۋا قىسمى ۋە تانكا، بىرونېۋىك قىسمىنى كۆپلەپ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشقا سېلىپ، تېز هەم تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنى دەسلەپتىلا تەشەببۇسكارلىق هوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، هەر قەدەمدە زەربە يەيدىغان پاسسىپ هالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

**«دېڭىز شىرى» پىلانى ۋە ئەنگلىيە هاۋا ئۇرۇشى** فىرانسىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە يېگانە جەڭ قىلىدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، هىتلېر هەربىي بېسىم چۈشۈرۈپ، دىپلوماتىيە هۇجۇمى قوزغاش ئارقىلىق ئەنگلىيەنى باش ئەگدۈرمەكچى بولدى. 1940 ـ يىلى 6 ــ 7 ـ ئايلاردا هىتلېر هەرخىل يوللار بىلەن كۆپ قېتىم ئەنگلىيەگە «تىنچلىق تەكلىپى» قويۇپ، رىم پاپاسى ۋە شىۋېتسىيە پادىشاھىنى سالاچىلىققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ: ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرىنى گېرمانىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەرسىلا هەم گېرمانىيەنىڭ ياۋروپادىكى خوجىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلسىلا، ئەنگلىيە بىلەن ئەپلىشىپ قالىمىز، دەپ داۋراڭ سالدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ تىنچلىق تەكلىپىنى چېرچىل هۆكۈمىتى كەسكىن رەت قىلدى.

ئەنگلىيەگە قىلغان دىپلوماتىيە هۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، هىتلېر 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا هۇجۇم قىلىدىغان «دېڭىز شىرى پىلانى» ناملىق 16 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، «ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان بازىلىرىنى يوقىتىمىز هەم زۆرۈر تېپىلغاندا پۈتۈنلەي ئىگىلەيمىز» دەپ جار سالدى. دېڭىز شىرى پىلانىدا گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەڭ تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بولۇشى بەلگىلەنگەنىدى. هىتلېر ئەنگلىيە بوغۇزى ۋە لوندۇن ئاسمىنىنى تىزگىنلەش هوقوقىنى ئىگىلەپ،

ئەنگلىيەنىڭ ھاۋا ئارمىيەسى، ئايرودۇرۇملىرى ۋە پورتلىرىنى ۋەيران قىلىپ، «دېڭىز شىرى» پىلانىنى يولغا قويۇشقا شارائىت ھازىرلىماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە جەمئىي 2669 ئايروپىلاننى توپلاپ، 1940 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەر كۈنى نەچچە يۈز، ھەتتا مىڭ نەچچە ئايروپىلاننى چىقىرىپ، ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزىدىكى ئەنگلىيە قوغدىغۇچى فىلوتى ۋە ئەنگلىيەنىڭ شەھەر، پورت، تۆمۈريول، كۆۋرۈك، ئايرودۇرۇم ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى. پەقەت دەسلەپكى ئۈچ كۈندىلا بىر تونىدىن ئارتۇقراق بومبا تاشلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئۇرۇشتا قاتتىق زىيانغا ئۇچراپ، ئېغىر قوراللىرىنىڭ كۆپ قىسمى فىرانسىيەدە قالغان، پەقەت 500 زەمبىرەك، 200 تانكا، 700 ھۇجۇمچى ئايروپىلان ۋە 500 بومباردىمانچى ئايروپىلانلا ئېشىپ قالغان، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان، خەلق مۇھاپىزەت ئارمىيەسى تېخى مەشىقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇنداق ئاجىز ھەربىي كۈچ بىلەن نەچچە مىڭ مىل ئۇزۇنلۇقتىكى دېڭىز بويىنى قوغداش ھەقىقەتەن بىر مۇشكۇل ئىش ئىدى. ئەمما، ئەنگلىيە زادىلا تىز پۈكمىدى، چېرچىل ھۆكۈمىتى خەلقنى ھىتلېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشقا ئاكتىپ سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. چېرچىل قەتئىيلىك بىلەن: «بىز دېڭىز ساھىلىدا، دالالاردا، كوچىلاردا، تاغلاردا جەڭ قىلىپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي زېمىنىمىزنى قوغداپ، ئۇرۇشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىمىز، قەتئىي تەسلىم بولمايمىز» دېدى. ئەنگلىيە ئارمىيە ـ خەلقى دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا باتۇرلارچە ئاتلاندى. 1940 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە جەمئىي 2 مىليون ئادەم قولىغا قورال ئالدى، ئۇلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى ھەربىي سەپكە قاتناشتى، بەھەيۋەت خەلق مۇھاپىزەت

ئارمىيەسى ملتىق ۋە باشقا قورااللار بىلەن قوراللىنىپ، ھەر ۋاقىت ئەنگلىيە ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا تەييار تۇردى. ئۇچقۇچىلار ئۆز زېمىنىنىڭ ئاسمىنىدا قىسقا ئارىلىقتا ئۇچۇپ، ھەر ۋاقىت يەر يۈزىدىن ماي ۋە ئوق ـ دورىلارنى تولۇقلاپ، يەنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، دائىم دېگۈدەك بىر كۈندە ئۈچ ـ تۆت قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ سان جەھەتتە ئاز بولۇشتەك كەمچىلىكىنى تولدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەدە رادار كەشىپ قىلىنغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، نەچچە ئونمىڭ ياش كۆزەتچىلىككە قاتنىشىپ، ئۆز ئايروپىلانلىرىنىڭ ۋە زېنىت توپلارنىڭ دۈشمەن ئايروپىلانلىرىغا توغرا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ھەسسىلەپ زىيانغا ئۇچرىتىشىغا قولايلىق ياراتتى.

گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىلىشى ئەمەلىيەتتە فىرانسىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنلا باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ھۇجۇمنىڭ كۆلىمى كىچىك، ئاساسلىق مەقسىتى ئەنگلىيەگە بېسىم چۈشۈرۈش بولغانىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە ھاۋا ئۇرۇشى 1940 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاندىن رەسمىي باشلاندى. ئۇ چوڭ جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈندى:

1 ـ باسقۇچتا، يەنى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيەسى نۇقتىلىق ھالدا ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزىدىكى ئەنگلىيە قوغدىغۇچى فىلوتىنى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئايرودۇرۇملىرى، پورتلىرى، دېڭىز ئارمىيە بازىلىرى ۋە باشقا ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنى ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ھەيدەپ، ھاۋانى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئەنگلىيەگە بېسىپ كىرىشكە شارائىت يارىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلدى.

2 ـ باسقۇچتا، يەنى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ

13 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى ئۇقتىلىق ھالدا ئەنگلىيە پايتەختى لوندوننى بومباردىمان قىلىپ، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قارشىلىشىش ئىرادىسىنى سۇندۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى ھاۋا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىدىن 60 ى، ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرىدىن 26 سىلا چىقىم بولدى. شۇڭا، ئەنگلىيە بۇ كۈننى «بىرىتانىيە ئۇرۇشى كۈنى» قىلىپ بېكىتتى (ھازىرغىچە ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ).

3 ـ باسقۇچتا، يەنى 1940 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيەسى ئاساسلىق ھالدا ئەنگلىيەنىڭ بىرمىڭخام، كوۋېنتىرى، جەنۇبىي خامپىتون، لېۋىرپول ۋە مانچېستىر قاتارلىق سانائەت شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. كوۋېنتىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك تۈپتۈز قىلىۋەتتى. ئەمما، ئالدىنقى ئىككى باسقۇچقا سېلىشتۇرغاندا، بۇ باسقۇچتا گېرمانىيەنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ كۆلىمى زور دەرىجىدە تارىيىپ، ئۇ پەقەت قۇرۇق ھەيۋە كۆرسىتىشلا بولدى.

ئەنگلىيە ھاۋا ئۇرۇشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق ھاۋا ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيەسى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماي، بەلكى ئېغىر بەدەل تۆلىدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇرۇشتا گېرمانىيە 1732 ئايروپىلان، ئەنگلىيە پەقەت 915 ئايروپىلان چىقىم تارتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ چىقىم تارتىش نىسبىتى تەخمىنەن 1:2 بولغان. 1940 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيەسى يەنە بومباردىمانچى ئايروپىلان ئەۋەتىپ بېرلىننى ئۈچ قېتىم كېچىدە بومباردىمان قىلىپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى قاتتىق چۆچۈتتى. ھىتلېر ئۆزى قوزغىغان «ھاۋادىكى چاقماق تېزلىكىدىكى ھۇجۇم» بەربات بولغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، ئامالسىز 1940 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «دېڭىز شىرى» پىلانىنى چەكسىز مۇددەتتە ئارقىغا سۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن كېيىن بۇ پىلان ئۈچۈن ئىشقا سالغان قوشۇننى ۋە پاراخوتلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يۆتكەپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن «دېڭىز شىرى» پىلانى ئەمەلىيەتتە ئەمەلدىن قالدى. ئەنگلىيە بولسا ھاۋا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشتا شانلىق بىر سەھىپە ياراتتى.

**گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ھەربىي ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ بالقانغا تاجاۋۇز قىلىشى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرىلا گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن 1939 ـ يىلى يازغىچە بېرلىن، رىم ۋە توكيودا ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالغا قارشى كېلىشىم» تۈزۈش ئاساسىدا ھەربىي ئىتتىپاق قۇرغانىدى. 1939 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ پولاتتەك ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنى تۈزۈشى بىلەن فاشىستىك ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ھەربىي ئىتتىپاقى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تاجاۋۇزچىلىق نىشانى ۋە قەدەم باسقۇچى ئۈستىدە ئىختىلاپى بولۇپ، گېرمانىيە ئاۋۋال ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاچقا، سۆھبەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىلا ئەمەس، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكىنىمۇ دۈشمەن دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ياپونىيە بۇ ۋاقىتتا تېخى جەنۇبقا ئىلگىرىلەشنى رەسمىي قارار قىلمىغاچقا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكىنى دۈشمەن دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى قوللىمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ دۆلەتنىڭ سۆھبىتى بىر مەزگىل توختاپ قالدى. 1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، ياپونىيە ئىنتايىن نارازى

بولۇپ، بۇنى «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى كېلىشىم» گە قىلىنغان ئاسىيلىق دەپ قاراپ، گېرمانىيە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈش سۆھبىتىنى توختىتىپ قويىدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدا گېرمانىيە پولشاغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن ياپونىيە ياۋروپا ئۇرۇشىغا ئارىلاشماسلىق مەيدانىدا تۇردى. 1940 - يىلى يازدا گېرمانىيە شىمالىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى جىددىيلەشتۈرۈش ھەم تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى قوزغاشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈچ دۆلەت ھەربىي ئىتتىپاقى قۇرۇشقا يەنە قىزىقتى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيە بىلەن ھاۋا ئۇرۇشى قىلىۋاتقان ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان فاشىست گېرمانىيەمۇ ياپونىيە بىلەن يەنىمۇ بىرلىشىشكە ئىنتايىن ئالدىرىدى. شۇنىڭ بىلەن 1940 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىككى دۆلەت توكيودا ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى تۈزۈش سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رىببېنتروپ رىمغا بېرىپ مۇسسولىنىغا ھەربىي ئىتتىپاققا قاتنىشىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى رىببېنتروپ، ئىتالىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى كىئانو ۋە ياپونىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى سابۇرو كۇرۇسۇ بېرلىندا «گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى.

بۇ شەرتنامىدە: «ياپونىيە گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيەنىڭ ياۋروپادا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ؛ گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ياپونىيەنىڭ شەرقىي ئاسىيادا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ؛ ئۈچ دۆلەتتىن بىرەر دۆلەت نۆۋەتتە تېخى ياۋروپا ئۇرۇشىغا ياكى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىغا

قاتناشمىغان دۆلەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، قالغان ئىككى دۆلەت ئۇنىڭغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ؛ يۇقىرىدىكى ماددىلار شەرتنامە تۈزۈشكەن ئۈچ دۆلەتنىڭ سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن بولغان ھازىرقى سىياسىي مۇناسىۋىتىگە قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «نۆۋەتتە تېخى ياۋروپا ئۇرۇشىغا ياكى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان دۆلەت» دەل ئامېرىكىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق گېرمانىيە ئامېرىكىغا تەھدىت سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە ئۇرۇش قىلىشنى توسماقچى، ياپونىيە بولسا كەلگۈسىدىكى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىدا ئامېرىكىغا قارشى ئىتتىپاق تەشكىللىمەكچى بولغانىدى. ئۈچ دۆلەت شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ھەربىي ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ھەربىي ئىتتىپاقى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ھىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك بازا قۇرۇش ئۈچۈن بالقانغا تاجاۋۇز قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1941 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ھىتلېر ھەرخىل تەھدىت سېلىش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ۋېنگرىيە، رومىنىيە ۋە بۇلغارىيەنى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ھەربىي ئىتتىپاقىغا سۆرەپ كىردى ھەم ئۆز ئارمىيەسىنى رومىنىيە ۋە بۇلغارىيەگە كىرگۈزدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىتالىيە 1940 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گرېتسىيەگە قوشۇن كىرگۈزدى. گرېتسىيە ئارمىيە ـ خەلقى باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، پىندۇس ـ ئېپىرۇس جېڭىدە ئىتالىيە ئارمىيەسىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ھەم ئارقىدىنلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى گرېتسىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدا

ئەنگلىيە بىلەن گىرېتسىيە ھەربىي ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسى گىرېتسىيەگە رەسمىي كىردى.

1941 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ چېگراغا بېسىپ كەلگىنىدىن قورقۇپ، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنامىگە ئىمزا قويدى. بۇنىڭ بىلەن يۇگوسلاۋىيەدە فاشىستلارغا قارشى داغدۇغىلىق نامايىش كۆتۈرۈلدى. 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشنى رەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزدى. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيەسى يۇگوسلاۋىيەگە بېسىپ كىردى. 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىق ئارمىيەسى تەسلىم بولۇپ، پادىشاھ ۋە ھۆكۈمەتتىكىلەر گىرېتسىيە ئارقىلىق لوندونغا قېچىپ كەتتى. يۇگوسلاۋىيە گېرمانىيە، ئىتالىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ بۆلۈشۈۋېلىندى.

گېرمانىيە ئارمىيەسى يۇگوسلاۋىيەگە ھۇجۇم قىلغان كۈنى گىرېتسىيەگىمۇ ھۇجۇم قىلدى، ئەنگلىيە، گىرېتسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى بەرداشلىق بېرەلمەي تارمار بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى گىرېتسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى قورشىۋالدى. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گىرېتسىيە ئارمىيەسى تەسلىم بولدى. گىرېتسىيەدە جەڭ قىلىۋاتقان ئەنگلىيە يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسى دېڭىز ئارقىلىق چېكىندى. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى ئافىناغا كىردى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى پۈتۈن گىرېتسىيەنى ئىگىلىدى. گىرېتسىيە پادىشاھى ۋە ھۆكۈمەتتىكىلەر مىسىر ئارقىلىق لوندونغا كەتتى. ھالبۇكى، يۇگوسلاۋىيە، گىرېتسىيە ئارمىيەلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە

خەلقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى كۈرىشى ھىتلېرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقتىنى 5 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغا سۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شەرقىي ئۆرۈش سېپى» نى بەرپا قىلىشى ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى**

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ غەربىي چېگراسىنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ غەربكە 200 ـــ 400 كىلومېتىر سۈرۈپ، بالتىق دېڭىزىدىن قارا دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىتلېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئاتالمىش «شەرقىي ئۇرۇش سېپى» نى بەرپا قىلدى.

1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پولشا گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئۆزىنىڭ غەربىي چېگراسىدىن ئۆتۈپ پولشانىڭ شەرقىگە كىرىپ، پولشانىڭ غەربىي ئۇكرائىنا ۋە غەربىي بېلارۇسىيە رايونىنى ئىگىلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە چېگرا شەرتنامىسى» نى تۈزۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى چېگراسى» نى بېكىتتى. 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا غەربىي ئۇكرائىنا بىلەن غەربىي بېلارۇسىيەدە سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇكرائىنا ۋە بېلارۇسىيە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

1939 ـ يىلى 9 ـــ 10 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش نامىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئېستونىيە، لاتۋىيە ۋە لىتۋانى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، بۇ ئۈچ دۆلەتتە قوشۇن تۇرغۇزۇش ۋە دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە بازىسى قۇرۇش ھوقۇقىغا

ئېرىشىۋالدى. ئەمما، شەرتنامىدە ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمەسلىك بەلگىلەندى. 1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گېرمانىيە ھەدەپ غەربىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئۈچ دۆلەت تەۋەسىدە ئەركىن يۈرۈشىگە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۈچ دۆلەت بۇنىڭغا ئامالسىز قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى دەرھال ئۈچ دۆلەتنى ئىشغال قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 17 — 21 ـ كۈنلىرى لىتۋا، لاتۋىيە ۋە ئېستونىيەدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 7 ـ ئايدا ئۈچ دۆلەت پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى 7 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۈچ دۆلەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بولۇشىنى تەستىقلىدى.

1939 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى «لېنىنگراد سوۋېت ئىتتىپاقى ـ فىنلاندىيە چېگراسىغا ئاران 32 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئورنى ئىنتايىن خەتەرلىك» دېگەن سەۋەب بىلەن فىنلاندىيەگە قىسمەن زېمىن ئالماشتۇرۇش ھەم خانكو يېرىم ئارىلىنى دېڭىز ئارمىيە بازىسى قىلىشقا ئىجارىگە بېرىش تەلىپىنى قويدى. ئەمما، فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى بۇنى رەت قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى باياناتئېلان قىلىپ، فىنلاندىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا «ئىنتايىن دۈشمەنلىك ۋە ئىغۋاگەرچىلىك» پوزىتسىيەسى تۇتقانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى فىنلاندىيەنى «سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىۋاسىتە ئۇرۇش قوزغاش يولىغا ماڭدى» دەپ قارايدۇ، دەپ جاكارلاپ، بۇ سەۋەب بىلەن 1932 ـ يىلى تۈزگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ـ

فىنلاندىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلماسلىق شەرتنامىسىنى بىكار قىلدى. ئەتىسى سوۋېت ئىتتىپاقى فىنلاندىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەسى فىنلاندىيەگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە فىنلاندىيە ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ، سۈلھى تەلەپ قىلدى. 1940 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «موسكۋا شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، فىنلاندىيە ئامالسىز ۋىبورگنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل كارېلىئا رايونىنى، ۋىبورگ قولتۇقىنىڭ غەربىدىكى دېڭىز بويى رايونىنى، لادوگا كۆلىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىنى، سارا رايونىنى ۋە فىنلاندىيە قولتۇقىدىكى كۆپ قىسىم ئاراللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۆلۈپ بەردى ھەم خانكو يېرىم ئارىلىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا دېڭىز ئارمىيە بازىسى قىلىشقا 30 يىللىق ئىجارىگە بەردى.

1940 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى رومىنىيە ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، بېسارابىيەنى «قايتۇرۇپ بېرىش»نى① ھەم بۇكوۋىنانىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، مۇشۇ ئاساستا رومىنىيە بېسارابىيەنى ئىگىلەپ تۇرغان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بېسارابىيە ئاھالىلىرىگە كەلتۈرگەن «غايەت زور زىيان» نى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەتىسى رومىنىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە جاۋاب نوتا تاپشۇرۇپ، بۇ تەلەپنى سىلىق رەت قىلدى. شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى رومىنىيە ھۆكۈمىتىگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنى تاپشۇردى. رومىنىيە ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيەدىن ياردەم سوراپ، ئۈمىد بولمىغاندىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

① بېسارابىيە رومىنىيەنىڭ تەكتى بولغان مولدوۋا كىنەزلىكىنىڭ يېرى بولۇپ، كېيىن تۈركىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىگە قارىغان. 1812 ـ يىلى رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان، 1918 ـ يىلى رومىنىيە قايتۇرۇۋالغان.

ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر چىقىرىپ يۇقىرىقى ئىككى رايوننى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىسارابىيەنى مولداۋىيە ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇۋېتىپ، 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مولداۋىيە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. شىمالىي بۇكوۋىنانى ئۇكرائىنا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇۋەتتى.

«شەرقىي ئۇرۇش سېپى» نىڭ بەرپا قىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇداپىئە بوشلۇقىنى كېڭەيتتى. ئەمما، سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىنكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كۆزلىگەندەك رول ئوينىيالمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى نەزەرگە ئىلماي، باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ھەتتا ئۇلارنى ئىشغال قىلىپ ئۆزىگە قوشۇۋېلىشى، شۈبھىسىزكى خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىغا خىلاپ بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ كاللىسىدىكى جاھانگىرلىك ئېڭىنىڭ، يەنى بۇرۇنقى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدىيەسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ يۇقىرىقى كىچىك دۆلەتلەر خەلقىنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا ئازار بېرىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزۈپ، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ، ناھايىتى ئېغىر يوشۇرۇن ئاپەت قالدۇردى.

ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشى پارتلاش ھارپىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە ئىنتايىن زور بىر دىپلوماتىك ھەرىكەت قوللاندى، بۇ دەل ياپونىيە بىلەن بىتەرەپلىك شەرتنامىسى ئىمزالاش ئىدى.

1940 ـ يىلى ھىتلېر غەربىي ياۋروپانى باسقۇن قىلغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن شەرققە ھۇجۇم قىلىشقا جىددىي تەييارلاندى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي قىسمى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. ناۋادا گېرمانىيە بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا، شەرق - غەرب ئىككى سەپتە تەڭ ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۇ ئاساسلىق دۈشمىنىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەنىڭ ۋەھىمىسىگە ئۇچرىماسلىققا جىددىي موھتاج بولدى. بۇ ۋاقىتتا «جەنۇبقا ئىلگىرىلەش فاڭجېنى» نى ئاللىقاچان بېكىتىپ بولغان ياپونىيەمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنى مۇھىم دىپلوماتىيە فاڭجېنى قىلدى. مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ئىككى تەرەپ تالاش - تارتىش بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر 1941 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى موسكۋادا «سوۋېت ئىتتىپاقى - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شەرتنامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «شەرتنامە تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ، دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم بىر - بىرىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ»، «ئەگەر بىر تەرەپ ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ ياكى بىرنەچچە دۆلەتنىڭ ئۇرۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالسا، يەنە بىر تەرەپ پۈتكۈل توقۇنۇش جەريانىدا بىتەرەپلىكنى ساقلايدۇ»، «شەرتنامىنىڭ مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ». سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە بۇ شەرتنامىنى ئىمزالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەڭلا بايانات ئېلان قىلىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيە دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە ئۇنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ، ياپونىيە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە ئۇنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ» دەپ جاكارلىدى.

«سوۋېت ئىتتىپاقى - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى» نىڭ

ئىمزالىنىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىككى سەپتە تەڭ ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلاندى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ «مانجۇرىيە دۆلىتى» توغرىسىدىكى باياناتى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان، باشقا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان قىلمىش ئىدى.

**2 ـ ئامېرىكىنىڭ «ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھەسى» نى ماقۇللىشى**

دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇمیۈزلۈك پارتلاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئامېرىكا پىرېزىدېنتى روزۋېلت ئامېرىكىنىڭ مۇداپىئە سېپى ياۋروپادا دەپ جەزملەشتۈرۈپ، كۆپ قېتىم پارلامېنتقا بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى تۈزىتىش تەكلىپىنى بەردى. پارلامېنت ئۇزاق تالاش ـ تارتىش قىلىپ، 1939 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۈزىتىلگەن بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنى ماقۇللىدى. ئۇنىڭدا قورال ـ ياراغ توشۇشنى چەكلەش بىكار قىلىنىپ، ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىدىن قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلدى. ئەمما، «نەق سېتىۋېلىپ ئۆزى يۆتكەش» پىرىنسىپى، يەنى قورال ـ ياراغنى نەق پۇلغا سېتىۋېلىپ ئۆزى توشۇپ ئەكېتىش، توشۇيدىغان پاراخوتقا ئۆز دۆلىتىنىڭ بايرىقىنى ئېسىش بەلگىلەندى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى روزۋېلت تۈزىتىلگەن بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىغا ئىمزا قويدى. ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز تىرانسپورتى تەرەققىي قىلغانلىقتىن ھەم كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسى بولغانلىقتىن، يېڭى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنى ئەنگلىيەگە پايدىلىق بولدى، گېرمانىيەگە پايدىسىز بولدى، شەرقتە جۇڭگونىڭ توشۇشقا مادارى يەتمىگەنلىكتىن، ئۇ جۇڭگوغا پايدىسىز بولدى، ياپونىيەگە پايدىلىق بولدى. يېڭى بىتەرەپ تۇرۇش قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا سىياسىتىنى تەڭشەپ، بىتەرەپ تۇرۇشتىن ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە مايىللىشىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

1940 ـ يىلى ئەتىياز ـ يازدا گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ شىمالىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپادىكى غەلىبىسى ئامېرىكىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئەنگلىيەنىڭ تەقدىرى ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، كۆپلىگەن ئامېرىكىلىقلار ئەنگلىيەگە ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چېرچىل روزۋېلتقا خەت يېزىپ، ئامېرىكىنىڭ كونا قوغلىغۇچى پاراخوتلىرىنى ئەنگلىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ۋاشىنگتوندا مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 9 ـ ئايدا ئىككى دۆلەت كېلىشىم هاسىل قىلىپ، ئامېرىكا 50 كونا قوغلىغۇچى پاراخوتنى ئەنگلىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان، ئەنگلىيە بولسا نېۋفوندلاند، بېرمودا تاقىم ئاراللىرى، باھاما تاقىم ئاراللىرى، يامايكا، ئانتىگۇئا، سانت لۇسىيە، تىرىنىدا ۋە ئۆزىگە قاراشلىق گۇياناد‌ىكى سەككىز دېڭىز، هاۋا ئارمىيە بازىسىنى ئامېرىكىغا 99 يىللىق مۇددەتتە ئىجارىگە بېرىدىغان بولدى. 6 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئامېرىكا يەنە ئەنگلىيەگە 970 مىڭ تال مىلتىق، 250 مىڭ تال تاپانچا ۋە 895 دانە زەمبىرەك بەردى.

1940 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چېرچىل روزۋېلتقا خەت يېزىپ، ئەنگلىيەنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ مالىيە جەھەتتە قىيىنلىشىپ قالغانلىقىنى، ھەربىي ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ئىنتايىن كەمچىللىكىنى، يەنە كېلىپ، لازىملىق قورال ـ ياراغلارنى سېتىۋالالىغۇدەك قۇربى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، پرېزىدېنتنىڭ ئاساسىي قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئەنگلىيەگە ياردەم بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقىنى سورىدى. روزۋېلت ئەنگلىيەنىڭ ھەقىقەتەن تارىختىكى ئەڭ خەۋپلىك پەيتتە قالغانلىقىنى، بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئامېرىكىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەنگلىيەنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل

قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيەگە قورال ـ ياراغلارنى ئىجارىگە بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1940 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى روزۋېلت مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۆز ئويىنى جانلىق ئىپادىلەپ، «ناۋادا قوشنامنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسە، مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر يۇمشاق سۇ تۇرۇبىسى بولسا، مەن ئۇنىڭغا بۇنى پۇل تۆلەپ ئال دېمەي، بۇنى ئۇنىڭغا ئوت ئۆچۈرۈۋېلىش ئۈچۈن بېرىپ تۇرۇپ، كېيىن قايتۇرۇۋالسام بولىدۇغۇ»، دېدى. 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇ مەشھۇر «ئوچاق يېنىدىكى پاراڭلار» نى ئېلان قىلىپ، «بىز چوقۇم دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئۇلۇغ ھەربىي زاۋۇتىغا ئايلىنىشىمىز لازىم» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە: «ئەگەر ئەنگلىيە يىقىلسا، ئۇ ھالدا ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق چوڭ قىتئەلەرنى ۋە ئوكيانلارنى تىزگىنلەيدۇ... ئۇ چاغدا پۈتكۈل ئامېرىكا، بىز ھەممىمىز مىلتىقنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ياشايمىز» دېدى. 1941 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى «ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھەسى» نى ماقۇللاپ، پرېزىدېنتقا ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن زور باغلىنىشلىقى بولغان دۆلەتلەرگە قورال ـ ياراغلارنى ۋە ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى سېتىپ بېرىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئالماشتۇرۇپ بېرىش ياكى ئىجارىگە بېرىش ھوقۇقىنى بەردى ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن 7 مىليارد دوللار ئاجراتتى. شۇ كۈنى روزۋېلت بۇ قانۇن لايىھەسىگە ئىمزا قويدى.

«ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھەسى» نىڭ ماقۇللىنىشى، ئامېرىكىنىڭ «بىتەرەپ تۇرۇش» سىياسىتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، فاشىستلارغا قارشى دۆلەتلەر تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكىگە ئايلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

www.uyghurkitap.com

چېرچىل «بۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ ماقۇللىنىشى پۇتكۇل ۋەزىيەتنى دەرھال ئۆزگەرتتى» دەپ چېرچىلغا تېلېگرامما يوللاپ، پۇتكۇل ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ نامىدا ئۇنىڭغا تەشەككۇر بىلدۇردى.

## 2 ـ بۆلۈم ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىشى

**سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ۋە موسكۋانى قوغداش جېڭى** ھىتلېر فىرانسىيەنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. 1940 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى گېرمانىيە ئارمىيەسى باش ئىشتابى ھىتلېرنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش لايىھەسىنى تۇزۇشكە كىرىشتى. 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۇنى ھىتلېر «بارباروسسا پىلانى»[①] دەپ ئاتالغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغان 21 ـ نومۇرلۇق ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىنى چۇشۇردى. بۇ پىلاندا گېرمانىيە ئارمىيەسى ئۇچ يولغا بۆلۈنۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا تېزلىكتە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، 1941 ـ يىلى قىشتىن بۇرۇن لېنىنگراد، موسكۋا ۋە دونباسنى ئىشغال قىلىپ، ئارخانگېلسكى ـ ۋولگا دەرياسىغىچە يېتىپ بېرىش بەلگىلەندى. تەييارلىق خىزمىتىنى 1941 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۇنىدىن بۇرۇن پۇتكۇزۇش بېكىتىلدى.

1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۇنى سەھەردە گېرمانىيە

---

① «بارباروسسا» ــ مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھى فرېدىرىخ I نىڭ لەقىمى (قىزىل ساقال دېگەن مەنىدە)، ئۇ 3 ـ قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۇرۇشىگە قاتناشقان. ھىتلېر بۇ نام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىغا «مۇقەددەس ئۇرۇش» تۇسى بەرمەكچى بولغان.

ۋە ئۇنىڭ بىقىندىلىرىدىن فىنلاندىيە، رومىنىيە، ۋېنگرىيە جەمئىي 5 مىليون 500 مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان 190 دىۋىزىيە، 5000 غا يېقىن ئايروپىلان، 4000 دىن كۆپرەك تانكا چىقىرىپ، شىمالدا بالتىق دېڭىزىدىن جەنۇبتا قارا دېڭىزغىچە بولغان 1800 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۇرۇش سېپىدە ئۈچ يۆنىلىش بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شىمالدا شىمال گورۇپپىسىۋوي ئارمىيەسى شەرقىي پىرۇسسىيەدىن ئاتلىنىپ ئۇدۇل لېنىنگرادقا قاراپ يۈرۈش قىلدى؛ ئوتتۇرا يولدا مەركىزىي گورۇپپىسىۋوي ئارمىيە ۋارشاۋانىڭ شەرقىدىن ئاتلىنىپ موسكۋانى كۆزلەپ يۈرۈش قىلدى؛ جەنۇبتا جەنۇب گورۇپپىسىۋوي ئارمىيەسى لۇبلىن رايونىدا يىغىلىپ كىيېۋقا قاراپ ئىلگىرىلىدى، كېيىن دونباسقا قاراپ يۈرۈش قىلدى. گېرمانىيە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمى ئىنتايىن شىددەتلىك بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، نۇرغۇن زېمىنىنى قولدىن بېرىپ قويدى. 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىلا گېرمانىيە ئارمىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 66 ئايرودورومىنى ۋە 1200 ئايروپىلانىنى ۋەيران قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە 25 — 50 كىلومېتىرغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. ئوتتۇرا رايوندىكى گېرمانىيە ئارمىيەسى بوكنىڭ قوماندانلىقىدا 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مىنسكنى ئىگىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ 43 دىۋىزىيەسى، ئۈچ بىرىگادىسىنى مىنسىك، بياۋىستوكتا تارمار قىلدى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى موسكۋاغا 370 كىلومېتىرلا كېلىدىغان سىمولىنسكنى ئىگىلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى قەيسەرلىك بىلەن تىركىشىپ كۈچلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا

ئۆتكەنلىكتىن، ھىتلېر 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەگە مۇداپىئەگە ئۆتۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. شىمالدا، لاكېي قوماندانلىقىدىكى گېرمانىيە ئارمىيەسى لىتۋا، ئېستونىيە ۋە لاتۋىيەنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى لادوگا كۆلىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كېلىپ، لېنىنگرادنى قۇرۇقلۇقتىن قامال قىلىشقا باشلىدى. جەنۇبتا روندىستېد قوماندانلىقىدىكى گېرمانىيە ئارمىيەسى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆت گورۇپپىۋوي ئارمىيەسىنى قورشىۋېلىپ، 600 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقاتتى. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كىيېۋ قولدىن كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيەسى ئۇكرائىنانىڭ شەرقىگە ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 10 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئودېسساغا چېكىندى. 1941 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە گېرمانىيە ئارمىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە 850 — 1200 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرىپ، 1 مىليون 500 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىننى ئىگىلىدى. قولدىن كەتكەن رايونلارنىڭ نوپۇسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 40% ىنى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى دۆلەتنىڭ پۈتكۈل سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيتتى. 1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى 7 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكەر، 240 مىڭ تانكا، 24 مىڭ ئايروپىلان چىقىم تارتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە مۇنداق ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار ئىدى:

بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى خاتا مۆلچەرلەپ، جەڭ تەييارلىقىنى ۋاقتىدا پۈتكۈزەلمىدى.

ستالىن فاشىست گېرمانىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش تەييارلىقىنى تېزلەتتى. 1939 ــ 1941 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلدا 13% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى مەھسۇلات قىممىتى 39% ئاشتى. بۇ مەزگىلدە يېڭىدىن 125 دىۋىزىيە قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانى ئىككى ھەسسە كۆپەيدى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى مەسىلىسىدە خاتالاشتى. ستالىن ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى كېچىكتۈرۈپ، جەڭ تەييارلىقىغا كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىشقا تىرىشقانلىقتىن، گېرمانىيە بىلەن بالدۇرلا توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن، بولۇپمۇ ھەرقانداق ئىغۋاگەرچىلىك سەۋەبىدىن ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ: گېرمانىيە ئەنگلىيەگە قوزغىغان ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلمايدۇ، دەپ قارىدى. 1941 ـ يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەرخىل يوللار ئارقىلىق گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىغا دائىر ئاخباراتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ستالىن ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، بۇ ئىغۋاگەرچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ساختا ئاخبارات، ئۇ غەربنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيەنى ئۆزئارا دۈشمەنلەشتۈرۈشتىكى نەيرىڭى، دەپ قارىدى. 1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە خەلق كومىسسارى تېموشېنكو ۋە قىزىل ئارمىيەنىڭ باش ئىشتاب باشلىقى ژوكوف ھەر تەرەپتىن ئىگىلىگەن ئاخباراتلارغا ئاساسەن، ستالىندىن چېگرادىكى قىسىملارغا جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى ھەم مۇداپىئە پىلانى بويىچە سەپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ستالىن يەنىلا

www.uygurkitap.com

گېرمانىيەنى قوزغىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئارىسالدىلىقتا بىر قارارغا كېلەلمىدى. 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچتە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىككى ئادىمى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىگە ئەل بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ 22 ـ چېسلا ئەتىگەندە ھۇجۇم قوزغايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتىلا ستالىن ئاندىن چېگرادىكى قىسىملارغا بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىقىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ماقۇل بولدى. 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى باش ئىشتابى ئومۇمىيۈزلۈك بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمما، بۇ چاغدا گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇم قوزغىشىغا ئۈچ سائەتتىن كۆپرەكلا ۋاقىت قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن گۇرۇپپىۋي ئارمىيەلىرى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپلا ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇرۇش باشلانغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى تولۇق سەپەرۋەرلىككە كەلمەيلا جەڭگە چۈشكەنىدى.

ئىككىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم يۆنىلىشىنى خاتا مۆلچەرلەپ، تاكتىكىدا كەتكۈزۈپ قويدى.

ستالىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى باش ئىشتابى: گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قوزغىغاندا ئۇكرائىنانى ئاساسلىق ئىستراتېگىيەلىك نىشان قىلىپ، ئاۋۋال ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي رايونلارنى ئىگىلەپ، ئۇكرائىنانىڭ ئاشلىقىنى، دونېتسنىڭ كۆمۈرىنى ۋە كاۋكازنىڭ نېفىتىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى غەربىي جەنۇبىي يۆنىلىشكە 80 دىۋىزىيە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ غەربىي چېگرادىكى ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچىنىڭ 47% ىنى ئىگىلەيتتى. ئەمما، دۈشمەن ئەمەلىيەتتە بېلارۇسىيەنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، ئۇدۇل موسكۋاغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىنى بىراقلا ۋەيران قىلىشقا

ئۇرۇندى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى بۇ يۆنىلىشكە ئاران 40 دىۋىزىيە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ غەربىي چېگرادىكى ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچىنىڭ 23% نى ئىگىلەيتتى.

تاكتىكا جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ھىتلېرنىڭ «چاقماق تېزلىكىدە جەڭ قىلىش» تىن ئىبارەت يېڭى تاكتىكىسىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىدى. بۇنداق تاكتىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى — جەڭ ئېلان قىلمايلا ئۇرۇش قوزغاش، ئۇرۇش قوزغىغاندىن كېيىنلا ئاساسىي كۈچنى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا سېلىش، مۇداپىئەنى يىمىرىپ تاشلىغاندىن كېيىنلا تانكا، موتورلاشقان قىسىمنى ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ، قورشاۋ ھاسىل قىلىپ زور نەتىجىگە ئېرىشىش ئىدى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى تېخى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئېھتىمال بۇرۇنقى ئۇرۇشلارغا ئوخشاش ئاۋۋال چېگرادا تۇتۇشقاندىن كېيىن، ئاندىن كەڭ كۆلەمدە ئېلىشىشىمىز مۇمكىن، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقى تانكا قىسمىنىڭ زامانىۋى ئۇرۇشتىكى رولىغا بىر مەھەل سەل قارىدى، جۈملىدىن 1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندا تانكا قىسمىنى تۇيۇقسىز تارقىتىۋېتىپ، گېرمانىيە ئارمىيەسى فىرانسىيە جەڭ مەيدانىدا تانكا قىسمىنى ئىشقا سېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئالدىراپ ـ تېنەپ يېڭى موتورلاشقان قىسىمنى قۇرۇشقا كىرىشتى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان كېچىككەنىدى.

ئۈچىنچى، 30 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا مارشال تۇخاچېۋسكى قاتارلىق نۇرغۇن ئالىي گېنېراللار ۋە مۇنەۋۋەر ئوفىتسېرلار بىگۇناھ تازىلىنىپ، ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى.

تۆتىنچى، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى پايدىسىز

ئورۇندا تۇرۇپ قالدى.

1941 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا، گېرمانىيە ئوتتۇرا ۋە غەربىي ياۋروپانىڭ مول ئىقتىسادىي بايلىقى ۋە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىگە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، ئارمىيەنى زامانىۋى قوراللار بىلەن جابدۇش دەرىجىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. يەنە كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادا گېرمانىيەگە قارشى 2 ـ ئۇرۇش مەيدانى يوق ئىدى. شۇڭا، گېرمانىيە مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى شەرقىي سەپتىكى ھۇجۇمغا سالدى. بۇنىڭ بىلەن كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا بىر مەھەل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

گېرمانىيە ئارمىيەسى گەرچە سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇش مەيدانىدا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما «بارباروسسا پىلانى» دا كۆزلەنگەن نىشانغا يېتەلمىدى. 1941 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ھىتلېر 35 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ، مەركىزىي گورۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ باشچىلىقىدا شىمال گورۇپپىۋوي ئارمىيەسى ۋە جەنۇب گورۇپپىۋوي ئارمىيەسىنىڭ بىر بۆلەك قىسىملىرىنى ماسلاشتۇرۇپ موسكۋاغا ئۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىدىغان «قارا بوران» پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەركىزىي گورۇپپىۋوي ئارمىيە 14 بىرونېۋىك دىۋىزىيەسى ۋە سەككىز موتورلاشقان دىۋىزىيە، 1700 تانكا، 1500 ئايروپىلاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 74 دىۋىزىيە ۋە بىر بىرىگادىنى توپلىدى.

1941 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى موسكۋاغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئورىيول، بىريانسىك ۋە ۋيازمانى ئىگىلەپ، موسكۋاغا 100 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان يەرگىچە قىستاپ كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سوۋېت

ئىتتىپاقىدا تورۇشلۇق ئەلچىخانىلىرى كۈيبىشېفقا كۆچتى. ئەمما ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى ۋە ستالىن موسكۋادا قالدى. دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ موسكۋادا پەۋقۇلئاددە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. موسكۋادىكى يۈز نەچچە مىڭ ئادەم خەلق ئەسكەرلىرى دىۋىزىيەسى ۋە كوچا ئۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىدى. 450 مىڭ ئادەم شەھەر سىرتىدا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى موسكۋادا ئەنئەنىۋى ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلۈپ، ستالىن ئۆزى قىزىل مەيدانغا كېلىپ پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپ، كەڭ ئارمىيە ۋە خەلققە ئىنتايىن زور ئىلھام بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى موسكۋاغا 2 ـ قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ زەربىدار قىسمى موسكۋاغا 24 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە يېتىپ كەلدى. كوماندىر دۇربۇندا كرېمىل سارىيىنىڭ چوققىسىدىكى قىزىل يۇلتۇزنى ئېنىق كۆردى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى باتۇرلارچە تىركىشىپ گېرمانىيە ئارمىيەسىنى بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەتمىدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ــ 6 ـ كۈنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كالىنىن يۆنىلىش ئارمىيەسى، غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە، گېرمانىيە ئارمىيەسى موسكۋا ئەتراپىدىن غەربكە 100 ــ 250 كىلومېتىر چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ھىتلېر بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقلاپ، ئالدىنقى سەپ قوماندانىنى يەڭگۈشلەپ، ئۆزى قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى بولۇپ، چېكىنىشنى چەكلەش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى

www.uyghurkitap.com

ئارمىيەسى ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابى جەڭ نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن توقۇز يۆنىلىش ئارمىيەسىگە پۈتۈن سەپ بويىچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى. 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ھەرقايسى سەپلەردە گېرمانىيە ئارمىيەسىنى 150 كىلومېتىردىن 400 كىلومېتىرغىچە چېكىندۈرۈپ، موسكۋانى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ، لېنىنگرادنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىدى.

موسكۋا جېڭىنىڭ غەلىبىسى ھىتلېرنىڭ «چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇشى» نى ئۇزۇل ـ كېسىل بىتچىت قىلىپ، «گېرمانىيە ئارمىيەسى يېڭىلمەس» دېگەن ئەپسانىنى پۈتۈنلەي بەربات قىلىپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنى ئۇزاققىچە ئىككى سەپتە ئۇرۇشىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ قېتىمقى غەلىبە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ ئاخىر شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**پېئارل خاربور ۋەقەسى ۋە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى** شەرقىي ئاسىياغا يالغۇز خوجا بولۇش، دۇنياغا زومىگەر بولۇش قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياپونىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى 1936 ـ يىلىلا جەنۇب ـ شىمالغا تەڭ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت فاڭجېننى، يەنى جەنۇبتا ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىنچ ئوكياندىكى مۇستەملىكىلىرى، بېقىندى دۆلەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش، شىمالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىبارەت تەدبىرنى بېكىتكەنىدى. 1940 ـ يىلى گېرمانىيە غەربىي ياۋروپانى بېسىۋېلىپ، گوللاندىيە، فىرانسىيە ئارقا ـ ئارقىدىن تەسلىم بولغان، ئەنگلىيە ئۆزىنى قوغداش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان، ئامېرىكىمۇ غەربىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيەگە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بولۇپ كېتىپ شەرقتە قاراشقا چولىسى تەگمىگەن

ۋەزىيەتتە، ياپونىيە ئىمپېرىيالىزمى بۇنى جەنۇبقا ئىلگىرىلەشنىڭ تېپىلغۇسىز پۇرسىتى دەپ قاراپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنى ئاساسلىق ئىستراتېگىيەلىك تاجاۋۇزچىلىق نىشانى قىلىپ بېكىتتى. ياپونىيە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا بۇنداق ئالدىراشتا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ مول نېفىت ۋە باشقا ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالىرىنى بۇلاش، شۇنداقلا خەلقئارانىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش يولىنى ئۈزۈۋېتىشنى مەقسەت قىلغانىدى. 1940 - يىلى 8 - ئايدا ياپونىيە كونوئې ئىچكى كابىنېتى «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى» بەرپا قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جۇڭگو، چاۋشيەن ۋە شەرقىي ئاسىيا رايونى، شۇنداقلا ئوكيانىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسى قۇرماقچى بولدى. 1940 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ياپونىيە فىرانسىيەگە قاراشلىق ھىندىچىنىنىڭ شىمالىنى بېسىۋېلىپ، جەنۇبقا ئىلگىرىلەشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گېرمانىيە، ئىتالىيە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى تۈزدى.

ياپونىيەنىڭ ئاسىيادىكى تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكى ئۇنىڭ ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىلەن بولغان زىددىيىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. 1940 - يىلى 7 - ئايدا ئامېرىكا ياپونىيە - ئامېرىكا سودا شەرتنامىسىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، ياپونىيەگە ئايروپىلان يېقىلغۇسى، سىلىقلاش مېيى ۋە كېرەكسىز پولات - تۆمۈر ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىدى. 10 - ئايدا يەنە ياپونىيەگە كېرەكسىز پولات - تۆمۈر توشۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگوغا 50 مىليون دوللار قەرز بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئىجارىگە بېرىش قانۇنىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما، ئامېرىكا گېرمانىيەنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرىغاچقا، «ئاۋۋال ياۋروپادا، ئاندىن ئاسىيادا ئۇرۇش قىلىش» فاڭجېنىنى بېكىتكەنلىكتىن، ياپونىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل

www.uyghurkitap.com

قىلىشقا ئالدىرىدى. ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي جەھەتتە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىۋېلىشقا موھتاج ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خېل بىلەن ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نومۇرا كىچسابۇرو 1941 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ مەخپىي سۆھبەتلىشىشكە كىرىشتى. ئامېرىكا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ياپونىيەنى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىن باشقا جايلاردىن قوشۇن چېكىندۈرگۈزمەكچى، جۇڭگونىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىشكە ماقۇل كەلتۈرمەكچى، گېرمانىيە، ئىتالىيە بىلەن تۈزگەن ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى، غەربىي جەنۇبتىن تىنچ ئوكيانغا يۈرۈش قىلماسلىققا كاپالەتلىك قىلدۇرماقچى بولدى. ياپونىيە بولسا ئامېرىكىدىن سودىنى چەكلىمىگەن ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەم ئامېرىكا ئارقىلىق جۇڭگوغا بېسىم چۈشۈرۈپ، جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدى. ئاخىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىلاپى تۈگىمەي، سۆھبەت قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ياپونىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاۋۋال شىمالغا يۈرۈش قىلىش ياكى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. دىپلوماتىيە ۋەزىرى ماتسۇئوكا ۋە بىر قىسىم قۇرۇقلۇق ئارمىيە كاتتىباشلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەڭ بۆلۈشۈۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ باش ۋەزىر كونوئې ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى توجو خېدىكى باشچىلىقىدىكىلەر بولسا دەرھال جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، جەنۇبىي ئوكياننىڭ مول بايلىقىنى ئىگىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتتىق ئاجىزلاشقاندا ئاندىن شىمالغا يۈرۈش

قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ياپونىيە
ئوردا كېڭىشى «دۇنيا ۋەزىيىتىگە لايىقلاشقان ئىمپېرىيە
سىياسىتى» نى ماقۇللاپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ
تۇرۇپ، «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى»
بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن
ئايانماسلىقنى، سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشىغا ۋاقتىنچە
ئارىلاشماسلىقنى قارار قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ياپونىيە
ئارمىيەسى ھىندىچىنىنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ،
ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل ھىندىچىنىنى ئىگىلىدى. ئامېرىكا
بۇنىڭغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىدىكى مۈلكىنى توڭلىتىدىغانلىقىنى ھەم
نېفىت قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ياپونىيەگە توشۇشنى
چەكلەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنداقلا ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ
ھىندىچىنىدىن چېكىنىپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن
ياپونىيە، ئامېرىكىنىڭ قارشىلىشىشى كۈچىيىپ، سۆھبەت بىر
مەھەل توختاپ قالدى. 1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدا توجو خىدىكى
كونوئېنىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇش
تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈشنى تېزلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن جەڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سابۇرو كۇرۇسۇنى ئالاھىدە
ئەلچى سۈپىتىدە ئامېرىكىغا سۆھبەتنى قايتا باشلاشقا ئەۋەتتى.
ئامېرىكا ئۆزىنىڭ فىلىپپىندىكى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ۋە
ئەنگلىيەنىڭ مالايسىيادىكى ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىش،
شۇنداقلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاش قاتارلىق ۋاستىلەر
ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ پۈتكۈل جۇڭگونى بېسىۋېلىشىنى ۋە
جەنۇبقا ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈمىدىدە بولۇپ،
ھېچبولمىغاندىمۇ 1942 ـ يىلىدىن بۇرۇن تىنچ ئوكياندا ئۇرۇش
پارتلاشتىن ساقلىنىشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككى
تەرەپنىڭ ئېھتىياجى بىلەن سۆھبەت ئەسلىگە كېلىپ، تاكى
تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغۇچە داۋاملاشتى.

1941 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 423 ئايروپىلان ئالغان ئالتە ئاۋىياماتكا، ئىككى كۈرەشچى پاراخوت، ئۈچ ئوكيان چارلاش پاراخوتى، توققۇز قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە ئۈچ سۇ ئاستى كېمىسىدىن تەركىب تاپقان ياپونىيە بىرلەشمە فىلوتى دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى ناگۇمونىڭ باشچىلىقىدا كورىل تاقىم ئاراللىرىدىكى كرووۋن قولتۇقىدىن چىقىپ هاۋايغا قاراپ ئاتلاندى. 12 كۈن يۈرگەندىن كېيىن، 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (توكيو ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) سەھەردە ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز ئارمىيە بازىسى بولغان پېئارل خاربورنىڭ شىمالىغا 230 دېڭىز مىلى كېلىدىغان جايغا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى سائەت 7 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە ئاۋىياماتكىدىن ئۇچقان 183 شۇڭغۇغۇچى بومباردىمانچى ئايروپىلان، تورپېدا تاشلىغۇچى ئايروپىلان ۋە كۈرەشچى ئايروپىلان پېئارل خاربورغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، 45 مىنۇت ئەتراپىدا زەربە بەردى. ئارقىدىنلا يەنە 167 ئايروپىلان ئىككىنچى قېتىم هۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئالاھازەل بىر سائەت ئەتراپىدا زەربە بەردى. ئامېرىكا ئارمىيەسى ياپونىيەنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمغا قىلچە تەييارلىقسىز ئىدى. شۇ كۈنى يەكشەنبە بولۇپ، پېئارل خاربور تىمتاسلىقتا چۆمگەن، ئاۋىياماتكىدىن باشقا بارلىق پاراخوتلار ۋە ئايروپىلانلار رەتلىك توختىتىپ قويۇلغان، تىنچ ئوكيان فىلوتىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى تېخى ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغان، بەزىلىرى ناشتا قىلىۋاتقان، بەزىلىرى قىرغاقتا دەم ئېلىۋاتاتتى. ئامېرىكا رادار پونكىتى تۇيۇقسىز بىر توپ ئايروپىلاننىڭ پېئارلخاربورغا ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغاندا، مەلۇماتنى ئاڭلىغان نۆۋەتچى ئوفىتسېر بۇنى ئامېرىكىنىڭ غەربىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئايروپىلانلار ئوخشايدۇ دەپ، زادىلا پەرۋا قىلمىدى. پېئارل خاربوردىكى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ هوشيارلىقى كەم، زەربىسى كۈچسىز بولغانلىقتىن، ياپونىيە ئارمىيەسى تۇيۇقسىز هۇجۇمدا ناھايىتى

زور غەلىبىگە ئېرىشتى. جۈملىدىن 29 ئايروپىلان، بەش كىچىك پاراخوت ۋە بىر چوڭ پاراخوت، شۇنداقلا تەخمىنەن 200 ئادەم چىقىم تارتىش ھېسابىغا ئامېرىكىنىڭ كۆرەشچى پاراخوتىدىن تۆتنى چۆكتۈرۈپ، بىرنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپ، ئۈچنى ۋەيران قىلىپ، باشقا چوڭ پاراخوتلىرىدىن 10 نەچچىنى چۆكتۈرۈپ ياكى ۋەيران قىلىپ، 260 نەچچە ئايروپىلاننى پاچاقلاپ، 4500 دىن ئارتۇق ئادەمنى چىقىمغا ئۇچراتتى. ئامېرىكا تىنچ ئوكيان فىلوتى پېئارل خاربوردا يوق ئۈچ ئاۋىياماتكىسى ئامان قالغاندىن باشقا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋەيران بولدى.

پېئارل خاربور ۋەقەسى بىلەن ئامېرىكا ئاخىر ئەنئەنىۋى يەككىچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، پارتىيە ـ گۇرۇھلار ماجىراسىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ ۋەقە روزۋېلىتنىڭ بىر قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. ئامېرىكىلىقلار ئاخىر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشتى. چېرچىلمۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇش بولدى. 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا فىرانسىيە، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، كانادا قاتارلىق 12 دۆلەتمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ ياپونىيەگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ئامېرىكىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. كېيىن ئامېرىكا، جۇڭگو، كۇبا، پاناما، گېۋاتېمالا، سالۋادور ۋە كوستارىكا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ گېرمانىيە، ئىتالىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تېز كېڭىيىپ، ھەقىقىي دۇنياۋى كۆلەمگە ئىگە بولدى.

ياپونىيە ئارمىيەسى پېئارل خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن باشلاپ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ۋە غەربىي جەنۇبى تىنچ ئوكيانغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

تايلاندقا بېسىپ كىرىپ، 9 ـ كۈنى باڭكوكنى ئىگىلىدى. 10 ـ كۈنى گۇئامنى ئىگىلىدى. شۇ كۈنى ياپونىيە ئايروپىلانلىرى مالايا ساھىلىدىكى ئەنگلىيە يىراق شەرق فىلوتىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان «شاھزادە ۋېلىس» ۋە «ئىلگىرىلىگۈچى» ناملىق ئىككى كۈرەشچى پاراخوتنى چۆكتۈرۈپ، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا دېڭىز تەۋەسىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋاك ئارىلىنى ئىگىلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شياڭگاڭنى ئىگىلىدى. 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە ياپونىيە ئارمىيەسى مالايا ۋە سىنگاپورنى ئىگىلەپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى يىراق شەرقتىكى مۇھىم ھەربىي بازىسىدىن مەھرۇم قالدۇردى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياپونىيە ئارمىيەسى فىلىپپىننىڭ لۇزۇن ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى فىلىپپىننىڭ پايتەختى مانىلانى ئىگىلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى باتانگاستا تۇرۇۋاتقان ئامېرىكا ۋە فىلىپپىن ئارمىيەسىدىكى 70 نەچچە مىڭ ئادەم تەسلىم بولدى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامېرىكا قوماندانى قالغان قىسىملارغا تەسلىم بولۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ياپونىيە ئارمىيەسى تايلاندتىن بىرمىغا ھۇجۇم قىلىپ، 3 ـ ئايدا رانگوننى ئىگىلىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن جۇڭگو 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسى ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە، بىرما ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشقا سالدى. 5 ـ ئايدا ئەنگلىيە، جۇڭگو ئارمىيەسى ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ يۈننەن تەۋەسىگە چېكىندى.

1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى ئەنگلىيەگە قاراشلىق سولۇمون تاقىم ئاراللىرىدىكى گۇۋادالكانال ئارىلىنى ئىگىلەپ، شەرقىي جەنۇبقا ئىلگىرىلەشنىڭ چېكىگە يەتتى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بولغان قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ياپونىيە ئارمىيەسى 150 مىليون ئاھالىسى بار 3 مىليون 800 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ۋە كەڭ تىنچ ئوكيان تەۋەسىنى ئىگىلەپ، ئىلگىرى بېسىۋالغان جۇڭگو، چاۋشيەن ۋە ھىندىچىنى زېمىنىنى قوشۇپ جەمئىي 400 مىليون ئاھالىسى بار 7 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر زېمىننى تىزگىنلىدى. ئەمما، ئۇرۇش سېپىنىڭ ئۇزىراپ، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ چېچىلىپ كېتىشى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ قوراللىق كۈرىشىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ياپونىيە پىلان بويىچە ئىش قىلالماي، 1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ پەيدىنپەي تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى يوقىتىپ قويدى.

**دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىشى** گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئۈچ مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ فاشىستلارغا قارشى ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. پولشا مۇنقەرز بولغان ۋە گېرمانىيە غەربىي ياۋروپانى باسقۇن قىلغاندىن كېيىن، پولشا، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئەنگلىيەدە سەرگەردان ھۆكۈمەت قۇردى. بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئەنگلىيە ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان فاشىستلارغا قارشى ئىتتىپاق شەكىللەندۈرگەنىدى. فىرانسىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، دې گول لوندوندا «ئەركىن فىرانسىيە» قۇرغانلىقىنى جاكارلاپ، «فىرانسىيە مىللىي كومىتېتى» قۇرۇپ، ئەنگلىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

1941 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى «ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھەسى» نى ماقۇللىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئارمىيەسى باش ئىشتابى ۋە ئەنگلىيە ئارمىيەسى باش

www.uyghurkitap.com

ئىشتابىنىڭ ۋەكىللىرى 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە ۋاشىنگتوندا مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «ABC – 1» پىلانى تۈزۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىستراتېگىيەسىنى بەلگىلەپ، ئاۋۋال كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياۋروپادا گېرمانىيەنى مەغلۇپ قىلىش، ئاندىن ياپونىيە بىلەن تۇتۇشۇشتىن ئىبارەت «ئاۋۋال ياۋروپادا، ئاندىن ئاسىيادا ئۇرۇش قىلىش» ئىستراتېگىيەسىنى بېكىتتى. «ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھەسى» نىڭ ماقۇللىنىشى ۋە «ABC – 1 پىلانى» نىڭ تۈزۈلۈشى ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ فاشىستلارغا قارشى ئەمەلىي ئىتتىپاق شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا، يېڭى زېلاندىيە، جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى بىلەن بېلگىيە، چېخسلوۋاكىيە، گىرېتسىيە، ليۇكسېمبۇرگ، گوللاندىيە، نورۋېگىيە، پولشا، يۇگوسلاۋىيەنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئەركىن فىرانسىيە ۋەكىللىرى لوندوندا ئىتتىپاقداشلىق خىتابنامىسىنى ئىمزالىدى.

1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان كۈنى كەچتە چېرچىل نۇتۇق سۆزلەپ، ھىتلېرنىڭ «رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىشى پەقەتلا بىرىتانىيە ئارىللىرىغا تاجاۋۇز قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى» دەپ، «رۇسىيە ۋە رۇسىيە خەلقىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ مۇۋەققەت دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى باياناتى ئېلان قىلىپ، گېرمانىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پىرېزىدېنت روزۋېلت ئومۇمەن فاشىستلارغا قارشى تۇرىدىغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئامېرىكىنىڭ

ياردىمىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە موسكۋادا «گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆزئارا ئورتاق ھەرىكەتلىنىش كېلىشىمى» نى ئىمزالاپ، گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا گېرمانىيە بىلەن سۆھبەتلەشمەسلىك ياكى سۈلھىلەشمەسلىكنى بەلگىلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە پولشا، چېخسلوۋاكىيەنىڭ لوندوندىكى سەرگەردان ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئورتاق ھەرىكەتلىنىش كېلىشىمى تۈزدى ھەم باشقا دۆلەتلەرنىڭ لوندوندىكى سەرگەردان ھۆكۈمەتلىرى بىلەن، شۇنداقلا «ئەركىن فىرانسىيە»، بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە سودا - قەرز كېلىشىمى تۈزۈپ، ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا 10 مىليون فوندستېرلىڭ قەرز بېرىدىغان بولدى. 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى روزۋېلت يېقىن ئادىمى خوپكىنسنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە ئەۋەتىپ، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىدىغان ھەربىي ئەشيالار پاراخوتى تۇنجى قېتىم يولغا چىقتى.

1941 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە روزۋېلت بىلەن چېرچىل ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نېۋفوندلاندتىكى ئوگېنسا قولتۇقىدىكى ئامېرىكا ھەربىي پاراخوتىدا كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىپ، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلدى. بۇ تارىختا «ئاتلانتىك ئوكيان نىزامنامىسى» دەپ ئاتالدى. نىزامنامە جەمئىي سەككىز ماددا بولۇپ، ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: ئىككى دۆلەت زېمىن ياكى باشقا جەھەتتىكى كېڭەيمىچىلىكنى كۆزلىمەيدۇ؛ ئالاقىدار ئەللەرنىڭ ئىختىيارىي ماقۇللۇقىدىن ئۆتمىگەن زېمىن ئۆزگىرىشىگە قارشى تۇرىدۇ؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىنى ئەركىن تاللاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ؛

ناتسىستلارنىڭ زوراۋانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن تىنچلىقنى قايتا ئورنىتىپ، ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىدا ئارامخۇدا ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىپ، تاجاۋۇزچى دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق كۈچىنى بىكار قىلىپ، تىنچلىقنى سۆيىدىغان خەلقلەرنىڭ ھەربىي تەييارلىقتا ئۈستىگە ئالىدىغان ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ؛ ھازىرقى مەجبۇرىيەتلەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىللە «مەيلى چوڭ ـ كىچىك ياكى غەلىبە قىلغان، مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن دۇنيا سودىسىدا ۋە خام ئەشياغا ئېرىشىشتە باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇشىغا تىرىشىدۇ»؛ «بارلىق ئەللەرنىڭ ئوچۇق دېڭىز ـ ئوكياندىن توسالغۇسىز ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ».
بۇ نىزامنامىنىڭ بەزى ماددىلىرىدا گەرچە ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى ئاشكارىلانغان، ئۇلارنىڭ زومىگەرلىكنى تالىشىش نىيىتى ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا بېكىتىلگەن گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش نىشانى ۋە بىر قاتار ئىلغار، دېموكراتىك پرىنسىپلار فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ كۈرەش نىشانى ۋە ئورتاق تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىگە ئىلھام بېرىپ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى ھەم كېيىنكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بايانات ئېلان قىلىپ، نىزامنامىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالدى.

1941 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت موسكۋادا يىغىن ئېچىپ، ئورتاق ھالدا گېرمانىيەگە قارشى

ئۇرۇش قىلىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ دۆلەت كېلىشىم تۈزۈپ، 1941 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1942 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە ھەر ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا 400 ئايروپىلان، 500 تانكا ۋە باشقا قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي ئەشيالارنى تەمىنلەش ھەم ئۇلارنى توشۇپ بېرىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا، ئەنگلىيەگە خام ئەشيا تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى روزۋېلىت سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1 مىليارد دوللار قەرز بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامېرىكا ئىجارىگە بېرىش قانۇنىنىڭ يۈرگۈزۈلۈش دائىرىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغىچە كېڭەيتكەنلىكىنى رەسمىي ئېلان قىلدى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇرۇشقا رەسمىي قاتنىشىپ، فاشىزمغا قارشى سەپ تېز كېڭەيدى. روزۋېلىت چېرچىل بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، فاشىستىك دۆلەتلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىر ئورتاق خىتابنامە ئىمزالىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسىنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو قاتارلىق 26 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋاشىنگتوندا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى» نى ئىمزالىدى. خىتابنامىدە «ئاتلانتىك ئوكيان نىزامنامىسى» دىكى ئاساسىي مەقسەت ۋە پرىنسىپلار قۇۋۋەتلىنىپ، خىتابنامىگە ئىمزا قويغان دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى بارلىق ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي بايلىقىنى سەرپ قىلىپ ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيەگە ۋە ئۇلارنىڭ بېقىندىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ھەربىر دۆلەت ھۆكۈمىتى ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا، ئۆز ئالدىغا دۇشمەن بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشە-

مى ياكى سۇلھى كېلىشىمى تۈزمەسلىككە كېپىللىك قىلىدۇ؛ ئومۇمەن ھىتلېرىزمنى يېڭىش ئۇرۇشىغا ماددىي ياردەم بەرگەن ۋە ھەسسە قوشقان دۆلەتلەر بۇ خىتابنامىگە قاتناشسا بولىدۇ، دەپ جاكارلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە 21 دۆلەت ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ خىتابنامىگە ئىمزا قويدى. بۇ خىتابنامىنىڭ ئىمزالىنىشى دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكى-نىڭ بەلگىسى بولدى.

دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلۇشى فاشىزمغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبىگە ئېرىشىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا، كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ئەمما، ئىتتىپاققا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ساقلاندى. شۇنداقتىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا فاشىستلارنى يېڭىشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشان ئۇلارنى مەھكەم بىرلەشتۈرۈپ يىمىرىلمەس كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

## 3 ـ بۆلۈم ئۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇشى

**ستالىنگراد جېڭىنىڭ غەلىبىسى** موسكۋا جېڭىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىيەتتە قالدى. 1942 ـ يىلى يازدا گېرمانىيە ئارمىيەسى جەنۇبتا نۇقتىلىق ھۇجۇم قوزغاپ، ستالىنگراد① ۋە كافكازنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەمىنات لىنىيەسىنى

① ئەسلىي نامى سارتسىن، 1925 ـ يىلى ستالىنگرادقا ئۆزگەرتىلگەن، 1961 ـ يىلى يەنە ۋولگاگرادقا ئۆزگەرتىلگەن.

ئۆزۆۋەتمەكچى بولدى. جەنۇبىي سەپتىكى يازلىق ھۇجۇمغا گېرمانىيە ئارمىيەسى جەمئىي 97 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان B, A ئىككى گورۇپپىۋوي ئارمىيە، 1200 تانكا، 1640 ئايروپىلان سالدى.

1942 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دون دەرياسىنىڭ چوڭ ئەگمىسىگە يېتىپ كېلىپ، ستالىنگراد جېڭىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ستالىنگراد جېڭى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى بويىچە مۇداپىئە ۋە قايتۇرما ھۇجۇمدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە باسقۇچى 1942 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە تۆت ئاي داۋاملىشىپ، يىراقتا مۇداپىئەدە تۇرۇش (7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە)، يېقىندا مۇداپىئەدە تۇرۇش (8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە) ۋە شەھەردە مۇداپىئەدە تۇرۇش (9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە) تىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

يىراقتا مۇداپىئەدە تۇرۇش باسقۇچىدا، 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى چىر دەرياسىدا ھۇجۇمغا ئۆتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى قەيسەرلىك بىلەن تىركىشىپ، بىر ئاي جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئاخىر ستالىنگراد سىرتىدىكى مۇداپىئە لىنىيەسىگە چېكىندى.

يېقىندا مۇداپىئەدە تۇرۇش باسقۇچىدا، 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى قايتا ھۇجۇم قوزغاپ، غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ستالىنگرادقا شىددەتلىك زەربە بەردى. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ 6 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ 62 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ، ستالىنگرادنىڭ شىمالىغا 30 مىل كېلىدىغان ۋولگا دەرياسى قىرغىقىغا يېتىپ كېلىپ، شىمالدىن ۋولگا دەرياسىنى بويلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بۇ شەھەرنى ئالماقچى بولدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ 4 ـ بىرونېۋىك گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ 64 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ستالىنگرادنىڭ جەنۇبىغا 15 مىل كېلىدىغان ۋولگا دەرياسى ئەگىمىسىگە يېتىپ كېلىپ، ستالىنگرادنى يېرىم چەمبەرسىمان مۇھاسىرىگە ئالدى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى شەھەرگە چېكىندى. گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ زەربىدار قىسمى شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ئۇدۇل ستالىنگرادقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، جەنۇب تەرەپتە شەھەرگە 2 ـــ 10 كىلومېتىرلا كېلىدىغان جايغا قىستاپ كەلدى.

شەھەردە مۇداپىئەدە تۇرۇش باسقۇچىدا، 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى ستالىنگراد شەھەر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرنى تالىشىش جېڭى باشلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ 62 ـ ۋە 64 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ستالىنگراد شەھەر رايونىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. شەھەر ئۇرۇشىدا ئىككى تەرەپ كوچا، بىنالارنى تالىشىپ جەڭ قىلدى. قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرى «ئۆلگۈچە شەھەرنى قوغدايمىزكى، ھەرگىز چېكىنمەيمىز» دەپ قەسەمياد قىلىپ، ھەربىر غېرىچ يەر ئۈچۈن جان تىكىپ جەڭ قىلدى. سېرژانت پاۋلوف ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بىر ۋەيرانە بىنادا تۇرۇپ گېرمانىيە ئەسكەرلىرى، تانكىلىرى ۋە ئايروپىلانلىرىنىڭ يېتىش ـ يېنىشلاپ قىلغان ھۇجۇمىنى باتۇرلۇق بىلەن چېكىندۈرۈپ، ئۇلارنى ئىككى ئايغىچە بىرقەدەممۇ ئىلگىرىلەتمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى قايتۇرما زەربىسى ۋە قىسمەن ھۇجۇمى

شەھەرنى قوغداش جىڭگە كۆچلۈك ياردەم بەردى. 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى بىر تار جايدىن ستالىنگراد تىراكتور زاۋۇتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋولگا دەرياسى ساھىلىغا بېسىپ كەلدى، 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «باررىكادىي» زاۋۇتىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋولگا دەرياسى قىرغىقىغا بېسىپ كەلدى. ئەمما، ھۇجۇمى ئۇڭۇشلۇق بولمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى قانلىق جەڭ قىلىپ بۇ شەھەرنى قوغداپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن جانلىق كۈچىنى يوقاتتى. 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ستالىنگراد جېڭىنىڭ مۇداپىئە باسقۇچى ئاياغلاشتى.

قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچى 1942 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشتى.

قىزىل ئارمىيە ستالىنگرادنى مەھكەم ساقلاۋاتقان ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابى ستالىن، ژوكوف ۋە باش ئىشتاب باشلىقى ۋاسلېيېۋسكىنىڭ باشچىلىقىدا «ئۇران» جېڭى دەپ ئاتىلىدىغان قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش پىلانىنى تۈزۈپ، ستالىنگراد ئەتراپىدىكى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىشنى قارار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ستالىنگراد سېپىدە جەمئىي 1 مىليون 106 مىڭ ئەسكەر، 1463 تانكا ۋە ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك، 1350 ئايروپىلان، 15500 زەمبىرەك ۋە مىناميوتتىن تەركىب تاپقان 14 گورۇپپىۋي ئارمىيەدىن تەشكىللەنگەن ئۈچ يۆنىلىش ئارمىيەنى ـــ ۋاتۇتىن قوماندانلىقىدىكى غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيەسى، روكوسوۋسكى قوماندانلىقىدىكى دون يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە ئېرېمېنكو قوماندانلىقىدىكى ستالىنگراد يۆنىلىش ئارمىيەسىنى توپلىدى. ژوكوف بىلەن ۋاسلېيېۋسكى يۆتكەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئالدىدىكى دۈشمەن مارشال ۋېيكس قوماندانلىقىدىكى گېرمانىيەنىڭ B گورۇپپىۋي ئارمىيەسىنىڭ قارمىقىدىكى 1 مىليون 11 مىڭ ئەسكەردىن

تەركىب تاپقان 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە ۋە 4 ـ بېرونېۋىك گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ھەم رومىنىيەنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ئىدى. 1942 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە دون يۆنىلىش ئارمىيەسى ستالىنگرادنىڭ شىمالىدىكى شىرافىموۋىچ ۋە كلېتسكايادىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ستالىنگرادنىڭ جەنۇبىغا يىغىلغان ستالىنگراد يۆنىلىش ئارمىيەسىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ناھايىتى تېزلا دۈشمەننىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، «ئامبۇرسىمان ھۇجۇم» شەكىللەندۈردى. 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يۆنىلىشتىكى قوشۇن كالاچ، سوۋېتسكى، مالىنوفكادا ئۇچرىشىپ، جەمئىي 330 مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان 22 دىۋىزىيە، 160 نەچچە مۇستەقىل قىسىمدىن تەشكىللەنگەن گېرمانىيە 6 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ۋە 4 ـ بىرونېۋىك گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسمىنى قورشىۋالدى. 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئۆزى قورشىۋالغان گېرمانىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى 1500 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىگە قاپسىۋالدى. گېرمانىيە ئارمىيەسى باش قوماندانلىق ئىشتابى قورشاۋدا قالغان قوشۇننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مارشال مانىستېيىن قوماندانلىقىدىكى دون گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسىنى قۇردى. 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مانىستېيىننىڭ قىسمى كوتېلنىكوفتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى دون يۆنىلىش ئارمىيەسى ئۆزى قورشىۋالغان گېرمانىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قوزغاپ، 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ مارشالى پائۇلۇس ئەسىرگە چۈشتى. شۇنىڭدىن

كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى قىشلىق ھۇجۇمدا گېرمانىيە ئارمىيەسىنى ھەدەپ غەربكە سۈرۈپ، شىمالىي كاقكاز، روستوق، كۇرسك، ۋورونېژ قاتارلىق كەڭ رايونلارنى ئازاد قىلدى.

200 كۈن داۋاملاشقان ستالىنگراد جېڭىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى دۈشمەننىڭ 1 مىليون 500 مىڭغا يېقىن ئادىمىنى يوقىتىپ، 3500 تانكىسى ۋە ئېغىر زەمبىرىكى، 3000 ئايروپىلانى ۋە 12000 زەمبىرىكىنى چىقىمغا ئۇچراتتى. گېرمانىيە ئارمىيەسى ئۇرۇش قوزغىغاندىن بۇيانقى ئەڭ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ستالىنگراد جېڭىدىكى غەلىبىسى سوۋېت ــ گېرمانىيە ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپلا قالماي، 2 ــ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مۇساپىسىغىمۇ ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى.

گېرمانىيە ئارمىيەسى ستالىنگراد جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى گۇرۇھىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ــ گېرمانىيە ئۇرۇش مەيدانىدا يېڭىدىن كەڭ كۆلەملىك يازلىق ھۇجۇم قوزغاشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇب گۇرۇپپىۋى ئارمىيەسى ۋە مەركىزىي گۇرۇپپىۋى ئارمىيەدىن 900 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر، 2700 تانكا ۋە ئېغىر زەمبىرەك، 2050 ئايروپىلان (بۇنىڭ ئىچىدە «يولۋاس» تىپلىق تانكا، «يىلپىز» تىپلىق تانكا، «فېردىناند» تىپلىق ئاپتوماتىك ئېغىر زەمبىرەك، «فالكۇولف 190A» تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان ۋە «خانكېل 129» تىپلىق ھۇجۇمچى ئايروپىلان قاتارلىق نۇرغۇن يېڭى تىپلىق قورال‌لارمۇ بار ئىدى)دىن تەركىب تاپقان توققۇز برونېۋىك دىۋىزىيەسى ۋە ئىككى موتورلاشقان دىۋىزىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 33 دىۋىزىيەنى يۆتكەپ، 1943 ــ يىلى 7 ــ ئاينىڭ

5 ـ كۈنى جەنۇب، شىمال ئىككى تەرەپتىن كۇرسكىقا ئامبۇرسىمان ھۇجۇم قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە ۋورونېژ يۆنىلىش ئارمىيەسىنى يوقىتىپ، ئاندىن غەربىي جەنۇب يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ ئارقا سېپىگە زەربە بېرىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بۇ ئارقىلىق «گېرمانىيەنىڭ ستالىنگراد قايتۇرما ھۇجۇمى» نى شەكىللەندۈرمەكچى بولدى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى قەيسەرلىك بىلەن تىركەشكەنلىكتىن، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاستا بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسى، بىريانسك يۆنىلىش ئارمىيەسى، مەركىزىي يۆنىلىش ئارمىيەسى، ۋورونېژ يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە يايلاق يۆنىلىش ئارمىيەسى كۈچلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئورىيول ۋە بېلگورادنى، 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خاركوفنى قايتۇرۇۋېلىپ، كۇرسك جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ جەڭدە گېرمانىيە ئارمىيەسى 500 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر، 3500 دىن ئارتۇق ئايروپىلان، 1500 تانكا چىقىم تارتتى. كۇرسك جېڭى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇش مەيدانىدا تۈپ بۇرۇلۇش بولغانلىقىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئەدىن ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. گېرمانىيە ئارمىيەسى بولسا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىستراتېگىيەلىك ھۇجۇم قوزغاش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىگە تارتقۇزۇپ قويدى.

**شىمالىي ئافرىقا ئۇرۇش مەيدانىدىكى غەلىبە ۋە ئىتالىيەنىڭ تەسلىم بولۇشى** مۇسسولىنى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىزچىل ھالدا شىمالىي ئافرىقا، شەرقىي ئافرىقىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىن شىمالىي ئافرىقا، شەرقىي ئافرىقا ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا

تۈتمشىدىغان «يېڭى رىم ئىمپېرىيەسى» قۇرۇش خىيالىدا بولدى. 1940 ـ يىلى ياز ـ كۈزدە، ئىتالىيە ئارمىيەسى فىرانسىيەنىڭ تەسلىم بولغانلىقى، ئەنگلىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلدى. بىر يولدىكى قوشۇن لىۋىيەدىن چىقىپ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ مىسىرغا ھۇجۇم قىلدى؛ يەنە بىر يولدىكى قوشۇن ئېرىترېيە ۋە ئېفىيوپىيەدىن چىقىپ، كېنىيە، سۇدان ۋە ئەنگلىيەگە قاراشلىق سومالىغا بېسىپ كىردى. ئەمما، ئىتالىيەنىڭ غەلىبىسى قىسقا ۋاقىتلىقلا بولدى. 1940 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا مىسىردىكى ئەنگلىيە ئارمىيەسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كېيىنكى يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئىتالىيەگە قاراشلىق لىۋىيەدىكى ئاگېيلاغا قىستاپ كەلدى. شەرقىي ئافرىقىدا ئەنگلىيە ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيەدىن قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ ھەم يەرلىكتىن ئەسكەر ئېلىپ ئارىلاشما قوشۇن تەشكىللەپ، 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلىدى. 4 ـ ئايدا ئېفىيوپىيەنىڭ پايتەختى ئەددىس ـ ئەبېبەنى ئىگىلىدى. 5 ـ ئايدا ئىتالىيەنىڭ شەرقىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسىنى پۈتۈنلەي تارتىۋالدى.

ئافرىقىدىكى ئىتالىيە ئارمىيەسى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىغان ئەھۋالدا، 1941 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھىتلېر روممېل قوماندانلىقىدىكى گېرمانىيە ئافرىقا ئارمىيەسىنى شىمالىي ئافرىقىغا ئەۋەتتى. 3 ـ ئايدا گېرمانىيە ـ ئىتالىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى مىسىر تەۋەسىگە چېكىندۈردى. 11 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى قايتا ھۇجۇم قوزغاپ ئاگېيلاغا يېتىپ باردى. 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا روممېل قايتىدىن كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسى شىمالىي ئافرىقىنىڭ شەرقىدە ئەنگلىيە

ئارمىيەسىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۇبرۇكتىكى 35 مىڭ كىشىلىك ئەنگلىيە ئارمىيەسى گېرمانىيە ئارمىيەسىگە تەسلىم بولدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسى مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە پورتىغا تەخمىنەن 96 كىلومېتىر كېلىدىغان ئالامېيىنغا قىستاپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەدە قاتتىق زىلزىلە قوزغىلىپ، بىر مەيدان ھۆكۈمەت كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا چېرچىل شەخسەن ئۆزى قاھىرەگە بېرىپ ئوتتۇرا شەرق قوماندانلىق ئىشتابىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، گېنېرال پولكوۋنىك ئالېكساندىرنى باش قوماندانلىققا، گېنېرال لېيتېنانت مونتگومېرىنى 8 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. مونتگومېرى گېرمانىيە ئارمىيەسىنى شىمالىي ئافرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تىرىشىپ، ئەسكەر ۋە قورال ـ جابدۇق تولۇقلاپ، قوشۇننى مەشقلەندۈرۈشنى كۈچەيتتى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق 8 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچى زورىيىپ، 195 مىڭ ئەسكەرگە، 1029 تانكىغا، 2311 زەمبىرەككە، 750 ئايروپىلانغا ئىگە بولدى. گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسى بولسا ئاران 104 مىڭ ئەسكەر، 489 تانكا، 675 ئايروپىلان، 1219 زەمبىرەك بىلەن قېلىپ، ئەسكىرىي كۈچ ۋە قورال ـ جابدۇق جەھەتتە ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

1942 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئالامېيىندا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رومېل گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسىگە پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىشنى بۇيرۇدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، نۇرغۇن ئايروپىلان چىقىرىپ شىددەتلىك بومباردىمان قىلىپ، چېكىنگەن گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسىنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى يامغۇر سەۋەبىدىن قوغلاپ زەربە

بىرشنى توختاتتى. بۇنىڭ بىلەن روممېلنىڭ قوشۇننى تولۇق يوقىتالمىدى.

ئالامېيىن جېڭىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسى 13 مىڭ 500 ئادەم چىقىم تارتىش ھېسابىغا دۈشمەننىڭ 55 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، يارىلاندۇرۇپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، 350 تانكىسىنى ئولجا ئالدى ۋە ۋەيران قىلدى. بۇ غەلىبە شىمالىي ئافرىقا ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە شۇنىڭدىن باشلاپ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش باسقۇچىغا كىردى.

ئالامېيىندىكى زور غەلىبىدىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيەسى داۋاملىق غەربكە ئىلگىرىلىدى. 1942 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇبرۇكنى قايتۇرۇۋالدى، 1943 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى لىۋىيە پايتەختى تىرىپولىنى ئىگىلىدى. 1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا لىۋىيە ـ تۇنىس چېگراسىغا يېتىپ كەلدى. گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسى تۇنىس تەۋەسىگە چېكىندى.

دەل ئەنگلىيە ئارمىيەسى غەلىبىسىرى غەربكە ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، 1942 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئىتتىپاقداش ئارمىيەسىنىڭ 107 مىڭ ئەسكىرى شىمالىي ئافرىقا يىراققا يۇرۇش قىلىش ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ گېنېرال لېيتېنانتى ئېيزېنخاۋېرنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كاسابلانكا، ئوران ۋە ئالجىردىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، بۇ ئۈچ شەھەرنى ئىگىلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى فىرانسىيە ۋىشى ھۆكۈمىتى ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى دارلان ئېيزېنخاۋېرنىڭ بېسىمى ئاستىدا شىمالىي ئافرىقىدىكى فىرانسىيە ئارمىيەسىگە قارشىلىشىشنى توختىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن تېزلىكتە شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا

پۇتكۇل ماراكەش ۋە ئالجىرىيەنى ئىگىلەپ، ئۇدۇل بانزارت پورتى ۋە تۇنىس شەھىرىگە قىستاپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىتتىپاقداش ئارمىيە تۇنىس تەۋەسىگە چېكىنگەن گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسىگە شەرق، غەرب ئىككى تەرەپتىن قىسىپ زەربە بېرىش ھالىتىنى شەكىللەندۇردى. ھىتلېر ۋە مۇسسولىنى بۇنىڭغا قارىتا ئالدىراپ ـ تېنەپ جىددىي تەدبىر قوللاندى، يەنى بىر تەرەپتىن ئارمىيەسىنى فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىغا كىرگۈزۈپ، ۋىشى ھۆكۈمىتىنى يەنىمۇ تىزگىنلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن تۇنىسقا جىددىي ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ، شىمالىي ئافرىقىدا قاتتىق تىركىشىشكە ئۇرۇندى. 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى فىرانسىيە فلوتىنى تارتىۋېلىشنى كۆزلەپ، تۇلۇننى قامال قىلدى ھەم ئىگىلىۋالدى. فىرانسىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بىر ئاۋىياماتكا، ئۈچ كۆرەشچى پاراخوتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 60 نەچچە پاراخوتى پۇتۇنلەي چۆكۈپ كەتتى.

1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تۇنىسنىڭ جەنۇبىغا توپلانغان گېرمانىيە ئارمىيەسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما، ئىتتىپاقداش ئارمىيە تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلۈپ، روممېل گېرمانىيەگە قېچىپ كەتتى. 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مونتگومېرى قوماندانلىقىدىكى ئەنگلىيە ئارمىيەسى تۇنىسنىڭ جەنۇبىدىن ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننى تۇنىسنىڭ شىمالىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئارمىيەسى غەرب، جەنۇبتىن ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لانىستوپ چوققىسىنى ئىگىلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى بانزارت پورتىنى ئىگىلىدى، ئەنگلىيە ئارمىيەسى تۇنىس شەھىرىنى ئىگىلىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەسى تۇنىس بىلەن ئىتالىيە ئارىلىقىدىكى ترانسپورت لىنىيەسىنى قاتتىق قامال قىلغانلىقتىن، گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىتالىيەگە چېكىنىش غەرىزى ئىشقا ئاشمىدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

250 مىڭ كىشىلىك گېرمانىيە ـ ئىتالىيە ئارمىيەسى پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇپ، ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى شىمالىي ئافرىقا جەڭ مەيدانىدا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى.
ئىتتىپاقداش ئارمىيە شىمالىي ئافرىقىدىكى دۈشمەننى تازىلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە رەھبەرلىرىنىڭ كاسابلانكا يىغىنىدىكى قارارىغا ئاساسەن 1943 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىتالىيەنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بۇ ئارالنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسسولىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كرىزىسقا پاتتى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىتالىيەدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مۇسسولىنى ئىتالىيە پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئاپېنىن تېغىنىڭ چوققىسىدىكى بىر جايغا نەزەربەند قىلىندى. باش ئىشتاب باشلىقى مارشال بادوگلىئو تەختكە چىقىپ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. ئۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇپ، ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقتى. كېلىشىم ئىمزالانغان كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى سىتسىلىيەدىن ئاتلىنىپ مېسسىنا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى سالېرنودا قۇرۇقلۇققا چىقتى، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناپلېسقا كىردى. مۇشۇ ۋاقىتتا ھىتلېر ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئاستا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ تېزلىكتە قوشۇن چىقىرىپ، ئىتالىيەنىڭ رىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىنى (پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى) ئىگىلىدى ھەم 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئايروپىلان ئەۋەتىپ نەزەربەندتە تۇرۇۋاتقان مۇسسولىنىنى بۇلاپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھىتلېرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن مۇسسولىنى ئىتالىيەنىڭ شىمالىدا

ئاتالمىش «ئىتالىيە سوتسىيال جۇمھۇرىيىتى» قورچاق ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بادوگلىئو ئىتالىيەنىڭ تەسلىمنامىسىگە ئىمزا قويدى. 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بادوگلىئو ھۆكۈمىتى ئىتالىيەنىڭ فاشىستلار ئىتتىپاقىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى رەسمىي جاكارلاپ، گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى دەرھال ئىتالىيەنىڭ ئۆزلىرى تەرەپتە تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئالامېيىندىكى جېڭى ۋە پۈتكۈل شىمالىي ئافرىقىدىكى جېڭى، شۇنداقلا ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى غەلىبىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يەنە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى.

**مىدۋاي ئارىلى دېڭىز ئۇرۇشى ۋە گۋادالكانال ئارىلىنى تالىشىش جېڭىنىڭ غەلىبىسى** مىدۋاي ئارىلى كۆلىمى ئاران 4.7 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان كىچىك ئارال بولۇپ، پېئارل خاربورنىڭ غەربىي شىمالىدىن 1000 نەچچە مىل نېرىغا جايلاشقان، ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېغىزى ۋە توسۇقى ئىدى. 1942 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى توكيونى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، ياپونىيە ئۆز زېمىنىنىڭ «مۇداپىئە چەمبىرىكى» نى كېڭەيتىش ئۈچۈن مىدۋاي ئارىلى — ئالېيۇشېن تاقىم ئاراللىرى جېڭىنى قوزغاشنى قارار قىلىپ، مىدۋاي ئارىلىنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلدى. ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ مىدۋاي ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ئامېرىكا تىنچ ئوكيان فىلوتىنى ئالداپ يوقىتىپ، بۇ ئارالنى ئىگىلەپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنى ھاۋايغا ۋە ئامېرىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا چېكىندۈرۈش ئىدى. بۇ جەڭ ئۈچۈن ياپونىيە بىرلەشمە فىلوتى (400 نەچچە ئايروپىلان ئالغان) سەككىز ئاۋىياماتكا، 11 كۆرەشچى پاراخوت، 23 ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 65 قوغلىغۇچى پاراخوت، 24 سۇ

ئاستى كېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 200 نەچچە پاراخوتنى چىقىرىپ ھەم قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىدىن بىر قىسىم ئەسكەرنى ئاجرىتىپ ئالتە تاكتىكىلىق ئەترەت تۈزدى، ئۇلارغا بىرلەشمە فىلوتنىڭ باش قوماندانى، دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى ياماموتو ئىسوروكۇ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 26 ــ 29 ـ كۈنلىرى ھەرقايسى ئەترەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يولغا چىقىپ، 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مىدۋاي ئارىلىغا ھۇجۇم قوزغاشنى بېكىتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىرلەشمە فىلوت ۋاك ئارىلى، كۋاجالېيىن ئارىلىدا يەنە 178 ئايروپىلان تەييار قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا ئارمىيەسى ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ مەخپىي تېلېگراممىسىنى يېشىپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ مىدۋاي ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن خەۋەر تاپتى. ئامېرىكا تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى ئۈچ ئاۋىياماتكا ۋە 30 نەچچە ئۇرۇش پاراخوتى، 230 نەچچە ئايروپىلان توپلاپ، ئىككى ئالاھىدە ئارىلاشما ئەترەت تەشكىللەپ، يوشۇرۇنچە مىدۋاي ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئەۋەتىپ دۈشمەننى كۈتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىدۋاي ئارىلىنىڭ ئەتراپىغا سۇ ئاستى كېمىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياپونىيە پاراخوتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى ھەم ئايروپىلان چىقىرىپ رازۋېد قىلدى. ياپونىيەنىڭ ھەربىي كۈچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئامېرىكا ئارمىيەسى خېلىلا ناچار ئورۇندا تۇراتتى، ئەمما ئۇلار ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇم مۇددىئاسى، سەپ تەشكىللىشى ۋە ھۇجۇم ۋاقتىنى ئالدىنئالا بىلگەن بولغاچقا، مۇداپىئە ۋە ھۇجۇم جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشقا سېلىپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۈستىلىق بىلەن غەلىبە قىلدى.

ئاساسىي ھۇجۇم باشلىنىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، يەنى 1942 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ياپونىيە بىرلەشمە فىلوتىنىڭ شىمال ئەترىتى ئالېۇشېن تاقىم ئاراللىرىدىكى

گوللاند پورتىغا ھاۋا ھۇجۇمى قىلىپ، ئامېرىكا فىلوتىنى شىمالغا جەلپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئۇلارغا قىسىپ زەربە بەرمەكچى بولدى. ئەمما، ئامېرىكا فىلوتى تۇزاققا چۈشمىدى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەھەردە ياپونىيە دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى ناگۇمو قوماندانلىقىدىكى 1 ـ ھەرىكەتچان ئەترەت 1 ـ تۈركۈمدە 108 ئايروپىلان چىقىرىپ مىدۋاي ئارىلىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، ئامېرىكا ئارمىيەسى ئالدىنقاچان تەييارلىق كۆرۈپ ئايروپىلانلىرىنى جەڭگە تەخ قىلىپ تۇرغاچقا، ياپونىيە ئايروپىلانلىرى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ناگۇمو دەرھال تورپېدا قاچىلىغان 2 ـ تۈركۈمدىكى ئايروپىلانلارنىڭ بومبا قاچىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مىدۋاي ئارىلىغا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. بۇ ۋاقىتتا ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى ئامېرىكا فىلوتىنىڭ ئۇدۇل ياپونىيە فىلوتىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئايروپىلانلىرى يەنە ئالدىراش تورپېدا قاچىلاشقا باشلىدى. ئامېرىكا ئارمىيەسى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى ئايروپىلانلىرىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقان، 2 ـ تۈركۈمدىكى تورپېدا قاچىلاۋاتقان ئايروپىلانلىرىنىڭ تېخى ئۇچمىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تورپېدا تاشلىغۇچى ئايروپىلان ۋە شۇڭغۇغۇچى بومباردىمانچى ئايروپىلان ئەۋەتىپ ياپونىيە پاراخوتلىرىغا شىددەتلىك زەربە بەردى. ياپونىيە ئارمىيەسى بولسا ئازغىنا كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىنىلا جەڭگە چىقىرالىدى. نۇرغۇن تورپېدا تاشلىغۇچى ئايروپىلانلىرى زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن پارتلاپ كەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ياپونىيە تۆت ئاۋىيماتكا، بىر چوڭ ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 330 ئايروپىلان زىيان تارتىپ، بىر چوڭ ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە ئىككى قوغلىغۇچى پاراخوتى ئېغىر زەخىملەندى. ئامېرىكا ئارمىيەسى بولسا پەقەت بىر ئاۋىيماتكا، بىر قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە 147 ئايروپىلان زىيان تارتتى. 6 ـ

ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ياماموتو ئىسوروكۇ جەڭنى توختىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، فىلوتنى باشلاپ غەربكە چېكىندى. ئامېرىكا ئارمىيەسى غەلىبىگە ئېرىشتى.

مىدۋاي ئارىلى دېڭىز ئۇرۇشى ياپونىيەنىڭ تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن بۇيانقى تۇنجى زور مەغلۇبىيىتى بولۇپ، ئۇ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ياپونىيە، ئامېرىكا ئاۋىياماتكىلىرىنىڭ كۈچ نىسبىتىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيە تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى يوقىتىپ، جەڭ ۋەزىيىتى ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە پايدىلىق بولۇشقا باشلىدى.

مىدۋاي ئارىلى دېڭىز ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە، ئامېرىكا ئىككىلا تەرەپ غەربىي جەنۇبى تىنچ ئوكياندىكى سولۇمۇن تاقىم ئاراللىرى ۋە يېڭى گىۋىنىيە قاتارلىق جايلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. ياپونىيە يېڭى گىۋىنىيەدىكى مۇھىم ھەربىي بازا مورېبى پورتىنى ئىگىلەش غەرىزىدە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاش بازىسى ئاۋستىرالىيەگە قىستاپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسى 1942 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى گۇادالكانال ئارىلىدا ئايرودۇرۇم ياساپ، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاساسەن پۈتكۈزۈپ بولدى. ئامېرىكا ئارمىيەسى بۇ ئەھۋالنى بايقىغاندىن كېيىن، ئايرودۇرۇم ئىشلىتىلىشتىن بۇرۇن بۇ ئارالنى ئىگىلەپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تىنچ ئوكيانغا كېڭىيىشىنى توسماقچى بولدى.

1942 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە ئامېرىكا ئارمىيەسى ھۇجۇمنى باشلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇق قىسمىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئارالغا چىقتى. 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى ياپونىيەنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ ۋە قۇرۇلۇشچى

قىسمىنىڭ قارشىلىقىنى تارمار قىلىپ، بۇ ئاراللارنى ئىگىلىدى ھەم يېقىن ئەتراپتىكى تۆلاگى ئارىلى بىلەن باشقا ئىككى ئاراللىنىمۇ ئىگىلىدى. ياپونىيە باش ئىشتابى ئۆز ئارمىيەسىگە تېزدىن ئامېرىكا ئارمىيەسىنى چېكىندۈرۈپ، گۇادالكانال ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئارمىيەسى نەچچە قېتىم ئەسكەر كۆپەيتىپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ 38 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچى 11 پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئارالغا يۆرۈش قىلدى، ئەمما ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۇلارنىڭ 10 پاراخوتىنى چۆكتۈرۈپ، بىر پاراخوتىنى زەخىملەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن گۇادالكانال ئارىلىدىكى ياپونىيە ئارمىيەسى مۇداپىئەگە ئۆتتى. بىراق، تەمىنات كۆنسېرى قىيىنلىشىپ، بەزگەك تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئەسكەرلەر ئاچلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى. 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ياپونىيە ئوردا كېڭىشى گۇادالكانال جېڭىنى توختىتىشنى قارار قىلدى. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ياپونىيە باش ئىشتابى گۇادالكانال ئارىلىدىن چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە 10 مىڭ 630 ياپونىيە ئەسكىرى ئارالدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، يېرىم يىلدىن ئۇزاقراق داۋاملاشقان گۇادالكانال ئارىلىنى تالىشىش جېڭى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى.

گۇادالكانال ئارىلىنى تالىشىش جېڭىدە ئامېرىكا تەرەپ تەخمىنەن 60 مىڭ ئەسكەرنى، ياپونىيە تەرەپ تەخمىنەن 36 مىڭ ئەسكەرنى جەڭگە سېلىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسى 5800 ئەسكەرنى، ياپونىيە ئارمىيەسى 25 مىڭ ئەسكەرنى چىقىم تارتتى. جەڭدە يەنە ئىككى تەرەپ دېڭىز ئارمىيەلىرى چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 30 نەچچە قېتىم دېڭىز جېڭى قىلىپ، ياپونىيە ئارمىيەسى 30

نەچچە پاراخوتنى، ئامېرىكا ئارمىيەسى 22 پاراخوتنى زىيان تارتتى.

ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ گۇادالكانال ئارىلىنى تالىشىش جېڭىدىكى غەلىبىسى تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئىستراتېگىيەلىك بۇرۇلۇشنىڭ تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئەدىن ئىستراتېگىيەلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ياپونىيە ئارمىيەسى ئىستراتېگىيەلىك ھۇجۇمدىن ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئەگە ئۆتۈپ، ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

**قاھىرە يىغىنى ۋە تېھران يىغىنى** 1943 - يىلى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىستراتېگىيەلىك بۇرۇلۇش بولغان ۋەزىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلىتىش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلدى.

1943 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە روزۋېلت، چېرچىل تېھرانغا بېرىش سەپىرىدە مىسىر پايتەختى قاھىرەدە جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جۇڭگونىڭ بىرمىدا ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيەنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەم «جۇڭگو - ئامېرىكا - ئەنگلىيە قاھىرە خىتابنامىسى» نى ئىمزالىدى. قاھىرە يىغىنىدىن كېيىن بۇ خىتابنامە تېھرانغا ئاپىرىلىپ، ستالىندىن پىكىر ئېلىندى. ستالىن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىتابنامە تېھران يىغىنى ئاياغلاشقان كۈنى، يەنى 1943 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىندى.

قاھىرە خىتابنامىسىدە تەنتەنىلىك ھالدا: «ئۈچ چوڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ بۇ ئۇرۇشنى قىلىشتىكى مەقسىتى ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى چەكلەش ۋە جازالاش»، «ئاساسىي مۇددىئاسى ياپونىيە 1914 - يىلى 1 - دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن تارتىۋالغان ياكى ئىگىلىۋالغان تىنچ ئوكياندىكى بارلىق ئاراللارنى تارتىۋېلىش، ياپونىيەنى جۇڭگودىن تارتىۋالغاندىن مانجۇرىيە، تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى جۇڭخۇا مىنگوغا قايتۇرغۇزۇش»، ئۈچ چوڭ دۆلەت «مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە چاۋشيەننى ئەركىن، مۇستەقىل قىلىدۇ»، «ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغۇچە ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ» دەپ جاكارلاندى. بۇ خىتابنامە ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى خەلقئاراۋى ھۆججەت بولۇپ، زور ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

قاھىرە يىغىنىدا روزۋېلت جياڭ جيېشى بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشكەندە، جۇڭگونىڭ تۆت كۈچلۈك دۆلەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا ئۇنى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەزى ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، دالىيەننى خەلقئارا ئەركىن پورت قىلىشقا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلىدى.

1943 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى — روزۋېلت، ستالىن ۋە چېرچىل تېھراندا يىغىن ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا ياۋروپادا 2 - ئۇرۇش مەيدانى ئېچىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيە - پولشا چېگراسىنى بېكىتىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە كەلگۈسىدىكى خەلقئارا ئاپپاراتنى قانداق تەشكىللەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

غەربىي ياۋروپادا 2 - ئۇرۇش مەيدانى ئېچىش مەسىلىسىدە،

ستالىن 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چېرچىلغا يازغان بىرىنچى خېتىدىلا ئەنگلىيەدىن «غەربتە (فرانسىيەنىڭ شىمالىدا) ۋە شىمالدا (شىمالىي قۇتۇپ ئەتراپىدا) ھىتلېرغا قارشى جەڭگاھ ئېچىش» نى تەلەپ قىلغانىدى. چېرچىل بولسا ئەنگلىيەنىڭ كۈچى يېتەرسىز، كەڭ كۆلەمدە قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭى قىلسا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، دەپ قارىغانىدى. 1942 ـ يىلى 5 ــ 6 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى مولوتوف ۋاشىنگتون ۋە لوندوندا زىيارەتتە بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن 1942 ـ يىلى ياۋروپادا 2 ـ ئۇرۇش مەيدانى ئېچىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى ھەم بۇ كېلىشىم 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۇنياغا جاكارلاندى. ئەمما، چېرچىل ۋەدىسىنى ئورۇنلاشنى خالىماي، روزۋېلتنى ئاۋۋال شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭى قىلىش، غەربىي ياۋروپادا جەڭ مەيدانى ئېچىشنى بولسا 1943 ـ يىلىغا قالدۇرۇشقا قايىل قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇ بۇ قارارنى ستالىنغا ئۇقتۇردى. 8 ـ ئايدا ئۇ موسكۋاغا بېرىپ، ستالىنغا ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرگەندە، قەغەزگە بىر تىمساھنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، تىمساھنىڭ تۇمشۇقىغا زەربە بەرگەندە ئۇنىڭ يۇمشاق قورسىقىغىمۇ (يەنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جەنۇبىي ياۋروپا رايونى) غا زەربە بېرىش كېرەك، دېدى ھەم ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ 1943 ـ يىلى 2 ـ ئۇرۇش مەيدانى ئاچىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، 1943 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە، ئامېرىكا يەنە ۋەدىسىدە تۇرماي، 2 ـ ئۇرۇش مەيدانى ئېچىشنى 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايغا قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. چېرچىل بۇنىڭدا بالقان ئۇرۇش سېپىنى ئېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپاغا كىرىشىنى توسۇپ، ئەنگلىيەنىڭ بۇ رايوندىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قوغداشنى ئويلىغانىدى. 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەنگلىيە،

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا رەھبەرلىرى كىئۆبېكتىكى يىغىندا غەربىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىدىغان «زومىگەر» پىلانىنى بېكىتتى. تېھران يىغىنىدا 2 ـ ئۇرۇش مەيدانى ئېچىش مەسىلىسى قايتا مۇزاكىرە قىلىنغاندا، چېرچىل فىرانسىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىشقا ئاشكارا قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ، ئوخشاش ۋاقىتتا بالقانغا ھۇجۇم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بۇ پىكرى ستالىنىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماي، روزۋېلتنىڭمۇ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. روزۋېلت ھىتلېرنى تېزرەك يېڭىش ۋە ياۋروپانىڭ زومىگەرلىكىنى تارتىۋېلىشتىكى ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئويلىشىپ، غەربىي ياۋروپادا ھىتلېرغا ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدىغان 2 ـ جەڭ مەيدانى ئاچقاندىلا، ئاندىن «ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى بەلگىلەيدىغان» پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمايمىز دەپ قاراپ، چېرچىلنىڭ بالقانغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى قوللىمىدى، شۇنداقلا «ئىمكانقەدەر ئامېرىكا ئارمىيەسىنى كۆپرەك ئىشقا سېلىپ گېرمانىيەنى ئىگىلەپ»، «ئامېرىكا ئارمىيەسىنى تېزرەك بېرلىنغا كىرگۈزۈش»نى تەشەببۇس قىلدى. روشەنكى، فىرانسىيەدىن يول ئېلىپ گېرمانىيەگە ھۇجۇم قىلىش يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىشتىكى ئەڭ ياخشى تاللاش ئىدى. ستالىننىڭ، بولۇپمۇ روزۋېلتنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن چېرچىل ئامالسىز ئۆزىنىڭ بالقانغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە رەھبەرلىرى ئاخىر «شەرق، غەرب، جەنۇبتىن ھەربىي ھەرىكەت قوزغاشنىڭ كۆلىمى ۋە ۋاقتى مەسىلىسىدە تولۇق كېلىشىم ھاسىل قىلىپ»، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فىرانسىيەنىڭ شىمالىدا «زومىگەر» پىلانىنى ئىجرا قىلىپ 2 ـ جەڭ مەيدانى ئېچىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھازەل ئوخشاش ۋاقىتتا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي سەپتىن غەربىي سەپكە يۆتكىلىشىنى توسۇشنى قارار قىلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيەنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى گېرمانىيەنى بۆلۈۋېتىشكە قوشۇلدى، ئەمما قانداق بۆلۈش مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كېلەلمەي، ئاخىر مەخسۇس بىر ياۋروپا كومىتېتى قۇرۇپ بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلدى.

پولشانىڭ زېمىنى مەسىلىسىدە، ستالىن غەرب تەرەپتە ئودېر دەرياسىنى چېگرا قىلىش، شەرق تەرەپتە 1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى چېگرانى ئاساس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. روزۋېلت ۋە چېرچىل پولشا چېگراسىنى غەربكە سۈرۈشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يىغىندا بۇ توغرۇلۇق كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىدە، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيەنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، پۈتكۈل ساخالىن ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنى، كورىل تاقىم ئاراللىرىغا ئىگە بولۇشنى، يىراق شەرقتە بىر مۇز توڭلىماس پورتقا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، روزۋېلت يىغىندا ئۇرۇشتىن كېيىن تىنچلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا مەخپىي ھالدا «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە تېھران ئومۇمىي كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، يىغىندىن كېيىن «تېھران خىتابنامىسى» ۋە «ئىرانغا دائىر خىتابنامە» ئېلان قىلىندى. «تېھران خىتابنامىسى» دا ئۈچ دۆلەتنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن تىنچلىقنى قوغداشتا ھەمكارلىشىدىغانلىقى جاكارلىنىپ، «دۇنيادا ھەرقانداق كۈچ بىزنىڭ قۇرۇقلۇقتىن گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنى يوقىتىشىمىزنى، دېڭىزدىن گېرمانىيەنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرىنى بىتچىت قىلىشىمىزنى، ھاۋادىن گېرمانىيەنىڭ قورال ـ ياراغ زاۋۇتلىرىنى ۋەيران قىلىشىمىزنى توسۇيالمايدۇ»،

«بىز دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر زوراۋانلىقنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىماي، ئۆز ئارزۇسى ۋە ۋىجدانى بويىچە ئەركىن ياشىيالايدىغان بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلەن تەلپۈنىمىز». «بىز ئۈمىد ۋە ئىرادە بىلەن بۇ يەرگە كەلدۇق، ئەمدى ھەقىقىي مەسلەكداش دوست سۈپىتىدە ئايرىلىمىز» دېيىلدى.

تېھران يىغىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم خەلقئاراۋى يىغىن بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ جەڭ قىلىشىنى ماسلاشتۇرۇش، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تېزلىتىشتە غايەت زور ئىجابىي رول ئوينىدى ۋە ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى.

## 4 ـ بۆلۈم ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمى

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمى ستالىنگراد جېڭى ۋە كۇرسك جېڭىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي قولىغا ئالدى. 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە جەنۇبىي سەپتە كافكاز رايونىدىكى دۈشمەننى تازىلاپ دونباسنى ئازاد قىلدى؛ ئۇكرائىنادا دېنپروپېتروۋسك ۋە كىيېفنى ئازاد قىلدى؛ ئوتتۇرا سەپتە سمولېنسكنى ئازاد قىلدى. 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى بىلەن گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش سېپى ئاساسىي جەھەتتىن لادوگا كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن سمولېنسكنى بويلاپ جەنۇبتا دېنېپر دەرياسىغىچە بولغان جايلار بولدى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇش مەيدانىدا

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى ۋە ئېغىر قورال ـ ياراغلىرى دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. جۈملىدىن ئەسكىرى دۈشمەننىڭكىدىن 27% (يەنى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى 5 مىليون بولغان بولسا، سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى 6 مىليون 350 مىڭ)، ئايروپىلانلىرى دۈشمەننىڭكىدىن 170% ، زەمبىرەكلىرى دۈشمەننىڭكىدىن 70% كۆپ بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئارقا سەپتىكى خەلقنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىكى مىليونغا يېقىن پارتىزاننىڭ يېقىندىن ماسلىشىشىغا ھەم ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابى 1944 ـ يىلى ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاش پىلانىنى تۈزۈپ، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ئۇدا ئون قېتىم زور كۆلەمدە ئىستراتېگىيەلىك جەڭ قىلىشنى قارار قىلدى.

بىرىنچى قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ لېنىنگراد يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە ۋولخوف يۆنىلىش ئارمىيەسى قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە نارۋا، چود كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، پوسكوف، ئوستروفقىچە قىستاپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ 100 مىڭغا يېقىن ئادىمىنى يوقىتىپ، لېنىنگراد ئوبلاستىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە كالىنىنگراد ئوبلاستىنىڭ بىر قىسمىنى ئازاد قىلىپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ لېنىنگراد شەھىرىگە قىلغان 900 كۈنلۈك مۇھاسىرىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلدى.

2 ـ قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى دېنېپىر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي بوگ دەرياسى ۋادىسىدا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ جەڭگە جەمئىي 177 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان ئۇكرائىنا 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى، 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى، 3 ـ يۆنىلىش

www.uyghurkitap.com

ئارمىيەسى ۋە 4 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى دۈشمەن جەمئىي 93 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان گېرمانىيە جەنۇب گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ۋە A گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ئىدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى دۈشمەننىڭ 66 دىۋىزىيەسىنى يوقىتىپ، غەربكە 400 كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ، دېنېپىر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۇكرائىنانى ئازاد قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگراسىغىچە يېتىپ باردى.

3 ـ قېتىملىق زەربە: سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئۇكرائىنا 3 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە 4 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى قارا دېڭىز فىلوتىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1944 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ۋە 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە ئىككى قېتىم چوڭ جەڭ قىلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئودېسسا ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىنى ئازاد قىلدى.

4 ـ قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى 1939 ـ يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ فىنلاندىيە چېگراسىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا 1940 ـ يىلىدىكى چېگراغا يېتىپ كېلىپ، فىنلاندىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇرۇش توختىتىپ سۈلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

5 ـ قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى مەشھۇر بېلارۇسىيە جېڭىنى قوزغىدى. بۇ جەڭگە بېلارۇسىيە 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى، 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى، 3 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە بالتىق 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى قاتناشتى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى غەربكە 550 — 600 كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ، پۈتكۈل بېلارۇسىيەنى، لىتۋانىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە لاتۋىيەنىڭ بىر قىسمىنى ئازاد قىلىپ،

شەرقىي پىرۇسسىيەگە ۋە ۋارشاۋاغا قىستاپ باردى. بۇ جەڭدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى دۈشمەننىڭ 540 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىپ، گېرمانىيە مەركىزىي گورۇپپىسىۋوي ئارمىيەسىگە ئەجەللىك زەربە بەردى.

6 ـ قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ كۈنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئۇكرائىنا 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ ئىككى زەربىدار قىسمى ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ساندومېيشنى ئىگىلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى لىۋوفنى ئىگىلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋىسلا دەرياسىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇكرائىنا 4 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غەربىي ئۇكرائىنانىڭ نېفىت سانائىتى مەركىزى دىروگوبىچنى ئىگىلەپ، ئارقىدىنلا كارپات تاغ ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مۇداپىئەگە ئۆتتى.

7 ـ قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ئۇكرائىنا 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە 3 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى لاش ـ كىشىنيوۋ جېڭىنى قوزغاپ، 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لاشنى ئىگىلىدى، 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كىشىنيوۋنى ئىگىلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى رومىنىيە خەلقى كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە فاشىستلارغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى رومىنىيە يېڭى ھۆكۈمىتى گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى بۇخارېستقا كىرىپ، 9 ـ ئايدا رومىنىيە تەۋەسىدىكى پۈتكۈل گېرمانىيە ئارمىيەسىنى يوقاتتى. 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بۇلغارىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۇلغارىيە خەلقى كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سوۋېت

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقى ئارمىيەسى بۇلغارىيە خەلقىگە ھەمكارلىشىپ پۈتكۈل بۇلغارىيەنى ئازاد قىلدى.

8 ـ قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 9 ـــ 10 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى بالتىق دېڭىزى بويىدا زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، پۈتكۈل ئېستونىيەنى ۋە لاتۋىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازاد قىلدى.

9 ـ قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ۋېنگرىيەگە كىردى. 10 ـــ 12 ـ ئايلاردا ۋېنگرىيەنى ئاساسلىق جەڭگاھ قىلىپ گېرمانىيە ئارمىيەسىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بوداپېشتتىكى گېرمانىيە ئارمىيەسىنى تولۇق قورشاۋغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى يۇگوسلاۋىيەگە كىرىپ، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسىنىڭ قوراللىق كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېلگرادنى ئازاد قىلدى.

10 ـ قېتىملىق زەربە: 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى فىنلاندىيەنىڭ شىمالىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 11 ـ ئايدا نورۋېگىيە تەۋەسىگە كىرىپ جەڭ قىلدى.

ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى 1944 ـ يىلىدىكى ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمدا شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ 1 مىليون 600 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان 138 دىۋىزىيەسىنى يوقىتىپ، 6700 تانكىسى، 28 مىڭ زەمبىرىكى ۋە مىناميوتى، 12 مىڭ ئايروپىلانىنى پاچاقلاپ تاشلاپ ياكى ئولجا ئېلىپ، لاتۋىيەنىڭ ئاز بىر قىسمىنى يېرىدىن باشقا پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى. يەنە تاجاۋۇزچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن دۆلەت چېگراسىدىن ئۆتۈپ جەڭ قىلىپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقلىرىنىڭ فاشىستلارغا قارشى قوراللىق قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ناتسىست گېرمانىيەنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى

بېقىندى دۆلەتلىرى بولغان رومىنىيە، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيە، شۇنداقلا شىمالىي ياۋروپادىكى بېقىندى دۆلەتتى بولغان فىنلاندىيەنى مەغلۇپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ 1944 ـ يىلىدىكى ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمىنىڭ غەلىبىسى 1945 ـ يىلى گېرمانىيە فاشىستلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلىشقا ئاساس سالدى.

**2 ـ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئېچىلىشى ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئازاد بولۇشى** تېھران يىغىنىدىن كېيىن ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى ئېيزىنخاۋېرنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر يىراققا يۇرۇش قىلىش ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى تېدنى مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلەپ، 2 ـ ئۇرۇش مەيدانى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى تېزلەتتى. «زومىگەر» پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئەنگلىيەدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، فىرانسىيە، پولشا قاتارلىق 11 دۆلەتنىڭ 2 مىليون 876 مىڭ ئەسكىرىنى، 7000 پاراخوتنى، 11 مىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانىنى ۋە 2700 تىرانسپورت ئايروپىلانىنى توپلىدى. بەزى تەييارلىقلارنى يەنىمۇ پۇختا ئىشلەشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر 2 ـ ئۇرۇش مەيدانى ئېچىشنىڭ ۋاقتىنى ئەسلىي پىلاندىكى 1944 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 6 ـ ئاينىڭ بېشىغا ئۆزگەرتتى.

گېرمانىيەنىڭ غەربىي سەپتىكى ئارمىيەسى مارشال رۇندىستېد قوماندانلىقىدىكى 58 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقانB ، G گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەلىرى بولۇپ، رومېل قوماندانلىقىدىكى 41 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان B گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە فىرانسىيەنىڭ شىمالى، بېلگىيە ۋە گوللاندىيە دېڭىز بويىنى ساقلاپ ياتاتتى. ئاساسىي كۈچى كالايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، نورماندىيەدە پەقەت 90 مىڭ كىشىگىمۇ يەتمەيدىغان يەتتە دىۋىزىيەسى بار ئىدى. بلاسكوۋىتز قوماندانلىقىدىكى 17

www.uyghurkitap.com

دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان G گۇرۇپپىسۇوي ئارمىيە فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىنى ساقلاپ ياتاتتى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھىتلېر 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدىلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، نورد تۇمشۇقىدىن ئىسپانىيە دېڭىز ساھىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيەسى ــ «ئاتلانتىك ئوكيان ئىستىھكامى» نى قۇردۇرغانىدى. بۇ مۇداپىئە لىنىيەسى پۇختا تايانچ نۇقتىلار ۋە جەڭ ئاكوپلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يەنە مىنا رايونى ۋە دېڭىز توسۇقىمۇ بار ئىدى. گەرچە 1944 ـ يىلىغىچە بۇ مۇداپىئە لىنىيەسى تېخى تولۇق پۈتۈپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا ئىنتايىن زور توسقۇنلۇق قىلاتتى. گېرمانىيە ئارمىيەسى ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ غەربىي ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان ئورنىغا قارىتا ھەرخىل قاراشتا بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ھىتلېر ئۇلارنىڭ كالايدا قۇرۇقلۇققا چىقىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ دەپ قارايتتى. شۇڭا، گېرمانىيە ئارمىيەسى كالايدا نۇقتىلىق مۇداپىئە كۆرۈپ، نورماندىيەدە ئانچە پۇختا مۇداپىئە كۆرمىگەنىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلىغاندىن كېيىنمۇ ھىتلېر يەنىلا بۇ ساختا ھەرىكەت، زور كۆلەملىك قۇرۇقلۇققا چىقىش كالايدا بولىدۇ، دەپ قارىدى.

1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئۈچ پاراشۇتچىلار دىۋىزىيەسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نورماندىيەدىكى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كوتېنتىن يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا ۋە ئورنې دەرياسى ئېغىزىنىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ، دېڭىز ساھىلىغا تۇتىشىدىغان مۇھىم يوللارنى ئىگىلىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 6:30 دىن 7:45 گىچە كۈچلۈك ھاۋا ھۇجۇمى ۋە

زەمبىرەك ھۇجۇمىنىڭ ھىمايىسىدە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسمى ئايرىم ـ ئايرىم بەش جايدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، سائەت 9 غىچە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىتچىت قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ 176 مىڭ ئەسكىرى قۇرۇقلۇققا چىقىپ بولدى. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىققان بەش جاينى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 80 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 13 — 19 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر دائىرە ھاسىل قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە كوتېنتىن يېرىم ئارىلىنى ئىگىلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە چېربورگقا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيەسىنى تەسلىم قىلدۇردى. 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ 1 مىليون ئەسكىرى قۇرۇقلۇققا چىقىپ بولدى. يەنە 170 مىڭ ماشىنا، 600 مىڭ توننىغا يېقىن تەمىنات بۇيۇمى دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىقىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش جېڭىنى قانات يايدۇرۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان سايىنتلونى ئىگىلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كائېننى ئىگىلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققان ئەسكىرى 1 مىليون 450 مىڭغا يېتىپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 13 — 35 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇرۇقلۇققا چىقىش دائىرىسى ھاسىل قىلىنىپ، يەر يۈزىدىن ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاشنىڭ تەييارلىقى تولۇق پۈتۈپ بولدى، جۇملىدىن نورماندىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. بۇ جەڭدە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ 122 مىڭ ئەسكىرى ئۆلدى ۋە يارىلاندى، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ 114 مىڭ ئەسكىرى ئۆلدى،

www.uyghurkitap.com

ياربلاندى ۋە ئەسىرگە چۈشتى، ئۇنىڭدىن باشقا 2117 تانكىسى ۋە 345 ئايروپىلانى ۋەيران قىلىندى.

نورماندىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭى دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدىكى ئەڭ زور كۆلەملىك قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭى بولۇپ، بۇ جەڭدە ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئالدىنئالا پۇختا تەييارلىق قىلغانلىقى، ئەسكىرىي كۈچ ۋە قورال - جابدۇق جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغانلىقى، ھاۋانى ۋە دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلىگەنلىكى، دېڭىزغا چىقىدىغان جاينى توغرا تاللىغانلىقى، شۇنداقلا شەرقىي سەپتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنىڭ ماسلاشقانلىقى سەۋەبىدىن غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان جايىغا خاتا ھۆكۈم قىلىشىمۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولدى. بۇ جەڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ غەربىي ياۋروپادا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، ناتسىست گېرمانىيەنى تېز گۇمران قىلىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

1944 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇقلۇققا چىققان ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيەدىن ھۇجۇم قوزغاپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنى شەرقىي جەنۇبقا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پارىژ خەلقى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جەڭگىۋار فىرانسىيە 2 - برونېۋىك دىۋىزىيەسى پارىژغا كىردى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دې گول رەئىسلىكىدىكى فىرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئامېرىكا، فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى گانا — تۇلۇن ئەتراپىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. بۇ جەڭگە ئامېرىكا 7 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ۋە جەڭگىۋار فىرانسىيە

1 ـ ، 2 ـ ئارمىيەسىنىڭ تەخمىنەن 500 مىڭ ئەسكىرى قاتناشتى. فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىنى ساقلاۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى كۆچى تەخمىنەن 250 مىڭ ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 60 كىلومېتىر كېلىدىغان قورۇقلۇقتا چىقىش دائىرىسىنى ئىگىلەپ، 160 مىڭ ئەسكەرنى قورۇقلۇقتا چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىمالغا ئىلگىرىلىدى، فىرانسىيە ئارمىيەسى بولسا غەربكە ئىلگىرىلەپ، 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تولۇننى، 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مارسېلنى ئازاد قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جەنۇب، شىمالدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە پارىژ بىلەن مارسېل ئارىلىقىدىكى مونتىباردتا ئۇچراشتى. 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل فىرانسىيە ئازاد بولدى.

1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە بېلگىيەگە كىردى. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېلگىيە ھۆكۈمىتى لوندوندىن بىريۇسسېلغا كۆچۈپ كەلدى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لىيۇكسېمبۇرگ ئازاد قىلىندى. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە گوللاندىيەنىڭ جەنۇبىدا ھۇجۇم قوزغاپ، گوللاندىيە ئارمىيەسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە پۈتكۈل گوللاندىيەنى ئازاد قىلدى.

1944 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى 200 نەچچە مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان 20 دىۋىزىيە، 900 دىن كۆپرەك تانكا، 800 ئايروپىلان ۋە 2600 زەمبىرەكنى توپلاپ، بېلگىيە بىلەن لىيۇكسېمبۇرگ چېگراسىدىكى ئاردېن رايونىدا قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بۇ جايدا پەقەت 83 مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان بەش دىۋىزىيەسى، 242 تانكىسى بار ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيەسى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ

ئۆتۈپ، 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە 100 كىلومېتىردەك ئىلگىرىلىدى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چېرچىل ستالىنغا خەت يېزىپ، غەربىي سەپتىكى ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ تېزدىن بىر قېتىم زور ھۇجۇم قوزغىشىنى تەلەپ قىلدى؛ ستالىن بۇنىڭغا دەرھال قوشۇلدى. 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى مۇددەتتىن بۇرۇن ۋىسلا ـ ئودېر دەرياسى جېڭىنى قوزغاپ، گېرمانىيە ئېسئېسچىلار 6 ـ بىرونېيۋىك گۇرۇپپىسىدىكى ئارمىيەسىنى شەرقىي سەپكە يۆتكىلىشكە مەجبۇر قىلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىتتىپاقداش ئارمىيەمۇ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاردېن رايونىدىكى گېرمانىيە ئارمىيەسى ئېغىر قورال ـ جابدۇقلىرىنى تاشلاپ شەرققە چېكىندى، 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەسلىدىكى ھۇجۇمغا ئۆتكەن بازىسىغا قايتىپ كەلدى، 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گېرمانىيە تەۋەسىگە چېكىنىپ كەتتى. نەتىجىدە ئاردېن جېڭى ئاياغلاشتى.

ئىتالىيە جەڭ مەيدانىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە 1944 ـ يىلى يازدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رىمنى ئىگىلىدى. ئەمما، ئىتالىيەنىڭ شىمالىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى.

**ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدىكى قايتۇرما ھۇجۇمى** ئامېرىكا ئارمىيەسى مىدۋاي ئارىلى دېڭىز ئۇرۇشى ۋە گىۋادالكانالنى تالىشىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي قولىغا ئالدى ھەم 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار «قىسىپ زەربە بېرىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، غەربىي جەنۇبى تىنچ ئوكياندىن ۋە ئوتتۇرا تىنچ ئوكياندىن ئاتلىنىپ، فىلىپپىننى ئۇچرىشىش نۇقتىسى قىلىپ، ئارال

ھالقىپ ھۇجۇم قوزغىدى.
1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا قالغان ياپونىيە يېرىم چەمبەرسىمان مۇداپىئە لىنىيەسىنى تارايتىشنى قارار قىلىپ، بىرمىدىن مالاي يېرىم ئارىلىنى بويلاپ يېڭى گىۋىنىيەنىڭ غەربى كارولىن تاقىم ئاراللىرى، مارىئانا تاقىم ئاراللىرى، شۇنداقلا كورىل تاقىم ئاراللىرىغىچە سوزۇلغان «دۆلەتنىڭ مۇتلەق مۇداپىئە چەمبىرىكى» نى بېكىتىپ، بۇ مۇداپىئە لىنىيەسىنى مەھكەم ساقلىماقچى بولدى.
1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماك ئارتور قوماندانلىقىدىكى غەربىي جەنۇبى تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە ناسسائۇ قولتۇقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، يېڭى گىۋىنىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللاردا ياپونىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قوزغاشقا باشلىدى. 9 ـ ئايدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە يېڭى گىۋىنىيەنىڭ شەرقىدىكى لائېدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. 11 ـ ئايدا ئامېرىكا ئارمىيەسى سولۇمۇن تاقىم ئاراللىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئارال بوگاينۋىل ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. 1944 ـ يىلى ئەتىيازغىچە سولۇمۇن تاقىم ئاراللىرى، بىسمارك تاقىم ئاراللىرىنى ئىگىلىدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە يېڭى گىۋىنىيەنى تولۇق ئىگىلەپ، فىلىپپىنغا ھۇجۇم قىلىشقا يول ئاچتى.
ئوتتۇرا تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونىدا دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى نىمىتىز قوماندانلىقىدىكى ئامېرىكا ئارمىيەسى 1943 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گىلبېرت تاقىم ئاراللىرىنى ئىگىلىدى، 1944 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مارشال تاقىم ئاراللىرى جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تاشقى مۇداپىئە چەمبىرىكىنى بۆسۈپ ئۆتتى.
ئامېرىكا ئارمىيەسى مارشال تاقىم ئاراللىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن كارولىن تاقىم ئاراللىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل

مارىئاننا تاقىم ئاراللىرىنى ئىگىلەپ، ياپونىيە تۇپرىقىغا ھۇجۇم قىلىش بازىسىنى قۇردى. جەمئىي 127 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر، 644 پاراخوت، 2000 يېقىن ئايروپىلاندىن تەركىب تاپقان ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىككى زەربىدار ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، شىمال زەربىدار ئەترىتى سايپان ئارىلى ۋە تىنىئان ئارىلىغا ھۇجۇم قىلدى، جەنۇب زەربىدار ئەترىتى گۇئام ئارىلىغا ھۇجۇم قىلدى. 1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى سايپان ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، 20 نەچچە كۈن قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۇ ئارالنى ئىگىلىدى. ياپونىيە ئارمىيەسى ئوتتۇرا تىنچ ئوكيان فىلوتىنىڭ قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ناگۇمو ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى تىنىئان ئارىلىنى ئىگىلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گۇئام ئارىلىنى ئىگىلىدى. بۇ ئارىلىقتا ئامېرىكا، ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەلىرى 6 ـ ئاينىڭ 19 — 20 ـ كۈنلىرى مارىئاننا تاقىم ئاراللىرىنىڭ غەربىدىكى دېڭىز يۈزىدە كەسكىن جەڭ قىلىپ، ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىدىن جەڭگە قاتناشقان توققۇز ئاۋىياماتكىنىڭ ئۈچى چۆكتۈرۈۋېتىلدى، تۆتى زەخمىلەندۈرۈلدى، 360 ئايروپىلانىنىڭ 25 ىلا ساق قالدى، بىر كۈرەشچى پاراخوت ۋە بىر ئوكيان چارلاش پاراخوتى زەخمىلەندۈرۈلدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىدىن جەڭگە قاتناشقان 15 ئاۋىياماتكىنىڭ بىرىلا زەخمىلەندۈرۈلدى، 956 ئايروپىلانىنىڭ 126 سىلا چىقىم بولدى، ئىككى كۈرەشچى پاراخوت ۋە بىر ئوكيان چارلاش پاراخوتى چۆكتۈرۈۋېتىلدى. مارىئاننا تاقىم ئاراللىرى جېڭى ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىنى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ «مۇتلەق مۇداپىئە چەمبىرىكى» نى بىتچىت قىلىپ، توجو خېدېكى ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى فىلىپپىننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى لېيتې ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا

چىقتى. 10 ـ ئاينىڭ 24 ـــ 26 ـ كۈنلىرى ئامېرىكا، ياپونىيە ئارمىيەلىرى دۇنيا دېڭىز ئۇرۇشى تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان لېيتې قولتۇقى جېڭىنى قانات يايدۇردى. بۇ جەڭگە ئامېرىكا ئارمىيەسى 35 ئاۋىياماتكا، 12 كۇرەشچى پاراخوت، 26 ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 144 قوغلىغۇچى پاراخوت، 29 سۇ ئاستى كېمىسى، 1280 نەچچە ئايروپىلان سالدى. ياپونىيە ئارمىيەسى تۆت ئاۋىياماتكا، توققۇز كۇرەشچى پاراخوت، 21 ئوكيان چارلاش پاراخوتى 35 قوغلىغۇچى پاراخوت، 17 سۇ ئاستى كېمىسى، 716 ئايروپىلان سالدى. بۇ جەڭدە ئامېرىكا ئارمىيەسى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تۆت ئاۋىياماتكىسىنى، ئۈچ كۇرەشچى پاراخوتىنى، 10 ئوكيان چارلاش پاراخوتىنى، توققۇز قوغلىغۇچى پاراخوتىنى، يەتتە سۇ ئاستى كېمىسىنى، 500 ئايروپىلانىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تارمار قىلدى. ئۆزى بولسا پەقەت ئۈچ ئاۋىياماتكا، ئىككى قوغلىغۇچى پاراخوت، بىر قوغدىغۇچى پاراخوت، 100 نەچچە ئايروپىلان چىقىم تارتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا ئارمىيەسى فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرى ۋە ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ دېڭىز، هاۋا تەۋەلىكىنى كونترول قىلىش هوقۇقىنى ئىگىلەپ، پۈتكۈل فىلىپپىننى ئىگىلەشكە ئاساس سالدى. 1944 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى لېيتې ئارىلىنى ئىگىلىدى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لۇزۇن ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مانىلانى قايتۇرۇۋالدى، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتكۈل فىلىپپىننى تىزگىنلىدى.

1945 ـ يىلى 2 ـــ 3 ـ ئايلاردا ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىئوجىما ئارىلىنى ئىگىلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوكىناۋا ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ئۈچ ئاي شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، 49 مىڭ ئادەم چىقىم تارتىش هېسابىغا ئاخىر 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بۇ ئارالنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئارمىيەسى ياپونىيە تۇپرىقىغا هۇجۇم قىلىدىغان دېڭىز، هاۋا

ئارمىيە بازىسىغا ئىگە بولۇپ، ياپونىيەنىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى.

بىرما جەڭ مەيدانىدا جۇڭگو، ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيەسى 1943 - يىلى كۈزدىن باشلاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1943 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگونىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئارمىيەسى ھىندىستان چېگراسىدىكى لىدودىن ئاتلىنىپ، بىرمىنىڭ شىمالىدىكى ياپونىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قوزغاپ، 1944 - يىلى 3 - ئايدا مۇئان كوئۇئاننى ئىگىلىدى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا موڭ كوڭنى ئىگىلىدى. 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو، ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيەسى مىيىتكىينانى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئارمىيەسى ئۆز قارمىقىدىكى دىۋىزىيەلەرنى يېڭىدىن تۈزۈلگەن بىرىنچى كورپۇس ۋە ئالتىنچى كورپۇس قىلىپ تەشكىللەپ، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچ يول بويىچە ئىنداۋ، كاتا، شۋېگۇ، باموكقا ھۇجۇم قىلىپ، 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باموكنى ئىگىلىدى. 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نامكخامنى ئىگىلىدى.

جۇڭگونىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئارمىيەسىنىڭ بىرمىنىڭ شىمالىدىكى قايتۇرما ھۇجۇمىغا ماسلىشىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ 160 نەچچە مىڭ كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسى 1944 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنلىرى نۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يۈننەننىڭ غەربىدىكى ياپونىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. 1945 - يىلى 1 - ئايغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تېڭچوڭ، لۇڭلىڭ، ماڭشى، ۋەندىڭنى ئىگىلىدى ھەم جۇڭگو - بىرما چېگراسىدىن ئۆتۈپ ياپونىيە ئارمىيەسىگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ماڭيۇدا جۇڭگونىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئارمىيەسى بىلەن ئۇچراشتى. شۇنىڭغىچە جۇڭگو - ھىندىستان تاشيولى پۈتۈنلەي راۋانلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونىڭ ھىندىستاندا

تۇرۇشلۇق ئارمىيەسى جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى لاشيۇنى ئىگىلەپ، 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چياۋمېيدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن ئۇچرىشىپ، يۇننەن - بىرما تاشيولىنى راۋانلاشتۇردى. بىرما خەلق قوراللىق كۈچلىرى فاشىستلارغا قارشى ئەركىن ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ جەڭ قىلىشىغا ئاكتىپ ماسلاشتى. 1945 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە ماندالاينى ئىگىلىدى. 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رانگوننى ئىگىلىدى. 6 - ئايدا پۈتكۈل بىرمىنى قايتۇرۇۋالدى.

ياپونىيە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يەنىلا جۇڭگودا تۇرغۇزدى. 1944 - يىلى 4 - ئايدىن 1945 - يىلىنىڭ بېشىغىچە ياپونىيە ئارمىيەسى بېيپىڭ - خەنكو تۆمۈريولى، گۇاڭجۇ - خەنكو تۆمۈريولى، خۇنەن - گۇاڭشى تۆمۈريولى جېڭىنى قوزغاپ، چوڭ قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيەسىنى راۋانلاشتۇرماقچى بولدى. جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئارمىيەسى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگەنلىكتىن، لوياڭ، چاڭشا، نەننىڭ، ليۇجۇنى ئارقا - ئارقىدىن قولدىن بېرىپ قويدى. جۇڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ھەرقايسى ئازاد رايونلاردىكى جەڭ مەيدانىدا 1944 - يىلى قىسمەن قايتۇرما ھۇجۇم باشلىنىپ، 70 نەچچە شەھەر قايتۇرۇۋېلىندى.

**ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ فاشىستلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى** 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ياۋروپا، ئاسىيادىكى كەڭ رايونلارنى بېسىۋېلىپ، ئىشغال قىلىنغان دۆلەتلەرگە ۋەھشىيانە فاشىستىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنى شەپقەتسىزلەرچە قىردى. ئىشغال قىلىنغان دۆلەتلەردىكى خەلق دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ھۆرلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ

چىقتى. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە خەلقلىرىمۇ ئىنتايىن مۇشكۇل شارائىتتا فاشىزمغا ۋە ئۇرۇشقا قارشى ھەرخىل كۈرەشلەرنى قانات يايدۇردى. ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ھەرىكىتى فاشىست تاجاۋۇزچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولدى.

جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولدى. 1941 ـ يىلى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلقى يەنىلا ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۆچىگە زەربە بېرىپ، 1 مىليون كىشىلىكتىن ئارتۇقراق ياپونىيە قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇردى.

چاۋشيەن خەلقى كىم ئىرسىننىڭ رەھبەرلىكىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئۇزاققىچە كۈرەش قىلدى. چاۋشيەندە ھەرخىل مەخپىي قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرى ئۆز پائالىيىتىنى جانلاندۇردى. 1942 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گېئوجې ئارىلىدىكى ئىشچىلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ياپونىيە ھاۋا ئارمىيە بازىسىنىڭ تۆت يوشۇرۇن ئايروپىلان ئىسكىلاتىنى ۋە ئىككى ماي ئىسكىلاتىنى پارتلىتىپ، 60 ئايروپىلاننى ۋەيران قىلدى.

1940 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى ھىندىچىنىغا بېسىپ كىرگەندە، ۋيېتنام خەلقى نامساندا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. كېيىنكى يىلى 5 ـ ئايدا ھىندىچىنى كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋيېتنامدىكى ھەرقايسى قاتلامدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ تەشكىلاتى ــ ۋيېتنام مۇستەقىللىق ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

1942 ـ يىلى ياپونىيە ئارمىيەسى مالايا ۋە سىنگاپورنى

بېسىۋالدى. مالايا كومپارتىيەسى تېزدىن ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىزانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مالايا خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇننى قۇرۇپ چىقتى. ئۈچ يىل جاپالىق كۆرەش قىلىش نەتىجىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇن 10مىڭ كىشىگە يېتىپ، دۆلەتنىڭ 50% تىن كۆپرەك يېرىنى ئازاد قىلدى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى فىلىپپىنغا بېسىپ كىردى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا فىلىپپىن كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرقايسى تەشكىلاتلار مىللىي بىرلىك سەپ قۇردى. 3 ـ ئايدا فىلىپپىن خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇننى قۇرۇپ چىقتى. 1944 ـ يىلى كۈزدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇن 10 نەچچە مىڭ ئادەمگە يەتتى. ئامېرىكا ئارمىيەسى فىلىپپىندا قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇن ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا ئاكتىپ ماسلاشتى.

1942 ـ يىلى ياپونىيە ئارمىيەسى بىرمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بىرما كومپارتىيەسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى پائال قانات يايدۇردى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىرما كومپارتىيەسى خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى قاتارلىق پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ، «فاشىستلارغا قارشى ئەركىن خەلق ئىتتىپاقى» نى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى تېزدىن 200 نەچچە مىڭ كىشىگە، پارتىزانلار 50 مىڭ كىشىگە يېتىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ بىرمىدىكى قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئاكتىپ ماسلاشتى. 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇنسان رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيەسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە ماسلىشىپ پايتەخت رانگوننى قايتۇرۇۋالدى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى تايلاندقا بېسىپ

www.uyghurkitap.com

كىردى. 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تايلاندتىكى يۇقىرى قاتلامدىكى ئەربابلار «ئەركىن تايلاند ھەرىكىتى» نى تەشكىللىدى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلار 50 مىڭ ئادەمگە يەتتى. بۇ تەشكىلات ئامېرىكا بەرگەن قورال ـ ياراغلار بىلەن 10مىڭغا يېقىن ئادەمنى قوراللاندۇردى. تايلاند كومپارتىيەسى تەشكىللىگەن «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار ئەترىتى» 1000دەك كىشىگە يېتىپ، ياپونىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى.

ياۋروپادا پولشا خەلقى 1939 ـ يىلى تۇنجى پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇردى. 1940 ـ يىلى پولشا سەرگەردان ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدە ئاپپارات تەسىس قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارتىزانلارنى دۆلەت ئارمىيەسى قىلىپ تەشكىللىدى. كېيىن ئۇلار 300 مىڭ ئادەمگە يەتتى. دېھقانلار پارتىيەسى يېزىلاردا دېھقانلار قوشۇنى تەسىس قىلدى. ئۇلار 150 مىڭ ئادەمگە يەتتى. 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پولشا كوممۇنىستلىرى ئىشچىلار پارتىيەسىنى قۇردى. 3 ـ ئايدا رەسمىي ھالدا خەلق مۇھاپىزەت قوشۇنىنى تەشكىللىدى. ئۇلار 60 مىڭ ئادەمگە يەتتى. كېيىن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى كۈرەش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز زورايدى. 1944 ـ يىلى پارتىزانلار 10مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك جەڭ قىلىپ، 150 مىڭ دۈشمەننى يوقاتتى. ۋارشاۋادىكى يەھۇدىيلار رايونىدىكى ئاھالىلەر 1943 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىر ئاي باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئاخىرىدا ئېچىنىشلىق باستۇرۇلدى. 1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى پولشاغا كىردى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋارشاۋادا قوزغىلاڭ پارتلاپ، 1 مىليوندەك ئادەم قوللىرىغا قورال ئېلىپ، ئىشغالىيەتچىلەرگە زەربە بەردى. گېرمانىيە دەرھال بىر كورپۇس ئەسكەرنى يۆتكەپ، قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، 20 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ۋارشاۋانى تۈزلىۋەتتى.

1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيەسى يۇگوسلاۋىيەگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، گېرمانىيە، ئىتالىيە ئىشغالىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۆت يىللىق خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر دەرىجىلىك ھەربىي كومىتېتلار قۇرۇلۇپ، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى تىتو باش قوماندانلىقىدىكى يوگوسلاۋىيە خەلق ئازادلىق پارتىزانلار ئەترىتى باش قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇلدى. 7 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى قوراللىق قوزغىلاڭنى قانات يايدۇرۇش قارارىنى چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇنجى مۇنتىزىم قوشۇن — پېرولېتارلار بىرىگادىسى قۇرۇلۇپ، پارتىزانلار 80 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئازاد قىلدى. 1943 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تىتو رەئىسلىكىدىكى مەملىكەتلىك ئازادلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خەلق قوراللىق كۈچلىرى 300 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، دۆلەت زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئازاد قىلدى. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە خەلق قوراللىق كۈچلىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ياردىمىدە بېلگرادنى ئازاد قىلدى. تۆت يىل باتۇرانە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يۇگوسلاۋىيە خەلقى 800 مىڭ كىشىلىك خەلق قوشۇنىنى قۇرۇپ، دۈشمەننى ئاخىر يېڭىپ، 1945ـ يىلى 5 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلدى.

1939 ـ يىلى ئىتالىيە ئارمىيەسى ئالبانىيەنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئالبانىيە خەلقى فاشىست ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1941 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئالبانىيە كومپارتىيەسى قۇرۇلدى. 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق

www.uyghurkitap.com

فرونتى قۇرۇلدى. 1943 - يىلى 4 - ئايدا مىللىي ئازادلىق ئارمىيەسى باش قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇلدى. 9 - ئايدا ئىتالىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيەسى ئىتالىيە ئارمىيەسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئالبانىيەنى ئىگىلىدى. 1944 - يىلى كۈزدە مىللىي ئازادلىق ئارمىيەسى 70 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تىرانانى ئازاد قىلدى. 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلدى.

1941 - يىلى گېرمانىيە ئارمىيەسى گىرېتسىيەنى بېسىۋېلىپ، گىرېتسىيە پادىشاھى ۋە ھۆكۈمىتى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. گىرېتسىيەدە گىرېتسىيە كومپارتىيەسى مىللىي ئازادلىق فرونتىنى ۋە مىللىي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى قۇردى. 1944 - يىلىغا كەلگەندە مىللىي ئازادلىق فرونتىدىكىلەر 160 نەچچە مىڭ كىشىگە، مىللىي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 70 نەچچە مىڭ كىشىگە يېتىپ، دۆلەت زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازاد قىلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا گېرمانىيە ئارمىيەسى گىرېتسىيەدىن چېكىنگەندە، ئەنگلىيە ئارمىيەسى گىرېتسىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، سەرگەردان ھۆكۈمەت ئافىناغا قايتىپ كەلدى.

1940 - يىلى 6 - ئايدا فرانسىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، فرانسىيە خەلقى ۋە بۇرژۇئازىيە سىياسىي ساھەسىدىكى ئاقىل زاتلار قارشىلىق كۆرسىتىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، يەنى پېتائىن ھۆكۈمىتى قارشىلىشىشنى توختىتىشنى جاكارلىغان كۈنى فرانسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دې گول لوندونغا بېرىپ، ئەتىسى ئەنگلىيە رادىيو ئىستانسىسىدا «فرانسىيە خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، فرانسىيە خەلقىنى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدە قارشىلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىردى. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، يەنى پېتائىن ھۆكۈمىتى تەسلىم بولۇپ ئىككىنچى كۈنى دې گول

لوندوندا يەنە بايانات ئېلان قىلىپ، «فىرانسىيە مىللىي كومىتېتى» نى قۇرغانلىقىنى جاكارلاپ، «ئەركىن فىرانسىيە» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەنگلىيەدىكى فىرانسىيە قوشۇنى ۋە چەت ئەللەردىكى فىرانسىيەلىكلەرنى تەشكىللەپ، فاشىستلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە فىرانسىيەنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. 1943 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فىرانسىيە كومپارتىيەسى، سوتسىياللار پارتىيەسى، رادىكاللار پارتىيەسى قاتارلىق 16 پارتىيە ـ گۇرۇھ فىرانسىيەدە مەملىكەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى كومىتېتىنى تەشكىللەپ، دې گولنىڭ فىرانسىيەدىكى ۋەكىلى جېئان مۇلاننى تۇنجى رەئىس قىلدى. 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيەدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىرلىشىپ بىرلىككە كەلگەن ئىچكى ئارمىيە قۇردى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە فىرانسىيەدە قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن ئىچكى ئارمىيە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئۆزىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئادەم سانىنى 500 مىڭغا يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار 250 مىڭغا يەتتى.

1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گېرمانىيە ئارمىيەسى ئىتالىيەنىڭ شىمالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىتالىيە كومپارتىيەسى «گارىبالدى» پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللىدى. سوتسىياللار پارتىيەسى ۋە باشقا پارتىيەلەرمۇ ئۆز ئالدىغا قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، گېرمانىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىمالىي ئىتالىيەدىكى پارتىزانلار بىرلىككە كەلگەن « ئەركىن پىدائىيلار قوشۇنى » بولۇپ تەشكىللىنىپ، 250 مىڭ ئادەمگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىتالىيە كومپارتىيەسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار 150 مىڭ كىشىگە يەتتى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شىمالىي ئىتالىيەدىكى خەلق قوراللىق قوزغىلاڭ

كۆتۈرۈپ، مىلان، گېنويا، تۇرىن، ۋېنېتسىيە قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلارنى ئازاد قىلدى.

1944 ـ يىلى فاشىستلارغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىغان ۋەزىيەتتە، رومىنىيە، بۇلغارىيە، چېخسلوۋاكىيە ۋە بېلگىيە خەلقى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە ماسلىشىپ ئۆز زېمىنىنى ئازاد قىلدى. گوللاندىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، نورۋېگىيە، دانىيە خەلقىمۇ فاشىستلارغا قارشى باتۇرانە كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

## 5 ـ بۆلۈم دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك ئاخىرلىشىشى

**يالتا يىغىنى** 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەلىرى شەرق، غەربتىن گېرمانىيە زېمىنىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، فاشىست گېرمانىيەنىڭ مەغلۇبىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى. يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا ياپونىيە ئارمىيەسى يەنىلا جاھىللىق بىلەن تىركەشتى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، گېرمانىيە، ياپونىيە فاشىستلىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىش، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرى ـــ ستالىن، روزۋېلت ۋە چېرچىل 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـــ 11 ـ كۈنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتادا ئىككىنچى قېتىم خەلقئارالىق يىغىن ئاچتى. يىغىنغا ئۈچ دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى، ئىشتاب باشلىقلىرى ۋە

مەسلىھەتچىلىرىمۇ قاتناشتى. يىغىندا نۇرغۇن مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، كەسكىن تالاش - تارتىش بولۇپ، ئاخىرىدا يىغىن ئاخباراتى، كېلىشىمنامە ئىمزالىنىپ، ئۇرۇشقا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىشلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى قارارلار چىقىرىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالدى:

بىرىنچى، گېرمانىيە مەسىلىسى. ئۈچ دۆلەت گېرمانىيەنى ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى شەرتسىز تەسلىم قىلدۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزدى. يىغىندا گېرمانىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۇنى بۆلۈپ ئىشغال قىلىش، ئۈچ دۆلەتنىڭ ئالىي قوماندانلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر مەركىزىي باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىش بېكىتىلدى. ئۈچ دۆلەت ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىشغالىيەت رايونىدىن بىر رايوننى ئايرىپ، فىرانسىيەنىڭ ئىگىلىشىگە بېرىشكە ھەم فىرانسىيەنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر باشقۇرۇش كومىتېتىغا قاتناشتۇرۇشقا قوشۇلدى. يىغىندا: «بىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتىمىز دەل گېرمانىيەدىكى مىلىتارىزمنى ۋە ناتسىستىزمنى يوقىتىپ، گېرمانىيەنىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا قايتا پاراكەندىچىلىك سالالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» دەپ كۆرسىتىلىپ، گېرمانىيەنىڭ بارلىق قوراللىق كۈچلىرىنى تارقىتىۋېتىش، گېرمانىيە باش ئىشتابىنى بىكار قىلىش، گېرمانىيەنىڭ بارلىق ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى مۇسادىرە قىلىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش، بارلىق ھەربىي سانائەتنى يوقىتىش ياكى تىزگىنلەش، بارلىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى تېزدىن ئادىل جازالاش، ناتسىستلار پارتىيەسى ۋە ناتسىستلارنىڭ قانۇنى، تەشكىلاتلىرى، ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئاممىۋى ئاپپاراتلىرىدىن، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىن ناتسىستىزم ۋە مىلىتارىزمنىڭ بارلىق تەسىرىنى

ئۇزۇل ـ كېسەل تازىلاش قارار قىلىندى. يىغىندا گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇشتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى ئەمەلىي بۇيۇم بىلەن تۆلىشى، تۆلەمنى ئاۋۋال ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان، ئەڭ زور زىيانغا ئۇچرىغان، غەلىبىنى تەشكىللىگەن دۆلەتلەرگە بېرىشى بەلگىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان تۆلەم كومىتېتى قۇرۇپ، گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مىقدارى ۋە تۆلەش ئۇسۇلىنى مۇزاكىرە قىلىشقا مەسئۇل قىلىش بېكىتىلدى. شۇنداقلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان تۆلەم سوممىسىنى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ ماقۇل كۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ يېرىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش توغرىسىدىكى پىكىر تۆلەم كومىتېتى ئويلىشىدىغان مەسىلە قىلىندى.

ئىككىنچى، پولشا مەسىلىسى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا يىغىن جەريانىدا ئەڭ كۆپ مۇزاكىرىلەشكەن، ئەڭ كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلىنغان مەسىلە بولدى. تالاش ـ تارتىشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى پولشا ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەش ۋە پولشا چېگراسىنى بېكىتىشكە مەركەزلەشتى.

پولشا مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پارىژ ۋە لوندونغا قېچىپ بېرىپ، سەرگەردان ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. پولشادا پولشا ئىشچىلار پارتىيەسى خەلق مۇھاپىزەت قوشۇنىنى تەشكىللىدى ھەم 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت ئىچىدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ، ۋارشاۋادا مەخپىي ھالدا مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر كېڭىشىنى تەشكىللىدى. 1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر كېڭىشى پولشا مىللىي ئازادلىق كومىتېتىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مىللىي ئازادلىق كومىتېتى پولشا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

ئەنگلىيە، ئامېرىكا پولشا سەرگەردان ھۆكۈمىتىگە پولشا ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىتىشكە ئۇرۇنۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، يەنە سەرگەردان ھۆكۈمەتنى پولشا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە قوشۇۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قوللاۋاتقان پولشا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدە ئالىلىقاچان ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىلاجسىز مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىندا ئاخىرقى ھېسابتا: پولشادا نۆۋەتتە ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دېموكراتىك داھىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ، بۇ تەدبىر بويىچە ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئۈچۈن ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مىنىستىرى مولوتوف موسكۋادا پولشا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە پولشا ئىچى ـ سىرتىدىكى دېموكراتىك داھىيلار بىلەن كېڭەشىدۇ، دېگەن پىرىنسىپال كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

پولشا چېگراسى توغرىسىدا يىغىندا: «پولشانىڭ شەرقىي چېگراسى كورزون لىنىيەسى بويىچە بولىدۇ، بەزى جايلاردا بەش كىلومېتىردىن سەككىز كىلومېتىرغىچە كېڭەيتىشكە بولىدۇ»، «پولشا چوقۇم شىمال ۋە غەرب تەرەپتە كەڭرەك زېمىنغا ئېرىشىشى»، يەنى گېرمانىيەدىن تۆلەم زېمىنغا ئېرىشىشى كېرەك، تۆلەم زېمىننىڭ دائىرىسى ئۈستىدە «يېڭى پولشانىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ پىكرى ئېلىنىدۇ»، «پولشانىڭ غەربىي چېگراسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاسىلى كېيىن كېڭەشىپ بېكىتىلىدۇ» دەپ قارار قىلىندى.

ئۈچىنچى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇش

www.uyghurkitap.com

مەسىلىسى. 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋەكىللىرى ۋە جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋەكىللىرى ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى دۇمبارتون كاۋچۇكزارلىقىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇزاكىرىلەشكەنىدى. سۆھبەتتە تۆت دۆلەت «ئومۇمىي خاراكتېرلىك خەلقئارا تەشكىلات قۇرۇشقا دائىر تەكلىپ لايىھەسى» نى ئىمزالاپ، كەلگۈسىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭدا ھەل قىلىنمىغان ئاساسلىق مەسىلە خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ ئاۋاز بېرىش تەرتىپى مەسىلىسى بولغانىدى. جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىنكار قىلىش ھوقۇقىنى يولغا قويۇش، خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پىكىردە بىردەك بولۇش پرىنسىپىنى يۈرگۈزۈشكە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلغان بولسىمۇ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەردىن بىرەرى ماجىراغا ئالاقىدار دۆلەت بولۇپ قالغاندا ئاۋاز بېرىشكە قاتناشماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان ھەرقانداق بەلگىلىمىگە قارشى تۇرغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئاساس سالغۇچى دۆلەتلەرنىڭ سالاھىيىتى مەسىلىسىدىمۇ بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىنمىغانىدى. يالتا يىغىنىدا ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى يۇقىرىقى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ، ئاخىرقى ھېسابتا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. جۈملىدىن خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ ئاۋاز بېرىش تەرتىپى مەسىلىسى ئۈستىدە ئامېرىكىنىڭ مۆتىدىل تەكلىپى قوبۇل قىلىنىپ، مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىدىغان ھەرقانداق قارارنى دائىمىي ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش، ماجىرا تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنىدىغان

قارارلارغىلا ئالاقىدار دۆلەتلەر ئاۋاز بەرمەسلىك بەلگىلەندى. يەنە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھەرقانداق ماھىيەتلىك مەسىلە ئۈستىدە ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى بېكىتىلدى. يىغىندا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇكرائىنا، بېلارۇسىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلىرىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئاساس سالغۇچى دۆلەت قىلىش ھەققىدىكى تەلىپى قوبۇل قىلىندى. يىغىن ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جۇڭگو تۆت دۆلەت باش بولۇپ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر» خىتابنامىسىگە ئىمزا قويىدىغان دۆلەتلەرنى تەكلىپ قىلىپ، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ سان فىرانسىسكو شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ، دۇمبارتون كاۋچۇكزارلىقىدىكى تەكلىپ لايىھەسى ئاساسىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر نىزامنامىسىنى تۈزۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇش قارار قىلىندى.

تۆتىنچى، ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى. سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېزرەك ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ــ روزۋېلت يالتا يىغىنىدا كۆچىگەن بىر مۇھىم نىشان بولدى. چۈنكى، ئامېرىكا بىرلەشمە باش ئىشتابى ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ 1 مىليون ئەسكەرنى چىقىم قىلىپ بىرىبىرىم يىل ئۇرۇش قىلغاندىلا ئاندىن ياپونىيەنى مەغلۇپ قىلالايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ چىققانىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە يالتا يىغىنىدىن بۇرۇنلا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا پىكىرلەشكەنىدى. 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ستالىن بىلەن روزۋېلت چېرچىلدىن يوشۇرۇن ھالدا ئۆتكۈزگەن مەخپىي سۆھبەتتە ئۆزئارا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇلار چېرچىلنى تەكلىپ قىلىپ، ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان «ياپونىيە توغرىسىدىكى كېلىشىم» (يالتا كېلىشىمى) گە بىرلىكتە ئىمزا قويدى. كېلىشىمدە: گېرمانىيە تەسلىم بولۇپ ھەم ياۋروپا ئۇرۇشى

www.uyghurkitap.com

ئاخىرلىشىپ ئىككى ياكى ئۈچ ئاي ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرەپتە تۇرۇپ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، بىرىنچىدىن، تاشقى موڭغۇلىيە (يەنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى) نىڭ ھازىرقى ھالىتى چوقۇم ساقلاپ قېلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ياپونىيە 1904 ــ يىلىدىكى ياپونىيە ــ رۇسىيە ئۇرۇشىدا چاررۇسىيەدىن تارتىۋالغان «ھوقۇق ــ مەنپەئەت» نى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ، يەنى بىرىنچى، ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبى ۋە يېقىن ئەتراپىدىكى بارلىق ئاراللار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلىدۇ؛ ئىككىنچى، دالىيەن پورتى خەلقئارالاشتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ پورتتىكى ئەۋزەللىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لۈشۈن پورتىنى ئىجارىگە ئېلىپ دېڭىز ئارمىيە بازىسى قىلىش ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ؛ ئۈچىنچى، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال تۆمۈريولى ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو بىرلىشىپ قۇرغان شىركەت ئورتاق باشقۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەۋزەللىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، جۇڭگو بولسا «مانجۇرىيە» دىكى بارلىق ئىگىلىك ھوقۇقىنى چوقۇم ساقلاپ قالىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كورىل تاقىم ئاراللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاپشۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كېلىشىمدە يەنە «ئۈچ داھىي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تەلەپلىرىنىڭ ياپونىيە مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن قىلچە چاتاقسىز ئىشقا ئېشىشىغا قوشۇلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلدۇرۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ چىقىم بولۇشىنى ئازايتىش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ياردەم بېرىشىنى توسۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ شەرتلىرىگە قوشۇلغانىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى ئامېرىكا

1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇردى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، يۇقىرىقى تەلەپلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلدى.

يىغىن «ئازاد قىلىنغان ياۋروپا خىتابنامىسى» نى ماقۇللاپ، ئۈچ دۆلەت «ناتسىست گېرمانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ ئازادلىققا ئېرىشكەن ئەللەر خەلقى، شۇنداقلا ياۋروپادىكى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە بېقىندى بولغان ئەللەر خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرى تەقەززا بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ» دەپ جاكارلىدى. يىغىندا يەنە يۇگوسلاۋىيە، ئىران، بالقان مەسىلىسى ھەم ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

يالتا يىغىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر قېتىملىق خەلقئاراۋى يىغىن بولۇپ، ئۇ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيە، ياپونىيە فاشىستلىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا يېڭىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تېزلىتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۇنىڭ بەزى قارارلىرى گېرمانىيەنى جازالاش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا مۇئەييەن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. ئەمما، يالتا كېلىشىمىدىكى جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك قارارلار جۇڭگو خەلقىدىن يوشۇرۇن ھالدا چىقىرىلغان، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قارارلار بولۇپ، ئۇ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. يالتا كېلىشىمى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى تەسىر دائىرە

بۆلۈشۈۋېلىشىنىڭ ئاساسى بولدى.

**ناتسىست گېرمانىيەنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى** 1945 - يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ۋە ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەسى شەرق، غەربتىن گېرمانىيە زېمىنىغا كىرىپ جەڭ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئودېر دەرياسى، نىس دەرياسى ئەتراپىغا بېرىپ، بېرلىنغا 60 كىلومېتىرلا قالدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئاۋانگارت قىسمى ئېلبې دەرياسى ئەتراپىغىچە بېرىپ، بېرلىنغا 100 — 120 كىلومېتىرلا قالدى. شەرقىي، غەربىي سەپتىكى قوشۇنلار گېرمانىيە فاشىستلىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا تارمار قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ تەييارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى 1945 - يىلى 4 - ئايدا ئىتالىيەدە ئاخىرقى ھۇجۇمنى قوزغاپ، پو دەرياسى ئەتراپىدا 30 مىڭ دۈشمەننى يوقاتتى. ئىتالىيە خەلقى شىمالدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭچى ئىشچىلار مىلان، گېنويا، تۇرىن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئازاد قىلىپ، مۇسسولىنىنى تىرىك تۇتۇپ ئۆلتۈردى. 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىتالىيەدىكى گېرمانىيە ئارمىيەسى شەرتسىز تەسلىم بولدى. ھىتلېرنىڭ ياۋروپادىكى شېرىكلىرى ئارقا - ئارقىدىن غۇلاپ، گېرمانىيە فاشىستلىرى پۈتۈنلەي يېتىم قالدى.

ھىتلېر مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ جاھىللىق بىلەن جان تالىشىپ، فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ بۆلۈنۈپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ پەۋقۇلئاددە ھەربىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، گېرمانىيەدىكى 15 — 18 ياشلىق بالىلار ۋە 50 — 60 ياشلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەربىي سەپكە قاتناشتۇردى. قېرى، ئاجىزلار، خوتۇن - بالىلار، ئەسىرلەر ۋە چەت ئەللىك ئەمگەكچىلەرنى كېچە - كۈندۈز ئىستىھكام ياساشقا سالدى. بېرلىننى قوغداش ئۈچۈن گېرمانىيە ئارمىيەسى 1 مىليون ئەسكەر، 1500 دىن

ئارتۇق تانكا ۋە ئېغىر زەمبىرەك، 10 مىڭ 400 زەمبىرەك ۋە مىناميوت، 3300 ئۇرۇش ئايروپىلانى توپلىدى ھەم ئودېر ـ نىس دەرياسى مۇداپىئە رايونى ۋە بېرلىن مۇداپىئە چەمبىرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاتمۇقات مۇداپىئە سىستېمىسى قۇردى. ئودېرنىس دەرياسى مۇداپىئە رايونى 20 — 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچ قات مۇداپىئە لىنىيەسىدىن تەركىب تېپىپ، ئاساسىي كۈچ ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيەسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بېرلىن مۇداپىئە چەمبىرىكى تاشقى، ئىچكى ۋە شەھەر ئىچى مۇداپىئە لىنىيەسىدىن تەركىب تېپىپ، شەھەر ئىچى توققۇز مۇداپىئە رايونىغا ئايرىلىپ، جەمئىي 400 نەچچە مۇستەھكەم ئىستىھكام ياسالدى.

بېرلىننى ئىشغال قىلىش ھەم گېرمانىيە ئارمىيەسىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى 2 مىليون 500 مىڭ ئەسكەر، 6250 نەچچە تانكا ۋە ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك، 42 مىڭ زەمبىرەك ۋە مىناميوت، 7500 ئۇرۇش ئايروپىلانى توپلاپ، ئەسكەر ۋە قورال ـ ياراغ جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مارشال ژۇكوفنىڭ قوماندانلىقىدىكى بېلارۇسىيە 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە مارشال كونېفنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۇكرائىنا 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋە 19 ـ كۈنى ئودېر ـ نىس دەرياسى مۇداپىئە رايونىدىن بۆسۈپ ئۆتتى. 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇكرائىنا 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە بېلارۇسىيە 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى بېرلىننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئۇچرىشىپ، ئەتىسى يەنە بېرلىننىڭ غەربىدە ئۇچرىشىپ، بېرلىننى مۇھاسىرە قىلىشنى تاماملىدى. شۇ كۈنى ئۇكرائىنا 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ زەربىدار قىسمى بېرلىنغا 120 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېلبې دەرياسىنىڭ بويىدىكى تورگاۋدا ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۆچرىشىپ، شەرقىي ۋە غەربىي سەپنى تۇتاشتۇرۇپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنى جەنۇب، شىمال ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېلارۇسىيە 2 ـ يۈنىلىش ئارمىيەسى ھۇجۇم قوزغاپ، غەربىي ئودېر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بېلارۇسىيە 1 ـ يۈنىلىش ئارمىيەسىنىڭ ئوڭ قانىتىنىڭ بېرلىنىنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قوزغىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا فاشىستلار چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. ھىتلېرنىڭ يېقىنلىرىدىن گورىڭ، ھىممىلېر ۋە رىبېبېنتروپ قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن بېرلىندىن قېچىپ كەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گورىڭ گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىدىن ھىتلېرغا تېلېگرامما يوللاپ، بارلىق ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، فىئورېرغا ۋاكالىتەن «دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا پۈتۈنلەي ئەركىن ھەرىكەت قوللىنىش»نى تەلەپ قىلدى. ھىممىلېر بولسا ھىتلېردىن يوشۇرۇن ھالدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەسلىم بولۇشقا تەييارلاندى. ھىتلېر بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كېلىپ، گورىڭنى «ئەبلەخ»، ھىممىلېرنى «ۋەتەن ساتقۇچ» دەپ تىللاپ، ئۇلارنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئەمما بۇ بۇيرۇق ئاقمىدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بېرلىننى مۇھاسىرە قىلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى مەركەزگە تېگىش ۋە پارچىلاپ يوقىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بېرلىنغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېرلىن شەھەر مەركىزىگە كىردى، 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈۋېتىپ، پارلامېنت بىناسىغا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاخىر غەلىبە بايرىقىنى بىنانىڭ چوققىسىغا قاداىدى. شۇ كۈنى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ھىتلېر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بېرلىننى ساقلاۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى

ۋېيستلىنىڭ قالدۇق قوشۇنىنى باشلاپ تەسلىم بولدى. شەھەردىن غەرب تەرەپكە قېچىشقا ئۇرۇنغان قالدۇق قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇشى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئاياغلاشتى. بېرلىن جېڭىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ 93 دىۋىزىيەسىنى يوقىتىپ، 480 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گېرمانىيە ۋەكىللىرى ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى تۇرۇشلۇق ئورۇن ـــ رېيمىستا شەرتسىز تەسلىمنامىگە ئىمزا قويدى. ئامېرىكا گېنېرالى شىمىس ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ۋاكالىتەن ئىمزا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر گېنېرالى ۋە فىرانسىيە ۋەكىلى شاھىت سۈپىتىدە ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ۋاھالەنكى، ستالىن: سوۋېت ئارمىيەسى گېرمانىيە فاشىستلىرىنى يېڭىشتىكى ئاساسىي كۈچ، بېرلىننى سوۋېت ئارمىيەسى ئالغان، شۇڭا رېيمىستىكى تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى شەكىلدىن تارتىپ ئورۇنغىچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇ سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابى ئالدىنقى سەپتىكى قوماندىرلىرىنى تەنقىدلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، ئامېرىكىغا بۇ توغرىدا مەسلىھەتلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەڭ ئاخىرىدا كېڭىشىش ئارقىلىق، رېيمىستىكى تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇش پەقەتلا مانېۋىر بولىدىغان، رەسمىي تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇش سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋەكىلىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بېرلىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېرلىن ۋاقتى 22 دىن 43 مىنۇت ئۆتكەندە، موسكۋا ۋاقتى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 0 دىن 43 مىنۇت ئۆتكەندە، گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ۋەكىلى بېرلىننىڭ ئەتراپىدىكى كارىستېنخورىستتا شەرتسىز تەسلىمنامىگە رەسمىي ئىمزا قويدى. ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا

سوۋېت ئىتتىپاقى مارشالى ژۇكوف رىياسەتچىلىك قىلدى. ژۇكوف قاتارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى گېرمانىيە ۋەكىلى ئىمزا قويغان تەسلىمنامىگە قول قويغان ۋاقىتتا، موسكۋا ۋاقتى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 0 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندى. شۇنىڭدىن كېيىن غەرب دۆلەتلىرى ئادەت بويىچە 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىنى ئۇرۇش توختىغان كۈن قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىنى غەلىبە كۈنى قىلدى.

**پوتسدام يىغىنى** فاشىست گېرمانىيەنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشى بىلەن ياۋروپا ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا ياپونىيە فاشىستلىرى ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا جاھىللىق بىلەن تىركەشتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، غەلىبە مېۋىلىرىدىن قانداق بەھرىلىنىش، شۇنداقلا ياپونىيە فاشىستلىرىنى قانداق قىلىپ تېز مەغلۇپ قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرى 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە بېرلىن ئەتراپىدىكى پوتسدامدا ئۈچىنچى قېتىم يىغىن ئاچتى. يىغىنغا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ستالىن، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېن (1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى روزۋېلت ئالەمدىن ئۆتۈپ، مۇئاۋىن پرېزىدېنت ترۇمېن پرېزىدېنت بولغان) ۋە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل (7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن كېيىن ئاتتېلى يېڭى باش ۋەزىر بولدى) قاتناشتى، يەنە ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى، ئىشتاب باشلىقلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرىمۇ قاتناشتى. بۇ چاغدا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە ئاز قالغان، ئورتاق دۈشمەن پەيدىنپەي



www.uyghurkitap.com

يوقىلىۋاتقانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن گەۋدىلەندى. ئون نەچچە كۈن تالاش ـ تارتىش قىلىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاخىر 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ئامېرىكا ـ ئەنگلىيەنىڭ بېرلىن (پوتسدام) يىغىنى ئاخباراتى» ۋە «بېرلىن (پوتسدام) يىغىنى كېلىشىمنامىسى» دىن ئىبارەت مەزمۇن ئاساسەن ئوخشايدىغان ئىككى ھۆججەت ئىمزالاندى. بۇ ئىككى ھۆججەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ پوتسدام كېلىشىمى دەپ ئاتالدى.

كېلىشىمدە گېرمانىيەنى ئىشغال قىلىپ باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي سىياسىي، ئىقتىسادىي پرىنسىپلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېكىتىلدى. سىياسىي پرىنسىپ — ناتسىستىزمنى تازىلاش ۋە گېرمانىيەنى مىلىتارىزمسىزلاشتۇرۇش، دېموكراتىيەلەشتۇرۇش بولدى. كېلىشىمدە، گېرمانىيەدىكى ئالىي ھوقۇقنى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەلىرىنىڭ باش قوماندانلىرى ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئۆز ئىشغالىيەت رايونى دائىرىسىدە ئايرىم ـ ئايرىم يۈرگۈزىدۇ، ئۇلار يەنە باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سالاھىيىتىدە پۈتۈن گېرمانىيەگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئورتاق ھالدا بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ گېرمانىيەنىڭ بارلىق قوراللىق كۈچلىرى بىكار قىلىنىپ، ئۇ تولۇق ھەربىيسىزلەشتۈرۈلىدۇ؛ ناتسىستلار پارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئورگانلىرى يوقىتىلىپ، بارلىق ناتسىست تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناتسىستىزم ۋە مىلىتارىزمنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ياكى تەشۋىقاتلىرى چەكلىنىپ، بارلىق ناتسىستلار قانۇنى بىكار قىلىنىدۇ؛ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى قولغا ئېلىنىپ سوتلىنىدۇ؛ گېرمانىيەنىڭ ھاكىمىيىتى يەرلىكلەشتۈرۈلىدۇ، تارقاقلاشتۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. گېرمانىيەنى باشقۇرۇشتىكى ئىقتىسادىي پرىنسىپ —

گېرمانىيەنىڭ يوشۇرۇن ئۇرۇش قىلىش كۈچىنى يوقىتىپ، ھەر-
بىي ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەپ، ھەربىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن
شۇغۇللىنالايدىغان بارلىق سانائەتنى يوقىتىش ياكى تىزگىن-
لەش؛ ئىقتىسادىنى ئەڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە تارقاقلاشتۇرۇپ،
نۆۋەتتىكى كارتېل، سىندىكات، ترېست ۋە باشقا مونوپول شى-
كىللەر بارلىققا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي كۈچنىڭ زىيادە مەركەز-
لىشىشنى تۈگىتىش؛ يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائىتىنى نۇق-
تىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجىنى قامداش؛ ئىش-
غالىيەت مەزگىلىدە گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي
گەۋدە سۈپىتىدە كۆرۈش بولدى.

گېرمانىيەنىڭ تۆلىمى مەسىلىسىدە كەسكىن تالاش - تارتىش
قىلىش ئارقىلىق ئاخىر كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. جۈملىدىن،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆلەم تەلىپى گېرمانىيەنىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان رايونىدىكى مۈلكىنى ۋە
چەت ئەللەردىكى مۇناسىپ مەبلىغىنى مۇسادىرە قىلىش بىلەن
قاندۇرۇلىدىغان، پولشانىڭ تۆلەم تەلىپى سوۋېت ئىتتىپاقى
ئېرىشكەن تۆلەمدىن ھەل قىلىنىدىغان، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە
تۆلەم ئېلىشقا ھوقۇقلۇق باشقا دۆلەتلەرنىڭ تۆلەم تەلىپى
گېرمانىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىشغال قىلىنغان
رايونلىرىدىكى مۈلكى ۋە چەت ئەللەردىكى مۇناسىپ مەبلىغى
بىلەن قاندۇرۇلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت
ئىتتىپاقى يەنە غەربىي قىسمىدىكى ئىشغالىيەت رايونىدىكى
يۈتكىۋېتىلىدىغان سانائەت ئۈسكۈنىلىرىدىن 10% نى تۆلەم
سۈپىتىدە ھەقسىز تاللاپ ئېلىۋالىدىغان، 15% نى يېمەكلىك،
كۆمۈر قاتارلىقلارغا تېگىشىش ھېسابىغا تاللاپ ئېلىۋالىدىغان
بولدى. گېرمانىيەنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى ۋە سودا
پاراخوتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە تەڭ
بۆلۈشۈۋالدى. شەرقىي پرۇسسىيەدىكى كونىگسبۇرگ ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى جايلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۆلۈپ بېرىلدى.

پولشا مەسىلىسىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە پولشانىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا قوشۇلۇپ، پولشا سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ياندى. پولشانىڭ غەربىي چېگراسى ئۈستىدە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى ئەڭ ئاخىرقى پاسىل بېكىتىلىشتىن بۇرۇن ئەسلىدىكى گېرمانىيەنىڭ شەرقىي زېمىنىنى، يەنى شىۋېنمانىدېلىنىڭ غەربىدىكى بالتىق دېڭىزى بويىدىن ئودېر دەرياسى ۋە غەربىي نىس دەرياسى قوشۇلىدىغان جايغىچە، ئاندىن غەربىي نىس دەرياسىدىن چېخسىلوۋاكىيە چېگراسىغىچە بولغان جايلارنى، جۈملىدىن مەزكۇر يىغىندا قارار قىلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولمىغان شەرقىي پرۇسىيەنىڭ بىر قىسمى ۋە ئىلگىرىكى دانزىگ ئەركىن شەھىرىنى پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىشكە قوشۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرقى پاسىلنى كېيىن كېڭىشىپ بېكىتىدىغان بولدى.

يىغىن يەنە ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، فىرانسىيە، ئامېرىكا بەش دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىدىن تەركىب تاپقان كېڭەش تەشكىللەپ، تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكە تەييارلىق قىلىشنى قارار قىلدى.

پوتسدام يىغىنى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشنىڭ شەرتى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيەنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۈسۈلى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى ھەمدە مۇھىم بىر قارارنى، يەنى «ياپونىيەنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش توغرىسىدىكى پوتسدام ئۇقتۇرۇشى» نى ماقۇللىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلىقتىن، بۇنىڭغا ئىمزا قويمىدى. ئۇقتۇرۇش جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ ئورتاق خىتابنامىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلىندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇزاكىرىگە قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئىشتىن بۇرۇن ماقۇللۇقى ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئۇقتۇرۇشقا ئىمزا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇقتۇرۇش تۆت دۆلەتنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئورتاق خىتابنامىسى بولدى. ئۇقتۇرۇشتا ياپونىيە ھۆكۈمىتى شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا ئۈندىلىپ، قاھىرە خىتابنامىسىدىكى شەرتلەر چوقۇم ئىجرا قىلىنىدۇ، ياپونىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پەقەت «خونسىئو، خوككايدو، كيۇسيۇ ۋە تۆت دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن باشقا كىچىك ئاراللار دائىرىسىدىلا» بولىدۇ، ياپونىيە ئارمىيەسى چوقۇم تولۇق قورالسىزلاندۇرۇلىدۇ، ياپونىيە مىلىتارىزمى يوقىتىلىدۇ ھەم ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى جازالىنىدۇ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ياپونىيەگە ھەربىي ئىشغالىيەت يۈرگۈزىدۇ، ياپونىيەنىڭ ھەربىي سانائەتنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، ياپونىيە خەلقىنىڭ دېموكراتىك خاھىشىنىڭ جانلىنىشى ۋە كۈچىيىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق توسالغۇلار چوقۇم يوقىتىلىدۇ، «يۇقىرىقى مەقسەتلەر ئىشقا ئاشقان ھەم ياپونىيە خەلقىنىڭ ئەركىن ئىرادىسى بويىچە تىنچلىققا يۈزلەنگەن مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەسى ئاندىن چېكىنىپ چىقىدۇ» دەپ جاكارلاندى.

پوتسدام يىغىنى ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ ياپونىيە فاشىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيە، ياپونىيەنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار زور مەسىلىلەردىكى مەيدانىنى ماسلاشتۇرۇپ، ياپونىيەنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشىنى تېزلىتىش، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندىكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدىكى كېلىشىمى ۋە ئىختىلاپى، ئۇرۇشتىن

كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى.

**ياپونىيەنىڭ تەسلىم بولۇشى** 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياپونىيە هۆكۈمرانلار گۇرۇھى «ھەل قىلغۇچ ئورۇشقا تەييارلىق كۆرۈش پىروگراممىسى» نى تۈزۈپ، ئۆز زېمىنىدا ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىپ ئاخىرقى قېتىم تىركەشمەكچى بولدى. 6 ـ ئايدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «پىدائىيلارنى تەشكىللەش قانۇنى» ۋە «خەلق پىدائىيلار جەڭگىۋار ئەترىتىگە بېتەكچىلىك قىلىش پەرمانى» نى ئېلان قىلىپ، 15 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەر يۇقرالار ۋە 17 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ئايال پۇقرالارنىڭ چوقۇم ھەربىي خىزمەت ئۆتىشىنى، ھەربىي خىزمەت ئۆتىمىگەنلەرنىڭ چوقۇم «خەلق پىدائىيلار جەڭگىۋار ئەترىتى» گە قاتنىشىپ ئۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى بەلگىلىدى. ئۆز زېمىنىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن ياپونىيە ئارمىيەسى يەنە جۇڭگو، چاۋشيەن قاتارلىق جايلاردىن ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى. «پوتسدام ئۇقتۇرۇشى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ياپونىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىنتايىن ساراسىمىگە چۈشتى، ئەمما ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ياپونىيە فاشىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭنى قوزغىدى.

ئامېرىكا ئارمىيەسى ياپونىيەنىڭ ھەربىي سانائىتى ۋە دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىش، كۈرەش ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، 1944 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ياپونىيەگە ئۇدا كەڭ كۆلەملىك ئىستراتېگىيەلىك ھاۋا ھۇجۇمى قوزغىدى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇرۇش ئاخىرلاشقۇچە ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى جەمئىي 14 مىڭ 569 قېتىم ئۇچۇپ 170 نەچچە مىڭ توننا بومبا تاشلىدى. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بومباردىمانى ياپونىيەنىڭ ھەربىي سانائىتىگە ۋە

www.uyghurkitap.com

ئارمىيەسىنىڭ جاسارىتىگە قاتتىق زەربە بەردى. ئەمما، يەنە نۇرغۇن ئاھالىنى تالاپەتكە ئۇچراتتى.

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئامېرىكا ئاتوم بومبىسىنى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلىتىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتناشقۇچە ياپونىيەنى تەسلىم قىلدۇرۇش ھەم ئۇرۇش ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ئاتوم بومبىسىنى ئەمەلىي ئۇرۇشتا سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئامېرىكا ياپونىيەگە ئاتوم بومبىسى تاشلاشنى قارار قىلدى. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى خىروشىماغا بىرىنچى ئاتوم بومبىسىنى تاشلاپ، 78 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، 37 مىڭ ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ سانى خىروشىمانىڭ 240 مىڭ ئاھالىسىنىڭ 48% ىنى ئىگىلىدى. 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى يەنە ئىككىنچى ئاتوم بومبىسىنى ناگاساكىغا تاشلاپ، 23 مىڭ 700 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، 43 مىڭ ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ سانى ناگاساكىنىڭ 230 مىڭ ئاھالىسىنىڭ 29% ىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى شەھەردە يەنە نۇرغۇن ئاھالىلەر ئاتوم بومبىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خىروشىمادا بومبا پارتلىغاندا ئۆلگەن ۋە كېيىن كېسەل بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 170 مىڭغا يەتكەن؛ ناگاساكىدا بولسا بومبا پارتلىغاندا ئۆلگەن ۋە كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 140 مىڭغا يەتكەن. ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى تاشلىشى ياپونىيەنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تېزلىتىش رولىنى ئوينىدى.

يالتا يىغىنىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. 1945 - يىلى 4 - ئايدا «سوۋېت ئىتتىپاقى - ياپونىيە

بىتەرەپلىك شەرتنامىسى» نى بىكار قىلدى. 6 ـ ئايدا خاباروۋىسكتا مارشال ۋاسىلېيۋىسكى باشچىلىقىدىكى يىراق شەرق باش قوماندانلىق ئىشتابىنى قۇرۇپ، غەربىي سەپتىن مەخپىي ھالدا 750 مىڭ ئەسكەرنى يۆتكەپ كەلدى. يىراق شەرق باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ يۆنىلىش ئارمىيەسى ۋە تىنچ ئوكيان فىلوتى، ئامۇر دەرياسى فىلوتى، شىمالىي تىنچ ئوكيان فىلوتى بولۇپ، 11 بىرىكمە گۇرۇپپىۋوي ئارمىيە، بىر تانكا گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى، ئۈچ ئاۋىياتسىيە گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ۋە قىسمەن موڭغۇل ئارمىيەسى بار ئىدى، ئومۇمىي ئەسكىرى 1 مىليون 740 مىڭغا يېتەتتى. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا تۇرۇۋاتقان ياپونىيە كانتون ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى تەخمىنەن 700 مىڭ بولۇپ، يەنە قورچاق مانجۇرىيە ئارمىيەسىنىڭ تەخمىنەن 200 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئەسكەر، قورال ـ ياراغ جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئەتىسى سەھەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى غەرب، شەرق، شىمال ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونى، ئىچكى موڭغۇل رايونى ۋە چاۋشيەنىنىڭ شىمالىدىكى 4000 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق جەڭ سېپىدە ياپونىيە كانتون ئارمىيەسىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە كەلگەندە شېنياڭ، چاڭچۈن، جىلىن، خاربىن ۋە چىچىخار قاتارلىق جايلاردىكى ياپونىيە ئارمىيەسىنى بۆلۈپ قورشىۋالدى. 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپونىيە كانتون ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى ئۆز قىسىملىرىغا ئۆز جايىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىگە تەسلىم بولۇشنى بۇيرۇدى. 8 ـ ئاينىڭ 19 — 24 ـ كۈنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونى ۋە چاۋشيەنىنىڭ شىمالىدىكى ئاساسلىق

شەھەرلەرگە ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چىچىخار، شىنياڭ، خاربىن، چاڭچۇن ۋە لۈشۈنلەرنى ئىگىلىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى جۇڭگو ئارمىيەسى، خەلقى ۋە چاۋشيەن خەلق ئىنقىلابى ئارمىيەسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونى ۋە چاۋشيەندىكى 38 ـ پاراللېل سىزىقىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىكى جاھىللىق بىلەن تىركىشىۋاتقان ياپونىيە ئارمىيەسىنى تازىلىدى. شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى يەنە ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبى ۋە كورىل تاقىم ئاراللىرىغا كىردى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۈناشىر ئارىلى، شىكوتان ئارىلىنى ئىگىلىدى. ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ 83 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، 594 مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ غەلىبىسى ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ گۇمران بولۇشىنى تېزلەتتى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاخىرقى جەڭ» دېگەن نۇتقىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگودىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى مەملىكەت مىقياسىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ۋە باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەلىرىگە ماسلىشىپ جەڭ قىلىشقا چاقىردى. 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى چىقىرىپ شەرقىي شىمالغا كىرگۈزۈپ، شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ماسلاشتى. ھەرقايسى ئازاد رايونلاردىكى ئارمىيە، خەلق قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىن 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە 150 تىن ئارتۇق شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر

خەلقىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىمۇ بەس ـ بەستە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەردى.

فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك زەربىسى ئاستىدا ياپونىيە فاشىستلىرى پۈتۈنلەي گۇمران بولۇپ، ھالاكەتكە پاتتى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ياپونىيەنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي كاتىپباشلىرى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ مۇداپىئە لەخمىسىدە ئالىي ئۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، پوتسدام ئۇقتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقنى مۇزاكىرە قىلدى. دىپلوماتىيە ۋەزىرى باشچىلىقىدىكىلەر دۆلەت تۈزۈلمىسىنى قوغداپ قېلىش، يەنى تېننولۇق (ساماۋى پادىشاھلىق) تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا ئۇقتۇرۇشنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى باش ئىشتاب باشلىقى ۋە دېڭىز ئارمىيەسى باش ئىشتاب باشلىقى قاتارلىقلار بولسا شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا قارشى تۇرۇپ، بۇنداق قىلغاندىن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلغان تۈزۈك، دەپ قارىدى. ئىككى تەرەپتىكىلەر كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئۆز پىكرىدىن يانمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلغان ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا يەنىلا پىكىر بىرلىككە كەلمەي، كەسكىن قارار چىقىرىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى كېچىدە ئوردا ئالىي ئۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ، باش ۋەزىر سۇزۇكى «ئاقىلانە ھۆكۈم بىلەن قارار چىقىرىش»نى تەلەپ قىلدى. تېننو دىپلوماتىيە ۋەزىرىنىڭ تەكلىپىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى تېننو خىروخىتونىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىۋېتسارىيە ۋە شىۋېتسىيەگە تېلېگرامما يوللاپ، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا «ئەگەر ياپونىيە پادىشاھ جەمەتى ۋە ياپونىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ساقلاپ قېلىنسا، ياپونىيەنىڭ پوتسدام ئۇقتۇرۇشىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىدىغانلىقى» نى ئۇقتۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. 8 ـ

ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر جاۋاب قايتۇرۇپ: «پوتسدام ئۇقتۇرۇشى بويىچە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى شەكلى ياپونىيە خەلقىنىڭ ئەركىن ئىرادىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ» دېدى. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ تەسلىم بولۇش ۋاقتىنى قەستەن ئارقىغا سوزۇۋاتقانلىقىنى ئەيىبلەپ، كۈچلۈك ھاۋا ھۇجۇمى قوزغىدى. 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېننو خىرو خىتو قايتا ئوردا يىغىنى ئېچىپ، پوتسدام ئۇقتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش نىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇ پۈتۈن مەملىكەتكە شەرتسىز تەسلىم بولۇش يارلىقىنى جاكارلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يەنە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ياپونىيە ئارمىيەسىگە تىنچ تەسلىم بولۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت سىرتىدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى 3 مىليون 300 مىڭ ياپونىيە ئارمىيەسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە تەسلىم بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئامېرىكا ئارمىيەسى توكيونىڭ ئەتراپىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ياپونىيەنى ئىشغال قىلىشقا باشلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى توكيو قولتۇقىدىكى ئامېرىكىنىڭ «مىسسۇرى» ناملىق كۆرەشچى پاراخوتىدا تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ياپونىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى مامورۇ شىگېمىتسو ياپونىيە تېننوسى ۋە ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى باش ئىشتاب باشلىقى ئۇمېنرۇ يوشجىرو ئىمپېرىيە باش ئىشتابىغا ۋاكالىتەن تەسلىمنامىگە ئىمزا قويدى. ئۇلاردىن كېيىن ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئالىي باش قوماندانى گېنېرال ماك ئارتۇر ۋە فاشىستلارغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تولۇق ئاياغلاشتى.

**فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنىڭ تارىخىي تەسىرى** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پۈتۈن دۇنيادىكى دېموكراتىك كۈچلەر بىلەن دۇنياغا

خوجا بولۇشقا ئۇرۇنغان فاشىستىك كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان هايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش بولدى. بۇ ئېلىشىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق 50 كە يېقىن دۆلەت فاشىزمغا قارشى بۈيۈك ئىتتىپاق قۇرۇپ، بىر ـ بىرىنى قوللىشىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئاخىرىدا گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىست تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.

بۇ ئۇرۇش ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولدى. ئۇ ئالتە يىل داۋاملىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 60 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا يامراپ، دۇنيادىكى بەشتىن تۆت قىسىم ئاھالىنى ئۆز قاينىمىغا سۆرەپ كىردى. ئۇرۇش ئوتى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا، ئوكيانىيە ۋە تىنچ ئوكيان، هىندى ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكيانغا تۇتىشىپ، جەڭ رايونى 22 مىليون كىۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ئىشقا سالغان ئەسكىرى 110 مىليونغا يېقىنلاشتى. ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئەسكەرلەر ۋە ئاددىي پۇقرالار 100 مىليوندىن ئېشىپ، بىۋاسىتە هەربىي خىراجەت تەخمىنەن 1 تىرىليون 300 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي دارامىتىنىڭ 60% — 70% ىنى ئىگىلىدى. ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ماددىي زىيىنى 4 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇش مەيدانى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانلىرىنىڭ بىرى بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ۋە خەلقى «ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى» نىڭ بېشى — گېرمانىيە فاشىستلىرىنى يەڭگەن ئاساسلىق كۈچكە ئايلاندى. ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ۋە خەلقى 60 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى چىقىم تارتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلگەن ئادەم 27 مىليونغا يەتتى.

قىزىل ئارمىيەدىن قۇربان بولغانلار 8 مىليون 668 مىڭ 400 گە يەتتى. ماددىي زىيان 1941 ـ يىلىدىكى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 679 مىليارد رۇبلىغا يەتتى. ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ تارتقان بارلىق زىيىنى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارتقان زىيىنى 14% نى ئىگىلىدى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقىنىڭ يادرولۇق ئەزالىرى بولدى، شۇنداقلا دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، ئېغىر بەدەل تۆلىدى. ئامېرىكا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تەخمىنەن 38 دۆلەتكە جەمئىي 50 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق ئىجارە ياردىمى بەردى. 405 مىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى قۇربان قىلدى. ئەنگلىيەمۇ 375 مىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى قۇربان قىلدى.

جۇڭگو ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىلگەن ئاساسلىق جەڭگاھ بولدى. جۇڭگو خەلقى دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن غايەت زور قۇربان بېرىپ، قالتىس تارىخىي تۆھپە ياراتتى. جۇڭگو ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇشتا 21 مىليوندىن كۆپرەك ئادەمنى قۇربان بېرىپ، 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان تارتتى.

فاشىستىك دۆلەتلەر قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئۆلارنىڭ ئۆزىگىمۇ غايەت زور ئاپەت كەلتۈردى. جۇملىدىن گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋە ئەسىرگە چۈشكەن ئادىمى 13 مىليون 600 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىليون ئادىمى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇش مەيدانىدا چىقىم بولدى. گېرمانىيە زېمىنىدا تەخمىنەن 4 مىليون پۇقرا ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، 14 مىليون ئادەم ئۆي ـ ماكانسىز قالدى. ياپونىيەنىڭ جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەن ئادىمى 1 مىليون 500 مىڭغا، تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەن ئادىمى 1 مىليون 247 مىڭغا يەتتى.

يۇقىرىقىلاردىن بىلگىلى بولىدۇكى، فاشىستىك دۆلەتلەر

قوزغىغان بۇ ئۇرۇش ئىنسانىيەتكە ئىنتايىن زور ئاپەت كەلتۈردى. دۇنيا خەلقى ناھايىتى ئېغىر بەدەل تۆلەش ئارقىلىقلا بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشتى. دانا سىياسىيونلار بەزى دۆلەتلەردە قىرغىنچىلىق كۈچى زور يادرو قورالى بار بولغان ئەھۋالدا، ئۇرۇشنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسلىق چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دۇنيا زومىگەرلىكىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ياخشى چارە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە ئۇرۇشقۇچىلارنى تەرەپلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بالايىئاپىتىگە ئۇچرىغان ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭمۇ بۇنداق تىراگېدىيەنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى، ناۋادا يەنە دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپلا قالسا، ئىنسانىيەت ئۇچرايدىغان بالا ـ قازانىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكىدىن بەكلا ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، تىنچلىقنى قوغداش بارغانسېرى ھەرقايسى ئەللەر خەلقى ۋە ھۆكۈمەتلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئىقتىسادنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى نامايان قىلدى. فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر دەل ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتە فاشىستىك ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىدىن بەكلا ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ئاخىر غەلىبە قىلدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئارمىيەنى كۈچەيتىش يولىغا مېڭىپ، ھەربىي كۈچىنى 30 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، تاشقى كېڭەيمىچىلىكتىمۇ ئۇدا نۇسرەت قازىنىپ، دۇنيانى چۆچۈتتى. ئەمما، نوقۇل ئارمىيەنى كۈچلەندۈرۈش يولى ئۇزاققا بارمايتتى. ئۇلار ئاقىۋەتتە يەنىلا كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن قوغلاندى. دانا سىياسىيونلار بۇنىڭدىن دۆلەتنى كۈچەيتىشنىڭ يولى ئاۋۋال پەن ـ تېخنىكىنى ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى، دۆلەتنىڭ بەختەرلىكىنىڭ ۋە خەلقئارا سەھنىدىكى ئورنىنىڭ

نوقۇللا ھەربىي كۈچىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا باغلىق ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسىگە بارغانسېرى ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. كەڭ خەلق بولسا جاپالىق ئۇرۇش يىللىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۇرۇشتا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پەن - تېخنىكىنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا، تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تىنچلىقنى قوغداش ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيادىكى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن ئاتوم ئېنېرگىيەسى، راكېتا، رادار، بىيوخىمىيەلىك قۇراللار تېخنىكىسى ئۇرۇشتىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن خەلققە كېرەكلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەرقايسى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىسادنى ئۇرۇش مەزگىلىگە لايىقلاشتۇرۇپ، دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمىنى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى فاشىزمنىڭ پاسكىنا، ئېپلاس نەرسىلىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تازىلاپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىيسىنى يېڭى تەرەققىياتقا

ئېرىشتۇردى.

كاپىتالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە ئۇستقۇرۇلمىسى تەڭشەلگەنلىكتىن، ئۇرۇشتىن كېيىن كاپىتالىزم تۇزۇمى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي، سىياسىي كىرىزىسقا پاتقان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى يېقىنقى زاماندىن بۇيان شەكىللەنگەن ياۋروپانى مەركەز قىلغان خەلقئارا مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە گېرمانىيە، ئىتالىيە مەغلۇپ بولۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئاجىزلىشىپ، پۈتكۈل ياۋروپا شەرق، غەرب ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر دۇنياغا خوجا بولىدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى.

ياۋروپانىڭ مەركەزلىك ئورنى يوقىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى قەد كۆتۈرۈپ چىقىپ، دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرگە ئايلىنىپ، ئۇلارنى باشچىلىقىدىكى ئىككى قۇتۇپنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى قىلىپ تىركىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشى ۋە بىرلىشىشى، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ كونسېرى قۇدرەت تېپىشى ۋە 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن دۇنيادا يەنە پەيدىنپەي كۆپ قۇتۇپلۇق ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئۇرۇش ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جۇڭگو، چاۋشيەن، ۋيېتنام ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى خەلقلىرى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئاساسىدا خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە يېڭى سوتسىيالىزم دۇنياسى

www.uyghurkitap.com

سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكى بىر قۇدرەتلىك يېڭى كۈچكە ئايلاندى.

دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى «ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ رېئال يول ئېچىپ بېرىپ»، مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ يېڭى ئىچكى - تاشقى ئامىللىرىنى، شارائىتلىرىنى ھازىرلىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدا غايەت زور مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى ئەۋج ئېلىپ، مۇستەملىكىلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسى چاك - چېكىدىن پارچىلاندى. يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى، قەد كۆتۈرگەن 3 - دۇنيا ئەللىرى جاھانگىرلىككە، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندى، بۇ بۈگۈنكى زاماندىكى دۇنيا تارىخىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولدى.

# 1917 ــ 1945 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى

## سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىرى

1917 ـ يىلى 11ـ ئايدىن 1924 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە لېنىن.
1924ـ يىلى 1ـ ئايدىن 1930 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە رىكوف.
1930 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە مولوتوف.
1941 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ستالىن.

## ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرى

1913 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ۋىلسون (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).
1921 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1923 ـ يىلى8 ـ ئايغىچە خاردىڭ (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).
1923 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن1929ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە كولدجې (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).
1929 يىلى 3 ـ ئايدىن 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە خوئوۋېر (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن).
1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە روزۋېلىت (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ترۇمېن (دېموكراتلار پارتىيەسىدىن).

## ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش ۋەزىرلىرى

1916 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1919 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە لىلويد جورجى (لىبېراللار پارتىيەسى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى، لېيبورىستلار پارتىيەسى بىرلەشمە ئىچكى كابىنېتى).

1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1922 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە لىلويد جورجى (لىبېراللار پارتىيەسى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بىرلەشمە ئىچكى كابىنېتى).

1922 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1923 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە باننا لاۋ (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى).

1923ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1924 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بالدۋىن (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى).

1924 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1924 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ماك دونالد (لېيبورىستلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى).

1924 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1929 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بالدۋىن (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى).

1929 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1931 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ماك دونالد (لېيبورىستلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى).

1931 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1935 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ماك دونالد (لېيبورىستلار پارتىيەسى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى، لىبېراللار پارتىيەسى مىللىي ھۆكۈمىتى).

1935 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بالدۋىن (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى، لىبېراللار پارتىيەسى، لېيبورىستلار پارتىيەسى مىللىي ھۆكۈمىتى).

1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە چېمبېرلىن (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى، لىبېراللار

پارتىيەسى، لىبېرالىستلار پارتىيەسى مىللىي ھۆكۈمىتى).
1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە چېرچىل (كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى، لېيبورىستلار پارتىيەسى، لىبېرالىستلار پارتىيەسى بىرلەشمە ئىچكى كابىنېتى).
1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە چېرچىل (قارانچۇق ئىچكى كابىنېت).
1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئاتتىلې (لېيبورىستلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى).

## فرانسيه باش منىستىرلىرى

1917 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1920 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە كېلمانسو.
1920 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1920 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە مىللېراند.
1920 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1920 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە مىللېراند.
1920 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1921 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە لېگۇ.
1921 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1922 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە برىئاند.
1922 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1924 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە پوئېنگلاي.
1924 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1924 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە پوئېنگلاي.
1924 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماسسېي.
1924 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1925 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە خېررىئوت.
1925 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1925 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ۋالېرىي.
1925 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1925 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋالېرىي.

1925 ـ يىلى11 ـ ئايدىن 1926ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە بېرېئاند.

1926 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1926 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بېرېئاند.

1926 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1926 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بېرېئاند.

1926 يىلى 7 ـ ئاي خېررىئوت.

1926 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1928 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە پوئىنكىلاي.

1928 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1929 ـ يىلى7 ـ ئايغىچە پوئىنكىلاي.

1929 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1929 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە بېرېئاند.

1929 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1930 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە تاردىيو.

1930 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1930 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە شاۋتېمپ.

1930 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1930 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە تاردىيو.

1930 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1931 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە سىتى.

1931 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1932 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە لاۋال.

1932 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1932 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە لاۋال.

1932 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1932 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە تاردىيو.

1932 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە خېررىئوت.

1932ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بانكور.
1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1933 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە دالادىر.
1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1933 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە سارراۇت.
1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە شاۋتىمىپ.
1934 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە دالادىر.
1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە دۇمايگ.
1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە فلاندىن.
1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1935 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بوزون.
1935 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە لاۋال.
1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1936 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە سارراۇت.
1936 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بلۇم.
1937 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە شاۋتىمىپ.
1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە شاۋتىمىپ.
1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە بلۇم.
1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە دالادىر.
1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە رىنائۇلت.
1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1944 ـ يىلىغىچە پىتائىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## گېرمانىيە باش مىنىستىرلىرى①

1909- يىلىدىن 1917- يىلى 7 - ئايغىچە بېتمان - خولۋېگ.

1917 - يىلى 7 - ئايدىن 1917 - يىلى 10 - ئايغىچە مىچا - ئېلىس.

1917 - يىلى 10 - ئايدىن 1918 - يىلى 9 - ئايغىچە خېرتلىڭ.

1918 - يىلى 10 - ئايدىن 1918 - يىلى 11 - ئايغىچە شاھزادە ماكسىم بادېن.

1918 - يىلى 11 - ئايدىن 1919 - يىلى 1 - ئايغىچە ئېبېرت.

1919 - يىلى 1 - ئايدىن 1919 - يىلى 6 - ئايغىچە سىدېرمان.

1919 - يىلى 6 - ئايدىن 1920 - يىلى 3 - ئايغىچە پوۋېل.

1920 - يىلى 3 - ئايدىن 1920 - يىلى 6 - ئايغىچە مۈللېر.

1920 - يىلى 6 - ئايدىن 1921 - يىلى 5 - ئايغىچە فېرېنباخ.

1921 - يىلى 5 - ئايدىن 1922 - يىلى 11 - ئايغىچە ۋېرېت.

1922 - يىلى 11 - ئايدىن 1923 - يىلى 8 - ئايغىچە گونوت.

1923 - يىلى 8 - ئايدىن 1923 - يىلى 11 - ئايغىچە ستېرېسمان.

---

① 1918 - يىلى 11 - ئايدىن بۇرۇن گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى باش ۋەزىرلىرى دېيىلگەن، كېيىن جۇمھۇرىيەت باش مىنىستىرلىرى دېيىلگەن.

1923 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1925 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ۋىلھېلم ماكس.
1925 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1926 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە هانىس لۇتېر.
1926 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1928 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ۋىلھېلم ماكس.
1928 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1930 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە مۇللېر.
1930 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1932 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە برۇنىڭ.
1932 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1932 ـيىلى 11 ـ ئايغىچە پاپېن.
1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە شېلىچېر.
1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە هىتلېر.

## ياپونىيە ئىچكى كابىنېتى باش ۋەزىرلىرى

1916 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1918 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە تېرائۇچى ماساتاكې.
1918 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1921 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە خارا تاكاشى.
1921 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1922 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە تاكاخاشى كورېكىيو.
1922 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1923 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە كاتۇ توموسابۇرو.
1923 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1924 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ياماموتو گوننوخىيوئې.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

1924 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1924 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە كىيوئۇرا كېيگو.

1924 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1926 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە كاتو تاكائاكى.

1926 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1927 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ۋاكاتسۇكى رېئىجىرو.

1927 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1929 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە تاناكا گىئىچى.

1929 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1931 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە خاماگۇچى ئوساچى.

1931 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1931 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ۋاكاتسۇكى رېئىجىرو.

1931 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1932 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ئىنۇكاي تسۇيوشى.

1932 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە سائىتو ماكوتو.

1934 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1936 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئوكادو كېيسۇكى.

1936 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە خىروتا كوكى.

1937 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە خاياشى سېنجۇرو.

1937 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1939 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە كونوئې فۇمىمارو.

1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1939 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە خىرانۇما كىئىچىرو.

1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ئابې نوبۇئۇكى.

1940 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە يونائى مىتسوماسا.

1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە كونوئې فۇمىمارو.

1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە توجو خېدىكى.

1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1945ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە كوئىسو كۇنىئاكى.

1945 ـ يىلى 4 ـئايدىن 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە سۇزۇكى كانتارو.

1945ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە خىگاشىكۇنى نارۇخىكو.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

1899 ــ 1902 ـ يىللاردا ئەنگلىيە ـ بور ئۇرۇشى بولدى.
1900 ـ يىلى يىخېتۇەن قوزغىلىڭى پارتلىدى، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى جۇڭگوغا قوراللىق مۇداخىلە قىلدى.
1902 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە، ياپونىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.
1903 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا پاناما بوغۇزىنى بېسىۋالدى.
1904 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1905 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشى بولدى.
1904 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فرانسىيە كېلىشىم تۈزدى.
1905 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رۇسىيەدە «قانلىق يەكشەنبە» ۋەقەسى بولدى. 1 ـ قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى باشلاندى.
1905 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىملىق ماراكەش كرىزىسى يۈز بەردى.
1905 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ياپونىيە ـ رۇسىيە پورتسمورت سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى.
1905 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھىندىستانلىقلارنىڭ ئەنگلىيەنىڭ بېنگالنى بۆلۈۋېتىشىگە قارشى كۈرىشى باشلاندى.
1905 ـ يىلى چاۋشيەن بىلەن ياپونىيە «ھامىيلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى.
1905 ــ 1911 ـ يىللاردا ئىراندا ئىنقىلاب بولدى.

1906 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ستولىپىنىڭ يەر پەرمانى ئېلان قىلىندى.
1907 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى رۇسىيەدە «3 ـ ئىيۇن» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولدى.
1907 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە كېلىشىم تۈزدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە ئانتانتا دۆلەتلەر گۇرۇھى شەكىللەندى.
1908 ـــ 1909 ـ يىللاردا ياش تۈركچىلەر پارتىيەسى ئىنقىلابى بولدى.
1910 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتسىيەسى قۇرۇلدى.
1910 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ياپونىيە چاۋشيەننى قوشۇۋالدى.
1910 ـــ 1917 ـ يىللاردا مېكسىكا بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى.
1911 ـ يىلى فرانسىيە ماراكەشنى بېسىۋالدى. 2 ـ قېتىملىق ماراكەش كىرىزىسى يۈز بەردى.
1911 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنخەي ئىنقىلابى باشلاندى.
1912 ـــ 1913 ـ يىللاردا 1 ـ قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى بولدى.
1913 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى بولدى.
1914 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سارايېۋو ۋەقەسى بولدى.
1914 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى سېربىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلاندى.
1914 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيە رۇسىيەگە، فرانسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئەنگلىيە، ياپونىيە

گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

1914 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مايىن دەرياسى جېڭى بولدى.

1914 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۈركىيە ئۇرۇشقا قاتناشتى.

1914 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەنگلىيە مىسىرنى ئۆز ھامىيلىقىدىكى دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى.

1915 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىتالىيە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

1916 ـ يىلى 2 — 12 ـ ئايلاردا ۋېردون جېڭى بولدى.

1916 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە يوتلاند دېڭىز ئۇرۇشى بولدى.

1916 ـ يىلى 7 — 11 ـ ئايلاردا سوم دەرياسى جېڭى بولدى.

1917 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى رۇسىيەدە فېۋرال ئىنقىلابى بولدى.

1917 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئامېرىكا گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رۇسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى.

1918 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋىلسون «14 نۇقتىلىق» تىنچلىق پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1918 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن گېرمانىيە برېست سۈلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

1918 — 1920 ـ يىللاردا سوۋېت رۇسىيەسىدە ئىچكى ئۇرۇش بولدى.

1918 ـ يىلى 8 — 9 ـ ئايلاردا ياپونىيەدە گۈرۈچ بۇلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گېرمانىيەدە نويابىر ئىنقىلابى پارتلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېرلىن قوزغىلىڭى غەلىبە

قىلدى. خوخېنزوللېرن خانىدانلىقى ئاغدۇرۇلدى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى ئانتانتا دۆلەتلەرگە تەسلىم بولدى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چېخسىلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ماسارىك پىرېزىدېنت بولدى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گېرمانىيە ئانتانتا دۆلەتلەرگە تەسلىم بولدى. كومپيېگنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خابسبورگ خانىدانلىقى غۇلاپ چۈشتى. ئاۋستىرىيە جۇمھۇرىيەت بولدى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋېنگىرىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

1918 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سېربىيە ـ كرودىيە ـ سلوۋېنىيە پادىشاھلىقى قۇرۇلدى. 1929 ـ يىلى نامىنى يۇگوسلاۋىيەگە ئۆزگەرتتى.

1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بېرلىن ئىشچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. كارل لىبكنېخت ۋە روسا لىيۇكسېمبورگ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

1919 ـ يىلى 1 — 6 ـ ئايلاردا پارىژ سۈلھى يىغىنى ئېچىلدى.

1919 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چاۋشيەندە ياپونغا قارشى «1 ـ مارت» خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى. مىسىردا ئەنگلىيەگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال قۇرۇلدى.

1919 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1922 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ھىندىستاندا ئەنگلىيەگە قارشى كۆرەش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، 1 ـ قېتىملىق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى يۈز بەردى.

1919 ـ يىلى 5 — 6 ـ ئايلاردا ئافغانىستاندا ئەنگلىيەگە

www.uyghurkitap.com

قارشى مۇستەقىللىق ئۆرۈشى بولدى.

1919 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

1919 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گېرمانىيەدە ۋېيمار ئاساسىي قانۇنى تۈزۈلدى. ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى دەۋرى باشلاندى.

1919 ــ 1922 ـ يىللاردا تۈركىيەدە مۇستاپا كامال رەھبەرلىكىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى.

1920 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاق (1920 ــ 1946 ـ يىللار) رەسمىي قۇرۇلدى.

1920 ـ يىلى ئىراننىڭ ئەزەربەيجان ئۆلكىسى ۋە گىلان ئۆلكىسىدە ئەنگلىيەگە قارشى قوراللىق كۈرەش بولدى. گىلان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

1921 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رۇسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) 10 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى ماقۇللىدى.

1921 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەنگلىيە ـ ئىرېلاندىيە شەرتنامىسى ئىمزالاندى. ئىرېلاندىيە دومىنىئونلۇق ئورنىغا ئېرىشىپ ئەركىن ئىشتات بولدى.

1921 ــ 1925 ـ يىللىرى ماراكەش خەلقى ئىسپانىيە ۋە فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش قىلدى. رىف جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

1922 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەنگلىيە مىسىرغا بولغان ھامىيلىقىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. مىسىر مۇستەقىل بولدى.

1922 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىتالىيەدە مۇسسولىنى تەختكە چىقىپ، فاشىستىك ھاكىمىيەت ئورنىتىلدى.

1922 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى (سوۋېت ئىتتىپاقى) قۇرۇلدى.

1922 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى راند رايونىدا ئىشچىلار كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىدى.
1923 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1924 ـ يىلىغىچە فرانسىيە، بېلگىيە ئارمىيەسى گېرمانىيەنىڭ رۇر رايونىنى بېسىۋالدى.
1923 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.
1924 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لېنىن ۋاپات بولدى.
1924 ـ يىلى 1 — 11 ـ ئايلاردا ئەنگلىيەدە ماك دونالدنىڭ لېيبورىستلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.
1924 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گېرمانىيەنىڭ تۆلەم پۇل مەسىلىسىگە ئائىت داۋېس پىلانى ماقۇللاندى.
1924 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1927 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بىرازىلىيەدە «پىرېستېس قوشۇنى» نىڭ يۈرۈشى بولدى.
1925 ـ يىلى 10 ـ ئايدا لوكارنو ئەھدىنامىسى ئىمزالاندى.
1925 — 1927 ـ يىللاردا سۇرىيە، لىۋان خەلقى فرانسىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.
1926 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلىدى.
1926 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1927 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ھىندونېزىيە كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى گوللاندىيەگە قارشى مىللىي قوزغىلاڭ بولدى.
1926 — 1934 ـ يىللاردا نىكاراگۇئادا ساندىنو رەھبەرلىكىدە ئامېرىكىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى بولدى.
1928 ـ يىلى ھىندونېزىيە مىللىي پارتىيەسى قۇرۇلدى.
1928 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىرىئاند ـ كىلوگ ئەھدىنامىسى ئىمزالاندى.
1928 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1932 ـ يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1 ـ بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلدى.
1929 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىتالىيە بىلەن ۋاتىكان رادىلاند

www.uyghurkitap.com

شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

1929 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1931 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئەنگلىيەدە ماك دونالدنىڭ لېيبورىستلار پارتىيەسى ئىككىنچى كابىنېتى 2 ـ قېتىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

1929 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېرمانىيەنىڭ تۆلەم پۇل مەسىلىسىگە ئائىت يونگ پىلانى ماقۇللاندى.

1929 ـ يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىدى.

1930 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋېيېتنام خەلق پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئامباي قوزغىلىڭى پارتلىدى.

1930 ـــ 1931 ـ يىللاردا ۋېيېتنامدا نىگېئەن، خاتىنخ سوۋېت ھەرىكىتى بولدى.

1930 ـــ 1934 ـ يىللاردا ھىندىستاندا ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشنىڭ يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 2 ـ قېتىملىق ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى يۈز بەردى.

1931 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گەندى بىلەن ھىندىستان باش ۋالىيسى ئىرۋىن «دېھلى كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپونىيە 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنى قوزغاپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالدى.

1931 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنگلىيە پارلامېنتى ۋېستمىنىستىر قانۇنىنى ماقۇللاپ، ئەنگلىيە بىلەن ھەرقايسى دومىنئونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بېكىتتى.

1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گېرمانىيەدە ھىتلېر تەختكە چىقتى.

1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى روزۋېلت ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇپ يېڭى سىياسەتنى يولغا قويدى.

1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كۇبا خەلقى ماچادونىڭ ئىستىبدات

ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتتى.

1933 — 1937 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا 2 - بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلدى.

1934 — 1939 - يىللاردا مېكسىكىدا كاردېناس ھۆكۈمىتى ئىسلاھات قىلدى.

1935 - يىلى 7 — 8 - ئايلاردا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

1935 - يىلى 7 - ئايدىن 1941 - يىلى 5 - ئايغىچە ئېفىيوپىيە خەلقى ئىتالىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلدى.

1935 - يىلى 8 - ئايدا ئامېرىكا بىتەرەپلىك قانۇنىنى ماقۇللىدى.

1936 - يىلى 3 - ئايدا گېرمانىيە ۋېرسال شەرتنامىسىنى يىرتىپ تاشلاپ رېيىن رايونىغا ئەسكەر كىرگۈزدى.

1936 - يىلى 5 - ئايدا چاۋشيەن ۋەتەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

1936 - يىلى 6 - ئايدا فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى بلۇم خەلق سېپى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى.

1936 - يىلى 7 - ئايدىن 1939 - يىلى 3 - ئايغىچە ئىسپانىيەدە ئىچكى ئۇرۇش بولدى.

1936 - يىلى 10 - ئايدا گېرمانىيە - ئىتالىيە كېلىشىمى ئىمزالاندى. بېرلىن - رىم ئوق مەركىزى شەكىللەندى.

1936 - يىلى 11 - ئايدا گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قارشى كېلىشىم» نى ئىمزالىدى.

1936 - يىلى چىلىدا خەلق فىرونتى قۇرۇلدى.

1937 - يىلى 5 - ئايدىن 1940 - يىلى 5 - ئايغىچە ئەنگلىيەدە چېمبېرلىننىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

www.uyghurkitap.com

1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى لۇگوۋچياۋ كۆۋرۈكى ۋەقەسى بولدى. ياپونىيە جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گېرمانىيە ئاۋستىرىيەنى قوشۇۋالدى.

1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە ميۈنخېن كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لاتىن ئامېرىكىسى ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.

1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گېرمانىيە چېخسلوۋاكىيەنى قوشۇۋالدى.

1939 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاندى.

1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيە پولشاغا ھۇجۇم قىلدى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى.

1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشى بولدى.

1940 ـ يىلى 4 — 6 ـ ئايلاردا گېرمانىيە دانىيەنى، نورۋېگىيەنى، بېلگىيەنى، ليوكسېمبورگنى، گوللاندىيەنى، فىرانسىيەنى بېسىۋالدى.

1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە چېمبېرلىن تەختتىن چۈشتى، چېرچىل بىرلەشمە ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى.

1940 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى فىرانسىيە تەسلىم بولۇپ، 3 ـ جۇمھۇرىيەت يوقالدى. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دې گول قارشىلىق كۆرسىتىش چاقىرىقىنى چىقاردى.

1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيەدە پېتائىن ۋىشىدا قورچاق ھۆكۈمەت قۇردى.

1940 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1941 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە گېرمانىيە «بىرىتانىيە ئۇرۇشى» نى قوزغىدى.

1940 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە بىرلىن ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىدى.
1940 ـ يىلى ھىندىستان مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى پاكىستان دۆلىتى قۇرۇش قارارىنى ماقۇللىدى.
1941 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە بىتەرەپ تۇرۇش شەرتنامىسى» ئىمزالاندى.
1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گېرمانىيە يۇگوسلاۋىيەنى، گېرېتسىيەنى بېسىۋالدى.
1941 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ستالىن مولوتوفنىڭ ئورنىغا خەلق كومىسسارلىرىنىڭ رەئىسى بولدى. ۋېيتنام مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.
1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلدى.
1941 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى روزۋېلىت بىلەن چېرچىل ئاتلانتىك ئوكيان نىزامنامىسىنى ئېلان قىلدى.
1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياپونىيەدە توجو خىدېكى كابىنېتى تەختكە چىقتى.
1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە موسكۋا جېڭى قىلدى.
1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونىيە پېئارىل ـ خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىدى.
1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ياپونىيە فىلىپپىننى، ھىندونېزىيەنى، مالايسىيانى ۋە بىرمىنى بېسىۋالدى.
1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، جۇڭگو قاتارلىق 26 دۆلەت ۋاشىنگتوندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسىنى ئىمزالىدى.
1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا مىدۋاي

www.uyghurkitap.com

ئارىلى دېڭىز ئۇرۇشى قىلدى.

1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە گۇۋادالكانال ئارىلى جېڭى بولدى.

1942 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى مىسىردىكى ئالامېيندا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇنىسقا ھۇجۇم قىلىپ كىردى.

1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى.

1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ستالىنگراد جېڭى بولدى.

1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال تارقىلىپ كەتتى.

1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى سىتسىلىيە ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئىتالىيەدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ مۇسسولىنى تەختتىن چۈشتى. 9 ـ ئايدا ئىتالىيە تەسلىم بولدى.

1943 ـ يىلى 7 — 8 ـ ئايلاردا كۇرسك جېڭى بولدى.

1943 ـ يىلى 11 — 12 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى تېھران يىغىنىنى ئاچتى.

1943 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاھىرە خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى.

1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى نورماندىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ياۋروپادا 2 ـ ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچتى.

1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى رومىنىيەدە فاشىستلارغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى، يېڭى ھۆكۈمەت گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پارىژ ئازاد بولدى.

1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۇلغارىيە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ فاشىستپەرەس ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. يېڭى ھۆكۈمەت گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تىتو رەھبەرلىكىدىكى يۇگوسلاۋىيە مىللىي ئازادلىق ئارمىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە بېلگرادنى ئازاد قىلدى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئالبانىيە مىللىي ئازادلىق ئارمىيەسى پۈتكۈل دۆلەت زېمىنىنى ئازاد قىلدى.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ۋە پولشا ئارمىيەسى ۋارشاۋانى ئازاد قىلدى.

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى يالتا يىغىنىنى ئاچتى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلت ۋاپات بولدى. ترۇمېن ئۇنىڭ ئورنىغا پرېزىدېنت بولدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر سان فرانسىسكودا نىزامنامە تۈزۈش يىغىنى ئاچتى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇسسولىنى ئىتالىيە پارتىزانلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ھىتلېر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 — 8 ـ كۈنلىرى گېرمانىيە رېيمىس ۋە بېرلىندا شەرتسىز تەسلىمنامىگە ئىمزا قويدى.

1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە ئاتتىلېنىڭ لېيبورىستلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

1945 ـ يىلى 7 — 8 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى پوتسدام يىغىنىنى

ئاچتى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ ۋە 9 ـ كۈنلىرى ئامېرىكا ياپونىيەدىكى خىروشىما ۋە ناگاساكىغا بىردىن ئاتوم بومبىسى تاشلىدى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 — 30 ـ كۈنلىرى ۋيېتنامدا ئاۋغۇست ئىنقىلابى بولدى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، ياپونىيە شەرتسىز تەسلىمنامىگە ئىمزا قويدى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 7 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民出版社1997年4月第1版，2001年7月第7次印刷本翻译出版。

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(ھازىرقى زامان قىسمى)

---

**تۈزگۈچىلەر:** شۇ تيەنشىن، شۇپىڭ، ۋاڭ خوڭشىڭ

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** ئەخمەت مۆمىن تارىمى، ئابدۇرېھىم قاھار

ئەخمەتجان ئابدۇۋەلى، خالىق ئاۋۇت

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەخمەت مۆمىن تارىمى

**مەسئۇل كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون:** 0991 - 2827472

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا خۇالوڭ باسمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 37.25

**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى:** 1 — 3000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 14235 - 4

**باھاسى:** 92.00 يۈەن

---